# تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

# 吐鲁番学研究

# TURFANOLOGICAL RESEARCH

1

2012

吐 鲁 番 学 研 究 院 主办

شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئاكادېمىيەسىنىڭ نەشر ئەپكارى

# تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

2012 - يىللىق 2 - سان (ئومۇمىي 25 - سان)

تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى: ئابلا قاسىم    مۇئاۋىن مۇدىرى:ئەركىن بارات ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق
باش مۇھەررىرى:ئەركىن بارات    مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى:ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق
تەھرىر:ئابدۇگۈل ئابلىمىت    ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق    زۇلپىيە مۇھەممەت    ئۆمەرجان ئابدۇقادىر

## تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

مول مەزمۇنلۇق قوچو ئۇيغۇر يارمىقى............... ...... ...... ياڭ ۋېنچىڭ............... ئۆمەر ئابدۇقادىر1
«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە خاتىرىلەنگەن قوچو ئۇيغۇرلىرىغا دائىر مەلۇماتلار توغرىسىدا...... ...............
...............................................................................ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى8
قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ تۇرمۇشى ......ئاننامارىيە ۋون گابائىن .........................................
..................................................تەرجىمان: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق يولۋاس راشىدىن 25

## دۇنخاڭ تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى

قەدىمكى تۇرپاندا شەھەر قۇرۇلۇشى...............................................ئابدۇشۇكۇر مەخسۇت 56
دۇنخۇاڭ ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى دىنغا ئائىت ۋەسىقىلەرنىڭ گېرمانىيەدە
1970 - يىلىدىن بۇيان رەتلىنىش ۋە تەتقىقلىنىش ئەھۋالى.................................. ...............
..........................پېتىر سىمبى...............................تەرجىمان : ئىمىن تاجى تۇرگۇن 75

## مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى

قەبرە مۇئەككىلى.......... ..................................گۈلنۇر ھەمدۇل 94
غەربىي يۇرتتىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرگەن زىرائەتلەر توغرىسىدا........... ئەنۋەر قاسىم ئەنۋەر ئەخمەت 100
تۇرپان ئۇيغۇرلىرىدا جازا قانۇنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەر...............ئا.مەلەك ئۆز يەتكىن...............
......................................................ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: يۈسۈپجان ياسىن 109

## قوچو مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ دۆلەت ئەنئەنىسىدىكى ئۇيغۇر ئىزلىرى ............................................
........................ئا. مەلەك ئۆزيەتكىن.............. ...........ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئۆمەرجان نۇرى 128
«تۇرپان مۇقاملىرى>> ۋە <<خەلق ناخشىلىرى» ئۈستىدە تەتقىقات ........................يۈسۈپ ئەھمىدى 132

## تۇرپان تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقاتى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي باش كىيىمى كۆلا «قالپاق » توغرىسىدا بىر قانچە تارىخىي تەرمەچ ........... .........
.........................................................................................ياسىنجان گەنجى 136
بوران - چاپقۇنلۇق يىللار......................................تەييارلىغۇچى ئۆمەرجان سىدى 143

# Turpanological Research no 1. 2012

## contents

The Meaningful Kuchu money............................ Yang wencheng translated
.................................................................... by Omer Abdukader
The Records About The Kuchu Uyghurs in the "Diwan Lugat at Turk" (Compendium Of The Turkic Dialects)........................................ by Habibulla Hoja Lamjini
The Life in Kuchu Kingdom A. M. Von. Gabain Translated...........................
.......................................... by Erkin . Iminniyaz Kutluk Yolwas Rashidin
The City Construction Of Ancient Turpan .......................... Abdushukur mehsu
Edition And Studies Of Uyghur Texts From Turpan And Dunhuang Since 1970 ..........
..............Peter Zieme Translated.................................. by Imin Taji Turgun
Tomb Proctor ............................................................... Gulnur Hamd
The Crops Which Duffiused From The Western Region To Inner China ..................
............................................................ Anwer Kasim Anwer Ahmet
Punishment Law Of The Ancient Turpan Uyghurs..........................................
......................................A. Melek Ozyetgin [Translat by Yusupjan Yasin]
The Uyghur Emprint In The Dynaste Of The Golden Palace State Tradition...............
............ A. Melek Ozyetgin.......... Translated .................. by Omerjan Nuri
Study On "Turpan Mukam" And "Folk Songs" ............................Yusup Ahmi
Stormy Years Prepared........................................................ by Omerjan Sidi

ياڭ ۋېنچىڭ

# مول مەزمۇنلۇق قوچو ئۇيغۇر يارمىقى

تەرجىمان: ئۆمەر ئابدۇقادىر

قەدىمكى تۇرپان يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرق ۋە غەربنىڭ ئىجتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا ۋە بودداdinنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا زور تۆھپە قوشقان. خەن ۋۇدى زامانىسىدا غەربكە يۈرۈش قىلغان قوشۇن بۇ جايدا توسۇلۇپ قېلىپ تۇرۇپ قالغان. كېسەل ئازابى ۋە جاپا- مۇشەققەتنى يەتكۈچە تارتقان ئوتتۇرا ئىقلىمنىڭ سانسىز چېرىكلىرى، قۇتتاغ باغرىدىكى بۇ مۇنبەت تۇپراقتا قورغان سالدۇرغان. ھەمدە بۇ يەرنىڭ يېرى مۇنبەت، ئېگىز، ئاھالىسى باي-باياشات بولغاچقا قوتچۇر (زەپەر قوچقۇر تۆرە) 高昌 قورغۇنى دېگەن نامنى قويغان. شەرقىي جىن 16 بەگلىك دەۋرىدە قوچو ۋىلايىتى تەسىس قىلىنغان. قان، جاڭ، ما، كۆي ئۇرۇقدىكىلەر دەۋرىدە قوچو دۆلىتى قۇرۇلغان بولۇپ تاكى قوچو ئۇيغۇرلىرى دەۋرىگىچە داۋاملاشقان. تەخمىنەن14 ئەسىر جەريانىدا قوچو كىشىنى جەلپ قىلىدىغان سىرلىق تارىخىي قەسىرگە ئايلانغان. بىز قوچو خانلىقىنىڭ ئارخىپخانىسى دەپ تەرىپلىنىدىغان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان سىرلىق ۋە تەسىرلىك نۇرغۇن تەپسىلاتلارغا ئېرىشتۇق. ئۇلارنى سۆزلەپ تۈگىتىشكە ئاجىزلىق قىلىمىز. بىراق، ئاھالىسى 3 تۈمەن ئەتراپىدا بولغان قوچو دۆلىتىدە «قوچو ئېلى» يارمىقى ۋە «قوچو ئۇيغۇر» يارمىقىنىڭ قويۇپ ياسىلىشى بىزنىڭ تەتقىق قىلىپ بېقىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. بۇنىڭدىن تۇرپانىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى كاتتا سودا شەھىرى ۋە پۇل- مۇئامىلە ئىشلىرى مەركىزى بولغانلىقىنى، بۇ ئوتتۇرا ئىقلىم پۇلچىلىقى بىلەن قوچو مەدەنىيىتىنىڭ ئارىلىشىشىنىڭ جەۋھىرىدىن بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئۆز نۆۋىتىدە زور ئىلىم-پەن قىممىتىگە ۋە رېئالىي ئەھمىيەتكە ئىگە ، شۇنداقلا ئېلىمىز پۇلچىلىق مەدەنىيىتىدە قىممىتى زور بويۇم ھېسابلىنىدۇ .

مۇئەللىپ قەدىمكى پۇللارنى يىغىپ ساقلىغاندىن بېرى، قەھرىتان سوغۇق، تومۇز ئىسسىقلاردىن قورقماي ئىجتىھات بىلەن ئىزدىنىشى ئارقىسىدا، قوچو ئۇيغۇر پۇلىدىن 10 دانىدىن ئارتۇقغا ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۈچ خىل نۇسخىدىكى قوچو ئۇيغۇر پۇلىنى ھەرساھەدىكى دوستلارنىڭ ئورتاقلىشىشىغا سۇندۇق. بۇ بىزنىڭ قوچو قەدىمكى شەھىرى ھەققىدە يەنىمۇ چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزىشىمىزگە تۈرتكە بولىدۇ.

### *1. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى*

تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەنىنىڭ 14- يىلى (مىلادىيە 640-يىلى)، تاڭ تەيزۇڭ - لى شىمىن قوچو شاھى كۆي ۋېنتاينىڭ بۆلۈنمىچىلىكىگە قارىتا جازا يۈرۈشى قىلىپ، غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتەك ئۇلۇغ ئىشنى تامامالاش ئۈچۈن دىۋان بەگ، تارخان (سۈيۈرغان بېگى) بەگلەرنى ئەۋەتىپ يارغولغا يۈرۈش قىلىش قوشۇنى تەشكىللىدى. ئالىي باش بۇغىنىڭ لەشكەر باشلىشى بىلەن قوچونى تېنىچتقاندىن كېيىن قوچونىڭ نامىنى غەربىي ئايماققا ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭغا قاراشلىق 5 ناھىيە: قوچو ناھىيەسى، يارغول ناھىيەسى، لۈكچۈن ناھىيەسى، پۇچاڭ (بۈگۈنكى پىچان ناھىيە بازىرى) ناھىيەسى، تەگرىتاغ ناھىيەسى (بۈگۈنكى

توخسۇننىڭ شەرقىي) نى تەسىس قىلدى. ئوتتۇرا ئىقلىمنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئايماق، ناھىيە، يېزا، تۈتۈن، مەمۇرىي ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلدى. ئوتتۇرا ئىقلىمنىڭكىگە ئوخشاش سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلار تۈزۈملىرىنى يۈرگۈزدى. تۇرپان، ئەينى ۋاقىتتىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى قوماندانلىق شتابىغا ئايلانغان ئىدى. تاڭ سۇلالىسى شىيەنتۇڭنىڭ 7 - يىلى (مىلادىيە 866 - يىلى)، ئۇيغۇرلارنىڭ يول باشچىسى بۇقاتېكىن تىبەتلەرنى مەغلۇپ قىلىپ باشبالىق (بۈگۈنكى جىمىسار ناھىيەسى) نى ئىگىلىگەندىن كېيىن تەگرىتاغدىن ھالقىپ ئۆتۈپ جەنۇبقا ھۇجۇم قىلىپ غەربىي ئايماقنى ئىگىلىدى. قوچونى مەركەز قىلغان قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقىنى قۇرۇپ چىقىپ، پايتەختنى قوچو قەدىمكى شەھىرى (بۈگۈنكى تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى قوچو قەدىمكى شەھىرى) دە تەسىس قىلدى. پائالىيەت مەركىزى تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي ئايماق دائىرىسى بولغاچقا بەزىدە غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى دەپمۇ ئاتالغان.

ئورقۇن ئۇيغۇرلىرى قوچوغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر قاترلىق يەرلىك خەلقنىڭ بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، ناھايىتى تېزلا چارۋىچىلىقتىن، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە قاراپ تەرەققىي قىلىپ كۆچىنى بارغانچە زورايتتى. زېمىنى شەرقتە قومۇل ۋە دۇخاننىڭ شەرقىدىكى بىر قىسىم جايلارغىچە، شىمالدا ئىلى دەرياسىغىچە، غەربتە مۇز داۋانغىچە (ئاقسۇنىڭ شىمالى)، جەنۇبى خوتەننىڭ كەڭ كەتكەن رايونلىرىغا تۇتاشقان بولۇپ، تۇرپان، تارىم، جۇڭغاردىن ئىبارەت ئۈچ ئويمانلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئەينى ۋاقىتتىكى غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقى يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە ئەتراپتىكى قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان سودا سېتىق ئىشلىرىنى بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئىقلىم ئەللىرى بىلەن بولغان سودا ئالاقە ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى. تاڭ دەۋرىدىكى شائىر جاڭ جىننىڭ «كولدۇرمىلار ئاۋازى باياۋاندا ئاڭلىنىپ تۇرار؛ كارۋانلارنىڭ ئاق شايىسى ئەنشى تامان يۈرۈپ بارار» دېگەن شېئىرى جۈملىسى ئەينى ۋاقىتتىكى تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ نەقەدەر گۈللەنگەنلىكىنىڭ رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈلىشىدۇر. تاۋار ئالماشتۇرۇش زۆرۈرىيىتىدىن قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقى تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەيىۋەن پۇلىغا تەقلىد قىلىپ، ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلىتىپ، پۇل قويۇپ تارقاتقان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى دۆلىتىمىزدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى مىلادىيە 8 - 14 - ئەسىرلەردە ئىشلەتكەن بىر خىل يېزىق بولۇپ ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدى يېزىقى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. بۇ پۇل تاڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرى ۋە سۇڭ دەۋرلىرىدە قويۇپ ياسالغان بولۇپ تەۋەلىكتىكى كەڭ رايونلاردا تارقىتىلغان ھەمدە قوچوئېلىنىڭ سودا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشىدە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرغان.

## *2. قوچو ئۇيغۇر پۇلى*

مەن يىغىپ ساقلىغان ئىككى يۈزىدە ئۇيغۇر يېزىقى بولغان يارماق پۇل، يۇملاق شەكىللىك ئوتتۇرىسىدا چاسا تۆشۈكى بار مىس يارماق بولۇپ (1 - رەسىم)، دىئامېتىرى 2.4 سانتىمېتىر، ئوتتۇرىسىدىكى تۆشۈكنىڭ چوڭلۇقى 0.5 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.15 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 3 گرام، ئىچى ۋە تېشىدا ئىز چىقىرىلغان گىرۋىكى بار. ئوڭ يۈزىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى تۆشۈكنىڭ ئەتراپىغا قويۇپ چىقىرىلغان بولۇپ، تەرجىمە قىلغاندىكى مەنىسى «كۆل بىلگە ئۇيغۇر تەڭرى خاقان» ياكى «داڭدار، شۆھرەتلىك ئۇيغۇر تەڭرى خاقان»، پۇلنىڭ كەينى يۈزىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ئوتتۇرىدىكى تۆشۈكنىڭ ئىككى يېنىغا قويۇپ چىقىرىلغان بولۇپ، تەرجىمە قىلغاندىكى مەنىسى «خان يارلىقى يۈرگۈزۈلسۇن» ياكى «شۆھرەتلىك خاقان يارلىقى يۈرسۇن». بۇ ئىككى يۈزىدە ئۇيغۇر يزىقى بار پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىدىكى قويما خەتلەردىن «تەڭرى» بۈيۈك تاڭنىڭ تەڭرى ئەركىسى، «خاقان» خانلىقىدىكى ئەڭ يۇقىرى ھوقۇقدار ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالالايمىز. «تەڭرى خاقان»، بولسا ئېلىمىزنىڭ شىمالدىكى ئاز سانلىق

مىللەتلەرنىڭ ئۇلۇغ تاغنىڭ تەڭرى ئەركىسىنى ھۆرمەتلەپ ئاتىشى، بىلگە خاقان بولسا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بىلگە قاغان شەھرىدە دۆلەت قۇرغان سەردارلىرىنىڭ بىرى. مىلادىيە 724 - يىلى (تاڭ سۇلالىسى كەييۈەننىڭ 12 - يىلى) بىلگە خاقان مەكتۇپ سۇنۇپ خان (تاڭ شۈەنزاڭ)نىڭ ئوغلى بولۇشقا ماقۇل بولغان، تەڭرى ئەركىسى بىلەن ئاتا - بالىلىق مۇناسىۋەت ئورناتقان». «كونا تاڭنامە»، 194 - جىلدىدا خاتىرىلىنىشچە: ئۇيغۇر خاقان بىلگەخان ئۆلگەندىن كېيىن، تاڭ شۈەنزوڭ تەزىيە بىلدۈرۈش - ھال سوراش، ئەلچىلەر تۈپى ئەۋەتكەن ۋە بۇگۈنكى سەيدام كۆلى بويىغا بىلگە خاقان مەڭگۇ تېشى ۋە تاۋابخانە ياساتقان. بىلگە خاقان مەڭگۇ تېشىنىڭ خەنزۇچىسىنى تاڭ شۈەنزوڭ يازدۇرغان بولۇپ، بىلگە خاقاننىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسىگە مەدھىيەلەر كۈيلەنگەن. بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر پۇلىنىڭ تارقىتىلىشى تاڭ سۇلالىسى، ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرلىرىدىن باشلاپلا قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇيغۇرلار رايوندا قالايمىقانچىلىق يۈز بەرسە، تاڭ سۇلالىسى ھەققانىي يولدا تۇرۇپ ياردەمدە بولدى، تاڭ سۇلالىسى مۈشكۈل ئەھۋالدا قالغاندا ئۇيغۇرلار ھەمدەمچى قوشۇن چىقاردى. سۇزۇڭ جىدىنىڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 757 - يىلى) ۋە باۋيىڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 762 - يىلى) ئۇيغۇرلار ئىككى قېتىم لەشكەر تارتىپ تاڭ سۇلالىسىغا ياردەملىشىپ «ئۆگلۈك - سۆيگۈن توپىلىڭى» نى تىنجىتتى. تاڭ سۇلالىسى شائىرى دوفۇ «ئەنشىدىن گۈەنجۇڭغا يۈرەر قوشۇننىڭ يارلىق ساقلىشىغا نەزەر» دېگەن شېئىرىدا: «باشبالىقتىن ئۈزنغان، شىرمەتلەر سىپىنىڭ ئايىقى ئۈۈلمەس، تۈمەن چەۋەنداز ئوتتۇرا ئىقلىمنى ئاتلىنىپتۇ قۇتقۇزۇشقا، خىبىينى قايتۇرۇلغانلىق خەۋىرى كەلگىنەدە شۇ دەم، جان جىگەر ئەزىزىمنىڭ چېھرىدە يالتىرىدى شوخ كۈلكە» دەپ يازغان. شائىر شېئىرىدا تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ مۈشكۈل ئەھۋالغا يولۇقسا ئۆزئارا بىر - بىرىگە ياردەم بېرىشىدىغان، يېقىن مۇناسىۋەتنى قىزغىن مەدھىيەلىگەن. ئىككى يۈزدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بولغان پۇلنىڭ كەينى تەرىپىدىكى «خان يارلىقى يۈرگۈزۈلسۇن» دېگەن قويما يېزىقتىن ئەينى ۋاقىتتا قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقىدا قويۇلغان قوچو ئۇيغۇر ئېلى پۇلى تۇرلۇك ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردە كەڭ كۆلەمدە ئوبوروتقا قاتناشتۇرۇلغانلىقىنى كۆرىۋالايمىز. تۇرپان شەھىرىنىڭ تەزكىرىسىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا: شىمالىي سۇڭ ئېلى قۇرۇلۇپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي تەيزۇ جيەنلۇڭنىڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 962 - يىلى) قوچو ئۇيغۇرلىرى تۇتۇق (ۋالى) قاتارلىق 42 ئادەمنى ئەۋەتىپ، يەرلىك ماللاردىن ئېلىپ سۇڭ سۇلالىسى پايتەختى بىئەنجىڭ (بۇگۈنكى خېنەننىڭ كەيفىڭ شەھرى) گە بېرىپ سۇڭ شاھقا تارتۇق قىلغان. شىمالىي سۇڭ دەۋرى تەيپىڭ شىڭگونىڭ 6 - يىلى (مىلادىيە 981 - يىلى)ۋاڭ يەندې 100 دىن ئارتۇق كىشىدىن تەركىب تاپقان ئەلچىلەر يوپىنى باشلاپ، قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقىغا كەلگەن. مىلادىيە 983 - يىلى قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ 100 كىشىلىك مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئەلچىلەر توپى ۋاڭ يەندېنىڭ ھەمراھلىقىدا قوچونىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن تاۋار - دوردۇن، ئۇزۇن تالالىق پاختا، قۇرۇق ئۈزۈم، ئۈزۈم ھارىقى، يانتاق شىكىرى، قىزىل تۇز؛ ئېسىل ئات، دورا ماتېرىياللار، بېزەكچىلىك، بۇيۇملىرى قاتارلىق كۆپ مىقداردىكى ماللاردىن ئېلىپ سۇڭ پايتەختكە تارتۇققا ماڭدى ھەمدە سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللاندى. ئوردا ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاسىتە ئوتتۇرا ئىقلىم پۇقرالىرى بىلەن سودا - سېتىق قىلىشقا يول قويغان. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا: ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ نامى خىتانلارنىڭ يەن جىڭ (بۇگۈنكى بېيجىڭ) ۋە يۇقىرى ئاستانەئىچكى موڭغۇل جاۋۋۇدا ئايىمىقى بالىن ئوڭ خوشۇتلىرىدا تازا داڭقى چىقىپ كەتكەن، يەنجىڭ، يۇقىرى ئاستانە پايتەختلەرنىڭ ھەممىسىدە مەخسۇس ئۇيغۇرلار ئۈچۈن سودا قىلىدىغان «ئۇيغۇركەنت» لىرى تەسىس قىلىنغان. بۇ ئۇيغۇر پۇلىنىڭ كەينى يۈزىدىكى قويما يېزىق «خان يارلىقى يۈرسۇن» دىن نۇرغۇن جايلاردا سودا - ساراي ئۆتەڭلەرنىڭ بەرپا قىلىنغانلىقىنى، قوچو شەھىرىگە غەرب ۋە شەرقتىن كەلگەن غۇز خەنزۇ سودىگەرلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئىقلىم ئوردىسى

تارقاتقان مىس يارماقلارنى ۋە ئۆزلىرى قويغان ئۇيغۇر ئېلى يارمىقىنى ئىشلىتىپ جانلىق تاۋار ئالماشتۇرۇشتەك سودا مەنزىرىسىنى، ئۇچقۇق گەۋدىلەندۇرۇپ بەرگەن.

تاق يۈزلۈك ئۇيغۇر يارمىقى پۇلنىڭ كەينى يۈزىدە قويما يېزىق M ھەرپى بار (2-رەسىم) ئوتتۇرىسىدا چاسا تۆشۈكى بار يارماق پۇل بولۇپ دىئامېترى 2.1 سانتىمېتر، ئوتتۇرىسىدىكى تۆشۈكىنىڭ چوڭلۇقى 0.4 سانتىمېتر، قېلىنلىقى 0.15 سانتىمېتر، ئېغىرلىقى 2.5 گرام، ئىچى ۋە تېشىدا ئىز چىقىرىلغان گىرۋىكى بار. ئوڭ يۈزىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ئوتتۇرىسىدىكى تۆشۈكنىڭ ئەتراپىغا قويۇپ چىقىرىلغان بولۇپ، مۇتەخەسسىلەرنىڭ قارىشىچە «ئۇلۇغ يارلىق يۈرسۇن» دېگەن مەنىدە ئىكەن. بۇ يارماق پۇلنىڭ كەينى يۈزىدىكى قويۇپ چىقىرىلغان M شەكلىدىكى بېزەك سىزىقچىلىرى بەلكىم بىرەر مىللەتنىڭ نىشانىسى ۋە مەلۇم بەلگە ياكى يېزىق ئالامەتلىرى بولۇشى مۇمكىن. بېيجىڭ مەركىزى مىللەتلەر ئىنستىتۇتى مىللىي تىل-يېزىق فاكۇلتېتىدىكى گېڭ شىمىن ئەپەندى يازغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە ۋەسىقىلەر ھەققىدە ئومۇمىي بايان» دېگەن ماقالىسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئېلىپبەدە □ ۋە ھەرپلىرىنىڭ d, t دەپ ئوقۇلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئۈزۈك تاۋۇش m ھەرپى t دەپ ئوقۇلىدۇ، سوزۇق تاۋۇش a ھەرپى "at" سۆزىنى تەشكىل قىلغۇچى بولۇپ «ئات» دېگەن مەنىگە ئىگە. ئۇيغۇرلار جۇڭگودىكى ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمكى ئەللەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ھەرقايسى تارىخى دەۋرلەردە ئوخشاش بولمىغان ناملار بىلەن ئاتالغان. مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى 3- ئەسىرلەردە تۇرا (丁零) دەپ ئاتالغاندىن كېيىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا تېلى، چىلى (ئېگىز ھارۋىلىقلار، قاڭقىل دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، خۇيخې (回纥)، خۇيخۇ (回鹘) دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان. جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەردىن ئىلگىرى ئۇلار ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ئات مىنىش ئۇلارنىڭ كۈندۈلۈك تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئات كۈندىلىك تۇرمۇشىدىلا ئەمەس، يەنە دۈشمەن بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا ئۆزىنىڭ رولىنى ناھايىتى ياخشى جارى قىلدۇرغان. قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقىدا ئات نام- ئاتاق ئابرويىنىڭ سىمۋولى قىلىنغان، خان، ئاق سۆڭەك ۋە چەۋەندازلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ نەسىللىرى ۋە ئات بېزەكلىرىدىكى چوڭ-كىچىك مەرۋايىتلار، قوڭغۇراقچىلار ۋە ئاتنىڭ بەل-باش تاسمىلىرى، كۆكرەك ۋە قۇيرۇقلىرىنىڭ ناھايىتى ھەشەمەتلىك بېزىلىشى كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سىمۋول ئىدى. بۇ قوچو ئۇيغۇر پۇلىنىڭ كەينى يۈزىدىكى M (t) ھەرپى بولسا <at> (ئات) سۆزىنى تەشكىل قىلغۇچى سۆز بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتنى نەقەدەر ئۇلۇغلايدىغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. قوچو (بۈگۈنكى تۇرپان) ۋە باشبالىقنى مەركەز قىلىپ قورۇلغان قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ خانى ئارسلانغان قىشلىقى ھول-يېغىن ئاز بولغان قۇرغاق قوچودا قىشلايدۇ، يازنى تەڭرىتاغىنىڭ شىمالىدىكى باشبالىق ئارامگاھىدا ئۆتكۈزىدۇ. بېرىپ-كېلىشتە ئات مىنىپ ئالتۇنتاغ يولى (金岭道) يەنى تاڭ دەۋرىدىكى «قوچو ئايمىقى خەرىتىلىك تەپسىراتى» دىكى «تادلار يولى» دىن ئۆتىدۇ. «يارغولنىڭ ناھىيە پاسىلىدىن چىقىپ، غەربىي شىمالى تاللىقغول (柳古) غا قاراپ ماڭغاندا، باشبالىققا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. ئۇ يەرگە 450 چاقىرىم كېلىدۇ، ئوت-چۆپ سۈيى ئەلۋەك بولۇپ، پەقەت پىيادىلەر ۋە ئات-ئۇلاغلارلا ئۆتەلەيدۇ» ، «يېڭى تاڭنامە .جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ: «ناھىيەنىڭ شىمالىدىن 80 چاقىرىم نېرىدا ئەجدىھا بۇلاق قەسرى (龙泉馆) بار، يەنە شىمالىي غول ئىچىگە 130 چاقىرىم مېڭىپ، تاللىقغول (柳谷) دىن ئۆتۈپ، ئالتۇن داۋان (金沙岭) دىن ئارتىپ، 160 چاقىرىم ماڭسا تاشبالىق (石会汉戍) دىن ئۆتۈپ باشبالىق قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە بارغىلى بولىدۇ.» دېيىلگەن. شىمالى سۇڭ دەۋرىدىكى ۋاڭ يەندې قوچوغا ئەلچىلىككە بارغاندا، كۆتۈلمىگەندە خاقان تاغنىڭ شىمالىدىكى ئارامگاھقا كەتكەن بولۇپ، ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن ئاتلىق بۇ قەدىمكى يول بىلەن

تاغدىن ئېشىپ باشبالىققا بېرىپ ئۇيغۇر خانى ھوزۇرىغا سالامغا كىرگەن. ئۇ «قوچوغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دە «يارغولدىن چىقىپ 6 كۈندە ئالتۇنتاغ ئېغىزىغا يەنە ئىككى كۈندە خەن جىياجەي (汉加砦) گە باردۇق، يەنە 5 كۈندە ئالتۇن چوققا (金岭) قا چىقىپ، چوققىدىن ۋە ئۇيما تاشخان قەسرى (龙堂刻石) دىن ئۆتتۇق. تاغدىن ئۆتۈپ بىر كۈن يول يۈرۈپ باشبالىققا يېتىپ باردۇق.» دەپ يازغان. ئۇ بادشبالىقتا، خان، خانىكە، تېكىنلەرنىڭ ئات-چارۋىلىرىنىڭ نەچچە يۈز چاقىرىم يىراقلىقتىكى يايلاقتا، موي تۈكلىرىنىڭ رەڭگى بويىچە ئايرىلىپ بېقىلىدىغانلىقىنى، سانىنى ئالغىلى بولمايدىغانلىقىنى.... كۆرگەن. بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتا قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ چارۋىچىلىقىنىڭ ناھايىتى گۈللىنىپ روناق تاپقانلىقىنى ھەمدە ئۇيغۇر پۇلىنىڭ كەينى يۈزىدە كۆرسىتىلگەن M بېزەك قويما ھەرپى «ئات» (ئات) نىڭ جەمئىيەت، ھەربىي ئىشلار، ئىقتىساد ۋە تۇرمۇشتا مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

3-رەسىمدىكى تاق يۈزلۈك ئۇيغۇر پۇلىنىڭ كەينى يۈزىدە ئەسلىدىلا خەت يوق.

### *3. ئالتۇن داۋان يولىغا سەپەر (تاتلار يولىغا سەپەر)*

مۇئەللىپنىڭ ئامىتى كېلىپ، 40 يىل ئىلگىرى خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن، ئات مىنىپ غول-ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، ئۇيغۇر خاقانى ۋە سۇڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندې ماڭغان ئالتۇن تاغنىڭ خەتەرلىك يوللىرىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانلىق جەريانىنى بۇ يەردە قىسقىچە بايان قىلماقچىمەن.

1964-يىلى مۇئەللىپ، تۇرپان ناھىيەلىك ھۆكۈمەت مالىيە بۆلۈمىنىڭ ۋەزىپىسىدىكى يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق بېجىنى يىغقۇچى خادىمى ئىدى، شۇ يىلى 5-ئايدا ناھىيەلىك ھۆكۈمەت مالىيە بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى يېزا ئىگىلىك چارۋىچىلىق بېجىنىڭ كادىرى قاخار نەمەت بىلەن ئات مىنىپ تۇرپان شەھىرىدىن يولغا چىقتۇق. يارغولدىن ئۆتۈپ شىمالغا قاراپ مېڭىپ كىچىك باغۋەنچىلىك مەيدانى (红柳河园艺场) دىن ئۆتۈپ شاپتۇللۇقنى بويلاپ يوغانتېرەك غولىدىن مېڭىپ قاش قارايغان چاغدا «ئىشەك داۋان» غا يېتىپ كەلدۇق. 2-كۈنى داۋاملىق شىمالغا قاراپ تەخمىنەن 20 كىلومېتر مېڭىپ ئاچالغا (三岔口) يەنى بۈگۈنكى يار يېزىسى بىلەن ئايدىڭكۆل يېزىسىغا قارىيدىغان چارۋىچىلىق مەيدانىغا يېتىپ كەلدۇق. چارۋىچىلىق مەيدانى ئۈچ تەرىپى تاغلار بىلەن قورشىلىپ تۇرىدىغان تاغ باغرىدىكى بىر تۈزلەڭلىك ئىدى. شۇنداقلا بىرقەدەر ئوچۇقچۇلۇقتىكى كەڭرى يايلاقنىڭ بىر بۆلىكى ئىدى. بۇ يەردىكى يېشىل مەخمەلدەك ئوت-چۆپلۈكتە توپ-توپ قوي پادىلىرى، ئات، تۆگە، قوتازلار ئەركىن يايلىشىپ يۈرەتتى. شىمال تەرەپ ئېگىز تاغ بەلۋىغى بولۇپ، تاغ ئۈستىدىكى قارلىق چوققىلار ئاپپاق كۆرۈنەتتى، قارلەيلىسى، چىل (雪鸡)، ياۋا توخۇ، ۋە جەرەن جىلغىسىدىكى جەرەنلەر، ياۋا ئۆچكە قاتارلىق كەم ئۇچرايدىغان ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. داۋاملىق ئالدىنغا قاراپ مېڭىپ «لەمپە تاش» (兰甫塔什) يەنى «تاش قۇۋۇق» قا (石门子) (تارىخى كىتابلاردا «تاش غار ["石窑子"] دېيىلگەن) يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەر دېڭىز يۈزىدىن 2400-2600 مېتىر ئېگىز بولۇپ، بىر ئۇزۇن كەتكەن، كەڭلىكى 40 مېتىر كېلىدىغان، تەبىئىي تاشتىن شەكىللەنگەن كوچا رەستىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئات-ئۇلاغلار، بامبۇك نوتىسىدەك تاش تۈۋرۈك تاملىرىدىن ئۆتىشىدۇ، نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كىشىلەرنىڭ ئات-ئۇلاغلىق ئۈزلۈكسىز ئۆتۈپ تۇرۇشى بىلەن بۇ تاش كوچا رەستىسى ئۇپراپ پارقىراق مۇزدەك سىلىقلىشىپ كەتكەن. تاش تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىنى خۇددى مەردەكىنىڭ ئۈستۈنكى تەخسىسىدەك بىر غايەت زور تاش يېپىپ تۇرىدۇ. قارىغان ئادەمگە ھېلىلا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنۈپ كىشىنى ۋەھىمە باسىدۇ. بۇ خەتەرلىك جايدىن ئۆتۈپ تاغ ئۈستىگە يەنى «مۇزلۇققا» كەلدۇق. بۇ يەر بەلكىم ئەينى ۋاقىتتا ۋاڭ يەندې يېتىپ بارغان «كىچىك قارلىق تاغ» شۇ بولسا كېرەك. يەنە ئالدىنغا قاراپ مېڭىۋەرسەك ناھايىتى

تىك بولغان تاغ چوققىسىغا يەنى «ئالتۇنلۇق» قا، ئۇيغۇرچە مەنىسى «ئالتۇن كۆپ» دېگەن يەرگە چىقتۇق (تارىخىي كىتابلاردا «ئالتۇن تاغ، ئالتۇن چوققا» دەپ ئاتالغان) يەنە «داستا باش» （"达斯塔巴西"） قارلىق تاغ دەپمۇ ئاتىلىدۇ، تەڭرىتاغدىكى مۇز داۋان دېگەن مەنىدە. ئالتۇن داۋان （金岭） بىر پارچە كۆز يەتكۈسىز يايلاق بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 4600 مېتىر ئېگىزلىكتە، تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ ئەتراپقا باقسىڭىز ئۆزىڭىزنى بىر تالاي كىچىك تاغلار ئارىسىدا تۇرغاندەك ھېس قىلىسىز، چوڭقۇر غول ئىچىگە قارىغاندا ۋەھىمىدىن كىشىنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كېتىدۇ. ئالتۇن چوققا بولسا تۇرپاننىڭ يوغانتېرەك دەرياسى بىلەن جىمسار ناھىيەسىنىڭ ئەجدەرھا ئېغىزى دەرياسى （大龙口河） نىڭ سۇ بۆلگۈچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردىكى ئۆزئارا بىر-بىرىگە قۇچاق ئاچقان كۆپ-كۆپ ئوت-چۆپلەر بىلەن ئاپپاق قارلار، تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان سۈزۈك بۇلاق ۋە مۇزلۇقلار قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك يايلىقى ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە تۇرپان شەھىرىنىڭ يار يېزىسى، ئايدىڭكۆل يېزىسى، ئۈزۈمچىلىك يېزىسى بۇ ئالتۇن تاغ يولىدىكى 70 تىن ئارتۇق چارۋىچىلىق نۇقتىسىدا چارۋا باقىدۇ. ئالتۇن تاغنىڭ ھاۋا كېلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشى ئادەمنى ناھايىتى بىزار قىلىدۇ، ھاۋا ئۆزگەردى دەپ بولغىچە قاپ-قارا بولۇتلار تۈرۈلۈپ كېلىپ، گۈلدۈرماما ئاۋازى قۇلاقنى گاس قىلىپ قويىدۇ. 6-ئايدىكى تاغ ئۈستىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 40 گرادۇس ئەتراپىدا بولىدۇ. پات-پات مۆلدۈر ئارىلاش قار يامغۇرغا ئۇچراپمۇ تۇرىدۇ. تەڭرىتاغقا چىقىپ داۋاندىن تۆۋەنگە قاراپ ماڭغاندىكى بۇ يول باشبالىققا بارىدىغان يول بولۇپ، مۇئەللىپ ئاتقا مىنىپ تۇرپاندىن چىقىپ تەڭرىتاغ داۋىنى ۋە «تاش غار» （"石窑子"） داۋىنى يەنە «ھەيۋەتلىك تاش قۇۋۇق» （"石门雄关"） دەپمۇ ئاتىلىدىغان ئۆتكەللەردىن ئۆتتۇق. (بۇ قەدىمكى يول تارىختا «قەدىمكى قۇسلار يولى» ياكى «تاتلار يولى [他地道] دەپ ئاتالغان. خەن دەۋرىدىن باشلاپ ئالدى غۇز دۆلىتى [تۇرپاندىكى يارغول شەھىرى] ۋە ئارقا غۇز دۆلىتى [جىمسار بەشبالىق] نى تۇتۇپ تۇرۇشتىكى مۇھىم ستراتېگىيەلىك ئورۇن بولغان، تارىخى دەۋرلەردە سانغۇنلارنىڭ تالىشىدىن ئورنىغا ئايلانغان.) بۇ قېتىم شەخسەن ئۆزەم ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ، ئەلچىلىرىنىڭ، چەۋەندازلىرىنىڭ، سودىگەرلىرىنىڭ، راھىبلىرىنىڭ تەڭرىتاغدىن ئۆتۈش جەريانىدىكى جەۋرى-جاپالارنى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم.

### 4. تارىخ شاھىد

يېقىپ ساقلانغان ئوخشاش بولمىغان نۇسخىدىكى قوچو ئۇيغۇر پۇللىرىنى كۆرگىنىمىزدە 9-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غەربكە كېلىپ قوچودا ئولتۇراقلاشقاندىن ئۇيغۇرلار كېيىن كۆي ئورۇقىدىكى قوچونىڭ ئەسلىدە بار بولغان ئاھالىلىرى ۋە خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا پارلاق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ياراتقانلىقىنى كۆرىۋالالايمىز. قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇ يارماق پۇلنى ئوتتۇرا ئىقلىمدا ئوبروتقا قاتناشتۇرۇلىدىغان يارماق پۇللاردىن ئۆرنەك ئېلىپ سىرتقى كۆرۈنۈشى يۇملاق، ئوتتۇرىسىدا چاسا تۆشۈكى بار قىلىپ قويۇپ ياساپ چىققان. بۇنىڭدىن شۇ مەزگىللەردە قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىپ راسا گۈللەنگەنلىكىنى ھەمدە شەرق بىلەن غەرب قاتنىشىدىكى مۇھىم يول- يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى ۋە پۇل ئوبروتىنىڭ راۋانلىقى ھەمدە ئايىقى ئۈزۈلمەي كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغان يىپەك يولى بويىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ سودىگەرلىرى ۋە غۇز، خەنزۇ سودىگەرلىرى (胡汉商客) نىڭ ئەھۋالىنى ئۇچۇق كۆرىۋالالايمىز. «كېيىنكى خەننامە .غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە ئەينى ۋاقىتتىكى مەنزىرە مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: «ئۆتەڭدە ھەرۋاقىت توختاۋسىز ئۇيان-بۇيان چېپىپ يۈرگەنلەرنى، ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي خېرىدار چاقىرىۋاتقانلارنى، سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان غۇز سودىگەرلىرىنى، كۈندۈزلۈك تاپاۋىتىنى ئىقىشتۇرۇپ ئالدىراش

كېتىۋاتقانلارنى كۆرگىلى بولىدۇ.» بۇلار قەدىمكى غەربىي يۇرتنىڭ ئىقتىساد سودا تارىخىدىكى سۆزلەر، مول مەزمۇنغا ئىگە ئۇيغۇر پۇلىنى كۆرگىنىمىزدە ئۇ بىزنى بىردىنلا يىراق قەدىمكى دەۋرگە باشلاپ كىرىپ، بىزگە قوچو بىلەن ئىچكى رايونلار، ئوتتۇرا ئاسىيا، شىمالدىكى چارۋىچى قەۋملەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقىدا ئوتتۇرا ئىقلىمنىڭ پۇللىرى ۋە ئۇيغۇر پۇللىرىنىڭ ئوبروتىغا قاتناشتۇرۇلغانلىق مەنزىرىسىنى يەنە بىر قېتىم كۆز ئالدىمىزدا نامايەن قىلدى.

تۇرپاندىن بايقالغان، قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ «كەييۈەن تۇڭباۋ» يارمىقىغا تەقلىد قىلىپ، قويۇپ ياسالغان ئىككى يۈزىنىڭ بىر يۈزىدە ۋە كەينىدە قويما خەت M ھەرپىي بولغان ئۇيغۇر پۇلى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ ،قوچو ئۇيغۇر دەۋرىدىكى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ مۇھىم تارىخىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولۇپ پۇلشۇناسلارنىڭ، تارىخ، ئارخېئولوگلارنىڭ ئېتىبار بىلەن قارىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ كەلمەكتە.

(تەرجىمان: تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىدا)

**تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق**

# «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە خاتىرىلەنگەن قوچو ئۇيغۇرلىرىغا دائىر مەلۇماتلار توغرىسىدا

ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى

« دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك » (تۆۋەندە قىسقارتىپ «دىۋان» دەپ ئېلىندى - ئاپتور) ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرى تەرىپىدىن 11-ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن ناھايىتى قىممەتلىك قامۇس خاراكتېرلىق شاھانە ئەسەردۇر. «دىۋان» نىڭ ئاپتورىنىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەد ئىبنى ھۈسەيىن بىننى مەھمۇد كاشغەرىدۇر. مەھمۇد كاشغەرى ئۇنىڭ قىسقارتىلغان ئىسمىدۇر. ئالىمنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىللىرى، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي، ئىجادىي پائالىيەتلىرى توغرىسىدا قانائەتلىنەرلىك مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. «دىۋان» دا بېرىلگەن مەلۇماتلار، مەھمۇد كاشغەرىنى ئۆگەنگۈچى ئالىملار ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىنچىكە ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، تەكرار تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، مەھمۇد كاشغەرى تەخمىنەن مىلادىيە 1008-يىلى شىنجاڭنىڭ قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق ئوپال يېزىسىنىڭ ئازىق مەھەللىسىدە خان جەمەتى

-يىلى قاراخانىيلار ئوردىسىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق قانلىق سىياسىي ۋەقەدە بىر مۇنچە ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن بىرلىكتە مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئاتىسى مۇھەممەدمۇ ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلگەن. مەھمۇد كاشغەرى بۇ قانلىق پاجىئەدە بەختكە يارىشا ئامان قالغان ۋە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ نىشاپورغا بارغان، ئاندىن بەدەخشانغا ئۆتۈپ بەدەخشان ئارقىلىق شۇ چاغلاردىكى ئەرەب ئىمپېرىيەسىنىڭ داڭلىق مەدەنىيەت مەركىزى ئەرەب ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى باغداد شەھىرىگە بېرىپ پاناھلانغان. مەھمۇد كاشغەرى بۇ جەريانىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى نۇرغۇن قەبىلە ۋە خەلقلەر ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى، تىل،

نەسەبى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئائىلىسىدە ئالغان. ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەلۇماتنى شۇ چاغدىكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە مەشھۇر مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان كاشغەردىكى «ساچىيە مەدرىسى» قاتارلىق جايلاردا ئالغان. ئاتىسى مۇھەممەد بارمىغان شەھىرىنىڭ ئەمىرى بولغان. ئاپىسى بۈۋى رابىيە كىچىكىدە ئېسىل تەربىيە كۆرگەن ئايال بولۇپ، ئوغلى مەھمۇدنى كىچىكىدىن تارتىپ ناھايىتى ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتتە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. «دىۋان» دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مەھمۇد كاشغەرىمۇ شۇ زامانىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە پادىشاھ، خان-خاقانلار نەسەبىدىن بولغانلارنىڭ ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش، نەيزىۋازلىق، قىلىچۋازلىق قاتارلىق ھەربىي ئىشلاردىمۇ يۇقىرى ماھارەت يېتىلدۈرگەنلىكى مەلۇم.

1065

ئەدەبىياتى، فولكلورى، ئېتنوگرافىيەسى، ماقال-تەمسىل، شېئىر- قوشاقلىرى، ئەپسانە-رىۋايەتلىرى ۋە باشقىلارغا دائىر ناھايىتى كۆپ ماتېرىيال يىغقان. بۇ ماتېرىياللار مەزمۇن ۋە دائىرە جەھەتتىن 10-11-ئەسىرلەردە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان ئۇيغۇرلار ۋە باشقا بارلىق تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي- ئىقتىسادىي ھاياتىنىڭ ھەممىلا تەرەپلىرىگە دېگۈدەك چېتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش شەكلى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، ئىگىلىك ساھەسى، ئىقتىساد، سودا ۋە ئىدىيە-پەلسەپە چۈشەنچىلىرى، ھەربىي ئىشلار، ھاكىمىيەت ئىشلىرى چۈشەنچىلىرىدىن مەلۇمات بېرىدۇ. پەننىڭ تىل ساھەسىدىن باشقا، تارىخ، مىللەتشۇناسلىق، ئەدەبىيات، فولكلور،

ئېتنوگرافىيە، گېئوگرافىيە، ئاسترونومىيە، كالىندارچىلىق، تېبابەت ئىلىم قاتارلىق تۈرلەرگە چېتىلىدۇ. شۇغۇللانغان ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئىگىلىك شەكىللىرىدىن ئوۋچىلىق، بۈركۈتۋازلىق، چارۋىچىلىقتىن باشقا دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، سۇ ئىنشائاتى، مەدەنچىلىك، تۆمۈر تاۋلاش، قول ھۈنەر، نەققاشلىق قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. ئۇرۇق-قەبىلىلەرگە، جۇغراپىيەگە ۋە يەر ناملىرىغا ئائىت مەلۇماتلار تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە بولۇپ، ئۇ پەقەت قاراخانىيلار سۇلالىسى تەۋەسىدىكى مەشھۇر تاغلار، دەريا-كۆللەر، چۆللەر، ۋادىلار، شەھەر ۋە يېزا-يايلاق ناملىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، يەنە مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار تەۋەسىدىكى ئاتاقلىق ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركەزلىرى، چوڭ شەھەرلەرنىڭ ناملىرى، بۇ ئەل خەلقلىرىنىڭ تىل-يېزىقى، دىنىي ئېتىقادى، تارىخى مەدەنىيىتى، ئىقتىسادىغا ئائىت مەلۇماتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزى ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئالىم مەھمۇد كاشغەرى يېزىلغۇسى «دىۋان» ى ئۈچۈن ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان نۇرغۇنلىغان جايلارغا بېرىپ بۇ خەلقلەرنىڭ ئاغزىدىن ۋە ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە تەكشۈرۈشى ئارقىلىق 1-قول ماتېرىيال توپلىغان. بۇنىڭغا 15 يىلچە ۋاقىت سەرپ قىلغان. شۈبھىسىزكى، بۇ شۇ چاققىچە تۈركىي تىللارنى كەڭ دائىرىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا ئەڭ كەڭ دائىرىنى تەكشۈرگەن، ئەڭ كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلغان، ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئىشەنچلىك ماتېرىيالغا ئېرىشكەن بىردىنبىر ئۇيغۇر تىلچىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئالىم 15 يىلچە جەۋرى-مۇشەققەت چېكىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان قەبىلە ۋە مىللەتلەر ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلار ياشاپ تۇرغان جايلارغا دائىر جۇغراپىيەلىك مەلۇمات، يەر ناملىرى مەلۇماتى ۋە شۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئاغزىدىن ئېلىنغان ئاجايىپ قىممەتلىك تىل ماتېرىياللىرىنى باغداد شەھىرىدە تاللاپ، رەتلەپ، تۈرلەرگە ئايرىغان ۋە مىلادىيە 1072-يىل 1-ئاينىڭ 25-كۈنى يېزىشقا كىرىشىپ، 1074-يىل 2-ئاينىڭ 24-كۈنى تاماملىغان. 1076-، 1077-يىللىرى قايتا-قايتا تۈزىتىپ، شۇ چاغلاردا تەختتە ئولتۇرغان ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ 27-خەلىپىسى ئوبۇلقاسىم بىننى مۇھەممەدىل مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا تەقدىم قىلغان. كېيىن، ئالىم يۇرتىغا قايتقان. ئەمما «دىۋان»دا ئالىمنىڭ قاچان، نېمە سەۋەبتىن ۋە قانداقسىغا يۇرتىغا «قايتقان» لىقى توغرىسىدا ھېچقانداق ئىشارە بېرىلمەيدۇ. ئالىمنىڭ «دىۋان» دىن باشقا يەنە «تۈركىي تىللار نەھۋىسىنىڭ جەۋھەرلىرى» ناملىق مەخسۇس كىتاب يازغانلىقىمۇ مەلۇم. ئەپسۇسكى، ئۇ كىتاب تېخىچە يورۇقلۇققا چىقمىدى.

ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى، بۈيۈك تىلچى، پەيلاسوپ مەھمۇد كاشغەرى تەخمىنەن 97يىلى ئۆمۈر كۆرۈپ، مىلادىيە 1105-يىلى ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى ئوپال يېزىسىنىڭ ئازىق مەھەللىسىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ قەبرىگاھى شۇ يەردىكى «ھەزرىتى مولام مازىرى» دۇر ①.

* * * * *

«دىۋان» ئەسلىدە تىلشۇناسلىققا بېغىشلانغان، يەنى ئەرەبلەرگە، ئومۇمەن، تۈركىي تىلنى بىلمەيدىغانلارغا تۈركىي تىلنى ئۆگىنىشنى، ئۇيغۇر تىلىنىڭمۇ شۇ زامانلاردا «ئىلىم-پەن تىلى»، «ئەدەبىي تىل» دەپ قارالغان ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىن قېلىشمايدىغان تىل ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇر تىلىنىڭمۇ ئىپادىلەش كۈچىنىڭ كۈچلۈك، باي، پاساھەتلىك تىل ئىكەنلىكىنى، «تۈركىي تىلىنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىش ئۈچۈن» يېزىلغان ئىزاھلىق لۇغەت بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىكى مەزمۇن ۋە دائىرە تىلشۇناسلىق ساھەسىدىن ھالقىپ، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ 10-، 11-ئەسىرلەردىكى تارىخى، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادى ۋە مەدەنىي ھاياتىدىن مەلۇمات بېرىدۇ. شۇڭا «دىۋان» تىلشۇناسلىق بويىچە ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن مۇكەممەل بىر ئىلمىي ئەسەر، تۈركىي تىلشۇناسلىق بويىچە دۇنياۋى سېلىشتۇرما تەتقىقاتقا ئۇل سالغان ئەسەر، 11-ئەسىر تۈركىي تىل ۋە ئەدەبىياتىنىڭ يېگانە يادىكارلىقى، ئومۇمىي

مەزمۇن-دائىرە بويىچە ناھايىتى كەڭ ۋە چوڭقۇر، مەزمۇنلۇق ئىخچام يېزىلغان قامۇس ھېسابلىنىدۇ.

ئالىم «دىۋان» غا ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ياشايدىغان يۇرتلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ مەركەز قىلغان ئاساستا بىر «دۈگىلەك خەرىتە» نى قوشۇمچە قىلغان. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىنىڭ يەر شارىنىڭ يومىلاق ئىكەنلىكى ئۇقۇمى بويىچە گېئومېترىيەلىك شەكىلدە ئاسىيانىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىشى مەيلى زامان ياكى ماكان جەھەتتىن بولسۇن، ياكى بىلىم قۇرۇلمىسى جەھەتتىن بولسۇن ۋە ياكى خەرىتىنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى جەھەتتىن بولسۇن، بۇ خەرىتىدىن ئىلگىرىكى ھەر قانداق خەرىتىنى بېسىپ چۈشىدۇ. بىز قىلچە مۇبالىغىسىز شۇنداق چۈشىنىمىز ۋە شۇنداق ھېسابلايمىزكى، «مۇئەللىپىنىڭ ئۆز تىلى بويىچە ‹دائىرە› دەپ ئاتالغان بۇ ‹خەرىتە› ئاسىيانىڭ شۇ كەمگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ قەدىمكى خەرىتىسىدۇر»، تۈركىي ئالىمى، «بۈيۈك تىلچى مەھمۇد قەشقەرى» دېگەن كىتابنىڭ مۇئەللىپى م.شاكىر ئۈلكۈ تاشىر ئۆزىنىڭ شۇ كىتابىدا بۇنىڭدىن 900 يىل ئىلگىرى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تارقىلىپ جايلاشقان جۇغراپىيەلىك ئورۇنلىرى ۋە يەرناملىرى توغرىسىدا يازغان مەلۇماتلىرىنىڭ ئەرەب، ئىران مەنبەلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ ۋە «دىۋان» غا قوشۇمچە قىلىنغان خەرىتە ھەققىدە توختىلىپ: «ئۇ مەلۇماتلىرىنىڭ قىممىتىنى كۆرسىتىش ۋە ئوقۇغۇچىلىرىنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»كە بىر تۈرك خەرىتىسىنى قوشۇپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇمايدۇ. شۇڭلاشقا ئىشنى شۇنچىلىك ئىنچىكە ئويلىغان بۇ تۈرك مۇتەپەككۇرىنىڭ ئەمگىكى تۈركىي خەلقلەر دۇنياسىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئۆز قىممىتىنى كۆرسەتمەكتە ۋە توققۇز يىللىق تۈركىي خەلقلەر جۇغراپىيەسى بىلەن يەر ئىسىملىرى جەھەتتىكى دەسلەپكى شەرەپنى ئۇنىڭغا - مەھمۇد كاشغەرىگە مەنسۇپ قىلماقتا» ② دەپ قەيت قىلسا، روس شەرقشۇناسلىرىدىن ژ.بېلياييېف مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋان» دا بەرگەن جۇغراپىيە جەھەتتە بەرگەن مەلۇماتلىرىنىڭ توغرا ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى يەنە بىر نۇقتىدىن - ئارخېئولوگىيە نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىنىپ ئىسپاتلاپ چىقىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەھمۇد كاشغەرىنىڭ جۇغراپىيە جەھەتتىن بەرگەن مەلۇماتلىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن. بۇ مەلۇماتلارنىڭ كۆپ قىسمى يېڭى ئارخېئولوگىيەلىك تەتقىقاتلار ئارقىلىق ئىسپاتلانماقتا» ③. «خەرىتە» توغرىسىدىكى گەپنىڭ مېغىزى، بۇ «خەرىتە تۈركىي خەلقلەرنىڭ تۇنجى دۇنيا خەرىتىسى بولۇش جەھەتتىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە» ④.

«دىۋان» دا 30 نەچچە ئورۇندا «ئۇيغۇرلار» غا دائىر قىممەتلىك مەلۇمات بېرىلگەن. بۇ مەلۇماتلار يەنە كېلىپ ئاساسەن قوچو ئۇيغۇرلىرىغا ئائىت. بۇنداق دېسەك، ئېھتىمال بەزىلەر مەھمۇد كاشغەرى تىل تەكشۈرۈش ئۈچۈن قوچو ئۇيغۇرلىرى تەۋەسىگە بارمىغان تۇرسا، «دىۋان» دا قانداق قىلىپ قوچو ئۇيغۇرلىرىغا دائىر مەلۇماتلار خاتىرىلىنىدۇ، دەپ سوئال قويۇشى مۇمكىن. توغرا، مەھمۇد كاشغەرى تىل تەكشۈرۈش، تىل ماتېرىياللىرى توپلاش ئۈچۈن قوچو ئۇيغۇرلىرى ئارىسىغا بارمىغانلىقى ھەممىگە ئايان. بۇ نۇقتا «دىۋان» دىنمۇ مەلۇم. لېكىن بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ قۇرۇلغان گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، قوچو ئۇيغۇر ئېلى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن ئىبارەت ئۈچ ئۇيغۇر خانلىق مىلادىيە 740-يىلى ئۇيغۇرلار كۆكتۈرك خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭ پايتەختىنى ئىگىلەپ، ئەسلىدىكى تۈرك خانلىقى تېررىتورىيىسىنى ئىلكىگە ئالغان ھالدا قۇرۇلغان ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى مىلادىيە 840-يىلى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقلىرى ئىدى. بۇ ئۈچ ھاكىمىيەتنى بەرپا قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئېتنىك جەھەتتىن بىر خەلق ئىدى. تىل، دىن، يېزىق، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىمۇ بىرلىك ۋە ئورتاقلىققا ئىگە ئىدى. مەھمۇد كاشغەرى «خاقانىيە تىلى»

دەپ ئاتىغان تىل، ئەمەلىيەتتە، قاراخانىيلارنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىدە ياشىغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي تىلى ئىدى. «خاقانىيە تۈركلىرى» دەپ كۆرسەتكەن خەلق ئەمەلدە قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنى كۆرسىتىدۇ. دىنىي ئايرىملىق نۇقتىسىدىن مەھمۇد كاشغەرى ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق قەبىلە-مىللەتلەرنى «دىۋان» دا «خاقانىيەت تۈركلىرى»، «مۇسۇلمان بولغان ئۇيغۇرلار» دەپ، قوچو ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلارنى بولسا «مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار»، «ئۇيغۇر كاپىرلىرى»، «تات ئۇيغۇر» دەپ ئاتىغان. ئەمما، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، تىل-يېزىقى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا توختالغاندا بولسا، ئۇيغۇرلارنى چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت بىلەن تىلغا ئېلىپ مەدھىيىلەپ ئۆتكەن. بۇ نۇقتا «دىۋان» دىكى «ئۇيغۇر» ۋە «ئۇگە»، دېگەنگە ئوخشاش ماددىلاردا ئېنىق نامايەن قىلىنىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرى يەنە «بۇ يازغان ئەسىرىم تەلەپكە ئۇيغۇن بولسۇن» پايدىلانغۇچىلارغا قوللانما بولغىدەك بىر قىممەتكە ئىگە بولسۇن دېگەن نىيەت بىلەن بىرمۇنچە قائىدىلەرنى تۈزۈپ يېڭى-يېڭى ئۆلچەملەرنى قويىدۇم، «مەن كىتابتا مۇسۇلمان بولغان تۈرك ئەللىرىدىكى تاغلار، چۆللەر، ۋادىلار، دەريا ۋە كۆللەرنىڭ ناملىرىنىلا يازدىم.... بۇلارنىڭمۇ ئاتا قىلىنغانلىرىنىلا يازدىم. ئانچە ئاتاقلىق بولمىغانلىرىنى تاشلىدىم... ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ۋە ھەممىگە تونۇش بولغانلىرىنىلا.... كۆرسىتىپ ئۆتتۈم» دەپ يازىدۇ. دېمەك، ئالىم بۇ يەردە ئېنىق قىلىپ مۇنداق بىر پىرىنسىپنى، يەنى ئۇرۇق-قەبىلە ۋە مىللەت ناملىرىغا، جۇغراپىيەگە ۋە يەر ناملىرىغا دائىر مەلۇماتلارنى يېزىشتا ئاساسلىقلىرىنىلا، ئاتاقلىقلىرىنىلا، ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ۋە ھەممىگە تونۇش بولغانلىرىنىلا يېزىشنى، ئانچە ئاساسلىق بولمىغانلىرىنى، ئانچە ئاتاقلىق بولمىغانلىرىنى، ئانچە كۆپ ئۇچرىمايدىغان ۋە ھەممىگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغانلىرىنى «تاشلاش» نىلا پىرىنسىپ قىلغانكى، ھەرگىزمۇ مۇسۇلمان بولغان ئۇيغۇرلارغا دائىر مەلۇماتلارنى بېرىش بىلەن چەكلىنىپ، مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلارغا دائىر مەلۇماتلارنى بەرمەسلىكنى ئۆزىنىڭ بۇ كىتابنى يېزىش تەرتىپىگە قويمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەھمۇد كاشغەرى (گەرچە ئۇ مۇسۇلمان ئاپتور بولسىمۇ) ئالەمشۇمۇل ئالىملارغا خاس قىياپەت بىلەن ئىلىمنىڭ خالىس مەيدانىدا تۇرۇپ، ئىلىمگە نىسبەتەن جىددىي، كەسكىن، ئەستايىدىل ۋە ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتۇپ، مۇسۇلمان بولغان ۋە مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە دائىر مۇھىم ۋە قىممەتلىك دەپ ھېسابلانغان مەلۇماتلارنى ئوچۇق بەرگەن. «دىۋان» دا مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلارغا ئېنىقراقنى ئېيتقاندا، قوچو ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلارغا دائىر مەلۇماتلارنىڭ «دىۋان» دا ئورۇن ئېلىشىنىڭ ھەتتا پۈتكۈل كىتابتا خېلىلا زور ۋە مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنىڭ ئاساسلىق ئىچچام ئارقا كۆرىنىشىدۇر.

تۆۋەندە مەن ئۆزۈمنىڭ «دىۋان» نى ئۆگىنىش ئاساسىدا «دىۋان» دىكى ئۇيغۇرلارغا، توغرىسى قوچو ئۇيغۇرلىرىغا دائىر مەلۇماتلارغا بولغان چۈشەنچەمنى ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن ئورتاقلىشىش يۈزىسىدىن قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

### *1. قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ پاسىللىرىغا دائىر مەلۇماتلار*

تارىخشۇناسلارغا شۇنىسى ئايانكى، قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تېررىتورىيىسىگە دائىر خاتىرىلەر خەنزۇ مەنبەلىرى، ئەرەب-پارس مەنبەلىرى، غەرب-ياۋروپا مەنبەلىرى ۋە ئۇيغۇر-تۈركچە مەنبەلەردە بۇنىڭدىن كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرىلا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. ۋەھالەنكى، ئۇ مەنبەلەردە بەزىدە بىر-بىرىگە ئوخشاشلىقلار بولسا، يەنە بەزىدە ئوخشاشلىقلار يوق. بەزى مەنبەلەردە تەخمىنى ئومۇمىي دائىرە كۆرسىتىلگەن بولسا، يەنە بەزى مەنبەلەردە دىنىي ئايرىملىق كۆزدە تۇتۇلغان ھالدىكى پاسىللار كۆرسىتىلگەن[5].

«دىۋان» دا مىلادىيە 11-ئەسىرنىڭ بېشىدىكى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاراخانىيلار بىلەن چېگرىلىنىدىغان پاسىللىرىغا دائىر قىممەتلىك

مەلۇماتلار بېرىلگەن. بىز ئۇ مەلۇماتلاردىن جۇغراپىيەگە، يەر ناملىرىغا دائىر مەلۇماتلارغىلا ئېرىشىپ قالماي، يەنە 11 - ئەسىرنىڭ بېشىدا ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقالغان دائىرىسىگە ئائىت مۇھىم تارىخىي مەلۇماتقىمۇ ئىگە بولىمىز. تۆۋەندىكى مەلۇماتلارغا نەزەر سالايلى:

1. «küsanكۇسەن، «كۇچا» دەپ ئاتىلىدىغان شەھەرنىڭ يەنە بىر نامى بۇ شەھەر ئۇيغۇرلار چېگرىسىغا جايلاشقان» («دىۋان» 1 - توم 526 - بەت)

2. bügür بۇگۇر، كۇچا شەھىرى بىلەن ئۇيغۇر ئېلى ئارىلىقىدىكى تاغ ئۈستىگە قۇرۇلغان قەلئە («دىۋان» 1 - توم 491 - ، 492 - بەتلەر). بۇ مەلۇماتلاردىن بىز 11 - ئەسىرنىڭ بېشىدا ئىسلام دىنى قەشقەردىن ھالقىپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي- شىمالغىچە، يەنى قۇرۇقتاغ بويلىرى ۋە كۇچارغىچە تارقىلىپ بارغانلىقىنى، كۇچار بىلەن بۇگۇر بۇددىست قوچو ئۇيغۇرلىرى تەۋەلىكىدە بولۇپ، ئۇ مەزگىلدە ئىسلاملاشمىغانلىقىنى، بۇ ئىككى جاينىڭ قاراخانىيلار بىلەن قوچو ئۇيغۇرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پاسىل بولۇپ تۇرغانلىقىنى بىلىپ يېتىمىز.

3. «üsmi tarim: üsmi - ئۇسمى تارىم، ئىسلام ئېلىدىن ئۇيغۇر ئېلىگە ئېقىپ بارىدىغان چوڭ دەريا، بۇ دەريا شۇ يەردە قۇمغا سىڭىپ كېتىدۇ» («دىۋان» 1 - توم 175 - ، 176 - بەتلەر).

4. «tarim تارىم، ئۇيغۇرلار چېگرىسىدىكى كۇچار» دېگەن يەرنىڭ يېنىدىكى بىر جاي، بۇ يەر «üsmi tarim» مۇ دېيىلىدۇ. ئۇ يەردە ئاقىدىغان بىر دەريامۇ «tarim» دېيىلىدۇ، («دىۋان» 1 - توم 514 - بەت). بۇ بايانلاردىكى دەريا ھازىرقى بىز دەۋاتقان ئېلىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى - دىيارىمىزدىكى تارىم دەرياسى بولۇپ، بۇ دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنى بۇگۇر، كورلا ئەتراپلىرىغا كېلىپ، شۇ يەردە قۇملۇققا سىڭىپ كېتىدۇ. بۇ بايانلاردا تىلغا ئېلىنغان «ئۇيغۇر ئېلى» ۋە «ئۇيغۇرلار» قوچو ئۇيغۇر ئېلىنى ۋە يېنىدىكى پاسىلنى كۆرسىتىدۇ.

5. «kami talas :kami - كىچىك تالاس، ئۇيغۇرلار چېگرىسىدىكى بىر ئۆتكەلنىڭ نامى» («دىۋان» 3 - توم 323 - بەت). بۇ باياندا ئېيتىلغان «ئۇيغۇرلار» مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلاردۇر.

6. ئالىم تۇبۇت قەۋمى توغرىسىدا تارىخىي جۇغراپىيەلىك مەلۇمات بېرىپ، تۇبۇتلەرنىڭ شىمالىي تەرىپى «ئۇيغۇرلار يۇرتىغا» تۇتىشىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ («دىۋان» توم بەتكە قارالسۇن) . بۇ باياندا تىلغا ئېلىنغان «ئۇيغۇرلار يۇرتى» يەنىلا بۇددىست ئۇيغۇرلار بولۇپ، ئۇيغۇر ئېلىنىڭ جەنۇبىي تەرەپ زېمىنى تۇبۇتلەرنىڭ شىمالىنى پاسىل قىلغان دېگەن چۈشەنچە ئايان بولىدۇ.

7. مەھمۇد كاشغەرى «تاۋغاچ» سۆزىنى ئىزاھلاپ كېلىپ «تات تاۋغاچ» دېگەن سۆزنى تىلغا ئالىدۇ ۋە ئۇنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ:

«tavqaq تاۋغاچ. تۈركلەرنىڭ بىر بۆلىكى، ئۇلار «تاۋغاچ» يۇرتىدا ياشىغانلىقى ئۈچۈن « tat tavqaq » دەپ ئاتىلىدۇ. «تات» ئۇيغۇر دېمەكتۇر؛ «تاۋغاچ» چىنلىق دېمەكتۇر («دىۋان» 1 - توم 592 - بەت).

بىزنىڭ چۈشىنىشىمىزچە، بۇ يەردە ئېيتىلغان «چىن» سۆزى ئالىم يېشىپ كۆرسەتكەن ئۈچ چىن - يۇقىرى چىن، ئوتتۇرا چىن ۋە تۆۋەن چىن ئىچىدىكى ئىككىنچى چىن يەنى ئوتتۇرا چىن بولۇشى كېرەك. چۈنكى، مەھمۇد كاشغەرى «ئوتتۇرا چىن... «خىتاي» دەپ ئاتىلىدۇ» دەيدۇ. خېلى كۆپ ساندىكى ئاپتورلارقوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ شەرقى دۇنخۇاڭ بىلەن تۇتىشاتتى دەپ يازىدۇ. دەرۋەقە، دۇنخۇاڭ بولسا، دەل «ئوتتۇرا چىن» غا «خىتاي» غا تەۋە سانىلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تات» ئۇيغۇر دېمەكتۇر دەپ ئېيتقىنى قوچو ئۇيغۇرلىرىغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ «ئوتتۇرا چىن» نىڭ غەربىي زېمىنىغا قوشنا ياشىغان مىللەت ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ مەلۇماتتىن بىز قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە، دۇنخۇاڭ بىلەن تۇتىشاتتى دېگەن بايانلارنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقىمىز.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن يەتتە تۈرلۈك مەلۇماتتىن بىز 11 - ئەسىرنىڭ بېشىدا قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تېررىتورىيەسى شەرقتە دۇنخۇاڭغىچە،

غەربتە قۇرۇقتاغ-بۇگۇرگىچە، جەنۇپتا تۇبۇتلەر زېمىنىغىچە سوزۇلغان دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز. بۇ ئەلنىڭ شىمالىي پاسىلى توغرىلىق سۆز «ئالتۇن قان» رىۋايىتىگە يۆتكەلگەندە يەنە توختىلىمىز. يۇقىرىقى بايانلار بىزگە ئەينى ۋاقىتتا ئىسلام دىنىنىڭ قايسى جايلارغىچە تارقىلىپ كىرگەنلىكىدىنمۇ ئىشەنچلىك چۈشەنچە بېرىدۇ.

*2. قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ نامىغا دائىر مەلۇماتلار*

قوچو ئۇيغۇر ئېلى تارىخىغا، مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى قاتارلىقلارغا قەلەم تەۋرەتكەن ئېلىمىز ۋە چەتئەل ئاپتورلىرى مەزكۇر ئەلنىڭ نامىنى بەزىدە بىر-بىرىگە ئوخشاش ناملار بىلەن ئاتاپ يازغان بولسا، يەنە بەزىدە ئوخشاش بولمىغان ئىبارىلەر بىلەن ئاتاپ كەلدى. مەسىلەن، «ئۇيغۇر تۇرپان خانلىقى»، «قوچو ئۇيغۇر پادىشاھلىقى»، «قارا غوجا خانلىقى». .... دېگەندەك. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى ئۆزىنىڭ بۇ شاھانە كىتابىدا بۇ ئەلنىڭ نامىنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىغان. ئالىم مۇنداق كۆرسىتىدۇ : «ئۇيغۇر. بىر ئەلنىڭ ئىسمى» («دىۋان» 1-توم 151-بەت). دېمەك، بۇ باياندىن بىز «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ ئىسىم ھازىرقى ۋاقىتتا بىر مىللەتنىڭ نامىنى بىلدۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما مەھمۇد كاشغەرى زامانىدا بۇ ئىسىم مىللەت نامىنى بىلدۈرۈشتىن باشقا يەنە بىر ئەلنىڭ يەنى بۇددىست ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلىتىنىڭ نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغانلىقىنى بىلىپ يېتىمىز. بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتقاچ ئۆتەيلىكى، يېقىن كاتتا تارىخشۇناس ۋە يىرىك تەرجىمان ئۇيغۇر سايرانى قاتارلىق ئالىملار بىلەن دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابنى يېزىش گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ دەل قوچو ئۇيغۇر خانلىقى بابىنى يېزىشقا كىرىشكەندە بۇ ئەلنىڭ كۆپ خىل ناملار بىلەن ئاتالغانلىقىنى، بۇ ئەلنىڭ ئەڭ توغرا نامىنى نېمە دەپ ئېلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئېلىمىزدە ۋە چەتئەللەردە يېزىلغان مۇشۇ نامغا ئالاقىدار بولغان، بىرقەدەر نوپۇزلۇق بولغان نۇرغۇن ماتېرىياللارنى كۆزدىن كەچۈردۇق. بۇ جەرياندا ئېلىمىز ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبىي ئەپەندىنىڭ «تۇرپان ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى» نىڭ 2-تومىنىڭ 89-، 94-بەتلىرىگە بېرىلگەن «مانى ئىبادەتخانىسى پۇتۇكلىرى» نىڭ ئۈستىگە بېسىلغان خەنزۇ يېزىقىدىكى بىر مۆھۈرگە كۆزىمىز چۈشتى. بىز ئالاقىدار خەنزۇ تارىخچىلىرى ۋە خەتتاتلارغا بۇ مۆھۈردىكى خەتنىڭ نېمە مەنە بېرىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغىنىمىزدا ئۇلار بىر ئايدىن كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئىنچىكە، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ كۆرۈپ مۆھۈردىكى ئۇ خەتنىڭ «قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى» (大福大回鹘国) دېگەن خەت ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈردى. بىز مەزكۇر ئەلنىڭ ئوردىسىدا ئىشلىتىلىدىغان مۆھۈرگە ئويۇلغان خەتنىڭ شۇ ئەلنىڭ ئۆزىنىڭ نامى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ۋە بۇ مۆھۈرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ھەم ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىپ، بۇ ئەلنىڭ ئەڭ توغرا نامىنى «قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى» دەپ بېكىتىشنى ۋە مۇشۇ نامنى مەزكۇر ئەلنىڭ بىرلىككە كەلگەن نامى قىلىپ قوللىنىشنى لايىق تاپقان ئىدۇق. بۇ توغرىدا «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 117-بەت؛ «ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى (10-14-ئەسىرلەر) نىڭ 6-7-بەتلىرىگە؛ «تۇرپان ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى» 2-توم 89-94-بەتلەر؛ «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» نىڭ 2-پاراگرافىغا قارالسۇن. ئۇ يەرلەردە ھەم مەزكۇر رەسىم بېرىلگەن.

بۇ ئەلنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئىسمىنى بېكىتىشنى يەنىمۇ مۇھاكىمە قىلىشقا بولىدۇ.

*3. قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىگە دائىر مەلۇماتلار*

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان» دا «ئۇيغۇر» سۆزى ئۈستىدە توختىلىپ، بۇ سۆزنىڭ بىر ئەلنىڭ قىسقارتىلغان نامى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بىر شاھزادىدىن بىۋاسىتە ئاڭلىغانلىرىنى بايان قىلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر تارىخىي مەدەنىيىتىگە دائىر ناھايىتى قىممەتلىك مەلۇمات بېرىدۇ. ئالىم مۇنداق كۆرسىتىدۇ.

«ئۇيغۇر، بىر ئەلنىڭ ئىسمى» ، ماگا مۇھەممەد چاقىر تونۇقاخان ئوغلى نىزامىدىن ئىسرافىل توغان تېكىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، مۇنداق دېگەن ئىدى: زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە «inan huzhurand» بۇلار باشقىلارغا مۇھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ» دەپتۇ. شۇندىن تارتىپ بۇ ئەل «huzhur» دەپ ئاتىلىپتۇ» ، «ئۇنىڭ خەلقى ئەشەددىي كاپىرلار، ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردۇر» («دىۋان» 1-توم 151-153-بەتلەر). بىز بۇ مىسال كۆرسەتكەن تارىخىي رىۋايەتتىن ئاز بولغاندىمۇ تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە تۈرلۈك مەلۇماتقا ئىگە بولىمىز: (1) بۇ باياندا ئېيتىلغان «ئۇيغۇر- بىر ئەلنىڭ ئىسمى» دېگەن مەلۇمات توغرىسىدا بىز قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ نامىغا دائىر مەلۇماتلار قىسمىدا ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. ئالىم مەھمۇد كاشغەرى قوچو ئېلىنىڭ نامىنى «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز بىلەن ئېخچاملاپ ئاتىغان. (2) ئۇيغۇرلار (قوچو ئۇيغۇرلىرى) نىڭ ئوۋ قىلىشقا ئۇستا، ئوقيا قاتارلىق جەڭ - ئوۋ قوراللىرىنى ئىشلىتىشكە ماھىر، جەڭلەردە پەم-پاراستى بىلەن باتۇرلۇقنى بىرلەشتۈرۈپ قالتىس جەڭگىۋارلىقنى نامايەن قىلىدىغان بىر مىللەت، ئۇلار چېپىپ كېتىۋاتقان ئات ئۈستىدە ئوقيانى «ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىغان» «ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەر» بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئويۇشقاقلىقى ۋە قالتىس جەڭگىۋارلىقى جاھاننى تىترەتكەن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىمۇ ھەيران قالدۇرغان. شۇڭلاشقا زۇلقەرنەيىن ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتقان ھالدا: «بۇلا باشقىلارغا مۆھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ» دېيىشكە مەجبۇر بولغان. ھەتتا سۇھ شىرەسىگە ئولتۇرۇپ ئۇيغۇرلار بىلەن «پۈتۈم تۈزۈش كە مەجبۇر بولغان. (3) «ئۇنىڭ خەلقى ئەشەددىي كاپىرلار» دېگەندىن ئىككى تۈرلۈك مەزمۇن چىقىدۇ: بىرى، «ئۇنىڭ خەلقى» - بۇ قوچو ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسىتىدۇ؛ «ئەشەددىي كاپىرلار» دېيىلگەندە، مەھمۇد كاشغەرى دەۋرىدە، يەنى 11-ئەسىرنىڭ بېشىدا قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ تۇرغانلىقىنى، ھەتتا بۇددا دىنىنىڭ كۈچلۈك ھىمايىچىلىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرىدۇ.

### *4. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىل ۋە يېزىقىغا دائىر مەلۇماتلار*

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى، تىل ۋە يېزىق مەدەنىيەتلىرىگە دائىر بەرگەن مەلۇماتلار پەقەت قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭلا دىنىي ئېتىقادى، تىل-يېزىق مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىلا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا شۇنداقلا ئېلىمىزنىڭ تىل-يېزىق مەدەنىيىتى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ھال بىزنى بۇ توغرىدىكى مەلۇماتلارنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا ئۈندەيدۇ. دىنىي ئېتىقاد ۋە تىل -يېزىق مەدەنىيىتى توغرىسىدا توختالغاندا تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈر.

قەشقەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇرلار دەسلەپ مانى دىنىغا، كېيىنچە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئىدى. ئىسلام دىنى قەشقەرگە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق تارقالغاندىن كېيىن، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانى سۇلتان سۇتۇق بۇراخان (مۇسۇلمانچە ئىسمى ئابدۇلكېرىم) ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. بۇ قاراخانىيلار سۇلالىسى تارىخىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان تۇنجى خاقاندۇر. مەزكۇر سۇلالىمۇ تۈركىي خەلقلەر قۇرغان خانلىقلار ئىچىدە تۇنجى مۇسۇلمان خانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۇنىڭ 200 مىڭ پۇقراسىمۇ ئىسلام دىنىغا كىردى. مىلادىيە 960-يىلى، مەزكۇر سۇلالە ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتتى

ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان تېررىتورىيىسىدە ئىسلام دىنىنى يولغا قويدى. نەتىجىدە كۇچارنىڭ غەربىدە قەشقەر بىلەن بالا ساغۇننى پايتەخت قىلغان قاراخانىيلار خانلىقى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئىسلام مەدەنىيىتى ئاساسىدا تەرەققىي قىلدى. كۇچارنىڭ شەرقىدە بولسا، قوچو ۋە بەشبالىقنى پايتەخت قىلغان قوچو ئۇيغۇرلىرى بۇددا دىنىدا قېلىپ بۇددا مەدەنىيىتى ئەنئەنىسى ئاساسىدا راۋاجلىنىپ ماڭدى. دىنىي جەھەتتىكى ئايرىملىق تۈپەيلى، غەربىي يۇرت ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. كاشغەرنى ئاساس قىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسى تەۋەسىدە ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىن كۆپ ئىلگىرىكى چاغلاردىن تارتىپ قوللىنىپ كېلىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئەمدىلىكتە بۇ سۇلالە تېررىتورىيىسىدىن سىقىپ چىقىرىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئەرەب يېزىقى ئىگىلىدى. بۇددىست ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى تەۋەسىدە بولسا، ئۇيغۇرلار بۇرۇندىنلا قوللىنىپ كېلىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى دۆلەت يېزىقى سۈپىتىدە داۋاملىشىۋەردى. ئەمما، قاراخانىيلار تەۋەسىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىمۇ ئەرەب يېزىقى بىلەن پاراللېل ھالدا خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل تەڭ قوللىنىلدى. بۇ نۇقتىنى قارا خانىيلارنىڭ 1067 - يىلىدىن باشلاپ چىقىرىلغان تەڭگە (پۇللىرى) دە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئەرەب يېزىقىنىڭ بىللە ئىشلىتىلگەنلىكى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مەھمۇد كاشغەرى زامانىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە تىل-يېزىق مەدەنىيىتى ئەھۋالى ماناشۇنداق ئىدى: «كۇچارنىڭ شەرقىدە - قوچو خانلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىم ئەھلى قوچو ۋە بەشبالىقتا «تۇخار» ۋە سانسكرت تىللىرىدىن مەشھۇر بۇددا نوملىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى، خەنزۇچىدىن پەلسەپە ئەسەرلىرى، ئىدىيە ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش دەستۇرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، ئۆزلىرىگە خاس دىنىي ۋە دۇنياۋى ئەدەبىياتنى راۋاجلاندۇرغان بولسا، كۇچارنىڭ غەربىدە - قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق تەبىقىسى ئەرەب خەلىپىلىكىدە تۈرلۈك مىللەت ئالىملىرى توپلىغان دۇنيا ئىلىم-پەن جەۋھەرلىرىنى تەھقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى». دىنىي جەھەتتىكى ئايرىملىقتىن قەتئىينەزەر، قوچو ئۇيغۇر ئېلىدە ۋە قاراخانىيلاردا ئىگىلىك ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئوخشاشلا قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئاساسىدا راۋاجلىنىۋەردى.

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىل-يېزىق مەدەنىيىتىگە دائىر بەرگەن مەلۇماتلىرىدىن بىز قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەشقەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربىي يۇرتتىكى ئومۇمىي ئۇيغۇرلار قوللانغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدىن باشقا، يەنە ئۆزلىرىگە خاس بىر خىل تىل ۋە يېزىق قوللانغانلىقىنى بىلىپ يېتىمىز. مەھمۇد قەشقەرى مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ:

«ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ساپ تۈركچە». كىتابىنىڭ باش قىسمىدا كۆرسىتىلگەن 24 ھەرىپتىن ئىبارەت تۈركىي يېزىقنى قوللىنىدۇ، كىتاب ۋە خەت-چەكلىرىنى شۇ يېزىق بىلەن يازىدۇ»، «قەدىمدىن بېرى كاشغەردىن يۇقىرى چىنغىچە بولغان ھەممە تۈرك يۇرتلىرىدا بارچە خاقانلار بىلەن سۇلتانلارنىڭ بارلىق ۋە خەت-ئالاقىلىرى ئەنە شۇ يېزىقتا يېزىلىپ كەلگەن» («دىۋان» 1-توم 11-، 40-بەتلەر). بۇ بايانلاردىن ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنىڭ قوللىنىلغان دائىرىسىنىڭ ئىنتايىن كەڭ ئىكەنلىكىنى ۋە ئەتراپىقىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى جەزىم قىلالايمىز. مەھمۇد كاشغەرى يەنە مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ساپ تۈركچە، لېكىن ئۆزئارا سۆزلىشىدىغان يەنە بىر خىل شىۋىسىمۇ بار... ئۇيغۇرلارنىڭ چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل يېزىقىمۇ بار. رەسمىي خەت-چەك ۋە ھۆججەتلىرىنى شۇ يېزىقتا يازىدۇ. بۇ يېزىقنى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىقلاردىن باشقىلار ئوقۇيالمايدۇ» («دىۋان» 1-توم 40-بەت). ئالىمنىڭ بۇ بايانىدا كۆرسەتكىنى دەل قوچو ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىدىغان تىل-يېزىقىدۇر. دېمەك، قوچو ئۇيغۇرلىرى ئۇيغۇر يېزىقىدىن باشقا، «چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل يېزىقىمۇ» قوللانغان. ھالبۇكى، قوچو ئۇيغۇرلىرى قوللانغان بۇ خىل يېزىق توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان قاراشلار بار. بۇ مەسىلە

تونۇغرىسىدا ئارخېئولوگ، قەدىمكى يېزىقلار مۇتەخەسسىسى قۇربان ۋەلى ئەپەندى مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارغان. قۇربان ۋەلى ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرى «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» (北史) ۋە «جۇ پادىشاھلىقى تارىخى» (国书) قاتارلىق كىتابلاردىكى قوچو ھەققىدىكى بايانلارنىڭ ھەممىسىدە «يېزىقى خۋاشياچىغا ئوخشايدۇ» خور تىلىدا ئوقۇلىدۇ، دېگەن بايانلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، ئۇنى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىپ كۆرگەن. ئۇ بۇ توغرىدىكى تەتقىقاتىدا مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بۇ ھەقتىكى بايانلىرىنىڭ توغرا بولۇپ، ئارخېئولوگىيەدە ئىسپاتلانغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. قۇربان ۋەلى قەدىمكى خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدىكى قوچو توغرىسىدىكى ئەشۇ بايانلارغا ھۆرمەت قىلىپ، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى قوللانغان مەھمۇد كاشغەرى كۆرسەتكەن ئۇ يېزىقنى يېزىق سىستېمىسى بويىچە «خۋاشيا يېزىقى» سىستېمىسىغا، «خور تىلىدا ئوقۇلىدۇ» دېيىلگىنىنى ئاساس قىلىپ تىلىنى «خۇر»(سوغدى) تىلىغا، تەۋەلىك جەھەتتە، قوچو ئۇيغۇرلىرى بۇ يېزىقنى قوللانغان چاغلاردا تۇرپان ئويمانلىقىدا تۈرك-ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىقىنى، ھەمدە ئۇلارنىڭ قۇرغان «قوچو ئۇيغۇر خانلىقى» نىڭ مەۋجۇت بولغان پاكىتلارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئۇ يېزىقنى «قوچو يېزىقى» دەپ ئاجراتقانلىقىنى ئېيتىدۇ ⑥.

بىزنىڭ چۈشىنىشىمىزچىمۇ ئېلىمىزنىڭ ئالاقىدار تارىخ كىتابلىرىدىكى قوچو ھەققىدىكى بايانلاردىكى «يېزىقى خۋاشياچىغا ئوخشايدۇ» دېگىنى خۋاشيا يېزىقىنىڭ ئۆزى دېگەنلىك ئەمەس؛ «خۇر تىلىدا ئوقۇلىدۇ» دېگىنى خۋاشيا تىلىدا ئوقۇلىدۇ. دېگەنلىك ئەمەس. دېمەك، مەھمۇدكاشغەرىنىڭ قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ قوللانغان تىل-يېزىقى توغرىسىدىكى مەلۇماتلىرى ئىنتايىن توغرا بولۇپ، قوچو ئۇيغۇرلىرى مەھمۇد كاشغەرى زامانىدىن كۆپ ئەسىر ئىلگىرىلا ئەنە شۇنداق تىل ۋە يېزىقنىمۇ ئىشلەتكەن.

كىتابلاردا كۆرسىتىلگەن قوچولۇقلارنىڭ «يېزىقى خۋاشياچىغا ئوخشايدۇ»غان، «خۇر تىلىدا ئوقۇلىدۇ» دېگەن مەلۇماتلاردىن بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزغا قوچولۇقلارنىڭ خۇددى بۈگۈنكى ياپونىيىلىكلەرگە ئوخشاش، خەنزۇچە خەت يېزىپ قويۇپ، ياپون تىلىدا تەلەپپۇز قىلغىنىدەك بىر كۆرۈنۈش ئالدىمىزغا كېلىدۇ، تارىخىي جەھەتتىن ئېيتساق، شۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلار مەلۇم دەرىجىدە كۆچىيىپ ئەتراپقا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى غەربىي يۇرتتىكى شۇ چاغلاردىكى باشقا خەلقلەرگە جۈملىدىن خەنزۇلارغىمۇ تەسىر كۆرسىتىپ، سىڭىپ كىرىپ، تۈركلىشىش - ئۇيغۇرلىشىش ئەۋج ئېلىۋاتقان، خەنزۇ ئاھالىلىرىمۇ كېيىنىش - ياسىنىش ئىشلىرىدا «خۇرلىشىۋاتقان - ئۇيغۇرلىشىۋاتقان بىر دەۋر ئىدى. مۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ يېزىقنى «خۋاشيا» يېزىقىغا ئوخشىتىپ يېزىپ، ئۆز تىلىدا - «خۇر تىلىدا» ئوقۇيدىغان ئىختىرانى كەشىپ قىلىشىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقىمۇ بولمىسا كېرەك.

يەنە بىر خىلى، خەنزۇ ياكى قىتان يېزىقى دەپ ھېسابلاش ⑦.

ئۈچىنچى بىر خىلى، قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئىشلەتكەن رونىك يېزىقى، دەپ قاراش ⑧.

*5. قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىقتىساد ۋە پۇل ئىشلىرىغا دائىر مەلۇماتلار*

«دىۋان» دا قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى سودا-تىجارەت ۋە پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىغا دائىر ناھايىتى قىممەتلىك مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن. بىز ئۇ مەلۇماتلاردىن مەھمۇد كاشغەرى دەۋرىدىكى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىقتىساد، سودا-تىجارەت ۋە پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى بىلىپ يېتىمىز.

ئالىم مەھمۇدكاشغەرى «قامدۇ» سۆزگە چۈشەنچە بېرىپ كېلىپ مۇنداق مۇھىم بىر تارىخىي مەلۇماتنى كۆرسىتىدۇ:«kamdu قامدۇ، بويى تۆت گەز، ئېنى بىر غېرىچ كېلىدىغان بىر پارچە بۆز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولۇپ، سودا -سېتىقتا پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ بۆز كونىرىسا، ھەر يەتتە يىلدا بىر

قېتىم يۇيۇپ، ئۇستىگە باشقىدىن تامغا بېسىلىدۇ» («دىۋان» 1 - توم 546 - بەت).

قوچو ئۇيغۇرلىرى شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان «يىپەك يولى» نىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن ئىقتىساد، سودا - تىجارەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا ناھايىتى ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، مېتال تاۋلاش، توقۇمىچىلىق، قول ھۈنەر ۋە سودا - تىجارەتچىلىكى بالدۇرلا روناق تاپقانىدى. ئۇلارنىڭ شەرق بىلەن غەربنىڭ تاۋارلىرىنى ئالماشتۇرۇش سودىسىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى بولۇپ قالغان ئىدى. بولۇپمۇ قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرى بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق ئىدى ۋە ناھايىتى كەڭ دائىرىدە ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇ جەھەتتە قاراخانىيلاردىن كۆپ ئىلگىرى كەتكەن ئىدى. ئەمما ئىچكى سودا - تىجارەت جەھەتتە بولسا، قاخانىيلاردا پۇلى - تەڭگە ئومۇرتقا قاتناشتۇرۇلغان بولۇپ، قوچو ئۇيغۇرلىرىدا بولسا، «قامدۇ» نامىدىكى پۇل ئىشلىتىلگەن ئىدى.

مەھمۇد كاشغەرى ئېيتقان «ئۇستىگە ئۇيغۇر خانىنىڭ تامغىسى بېسىلغان» قامدۇ «كونىرىسا، ھەر يەتتە يىلدا بىر قېتىم يۇيۇپ، ئۇستىگە باشقىدىن تامغا بېسىلىدۇ» ، دېگەن مەلۇماتتىن بىز قوچو دۆلىتىنىڭ ئۇيغۇر. ئىچكى قىسمىدا ئومۇرتقا قاتناشتۇرۇلغان پۇل «قامدۇ» نىڭ چوقۇم ئاخىرى دۆلەتنىڭ مالىيە خەزىنىسىگە قايتۇرۇپ كېلىنىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ كونىرىغان - كونىرىمىغانلىقىنى، يۇيۇشقا تېگىشلىك ياكى ئەمەسلىكىنى ئۇستىگە تامغا بېسىشقا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى نازارەت قىلىدىغان ۋە باشقۇرىدىغان دۆلەت دەرىجىلىك مەخسۇس پۇل مالىيە ئورگىنى دېگەندەك چوڭ كەسپىي مەمۇرىي مالىيە ئورگىنى بولۇشى كېرەك دېگەن پەرەزگە كېلىمىز. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، قوچو ئۇيغۇر ئېلى تەۋەسىدە ئومۇرتقا قاتناشتۇرۇلغان «قامدۇ» لار بىر يەرگە قايتۇرۇپ كېلىنمىسە، ئۇنىڭ كونىرىغان - كونىرىمىغانلىقىغا، يىلىنىڭ توشقان - توشمىغانلىقىغا، يۇيۇشقا ۋە قايتىدىن تامغا بېسىشقا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىغا كىم ھۆكۈم چىقىرالايدۇ ۋە قانداق ھۆكۈم چىقىرىدۇ؟ ئادەتتىكى بىرەر شەخسنىڭ بۇنچىۋالا چوڭ ئىشنى ئۆز ئالدىغا قىلىشى ھەرگىز مۇمكىن بولىدىغان ئىش ئەمەستە!

دېمەك، بۇ ھەقتىكى مەلۇمات ۋە پەرەزلەردىن بىز ئەينى ۋاقىتتىكى قوچو ئۇيغۇر دۆلىتىدە قاراخانىيلاردىن ئالاھىدە بولغان بىر خىل «پۇل» ئىشلىتىلگەن ۋە ئۆزلىرىگە خاس بىر خىل قاتتىق پۇل، مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان تۈزۈم ۋە چوڭ ئورگان بولغان ئىكەن دېگەن خۇلاسىغا كېلىمىز.

### 6. قوچو ئۇيغۇر ئېلىدىكى شەھەرلەرگە دائىر مەلۇماتلار

«دىۋان» دا قاراخانىيلار تەۋەلىكىدىكى بىرمۇنچە چوڭ شەھەرلەر، ئىقتىساد، سودا ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى كۆرسىتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قوچو ئۇيغۇر ئېلى تەۋەسىدىكى بىرمۇنچە چوڭ شەھەرلەر، ئىقتىساد، سودا ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى خاتىرىلەنگەن. بۇ شەھەرلەرنىڭ ناملىرى بەزىدە بىرەر سۆزنى ئىزاھلاش، چۈشەندۈرۇش نۇقتىسىدىن كۆرسىتىلگەن بولسا، يەنە بەزىدە توغرىدىنتوغرا ئۇ شەھەرنىڭ چوڭ ۋە تۇتقان ئورنى ھەمدە ئوينىغان رولىنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش مەقسىتىدە كۆرسىتىلگەن. يەنە بەزى شەھەرلەر زور تارىخىي ۋەقەلەرنى ئەسلىتىدىغان رىۋايەتلەر شەكلىدە بېرىلگەن. يەنە بەزى شەھەرلەر شۇ شەھەرنى بىنا قىلغۇچىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغانلىقى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن.

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىنىڭ قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەھەرلىرىگە دائىر بەرگەن مەلۇماتلىرى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخىي - جۇغراپىيەسىنى، يەر ناملىرىنى، ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش شەكلىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى، قۇرۇلۇش - بىناكارلىق ۋە نەققاشلىق ساھەسىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ۋە باشقا تەرەپلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە چۈشىنىشىمىزدە ئىنتايىن مۇھىم مەنبە ھېسابلىنىدۇ.

كېزى كەلگەچ شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە قەلەم

تەۋرەتكەن بىرمۇنچە ئاپتورلار ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا توختالغاندا ئۇلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە ئىگىلىك شەكلىگە ئەزەلدىن تارتىپلا ئوت-سۇ قوغلىشىپ يۈرۈپ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان تارىخ ۋە مەدەنىيەت دېگەن ئەنئەنىۋى قاراش ئاساسىدا مۇئامىلە قىلىپ كەلدى. ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇشقا ۋە دېھقانچىلىققا پەقەت 9-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن كۆچتى دەپ ھېسابلاپ كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ جاي-جايلاردا چوڭ-كىچىك، سېپىللىق ۋ «سېپىلسىز» («تەبىئىي سېپىللىق) نۇرغۇن شەھەرلەرنى، ئۆي-ئىمارەت ۋە ئوردا-سارايلارنى، مۇنارلار، ئىبادەتخانىلار ھەمدە «مىڭئۆي» لەرنى، ئۇلارغا چىقىرىلغان بېزەك، نەقىش، رەڭلەرنى ۋە باشقىلارنى تىلغا ئالمىدى ياكى ئىنتايىن ئاز تىلغا ئالدى. بۇ ھال ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇمكى، ئۇزاق تارىخقا ۋە شانلىق مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئىگە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە تۇتۇلغان بىر تەرەپلىمىلىك پوزىتسىيىنىلا ئىبارەت، خالاس.

ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەر تارىخىنىڭ دەسلىپىدە ئۆزلىرىنىڭ جايلاشقان جۇغراپىيەلىك ئورنى ۋ ە شەرت-شارائىتىغا يارىشا، تاغ-ئېدىر ۋە ۋە يايلاقلاردا ئولتۇراقلاشقان ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ۋادىلاردا، تۈزلەڭلىكلەر ۋە بوستانلىقلاردا ئولتۇراقلاشقانلىرى شەرت-شارائىتىغا يارىسا دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانغان ئىدى. دەرۋەقە، ئۇلار دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىكتە ئاسمانغا، تەبىئەتنىڭ ئىلتىپاتىغا تايىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆستەڭ چېپىپ، كارىز قېزىپ، توغان تۇتۇپ سۇ باشلاپ، ئېتىزلارغا قىر تاشلاپ ئېكىنچىلىك قىلاتتى. ھەتتا دېھقانچىلىقتا يىلىغا ئىككى قېتىم ھوسۇل ئالاتتى. تېرىغان زىرائەتلىرى ئالاقىدار تارىخ كىتابلاردا ئىسمى كۆرسىتىلگەن بوغداي، ئارپا، قوناق، كۆنجۈت، كېۋەز، يېتىشتۈرگەن. مېۋىلىرىدىن، ئالما، ئۆرۈك، ئۈزۈم، قوغۇن، تاۋۇز، چىلان، ياڭاق، بادام.. قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇلار يەنە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردىمۇ بايقالدى.

ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى بار بولۇپ، كېڭىزدىن ياسالغان كۆچمەنلەرگە خاس چېدىر ئۆيلەرلا ئەمەس، بەلكى توپا، لاي، كېسەكتە ياسالغان گەمە شەكىللىك ئۆيلەر، تۈز تورۇسلۇق ئۆيلەر ئىدى. بۇ ئۆيلەر بىر قەۋەتلىك، ئىككى قەۋەتلىك ھەتتا ئۈچ قەۋەتلىك قىلىپ ياسالغان ئىدى. قوچو قەدىمكى شەھىرى ۋە يارغول قەدىمكى شەھەرلىرىنىڭ خارابە ئىزلىرىغا نەزەر تاشلاڭ، يارغول قەدىمكى شەھىرىنى تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىغا قاراڭ، خان-خاقانلار يەنىلا ئورقۇن دەۋرىدەك ئالتۇن چېدىردا ئەمەس، ھەشەمەتلىك سېلىنغان ئېسىل نەقىشلەنگەن ئوردا-سارايلاردا ئولتۇراتتى. ئۇلار ئولتۇرغان ئورۇن ھەتتا «ئوردا شەھىرى» ياكى «خان شەھىرى» دەپ ئاتىلاتتى. ئاقسۆڭەكلەر، خان نەسەبىدىكىلەر شۇنداقلا يۇقىرى تەبەقىدىكىلەر بولسا، ئۇلارنىڭمۇ ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭكىدىن پەرقلىنىدىغان ئۆي-ئىمارەتلىرى بار ئىدى. ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭمۇ تۇرالغۇ ئۆيلىرى باشقىلارنىڭكىدىن پەرقلىق ئىدى. ھۈنەرۋەن كاسىپ، سودا-تىجارەتچىلەرنىڭمۇ ئۆزلىرىگە خاس ئۆيلىرى بار ئىدى. ئىگىلىك ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بۇنچىلىك يۇقىرى سەۋىيىگە يېتىش ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلمىغان فېئودالىزىملىق جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىنتايىن يۇقىرى سەۋىيە ھېسابلىناتتى.

شىمالىي شىنجاڭ- جۇڭغار دالالىرى بولسا، ئاساسەن چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا باب كېلەتتى. ھاۋاسى نەمخۇش، سالقىن، تاغ-ئېدىر، يايلاق ۋە ئوتلاقلار كۆپ ئىدى. شۇڭلاشقا بۇ يەردە چارۋىچىلىق زور كۆلەمدە راۋاج تاپقان ئىدى. لېكىن دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىكمۇ مەلۇم كۆلەمدە بار ئىدى.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ئوۋچىلىق، بۆركۈتۋازلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ ئۇلارنىڭ باشقا خەلقلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئاساسلىق ئىگىلىك ساھەسى بولغان، كېيىنچە ئۇلار مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك شۇنداقلا ئىگىلىكنىڭ باشقا ساھەلىرى

بىلەن كەڭ شۇغۇللانغان. كۆچمەن تۇرمۇشتىن ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇشقا ۋە شەھەر تۇرمۇشىغا كۆچكەن. جاي-جايلارغا چوڭ-كىچىك سېپىللىق ۋە «سېپىلسىز» شەھەرلەرنى، قەلئە-قەسىر، ئوردا-سارايلارنى، مۇنار، ئىبادەتخانىلارنى، «مىڭئۆي» لەرنى سالغان. ئۇلارغا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان نەقىش، بېزەكلەرنى (قاپارتما ۋە ئويما) ئىشلەپ، ئىنتايىن كۆركەم رەڭلەر بىلەن بويىغان. ئۇلاردىكى نەقىش ۋە رەڭلەر نەچچە مىڭ يىل مابەينىدىمۇ ئۆڭمەي كىشىلەرنى زوقلاندۇرۇپ كەلمەكتە. كېيىنچە قۇرۇلۇش-بىناكارلىق سەۋىيەسى تېخىمۇ ئۆسكەن. ئوردا-سارايلار، شەھەرلەر، ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىنىڭ سانىمۇ ئېشىپ بارغان، دائىرىسىمۇ كېڭەيگەن. كىشىلەرنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىدىمۇ، تۇرمۇش شەكلىدىمۇ زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلگەن. ئاخىرى شەھەر مەدەنىي ھاياتىغا كۆچكەن. شۇڭلاشقا روس ئالىمى مالوۋ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنى نۇرغۇن پاكىتلار ئاساسىدا تەكشۈرۈپ ۋە تەتقىق قىلىپ كۆرۈپ، ئاخىرى: «ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيادا قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ شەھەر تۇرمۇشى كەچۈرۈپ كەلگەن ئەڭ مەدەنىي خەلقلەرنىڭ بىرىسى» ⑨ دېگەن خۇلاسىنى چىقارغان. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ياكوبوۋسكىمۇ ئۆزىنىڭ بىر ئەسىرىدە قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخى، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا نۇرغۇن مەنبەلەر ئاساسىدا چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ مۇنداق بىر ئوبيېكتىپ يەكۈننى چىقارغان ئىدى: «ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى باسقىچىرەك بولدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى باشقا تۈركىي خەلقلەرگە قارىغاندا ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇشقا بالدۇر كۆچۈپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. ئۇلار باشقىلاردىن بۇرۇن شامانىزمدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى. ئۇلار ئاۋۋال مانى دىنىنى، كېيىن بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلار باشقا تۈركىي خەلقلەردىن ئاۋۋال ئۆزلىرىنىڭ يېزىقىنى ياراتتى ھەم جۇڭگو بىلەن ماۋرائۇننەھر ئوتتۇرىسىدا ياشىغۇچى خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلقلەردىن بولۇپ قالدى» ⑩.

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى قوچو ئۇيغۇر ئېلىدىكى بىر مۇنچە نامدار شەھەرلەر توغرىسىدا قىممەتلىك مەلۇمات بېرىدۇ. ئالىم «بالىق» سۆزىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، بۇ سۆزنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى تۈرك ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا "قەلئە، شەھەر دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. مۇشۇ باياندىنلا چىقىپ تۇرۇپتۇكى، ئۇيغۇرلاردا ئىسلامىيەتتىن كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرىلا شەھەرلەر ئاللىقاچان بارلىققا كېلىپ بولغان. «دىۋان» دا تىلغا ئېلىنغان قوچو ئۇيغۇر ئېلىدىكى شەھەرلەرمۇ پەقەت «دىۋان» بىلەن تەڭلا مەيدانغا كەلگەن بولماستىن، بەلكى «دىۋان» مەيدانغا كېلىشتىن كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرىلا مەيدانغا كەلگەن.

تۆۋەندە بىز ئالىمنىڭ بۇ توغرىدىكى مەلۇماتلارغا نەزەر ئاغدۇرايلى:

1. «uy□ur ئۇيغۇر. بىر ئەلنىڭ ئىسمى، ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار. بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغان ئىكەن»، «بۇ شەھەرلەر: sülmi سۇلمى، بۇنى زۇلقەرنەيىن سالدۇرغان، koqo - قوچو، qanbalik - چانبالىق، baxbalik - بېشبالىق، yaŋibalik - ياڭى بالىق» («دىۋان» 1-توم 151-153-بەتلەر). بۇ شەھەرلەرنىڭ ئىچىدىكى قوچو، بېشبالىق، ياڭىبالىق دېگەن شەھەرلەر «دىۋان» دا تەكرار كۆرسىتىلىدۇ. مەسىلەن، «دىۋان» 3-توم 302-بەتتە قوچو شەھىرى يەنە تىلغا ئېلىنىپ مۇنداق كۆرسىتىلىدۇ.

«koqo قوچو، ئۇيغۇر شەھەرلىرىدىن بىرىنىڭ ئېتى، بەزىدە ئۇ يەردىكى شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇنام بىلەن ئاتىلىدۇ».

«دىۋان» 3-توم 327-بەتتە قوچو شەھىرى يەنە مۇنداق كۆرسىتىلىدۇ:

«koqo قوچو، ئۇيغۇر شەھەرلىرىدىن بىرىنىڭ نامى».

«دىۋان» - 1-توم 491-، 492-بەتلەردە بېشبالىق ۋە يېڭى بالىق شەھەرلىرى يەنە تىلغا ئېلىنىپ مۇنداق كۆرسىتىلىدۇ

«balik بالىق، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى تۈرك ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا شەھەر، قەلئە، شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بىرى «بېشبالىق» دەپ

ئاتىلىدۇ. بۇ «بەش شەھەر» دېگەن بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر شەھىرى «ياڭى بالىق» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ «يېڭى شەھەر» دېگەن بولىدۇ».

بۇ شەھەرلەرنىڭ «دىۋان» دا خاتىرىلىنىشىنى ھەتتا ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر نەچچە شەھەرنىڭ نامىنىڭ «دىۋان»دا تەكرار-تەكرار كۆرسىتىلىشىنى بىز بۇ شەھەرلەر پەقەت مۇسۇلمان بولمىغان تۈرك ئەللىرىدىكىلا مەشھۇر شەھەرلەر بولۇپ قالماي، بەلكى مۇسۇلمان بولغان تۈرك ئەللىرىگىمۇ، يەنى قارا خانىيلارغىمۇ مەشھۇر بولغان ئاتاقلىق شەھەرلەر ئىدى دەپ چۈشىنىمىز. يەنە كېلىپ، بۇ شەھەرلەر ئىچىدە پەقەت ياڭبالىق شەھىرىدىن باشقا قالغان شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى «دىۋان» غا قوشۇمچە قىلىنغان «دۆگىلەك خەرىتە» دىن ئورۇن ئالغان. بۇ شەھەرلەر شەرق تەرەپكە، ھەممىسى بىر لىنىيە ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. شەھەرلەرنىڭناملىرى قارا رەڭدە، جايلاشقان ئورنى سېرىق رەڭلىك دۆگىلەك بەلگە بىلەن كۆرسىتىلگەن (شۇ خەرىتىگە قارالسۇن).

قوچو ئۇيغۇر ئېلىدىكى شەھەرلەر يۇقىرىدىكىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۇلاردىن باشقا يەنە يارغول شەھىرى، لۈكچۈن شەھىرى ۋە قومۇل، قاراشەھەر قاتارلىق بىرمۇنچە شەھەرلەرمۇ بار ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ شەھەر تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن «دىۋان» غا كىرگۈزۈلمەي قالغان.

بۇ شەھەرلەرنىڭ ناملىرىغا كەلسەك، ئالىم مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بۈنىڭدىن 1000 يىلچە بۇرۇن تىلغا ئالغان بۇ شەھەرلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ ناملىرى ھازىرمۇ شۇ پېتى قوللىنىپ كېلىۋاتقان بولسا، بەزىلىرىنىڭ ناملىرى تارىخىي، تەبىئىي ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزگىرىپمۇ كەتكەن. ئارخېئولوگلار ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ دەلىللىشىگە ئاساسلانغاندا، قوچو شەھىرى ھازىرقى قوچو قەدىمكى شەھىرى ئىزى ئورنىدا، ئومۇمىي دائىرىدىكى نامى «تۇرپان»، «بېشبالىق» - ئورنى جىمسار ناھىيەسى تەۋەسىدە، «جىمسار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سولمى ھازىرقى ئىسمى قاراشەھەر، چانبالىق (جانبالىق) - ھازىرقى سانجى، ياڭبالىق- ھازىرقى ئىسمى ماناس.

ئەمدى «بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغان ئىكەن» دېگەن مەلۇماتقا كەلسەك، ئۇنى ئالىم «ئۇيغۇر» («دىۋان» 1-توم 151-153-بەتلەر)، «ئۆگە» («دىۋان» 1-توم 122-، 123-بەتلەر) ۋە «تۈركمەن» («دىۋان» 3-توم 564-، 568-بەتلەر) دېگەن ماددىلاردا بەرگەن رىۋايەتلەر ئاساسىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈپ، دۇنيا قەدىمكى زامان تارىخىدا يەنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4-ئەسىردە يۈز بەرگەن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (ئالېكساندىر ماكېدونىسكى) شەرققە يۈرۈش قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىشغال قىلغان زور تارىخىي ۋەقەنى ئېسىمىزگە سالىدۇ.

دۇنيا قەدىمكى زامان تارىخىدىن بىزگە شۇنىسى ئايانكى، زۇلقەرنەيىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 309-يىلى، خىل قوراللار بىلەن قوراللاندۇرۇلغان نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇنى بىلەن ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئۆتۈپ باكتىرىيە دۆلىتىگە بېسىپ كىرىپ، پايتەختى باكتىرانى ئىگىلەيدۇ، ئامۇ، قاشقا دەريا بويلىرىنى بېسىۋالىدۇ. سوغدىلارنىڭ پايتەختى ماراكەند (ھازىرقى سەمەرقەنت) نى ئىگىلەيدۇ. سىر دەريا بويىدا ساك ۋە ئىسكىف خەلقلىرىنىڭ ئەجەللىك زەربىسىگە ئۇچراپ مىلىك تەستە ئۇلارنى چېكىندۇرۇپ، خارازم دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىشقا يول قويغان ئاساستا ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرىدى. زۇلقەرنەيىن بويسۇندۇرۇۋالغان زېمىندا ئۆز نامىدا ئۇنچە شەھەر سالدۇردى. ئارىيە دەرياسى بويىدىكى ئالېكساندىرىيە شەھىرى (ھىرات)، ھىندىقۇش تېغى ئېتىكىدە كافكاز تەۋەسىدىكى ئالېكساندىرىيە شەھىرى، ئوكسا (ئامۇ) دەرياسى بويىدىكى «ئالېكساندىرىيە» (ئېھتىمال ھازىرقى تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ كولياب (قولياب) رايونىدا بولسا كېرەك) . مەرغىيانادىكى ئالېكساندىرىيە (مەرۋى، ھازىرقى مارى)، سىر دەرياسىنىڭ لېنىنئاباد بىلەن بەگئاباد ئوتتۇرىسىدىكى «ئالېكساندىر ئىسخاتا» (مەنىسى: ئەڭ چەتتىكى شەھىرى) دېگەندەك شەھەرلەرنى سالدۇرغان ⑪.

تۆۋەندە ماقالىمىزنىڭ مەزمۇنىغا مۇناسىۋەتلىك

بولغان، مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» دا كۆرسىتىپ ئۆتكەن رىۋايەتلەرنىڭ قىسقارتىلمىسىنى بېرىمىز. بۇ رىۋايەت تولىسىنى ئالغان مەلۇماتلار كېيىنكى مۇھاكىمىلىرىمىز ئۈچۈن مۇھىم ماتېرىيال سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ. رىۋايەتلەرنىڭ قىسقارتىلمىسى مۇنداق: ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن چىنغا - شەرققە يۈرۈش قىلغاندا، تۈرك خاقانىنىڭ قوشۇنلىرى كىچىك ئۆشتۈمتۇت ھۇجۇم قىلىپ زۇلقەرنەيىن قوشۇنلىرىنى يەڭگەن. «بىر تۈرك ئەسكىرى زۇلقەرنەيىن ئەسكەرلىرىدىن بىرىنى بىر قىلىچ بىلەنلا كىندىكىگىچە ئىككىگە بۆلىۋەتكەن. ئۆلتۈرۈلگەن ئەسكەر تىللا سېلىنغان ھەميانىنى بېلىگە ئېسىۋالغان ئىكەن. ئۇمۇ كېسىلىپ تىللالار قانغا مىلىنىپ يەرگە تۆكۈلگەن. ئەتىسى ئەتىگەندە تۈرك ئەسكەرلىرى قانغا مىلانغان تىللالارنى كۆرۈپ، بىر-بىرىدىن : «بۇ نېمە؟» دەپ سوراشقاندا، ئۇلار «Altun kan ئالتۇن قان» دېيىشكەن. شۇڭا شۇ جايدىكى چوڭ بىر تاغ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن بولغان بۇ تاغنىڭ ئەتراپىدا كۆچمەن تۈرك خەلقلىرى ياشايتتى» («دىۋان» 1-توم 122-، 123-بەتلەر).

ئالىم كىتابىنىڭ يەنە بىر يېرىدە مۇنداق بىر رىۋايەتنى مىسال كەلتۈرىدۇ:

«خاقان «شۇ» چىن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. زۇلقەرنەيىن ئۇنىڭ كەينىگە چۈشىدۇ، ئۇيغۇرلارغا يېقىن بىر يەردە خاقان زۇلقەرنەيىنگە بىر قىسىم چارلىغۇچى قوشۇن ئەۋەتىدۇ، زۇلقەرنەيىنمۇ شۇنداق قوشۇن ئەۋەتىدۇ. توقۇنۇش نەتىجىسىدە زۇلقەرنەيىن ئەۋەتكەن قوشۇن مەغلۇپ بولىدۇ. بۇ توقۇنۇش «ئالتۇن قان altun qan» دېگەن يەردە بولغان ئىكەن. بۇ تاغ ھازىرقى كۈندە «ئالتۇنخانaltunxan» دەپ ئاتىلىدۇ. زۇلقەرنەيىن ئەنە شۇ يەردە خاقان بىلەن سۈلھ تۈزىدۇ. ئاندىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى بىنا قىلىدۇ» («دىۋان» 3-توم 564-، 568-بەتلەر).

بەزى ئاپتورلار يۇقىرىقى رىۋايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان «ئالتۇن قان» دېگەن تاغنى «ئالتاي تېغى» (阿尔泰)، ئالتاي تېغى «ئالتۇن تاغ» (金山，金矿山) دەپمۇ ئاتىلاتتى دەپ چۈشەنمەكتە ۋە شۇنداق دەپ چۈشەندۈرمەكتە ⑤.

بىز خەرىتىگە قارىساق، ئالتاي تېغى شىنجاڭنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. ئالتۇن تاغ بولسا شىنجاڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان. قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تېررىتورىيىسى شىمالدا 11-ئەسىرنىڭ بېشىدا ئالتاي تېغى بىلەن چېگرىلانغان. بۇ تارىخىي مەلۇماتلارغا ۋە «جۇڭگو تارىخى خەرىتىلەر توپلىمى» 6-قىسىمدا كۆرسىتىلگەن قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ شىمالىي چېگرىسى دەپ ئايرىلغان بۆلەككە تامامەن مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئەمما گەپ «ئالتۇنقان» شىنجاڭدىكى «ئالتۇن تېغى» مۇ ياكى «ئالتۇن تاغ» مۇ ئەمەسمۇ دېگەن مەسىلىدە «بۇ مەسىلىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

### 7. قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا دائىر مەلۇماتلار

ھەممىگە ئايانكى، ئۇيغۇرلار ئورقۇن دەۋرىدە مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئىدى ۋە ئورقۇن خانلىقى تەۋەسىدە مانى دىنى دۆلەت دىنى قىلىنغان ئىدى. مىلادىيە 840-يىلى، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى ھالاكەتكە يولۇققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاھالىلە سانى ئەڭ كۆپ بولغان بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار شەرقىي تەڭرىتاغ بويلىرىغا، بېشبالىق، قوچو، قاراشەھەر قاتارلىق ئەسلى قېرىنداشلىرى ياشاپ كېلىۋاتقان كۆچۈپ كەلدى ۋە ئۇ يەرلەرنى ئىگىلىۋالغان توبۇتلەرنى سۈرۈپ چىقىرىپ ،قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆزلىرىنىڭھاكىمىيىتىنى - قوچوئۇيغۇر ئېلىنى ھۇجۇتقا چىقاردى.بۇ كۆچۈپ كەلگەنلەر دەسلەپ بىر مەزگىلىيەنىلا مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ كەلدى.بۇ كۆچۈپ كەلگۈچىلەر بۇ يەرلەرگە كۆچۈپ كېلىشتىن ئىلگىرى بۇ يەردە بۇددا دىنى مەۋجۇت ئىدى.ئاھالىلەر بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى.شۇنداق قىلىپ بۇ ھاكىمىيەت ئاستىدىكى تېررىتورىيەدە مانى دىنى بىلەن بۇددا دىنى بىر مەزگىل بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى .كېيىنچە بۇددا دىنى ئۈلگىيدى .شۇنداقلا بۇ دىن قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ ئاھالىسى بۇددا دىنىنىڭ ئوچلۇك ھىمايىچىلىرىغا ئايلاندى.

قاراخانىيلار سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن

،مەلۇم ۋاقىت ئۆتۈپ ئىسلام دىنى قاراخانىيلار دا دۆلەت دىنى قىلىپ ئېتىقات قىلىندى.ئۇزۇن ئۆتمەي قاراخانىيلار ئەتىراپىدىكى ئەللەرگە قارىتا ئىسلاملاشتۇرۇشقا كىرىشتى .ماتېرىياللارغا قارىغاندا ،قارىخانىيلارئالدى بىلەن خوتەننى ئىسلاملاشتۇرۇپ(مىلادىيە 1006-يىللاردا)،ئاندىنقوچو ئۇيغۇرلىرىنى ئىسلاملاشتۇرۇشقا يۈرۈش قىلغان .بۇنداق ئۇرۇنۇش بىرقانچە قېتىم ئېلىپ بېرىلغان بولىسمۇ لېكىن ھەر قىتىمقىسى نەتىقىسىز ئاخىرلاشقان .شۇڭا مەھمۇد كاشغەرى بۇ ئەل خەلقىنى ئەڭ ‹ ‹ئەشەددىي كاپىرلار › › دەپ ئاتىغان .ئەھۋالدىن قارىغاندا ،ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا خېلى كەسكىن توقۇنۇشلار بولغانلىقى ئېھتىمال .مانا شۇ ھال ‹ ‹دىۋان › › دىكى شېئىري پارچىلاردانىڭ بەزىلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن ،

[كەلكۈن بولۇپ ئاقتۇق،
كەنتلەرنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق.
بۇتخاننى يىقتتۇق،
بۇت ئۈستىگە چىچتۇق.]

ئۇيغۇرلارغا قارشى قىلىنغان جەڭنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كەلكۈندەك ئېقىپ باردۇق، شەھەرلەرگە باستۇرۇپ كىردۇق، بۇتخانىلىرىنى بۇزدۇق، بۇتلىرىنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق، مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتى شۇنداق، كاپىرلارنىڭ يۇرتىغا بېسىپ كىرگەندە، ھاقارەتلەش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۇتلىرى بېشىغا تەرەت قىلىدۇ («دىۋان» 1-توم 448-بەت).

كالدى ماڭا تات
ئايدىم ئەمدى يات
قۇشقا بولۇپ ئەت
سەنى تىلەر ئۇس بۆرى
[كەلدى ماڭا تات،
ئېيتتىم ئەمدى يات.
قۇشقا بولۇپ ئەت،
سېنى تىلەر ئۇس بۆرى.]

ماڭا بىر كاپىر ئۇيغۇر ھۇجۇم قىلىپ كەلدى، مەن ئۇنى ئۆلتۈردۈم؛ قۇش بۆرىلەرگە يەم بولسۇن دەپ، ئۇنى پارچە-پارچە قىلىۋەتتىم. («دىۋان» 1-توم 51-بەت).

تۇنلە بىلەن باستىمىزم
تەگمە ياڭاق پوستىمىز.
كەسمەلەرىن كەستىمىز،
مىڭلاق ئەرىن پىچتىمىز.
[تۈن بىلەن باستۇق،
ھەر تەرەپتىن بۆتۈرمە قۇردۇق.
ئاتلىرىنىڭ كۆكۈلرىنى كەستۇق،
مىڭلاق ئەرلىرىنى سويدۇق.]

ئۇيغۇرلار ئۈستىگە قىلىنغان بىر ھۇجۇم توغرىسىدا شۇنداق دېيىلىدۇ: بىز ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كېچىسى باستۇرۇپ باردۇق، ھەر تەرەپتىن مۆكۈپ كىرىپ، ھەتتا ئاتلىرىنىڭ كۆكۈلرىنى كەستۇق، مىڭلاق ئادەملىرىنى ئۆلتۈردۇق «مىڭلاق» بىر يەرنىڭ نامى («دىۋانە» 1-توم 565-بەت).

بەچكەم ئۇرۇپ ئاتىلارغا
ئۇيغۇرداقى تاتلارغا
ئوغرى ياۋۇز ئىتلاقا
قۇشلار كەبى ئۇچتىمىز.
[ئاتلارغا بەلگە تاقاپ،
ئۇيغۇر(ئېلى دىكى تاتلارغا.
ئوغرى، ياۋۇز ئىتلارغا (قاراپ)،
خۇددى قۇشلاردەك ئۇچتۇق.

ئاتلارغا بەلگە تاقاپ، ئۇيغۇر ئېلىدىكى تاتلارنىڭ، يەنى ياۋۇز ئىتلارنىڭ ئۈستىگە خۇددى قۇشتەك ئۇچۇپ باردۇق. («دىۋان» 1-توم 630-بەت)

كەمى ئىچىدە ئولدۇرۇپ
ئىلا سۇۋىن كەچتىمىز
ئۇيغۇر تابا باشلىنىپ
مىڭلاق ئېلىن ئاچتىمىز.

كېمىگە ئولتۇرۇپ ئىلى سۇيىدىن (بۇ بىر چوڭ دەريا) ئۆتتۇق، ئۇيغۇر تەرەپكە يۈزلىنىپ، مىڭلاق ئېلىنى ئالدۇق («دىۋان» 3-توم 324-بەت).

ئېنىق چىقىپ تۇرۇپتۇكى، بۇ شېئىري پارچىلاردا مۇسۇلمان قاراخانىيلارنىڭ مۇسۇلمان بولمىغان ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرىغا ئىسلاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان يۈرۈشلىرى ئايان بولىدۇ، لېكىن نەتىجىسى كۆرسىتىلمەيدۇ.

مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، تۇرپان ۋە قومۇل قاتارلىق جايلار بۇ يۇرۇشلەردىن تەخمىنەن 4 ـ 5 ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى قىدىر خوجا بۇ يەرلەرگە قوشۇن تارتىپ كىرگەندىن كېيىن، ئاندىن بۇ جايلار دارىلئىسلام دەپ ئاتالغان. بۇ مىلادىيە 1498 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا، ئۇلۇغ ئالىم، مۇتەپەككۇر بۈيۈك تىلماچ مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئۆلمەس مەدەنىيەت مىراسى «دىۋانۇ لۇغەت تۈرك» 11 ـ ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن ئوتتۇرا ئەسىر بۈيۈك ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەبەدىي يېقىلماس پىرامىدىسىدۇر. ئۇ، 10 ـ 11 ـ ئەسىرلەردىكى قاراخانىيلارنىڭ تارىخى، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىش بىلەنلا قالماي، بەلكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمان بولغان ۋە مۇسۇلمان بولمىغان بارلىق ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى، تىل ـ يېزىقى، دىنىي ئېتىقادى، ئېتنوگرافىيەسىنى، ئەدەبىياتى، فولكلورىنى، ئاسترونومىيە، كالىندارچىلىق، تېببىي ئىلىم، پەلسەـ ئىدىيىۋى چۈشەنچىلىرىنى، ھاكىمىيەت ئىشلىرى، ھەربىي ئىلىم قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ئىخچام بىر ئېنسىكلوپېدىيەدۇر. ئۇنىڭدا بېرىلگەن مەلۇماتلار تارىخشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، ئېتنوگرافىيە، تىل ـ ئەدەبىيات، فولكلور، جۇغراپىيە، تېببىي ئىلىم ۋە ھەربىي ئىلىم قاتارلىق چوڭ پەن تۈرلىرىگە چېتىلىدۇ. ئۇ پەقەت ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تارىخى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىيىتى، مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ قالماي، بەلكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ 10 ـ 11 ـ ئەسىرلەردىكى تارىخى، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتىمۇ بىرىنچى قول مەنبە ھېسابلىنىدۇ. ئىلىم ـ پەننىڭ مۇشۇ ساھەلىرىگە قىزىققان ھەرقانداق بىر كىشى، ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخي، مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى قاتارلىقلارغا قەلەم تەۋرەتكۈچى ھەرقانداق بىر ئاپتور مانا مۇشۇ «دىۋان» ـ دىن ئىبارەت قامۇسقا، بۇ بىباھا قامۇستىكى مەلۇماتلارغا مۇراجىئەت قىلماي قالمايدۇ. بۇ ھال «دىۋان» دىكى مەلۇماتلارنىڭ مولliقىنى، توغرا، ئىشەنچلىك ۋە ئىلمىي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، شۇڭا بىز «دىۋان» ـ دىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك مەدەنىيەت مىراسىمىزدىن بىر مەرتىۋە سۆيۈنسەك، ئۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ بەرگەن ئېپتىخارلىق ئالىمىمىز، بۈيۈك تىلچىمىز ۋە مۇتەپەككۇرىمىز مۇھەممەد بىننى ھۇسەيىن ئىبنى مەھمۇد كاشغەرىدىن مىڭ مەرتىۋە سۆيۈنىمىز.

«دىۋان» ـ ئىلىملەر كانى، «دىۋان» بىلىم ـ ھېكمەت خەزىنىسى .

بىز «دىۋان» نى چوڭقۇر ئۆگىنىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىز، بىز مەھمۇد كاشغەرىنىمۇ ئوبدان ئۆگىنىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىز. بولۇپمۇ ئۇنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش روھىي ۋە ئىرادىسىنى ئۆزىمىزدە يېتىلدۈرۈپ تارتقۇزۇشىمىز لازىم.

*ئىزاھات*

① مەھمۇد كاشغەرىنىڭ يۇرتى، تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىللىرى، ھاياتى، ئىجادىي پائالىيىتى، مازىرى ۋە «دىۋان» ھەققىدىكى بىرقەدەر تەپسىلىي مەلۇماتلار تۈركىيىلىك ئالىم م.شاكىر ئۈلكۈتاشىرنىڭ «بۈيۈك تىلچى مەھمۇد قەشقەرى» ناملىق كىتابىتا، ئىبراھىم مۇتئىي ئەپەندىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى مەھمۇد قەشقەرى، «مەھمۇد قەشقەرىنىڭ يۇرتى، ھاياتى ۋە مازىرى توغرىسىدا» ؛ قۇربان ۋەلىنىڭ «مەھمۇد قەشقەرى مازىرى» ۋە بۇ ماقالىدىكى ئىزاھاتلاردا ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش باشقۇرۇش ئورنى تۈزگەن تونۇشتۇرۇش ماتېرىيالى «ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ ھاياتى» ۋە ئۇنىڭدىن باشقا دوكلات، تەكشۈرۈش ماتېرىيالى شۇنداقلا ئالاقىدار باشقا ماتېرىياللاردا يورىتىپ بېرىلگەن. شۇ ماتېرىياللارغا قارالسۇن.

② م. شاكىر ئۈلكۈتاشىر [تۈركىيە]: «بۈيۈك تىلچى مەھمۇد قەشقەرى» ، 100 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل

③④ يۇقىرىقى كىتاب، 98 ـ بەت.

⑤ ئەسلى پارىسچە بولۇپ، ئىسمى نامەلۇم بىر ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان، ئەنگلىيىلىك داڭلىق شەرقشۇناس، يىرىك تەرجىمان مىنورسكى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغان، ئېلىمىزدە جۇشىجۇن قاتارلىقلار خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان

«هۇدۇدۇئالەم» ، «ۋاڭ يەندېنىڭ قوچوغا ئەلچىلىك خاتىرىسى» ، «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا قارالسۇن.

⑥ ق. ۋەلى : «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» ، 110 - ، 111 - بەتلەر، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 - يىلى.

⑦⑫ «شىنجاڭ تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1987 - يىلى 1 - سان، 24 - ، 30 - بەتلەر.

⑧ «ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن س. گ. كلياشتورنىيىنىڭ «غەربىي يۇرتتىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە ئېيتىلغان. شۇ كىتابنىڭ 501 ، 502 - بەتلىرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - سان.

⑨ «ئىبراھىم موتىئى: «يىپەك يولىدىكى قەدىمكى خەلقلەر ۋە تىللار» ناملىق ماقالىسىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلەر» نىڭ 249 - بېتى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 - يىلى.

⑩ ئا. يۇ. يالو بوۋسكى: «9 - ، 10 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر تۇرپان خانلىقى توغرىلىق ئەرەب ۋە پارس مەنبەلىرى» ، ئا. گ. مالىيافكىننىڭ «10 - ، 12 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» ، ناملىق كىتابىنىڭ 309 - ، 310 - بەتلىرىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىل.

⑪ ب . گ. غاپۇروف: «تاجىكلەر تارىخى» ، 1 - قىسىم 3 - 4 - بابلار (62 - ، 142 - بەتلەر)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 - يىلى.

**ئاساسلىق پايدىلانغان كىتابلار.**


① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 - ، 2 - ، 3 - توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - ، 1984 - يىللار.
② «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىلى.
③ «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل.
④ «قاراخانىيلار تارىخىدىن قىسقىچە بايان» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2000 - يىل.
⑤ «تاجىكلار تارىخى» (1 - قىسىم)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2000 - يىل.
⑥ «9 - ، 12 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى.
⑦ بۈيۈك تىلچى مەھمۇد قەشقەرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل.
⑧ «يىپەك يولى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئېچىۋېتىش» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىل.
⑨ «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل.
⑩ «ئۇيغۇر ئېلىنىڭ 10 - 14 - ئەسىرلەردىكى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل.
⑪ «شىنجاڭ تارىخ تەتقىقاتى» ، 1987 - يىل 1 - سان.
⑫ «دۇنيانىڭ يىراق قەدىمكى زامان تارىخى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1990 - يىل.
⑬ «دۇنيا تارىخى خەرىتىسى» ، [رۇسچە] ۋاستىلىق پايدىلىنىلدى.
⑭ «دۇنيا ئاتلىسى» ، خەرىتىلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل.
⑮ «جۇڭگو ئاتلىسى» ، خەرىتىلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل.
⑯ «تۇرپان ئارخېئولوگىيەسى» 2 - توم.
⑰ «ئىسكەندەرنامە» ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1994 - يىل.
⑱ «ئۇيغۇر تارىخى» 1 - قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 - يىل.
⑲ «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 - يىل.
⑳ «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلەر» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 - يىل.
(21) «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» ، شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل.
(22) «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، (1 - قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىل.
(23) «غەربىي يۇرت يەرناملىرى» ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1982 - يىل.
(24) «يېڭى تۈزۈلگەن جۇڭگو تەزكىرىسى، شىنجاڭ تومى» (1) [ياپونىيە] شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 - يىل.
(25) «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 - يىل 1 - نەشرى، 1988 - يىل 2 - باسمىسى.
(26) «تارىخىي خاتىرىلەر» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.
(27) «خەتنامە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىل.


**(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچىسى)**

**تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق**

# [گېرمانىيە] ئاننامارىيە ۋون گاباين
# قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ تۇرمۇشى *

تەرجىمان: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق    يولۋاس راشىدىن

*قورال - ياراغ*

كىشىلەر جەڭ ۋە ئوۋدا قوغدىنىش ، ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن قوراللىرىنى ئىشلىتىدۇ. رەسىم ئاساسىدا چۈشەندۈرگەندە، ئادەملەر ئىشلەتكەن قوراللارنىڭ رەسىمى بىلەن «ئىلاھلار ئىشلەتكەن قوراللار» نىڭ رەسىمىنى ئىنچىكە پەرقلەندۈرۈش كېرەك (A . شارونئان، خىلىسىنكى)، چۈنكى، باتۇر مۇخلىسلار (مەسلەن، ۋاجراپانى) قوچو ئۇيغۇر دەۋرىدە ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىلمىگەن قوراللارنى ئاسقان بولىشى، بۇ قوراللار قەدىمي رەسىملەر ياكى ھېكايىلەر ئارقىلىقلار مۇئەييەن پېرسوناژلار بىلەن بىللە ساقلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، ئالاھىدە دىن، يەنى بۇددانىڭ رەسىمدىن پايدىلىنىپ چۈشەندۈرگەن ۋاقتىمىزدا، بىز ئەينى چاغلاردا ئىشلىتىلگەن قوراللار توغرىسىدىكى بىلىمىمىزنىڭ چەكلىكلىكىدىن ئەپسۇسلانماي تۇرالمايمىز.

كىشىلەر تەسۋىرلىگەن قوغدىنىش قوراللىرىدىن: قالقان، دۇبۇلغا ۋە ساۋۇت؛ ھۇجۇم قوراللىرىدىن، ئومۇد؛ تىغلىق قوراللاردىن؛ قىلىچ، خەنجەر، يالمانلىق نەيزە، نەيزە ۋە ئوقيا؛ ئاخىرىدا ئاتىدىغان قوراللاردىن، يا، سالما، پالاخمان قاتارلىقلار بار، ئەمما، قونداقلىق ئوقيا ئىشلىتىلمىگەن. ئوۋدا قوغدىنىش قوراللىرى ئىشلىتىلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇلار ئېغىر، جانلىق ۋە شەپىسىز ھەرىكەتكە پايدىسىز بولۇپ، ئوۋدا ھېچقانچە ئەسقاتمايدۇ.

ئاتلىق ئەسكەرلەر ئۇرۇشتا غايەت مۇھىم، پىيادە جەڭ قىلىدىغان تائىپلارنى بېسىپ چۈشۈش رولىنى ئوينايدۇ. ئەمما، قەدىمكى جۇڭگونىڭ جەڭ ھارۋىسىنى كىشىلەر قورال ئاسىدىغان بەلۋاغ بىلەن ئادەتتىكى بەلۋاغنى پەرقلەندۈرگەن. 137 - بەتنىڭ تۆۋىنىگە قاراڭ. چوڭ ئاقسۇ يەكلەرنىڭ قورال كۆتۈرىدىغان ئادىمى بولىدۇ (161 - رەسىم) .

قوغدىنىش قوراللىرى

*قالقان*

دۇخاندىمۇ ئۇزۇنچاق ۋە دۈگىلەك قالقانلارنىڭ رەسىملىرى بار، ئۇلار موڭغۇل - ياپون ئۇرۇشىدىمۇ ئىشلىتىلگەن (586).

ئۇيغۇرلار كېيىن مۇنداق قالقانلارنى ئىشلەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن. قاراشەھەردىمۇ سارچۇقتىكىگە ئوخشاش دۈگىلەك قالغان تېپىلدى (587). مۇنداق قالقان خەنزۇچە گۈل نۇسخىلىرى بىلەن نەقىشلەنگەن، ئۇ ئۇرۇش ۋاقتىدىن باشقا چاغلاردا دۇمبىگە ئېسىۋېلىنىدۇ.

تۆۋەندە پەرىشتىلەرنىڭ قوراللىرىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ پەرىشتىلەرنىڭ قورالى ئىكەنلىكى ئېنىق قەيت قىلىنىدۇ، ئۇلار ئېھتىمال بەزىدە كام دېگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ بىر خىل تونۇشىنى ئىسپاتلىشى مۇمكىن.

*باشنى قوغداش*

مېتال دۇبۇلغا باشنى قوغداشقا ئىشلىتىلىدۇ، ساۋۇت بەزىدە دۇبۇلغا بىلەن تۇتاش بولىدۇ ياكى كىكىرتەكتە بىرلىشىپ، ئېگەك ئاستىدا مەھكەملىنىدۇ. دۇبۇلغا ئادەتتە ئىلمەك بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ، بەزىدە ساسانىيلارنىڭكىدەك

*بېشى ئالدىنقى ساندا .................

«ئۆچلۈق» بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۈستى تەكشى، ئېھتىمال تېرىدىن تىكىلگەن، قۇلاق ياپقۇچلۇق يەنە بىر خىل گىرۋەكسىز بۆك بار. بۆكنىڭ ئۈستى قەلەيلىنىدۇ. بۇ يەردە بۇ ئۈستىباشلارنىڭ قايىسلىرى قوچو ئۆكەرلىرى ئىچىدە تارالغان، ئەكسىچە، قايىسلىرى كېيىن تارالمىغان ياكى كىشلەر قايىسلىرىنى پەرىشتىلەر كىيگەن قىلىپ تەسۋىرلىگەنلىكىنى ئېنىقلاش مۇھىم مەسىلىدۇر.

### *تەننى قوغداش*

بەدەن ساۋۇتنىڭ بىر نەچچە پارچىسى بىلەن قوغدىلىشى ياكى بىر پۈتۈن ساۋۇت بىلەن قوغدىلىپ، ئاخىرىدا ساۋۇت پارچىلىرى بەزى نەرسىلەر بىلەن چېتىلىپ پۇختىلىنىشى مۇمكىن.

مۇرەككەپ ساۋۇت مىسالى دۇخانىدىكى تۆت ماخاراج تەگرىنىڭ رەسىمدە ئۇچرايدۇ؛ 7-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا ئائىت بىر ھەيكەلدە (165-رەسىم) ساۋۇت بۆلەكلىرىنى چېتىپ ياسالغان تەڭگىسىمان ساۋۇت بىلەن تېننى قوغدىغانلىقى سۈرەتلەنگەن. تەڭگىسىمان ساۋۇت بەدەننىڭ تۆۋىنىنى پۈتۈنلەي قاپلاپ تۇرىدۇ. مۇنداق قوغدىنىش كىشلەرنىڭ ھەرىكىتىگە قولايسىزلىق ئېلىپ كېلىدۇ (588). يەنە شۇ ئورۇندا تەخمىنەن 8-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا ئائىت يەنە بىر رەسىمدە مېتال ياپراقلىق ياقا تەسۋىرلەنگەن. ياقىنىڭ تۆۋىنىدە ئېھتىمال ساۋۇتنى مەھكەملەشكە ئىشلىتىلىدىغان تاسما ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. تاسمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر پارچە مېتال بار. پۇختا ماتېرىيالدىن ئىشلەنگەن يوتا ساۋۇتنىڭ تۆۋەن ئۇچىدا مېتال چۇچىلەر بار. يوتا ساۋۇتنىڭ تۆۋىنىدىن توقۇلما كىيىم چىقىپ تۇرىدۇ. پاقالچىقىغا پۇت شەكلى چىقىرىلمىغان ئۇزۇن پايپاق كىيگەن، پاقالچاقنىڭ ئالدىنى كىگىز ئارىسىغا ئېلىنغان مېتال تاختا بىلەن ئورىغان. كېيىشنىڭ مۇقىم شەكلى يوق دېگۈدەك. ئەكسىچە، مۆرە ساۋۇتى مۇھىم دەپ قارالغان؛ ئۇ قورقۇنچلۇق بىر غەلىتە مەخلۇقنىڭ شەكلىدە ياسالغان، ئۇ سىمۋولى ئەھمىيىتىگە ئىگە بېزەك رولىنى ئوينايدۇ. بېشىغا بېزەكلىك بۆيۈم كىيگەن. قارىغاندا، بۇ تەگرى بېشىنى قوغدىمىغان (589).

دۇخانىدىكى 3-تەگرى بولغان ۋايىسراۋانا پوزۇر كىيىنگەن. ئەمما، ئەمەلىي ئەھمىيىتى يوق؛ ياقىسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، مۆرە ساۋۇتى غەلىتە مەخلۇقنىڭ بېشى شەكلىدە ياسالغان. خىلمۇ-خىلى يەككە ساۋۇتلار ئىچىدىن بىر پۈتۈن تەڭگىسىمان ساۋۇت كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئاستىدىن مېتال چۇچىلەر ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. بىرنەچچە توغرىسىغا ۋە ئۇزۇنىسىغا تاسمىلار ھەم قۇرساق قىسمىدىكى بېزەك خاراكتېرلىك تۇخۇمسىمان بۆيۈم تەڭگىسىمان ساۋۇتنى تۇتۇپ تۇرىدۇ. تۆۋەندىكى پۇشقاق ۋە تىز تاسمىلىرى بار پارفىيىلىكلەر «ئىشتىنى» شەكلىنى ساقلىغان. مۇنداق پۇشقاق تاسمىسىنىڭ يان تەرىپىدە بىرپارچە پۇختا قوغدىغۇچى بويۇم بار، ئېھتىمال، ئۇ ئۆزەڭگىگە دەسسىگەندە ئاياغ ۋە پايپاقنى قوغداش رولىنى ئوينىشى مۇمكىن. ۋايىسراۋان تەگرى دۇبۇلغا كىيمەي، ساسانىيلار شاھىنىڭ ئىگىز تاجىنى كىيگەن (590). مۇنداق كىيىنىش سۈر-ھەيۋىنى نامايەن قىلىدۇ، ئەمما ھەقىقىي جەڭدە رول ئوينىمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، قارا خوتودىكى تۆت ماخاراج تەگرىمۇ ئىچ ساۋۇت كىيىم ئۈستىگە خىلمۇ-خىل ساۋۇتلارنى كىيگەن قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ۋىرۇ پاكسا تەگرى بىلەن ۋىرۇداكا تەگرى كىيگەن ساۋۇت تەڭگىسىمان بولۇپ، تەڭگىلىرى تۆۋەنگە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ (166-رەسىم). دېمەك، ئۈستىدىن سانچىلىدىغان نەيزىدىن مۇداپىئە قىلىنغان. درتاراسترا تەگرى قۇلاق ۋە بۇرۇننى قوغدايدىغان دۇبۇلغا كىيگەن (591). كۇچاردىكى دېۋانىڭ رەسىمى ۋە باشقا بەزى پەرىزاتلار رەسىمدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مۇرەككەپ ساۋۇت كىيگەن قىلىپ تەسۋىرلەنگەن (592).

كۇچاردا دەۋرداش شەخسلەر مۇشۇنداق مۇرەككەپ ساۋۇت كىيگەن قىلىپ تەسۋىرلەنمىگەن. بېزەكلىكتىكى 9-، 10-ئەسىرلەرگە ئائىت بىر رەسىمدە تۆت ماخاراج تەگرىنىڭ ئۇچىنىڭ سۈرىتى ساقلانغان. ئۇلارنىڭ كىيىمىنىڭ ياقىسى كۆرۈنمەيدۇ، ئۇلاردىن ئىككىسىنىڭ مۆرە ساۋۇتى غەلىتە مەخلۇقنىڭ بېشى شەكلىدە ياسالغان. مۆرە

تاسمىسىغا ئۈستىدىن كۆكرەك ساۋۇتى ئېسىلغان. ئىككى تىك قالپاقلىق مېتال تاياقچە كۆكرەك ئاستىدىكى ساۋۇت بۆلەكلىرىدە بىر ئوتتۇرا قولاقچە بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. قۇرساق بۇ يەردە ئۈستىدىن قارىغاندا توخۇمسىمان، ئاستىدىن قارىغاندا بولۇتسىمان كۆرۈنىدىغان ئانچە چوڭ بولمىغان مېتالى ساۋۇت بىلەن ئالاھىدە پۇختا قوغدالغان. بۇ مېتال ساۋۇت ئاشۇ بۆلەككە بېزەكلىك تاسما بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلغان. تەڭگىسىمان ساۋۇتمۇ قۇرساقنى قوغدايدۇ، يانپاش سۆڭەكنىڭ يېنىدىكى بىر پارچە تېرە ساۋۇت قۇرساقنى يەنە بىر قەۋەت قوغدايدۇ، ئالدىنقى بىلەك ئارىغا ئېلىنغان تاختا بىلەن قوغدالغان، باشنى قوغدايدىغان نەرسە يوق. شۇنىڭدەك بېزەكلىكتىكى يەكسا كارتىنكىپيانىڭ رەسىمدىن (167 - رەسىم) مۇنداق كىيىنىشنىڭ تەپسىلاتىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ (593). ياقىسى كەڭ بولۇپ، باشنى بىمالال ھەرىكەتلەندۈرگىلى بولىدۇ. ئەمما، بۇ چاغدا ئۇ بويۇننى قوغداش رولىنى ئوينىمايدۇ. بېزەكلىك چۆجىسى بار مۆرە ساۋۇتى تەڭگىسىمان ساۋۇتقا ئەمەس، يوللۇق رەختكە ئوخشايدۇ، قارىغاندا، بۇ رەسسام بۇنىڭ قانداق ماتېرىيال ئىكەنلىكىنىمۇ ئېنىق بىلمىگەن. ئەكسىچە، مۆرىدىكى تاسمىلار ئېنىق كۆرۈنىدۇ، ئىككى كۆكرەك ساۋۇتى مۇشۇ ئىككى تاسما بىلەن مەھكەملەنگەن، كۆكرەك ساۋۇتنىڭ ئاستىدىن ساۋۇت ئىچ كىيىم كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، بۇ ساۋۇت ئىچ كىيىم تىزنىڭ ئۈستىدىكى ئۇچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان مېتال چۇچا بۆلەككىچە چۈشىدىغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. بۇ ساۋۇت ئىچ كىيىم باشتا تىلغا ئېلىنغان قاراخوتودىكى ئىككى ماخاراج تەڭرىنىڭ ساۋۇت ئىچ كىيىمىگە ئوخشاش بولۇپ، گويا توقۇلغاندەك قىلىدۇ. گەجگىدىكى چاچ چىقىپ قالغاندا، باش پەقەت بىر مېتال پارچىسى بىلەنلا قوغدالغان.

ئوخشاش بىر يەكسا تەسۋىرلەنگەن باشقا رەسىملەردىن شۇنىڭغا ئوخشاش كىيىنىشنى كۆرگىلى بولىدۇ؛ ئۇ بۇ قېتىم بېشىنىڭ ھەممىسىنى قوغدايدىغان قولىقى بار ئاددىي بۆك كىيگەن، قوۋۇق قوغدىغۇچى ئىلاھلارمۇ شۇنداق كىيىنگەن، دەرۋەقە، قوۋۇق قوغدىغۇچى ئىلاھلار ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ۋىزانتىيىچە توگۈنلەنگەن قىزىل تونمۇ يېپىنچاقلىۋالغان.

158 - بەتنىڭ تۆۋىنىگە قاراڭ (594). ناۋادا بېزەكلىكتىكى نىيەت قىلىش سورۇنىدىكى كىساترىيالار شۇنىڭغا ئوخشاش توگۈنلەنگەن قىزىل تون كىيگەن قىلىپ تەسۋىرلەنسە، ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ ھەممە كىيىملىرى تېخىمۇ روشەن بېزەك بويۇمىغا ئايلىنىپ ئىدى. بۇ يەردە باش چەمبىرەك بىلەن قوغدالماي، پەقەت بىر بېزەك ھالقىلا سىزىلغان، كېيىشكە قاراپ، پۈتى چىرايلىق بېزەك بويۇم بىلەن قوغدالغان دېگەنىدىن، چىرايلىق بېزەلگەن دېگەن تۇزۇكرەك، تۆت ماخاراج تەڭرى ۋە يەكساغا ئوخشاش، كىساترىيامۇ سوتىئولوگىيە نۇقتىسىدىن بۇ رايوندا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دېيىشكە بولىدىغان بېزەكلىك بەلۋاغ باغلىغان. دۇخاندا مۇنداق بەلۋاغنىڭ بەزى ئالامەتلىرىلا بار دېيىشكە بولىدۇ. — ھەتتا كىساترىيانىڭ خوتۇنلىرىنىڭ كىيىملىرىدىنمۇ ساۋۇت تەركىپىرىنى كۆرۈشكە بولىدۇ؛ بۇ خوتۇنلار ئوخشاش كىيىنگەن، پەقەت ساۋۇت چاپان، پاقالچاقنى قوغدايدىغان قىستۇرما تاختا ۋە بېزەلگەن كېيىش كىيمەي، كەڭ ۋە ئۇزۇن چاپان ھەم دولقۇنسىمان نەقىش چۈشۈرۈلگەن پۇپۇش كىيگەن، خالاس. ئەرلەرنىڭ كۆكرەك ساۋۇتى ئورنىدا ئۇلار كۆكرەك بېزىكى ئىشلەتكەن (595). تۇمشۇقتا ۋاجراپانى (168 - رەسىم) مۈرەككەپ ساۋۇت ۋە تاج كىيگەن قىلىپ تەسۋىرلەنگەن.

يەنە شۇ رەسىمدە ئىندراۋارمان تەڭگىسىمان ساۋۇت ۋە ئىلمەك ھالقىلىق دۇبۇلغا كىيگەن قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ئەجەپلىنەرلىكلىكى شۇكى، قوچودا (بېزەكلىكتە) يۇقىرى دەرىجىلىك ئاقسۆيەك ئاتلىق ئەسكەر مۈرەككەپ ساۋۇت ۋە بېزەكلىك مېتال دۇبۇلغا كىيگەن. ئۇنىڭ ئالدىدا ئېتىنى قامچىلاپ كېتىۋاتقان ۋايسراۋانا تەڭرى (164 - رەسىم)نىڭ بولسا تەڭگىسىمان ساۋۇت ۋە دۇبۇلغا ئورنىدا قولاق قوغدىغۇچىسى بار. ئۈستىگە تەكشى بۆك كىيگەن.

دېمەك، بۇ سورۇندا مۇرەككەپ ساۋۇت ئاددىي ئادەملەرنىڭ بەلگىسى بولغان (596).

*زەنجىرسىمان ساۋۇت ۋە ساۋۇت ئىچ كىيىم*

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىگە زەنجىرسىمان ساۋۇت تارالماي، تەڭگىسىمان ساۋۇت تارالغان بولۇشى مۇمكىن، تەڭگىلەر تاسمىغا تىكىلىدۇ ياكى قادىلىدۇ، تاسما كاناپقا مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىردە مەيلى غەربتىكى دورا-ئولوبوستا بولسۇن ياكى شەرقتىكى كۇرىيىدە بولسۇن، ساۋۇت ئىچ كىيىم كەڭ تارالغان، بۇ دەۋردىن بىر-بىرىنى قوغلىشىۋاتقان چەۋەندازلارنىڭ رەسىمى قالغان. چەۋەندازلار مىنگەن ئاتلىرىغا ئوخشاش-ساۋۇت ئىچ كىيىم كىيگەن. بىر بەدبەشىرە ئىشىك مۇئەككىلى (169-رەسىم) بېشىغا ئىككى مۈڭگۈزلۈك گىرۋەكسىز بۆك ۋە تېشىغا يېپىلىپ چىقىپ تۇرغان بويۇن ئاسرىغۇچ كىيگەن. ئۇنىڭ ساۋۇت ئىچ كىيىمى بوينىدىن يانپىشىغىچە چۈشكەن، يېڭى كۆپۈپ تۇرىدۇ، قارىغاندا تېرىدىن تىكىلگەندەك قىلىدۇ، ساۋۇت ئىشتىنى تېگىگە مىخ قېقىلغان ئايىغىچە چۈشۈپ تۇرىدۇ (597). سوغدىلارمۇ ساۋۇت ئىچ كىيىم ئىشلەتكەن، مۇغ تېغىدىكى چەۋەنداز رەسىمى بۇنىڭ دەلىلى، ئۇنىڭ يېڭىنىڭ ئالدى تەرىپى قېلىن ئىشلەنگەن. (بۇ رەسىم بۇزۇلۇپ كەتكەن، بېشىمۇ يوق). پەنجىكەنتتە «رۇستەم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى» بويلۇق ئادەملەر دەپ قارىلىدۇ، ئۇلارمۇ مۇشۇنداق بەدەنگە يېپىشىپ تۇرىدىغان مىتال كىيىم كىيگەن. بېشىدا دۇبۇلغا بار. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇ يەردە خانىمنىڭ يېنىدا تۇرغان قىلىپ تەسۋىرلەنگەن دەۋرداش ئاقسۇيەك (قارىغاندا ئۇ ئەپسانىۋى قەھرىمان ئەمەس) ساسانىيلارچە مۈڭگۈزلۈك دۇبۇلغا كىيگەن (598). بىز كۇچاردا بىرىنچى ساۋۇت ئىشلىتىلگەنلىكىنى تىلغا ئالغان ئىدۇق. بىراق، ئۇ يەردە ئالىيجاناپ ماللا- فۇرستىن ساۋۇت ئىچ كىيىم كىيگەن قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئىچ كىيىمنىڭ تەڭگىسىمان ساۋۇت ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئاقسۆيەكلەر ئالدى-كەينىگە بىرىنچى ساۋۇتنىڭ بەزى بۆلەكلىرىنى تاقىۋالىدۇ. ئۇلار بېشىنى مۈڭگۈزلۈك دۇبۇلغا بىلەن قوغدايدۇ (599). قاراشەھەردىكى بىر رەسىمدە تەڭگىسىمان ساۋۇتنىڭ چاكى بارلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. بېشىغا دۇبۇلغا كىيگەن ۋە كارنىيىنى ساۋۇت بىلەن ئورىغان ئىككى چەۋەنداز بۇ نەرسىلەرنى ئېگىزكى ئاستىغا ساڭگىلىتىۋالغان. سارچۇقتا يەنە بىر چەۋەنداز ساۋۇت ئىچ كىيىم كىيگەن قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ساۋۇت يېڭىنىڭ ئۈستى تىكىلگەن، ئالدى بېلەكنى قوغدىغۇچى بۇيۇم تېرىدىن تىكىلگەن بولۇشى مۇمكىن، پۇتلىرىغا خېلىلا كەڭ ساۋۇت ئىشتان كىيگەن. بېشىنى قارا شەھەردىكى رەسىمدىكىگە ئوخشاش قوغدىغان (600). يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى پارچە رەسىمدىكىگە ئوخشاش. سىددارتا ۋە ئۇنىڭ بىر نەۋرە تۇغقانلىرى بىلەن بەسلىشىش تەسۋىرلەنگەن رەسىم 8-ئەسىرگە تەۋە. ئەمما، بۇ رەسىم دۇخاندا بايقالغان. بۇ بۇددا ساۋۇت كىيمىگەن. باشقا ياشلارنىڭ ھەممىسى ئۇزۇن توقۇلما ئىشتان ئۈستىگە يانپىشىدىن پاقالچىقىغىچە چۈشىدىغان ساۋۇت كىيگەن، بېلىنىڭ ئۈستىنى ساۋۇت بىلەن قوغدىغان، ساۋۇت بىر تال بۇغقۇچ بىلەن چىگىۋېلىنغان، ساۋۇت بۆلەكلىرى بىلەن ئۈستۈنكى بىلىكىنى قوغدىغان، دۇبۇلغىسى ساۋۇت بىلەن ئۈستىدىن ئورۇۋېلىنغان. بۇ بويۇم ئوچۇق كۆرۈنمەيدۇ، ئۇنىڭ زەنجىرسىمان ساۋۇت ئەمەس، بەلكى تەڭگىسىمان ساۋۇت ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغۇدەك ئاساسى يوق. بىراق، تەڭگىسىمان ساۋۇت بولۇشى ئېھتىمالى چوڭراق (601).

تۇرپانغا دائىر باشقا تەتقىقات نەتىجىلىرى تۆۋەندىكىچە: ۋايىسراۋانا تەڭرى (164-رەسىم) تۆگۈنلۈك قىزىل تونى ئاستىغا چاكى بار ۋە يېڭى جەينىكىگە چۈشىدىغان قىسقا ساۋۇت ھەم پۇشقىقى خېلى كەڭ ساۋۇت ئىشتان كىيگەن. پۇشقىقىنىڭ ئۇچىدا مىتال چۈجىلەر بار. قىسقا ساۋۇتنىڭ ئاستىدىمۇ شۇنداق چۈجىلەر بولۇپ، ئېگەرنىڭ كەينى يېرىمىغا چۈشۈرۈۋالغان. بىلىكىنىڭ ئالدى تەرىپىنى قىستۇرما بىلەن قوغدىغان، قولىغا قوغدىغۇچى قولقاپ كىيگەن، بېشىغا تېرە (؟) دىن تىكىلگەن قۇلاقلىق ئۈستى تەكشى بۆك كىيگەن. بۇ

تەڭرى مۇشۇ نەرسىلىرى بىلەن ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ، ئەكسىچە، ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان بىر ئەگەشكۈچىسى ھەرخىل ساۋۇت بۆلەكلىرىدىن قۇراشتۇرۇلغان كىيىم كىيگەن (144 - بەتكە قاراڭ). مۇنداق كىيىم گەرچە بۇ چېرىكنى قوغدىيالىسىمۇ، ئەمما، تەڭگىسىمان ساۋۇتتىنمۇ بەكرەك پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ. ئىككى پەرىزات (170 - رەسىم) تۆۋىنىدە چۈجىسى بار ۋە چاكى بار ساۋۇت ئىچ كىيىم كىيىپ، بېشىغا قۇببىلىق دۇبۇلغا كىيگەن، دۇبۇلغىسىنىڭ ئۈستىدىن چۈشكەن ساۋۇت، ئېڭىكى ئاستىدا قۇشۇلۇپ جەينىكىگىچە چۈشۈپ، بىلەك ۋە مۈرىلىرىنى قوغدايدۇ، بىر پەرىزاتنىڭ دۇبۇلغىسىنىڭ ئىككى مۈڭگۈزى بار. — «قۇش ھەمراھ بولغۇچى» پانى ئالەمدىكى شەخس، ھەتتا بىر غايىۋى پادىشاھ دەپ قارىلىشىمۇ مۇمكىن (ناۋادا بىزنىڭ چۈشەنچىمىز ئادەتتىكى پاكىتلارغا ئۇيغۇن بولسا) (171 - رەسىم). ئۇنىڭ دۇبۇلغىسىنىڭ ئۈستىدە بىر تۇتام بېزەك بويۇملار بار؛ دۇبۇلغىسىنىڭ مۈڭگۈزى يوق، بۇلۇتسىمان بېزەك بار. بۇ قۇش ھەمراھ بولغۇچىنىڭ ساۋۇتىمۇ ئېڭىكى ئاستىدا قوشۇلىدۇ، تەڭگىسىمان ساۋۇت يېڭى جەينىكىگە كېلىدىغان قىسقا چاپان ۋە پۇشقىقىدا چۇچا بار ئىشتاننى ئىچىگە ئالىدۇ. «ئاستانىدىكى كۆك چەۋەنداز» (172 - رەسىم) (تەخمىنەن 7 - ئەسىرگە تەئەللۇق جەۋەنداز» (172 - رەسىم) (تەخمىنەن 7 - ئەسىرگە تەئەللۇق قەبرە رەسىمى) مۇ تېرىدىن تىكىلگەن، يېڭى جەينىكىگە كېلىدىغان ساۋۇت ئىچ كىيىم ۋە (كۆرۈنمەيدىغان) دۇبۇلغىسى ئۈستىدىن ساۋۇت كىيگەن، بۇ رەسىمدىكىسى پەرىزات ئەمەس، ئادەتتىكى كىشى بولىشى كېرەك. ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان، دۇبۇلغا كىيگەن ئىككى چەۋەنداز ۋە بىرقاتار ئاتلىق چېرىكلەر (173 - رەسىم) مۇ ساۋۇت كىيگەن. ئاتلىق چېرىكلەرنىڭ دۇبۇلغىسىنىڭ ئاستىغا قوغدىغۇچى ساۋۇت ئورنىتىلغان، ئۇ ئادەمنىڭ پۈتۈن يۈزى ۋە بويىننى يېپىپ تۇرىدۇ، پەقەت ئادەمنىڭ كۆزىلا كۆرۈنىدۇ. مۇنۇ ئەھۋال مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولىشى مۇمكىن: بىر مانى دىنى تۆرىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە تۆت چەۋەنداز سىزىلغان. ئۇلارمۇ تەڭگىسىمان ساۋۇت كىيگەن؛ ئەڭ ئالدىدىكى ئاۋۇ كىشى تاج تاقىغان، ئۇنىڭ كەينىدىكى ئۈچ ئاقسۆيەك دۇبۇلغا كىيگەن. مۇناسىپ ئورۇندا، بۇ يۇقىرى دەرىجىلىك مىسسىئونېرنىڭ سول تەرىپىدە ئىككى راھىب ۋە بىر ئاقسۆيەك يۈكۈنۈپ ئولتۇرغانلىقى، ئوتتۇرىدىكى كىشى يۈزىنى ئۇلارغا قاراتمىغانلىقى ئۈچۈن، ئوڭ تەرەپتىكى چەۋەنداز جەزمەن يۇقىرىراق ئورۇنغا، تاج تاقىغان كىشى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بىز ئۇنى" ئۇيغۇر بۆكە قاغان" دەپ ھېسابلايمىز. ئۇ مىلادىيە 762 - يىلى مانى دىنىنى دۆلەت دىنى سۈپىتىدە ئۆز ئېلىگە ئېلىپ كىرگەن. تۇگۇنلۇك قىزىل تون كىيگەنلىكىمۇ ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئۇيغۇر يايلاق ئىمپېرىيەسىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. دېمەك، بۇ رەسىمدىكى ئورنى ئەڭ يۇقىرى بولغان ئۇيغۇرمۇ تەڭگىسىمان ساۋۇت كىيگەن. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان چەۋەندازلار ۋە «قۇش ھەمراھ بولغۇچى» ئېتىنىڭ قۇيرۇقىنى تۈگۈۋالغان (48 - بەتكە قاراڭ)، بۇ تۇركلەرنىڭ ئادىتىنى قوللانغانلىقىنىڭ ئېنىق دەلىلى.

شۇڭا، بىز شۇنداق قارايمىزكى، ئۇيغۇر دەۋرىدە بىرىكمە ساۋۇتنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ، تارىخي پاكىتلارنى تەسۋىرلەش ئوبيېكتلار بولۇپ قالغان ياكى ئۇ تەڭگىسىمان ساۋۇتتەك ئېتىۋارغا ئېلىنمىغان. ئۇ زامانلاردا كىشىلەر قانداق شەكىلدىكى دۇبۇلغىنى ياقتۇرغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ (602).

## ھۇجۇم قوراللىرى

### *زەربە قوراللىرى*

گۈرزە قەدىمىي قورال، كوشان خانى ھوقۇقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئۇنى ئوڭ يېنىدا ئېلىپ يۈرگەن، سول يېنىغا قىلىچ ئېسىۋالغان، 5 - ئەسىردە يۇنگاڭدا پەقەت ئالۋاستى شاھ مارانىنىڭ جەڭچىسىلا گۈرزە ئىشلەتكەن. ئۇيغۇرلار مۇنداق قورالنى ئىشلەتمىگەن، ئۇلار پەقەت مەسىلەن كارتتىكىيا ياكسانىلا گۈرزە ئىشلەتكەن قىلىپ

تەسۋىرلەنگە. بۇ ياكسا پۈتلىرىنى كىرىپ غەزەپ بىلەن ھۇمىيىپ تۇرىدۇ، قولىغا مۇشۇنداق زەربە قورالىنى ئىلىۋالغان، بەئەينى بۇرۇنقىلار كانىسكانى تەسۋىرلىگىنىدەك. قوچودا باشقا بىر ياكسا گۈرزە ئوينىتىپ ھەمىلە قىلىۋاتقان كۆرۈنۈش تەسۋىرلەنگەن. «ئاۋادانا» دا تەسۋىرلىنىشىچە، ئاتاۋاكا قىلىچ (qïlïč) بىلەن بۇددا زىيانكەشلىك قىلىشقا بىھۇدە ئۇرۇنىدۇ، ئەمما، قىلىچ قولىدا تۇرۇپلا سۇنۇپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇ ئۈچ ئاچىماق نەيزە (tri šula) نى سانجىپ بۇددانى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ، يەنىلا نىيىتى ئىشقا ئاشمايدۇ. ئۇ غەزەپلەنگەنلىكىدىن باسقۇق ( basquq) دېگەن ئىپتىدائىي قورالنى قولىغا ئالىدۇ، تەبىئىي، بۇ قۇرۇقتىن-قۇرۇق ئۇرۇنۇش ئىدى (603). بۇ «ئىلئادا» دا تەسۋىرلەنگەن ئىككى قېتىم ئىپتىدائىي دەۋرگە چېكىنىشكە ئوخشايدۇ. بۇ كىتابنىڭ 8-بابىدا ھېكتو بىھۇدە ئۇرۇش جەريانىدا بىر پارچە تاشنى ئېلىپ، ديۇكلىغا ئاتىدۇ؛ 20-بابىدا ئاننىيا ئەيكىر بىلەن ئۇرۇشقاندىمۇ شۇنداق قىلىدۇ.

ۋاجرا، يەنى بۇددانىڭ يېقىن قوغدىغۇچىسى ۋاجراپانى ئىشلەتكەن مۇنداق ئېتىش ۋە زەربە بېرىش قورالىنى ئۇيغۇرلار قورال قاتارىدا كۆرمىگەندەك قىلىدۇ، چۈنكى، بىر تام رەسىمدە ئۇنىڭ ئورنىغا يالمانلىق نەيزە سىزىلغان، گەرچە بۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق يالمانلىق نەيزە بولمىسىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە مۇنداق ئېتىش قورالى قەدىمكى گرافىكا ئىلمىنىڭ بىر تۈرلۈك بەلگىسىدۇر (604).

*بىسلىق قوراللار*

خەنجەر، خەنجەر ئۇۋدا كۆپ ئىشلىتىلمەيدۇ، لېكىن جەڭدە يېقىندىن ئۇرۇشۇشتا مۇھىم قورالدۇر. خەنجەر ئادەتتە غىلاپقا سېلىنىپ، بەلۋاغنىڭ سول يېنىدىكى ئوقيا خالتىسىنىڭ ئۈستىگە ياكى ئاستىغا ئېسىپ قويۇلىدۇ. قوچودا خەنجەر تۈز ياكى سەل ئەگرى بولىدۇ، خەنجەرنىڭ رەسىمدە زادىلا ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان ئۆتكۈرلىكى ۋە ئېغىرلىقىدىن باشقا، ئەڭ مۇھىمى ئىشلىتىشكە قولاي ۋە قولنى قوغدايدۇ.

تۇرپاندىكى بىر رەسىمدە ھەتتا ئۇششاق بالىلارمۇ ياغاچ خەنجەر ئېسىۋالغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. ئۇلار چاگلارنى دوراپ، خەنجەرنى سول يېنىغا ئاسقان، ناۋادا ئۇلار خەنجەرنى سول قولى بىلەن تۇتسا، بۇ ئۇلارنىڭ گۆدەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. «قۇش ھەمراھ بولغۇچى» نىڭ شەمشىرى (174-رەسىم) نىڭ ئۇچى سەل ئېگىلگەن. بىر دۈگىلەك نەرسە قولنى قوغدايدۇ. خەنجەرنىڭ سېپىدە بېزەك بار. چىڭ تۇتۇشقا قولاي بولسۇن ئۈچۈن، ئۇنىڭغا گويا يۇمشاق لىنتا ئورالغاندەك قىلىدۇ. تۇرپاندىكى بىر خەنزۇ سېھىرگەرنىڭ رەسىمدە (175-رەسىم) بۇ پاكىتنى ئوچۇق كۆرۈشكە بولىدۇ. ئۇيغۇرلار خەنجەرنىڭ سېپىغا بەزىدە ھالقا ئورنىتىپ، ئۇنىڭغا تاسما چىگىۋالىدۇ (176-رەسىم) (605).

پىچاق، پىچاقنىڭ شەكلىمۇ، ئېسىش ئۇسۇلىمۇ كۆپ، ئۇ بەزىدە بەلۋاغنىڭ ئالدىغا، بەزىدە كەينىگە ئېسىلىدۇ (606). ناۋادا سوغدىيانادا ئىبادەت قىلغاندىمۇ قول قىلىچ (پەقەت قىلىچ) (177-رەسىم) (607) ۋە پىچاقتىن ئايرىلمايدۇ دېيىلسە، ئۇ ھالدا قوچو ئۇيغۇرلىرى ئۇلارنى قورال بەلۋېغى بىلەن بىللە يېشىۋېتىدۇ، ساخاۋەتچى پەقەت كۆڭلىدىنلىك بەلۋېغىنىلا باغلايدۇ.

نەيزە، نەيزە دېگەن بۇ يېقىندىن جەڭ قىلىدىغان قورال. سوغدىيانادا سانجىپ ئۆلتۈرۈش قورالى سۈپىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. سوزۇلغان سول قولى بۇ ئۇزۇن قورالنى نىشانغا توغرىلايدۇ ۋە تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدۇ، ئوڭ قولى ئۇنى ئىتتىرىپ سانجىدۇ (608). ئەكسىچە، تۇرپاندا نەيزە كامدىن-كام ئۇچرىدى. بۇ يەردىكى رەسىملەردە نەيزىدە ئۈچ بۇرجەكلىك ياكى چوڭ بىر تۇغ بولىدۇ، بۇ نەيزە ئۇ يەردە پەقەت بىر بەلگە سۈپىتىدە قوللىنىلغانلىقى، قورال سۈپىتىدە كامدىن-كام ئىشلىتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۈچ ئاچىماق نەيزە بىلەن «مېڭزى دەستۇرى» دا تىلغا ئېلىنغان ياپىلاق نەيزە (192-رەسىم) ھەتتا ئەپسانىۋى سورۇنلارنى ئىپادىلەشتىمۇ ئىشلىنىلمەي،

پەقەت بەلگە سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن (609). ئەكسىچە، يا بىلەن ئوق مۇھىم قورال سۈپىتىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلگەن.

ئوق، ئوق ئاغزى ئۇچۇق خالتىغا سېلىنىپ، ئوڭ يانغا ئېسىۋېلىنىدۇ، ئوقنىڭ ئۇچى ئۈستىگە قاراپ تۇرىدۇ (178 - رەسىم) (610).

### *ئېتىش ۋە تاشلاش قوراللىرى*

يا، قوچودا كىشىلەر ئوقنى ئىنتايىن نەپىس ئىشلەنگەن يا بىلەن ئاتىدۇ (179 - رەسىم)، مەرگەن يانى سول قولىدا كۆتۈرىۋالىدۇ ياكى ئۇچىتىن ئىككى قىسمى چۈشۈپ تۇرىدىغان خالتىغا سېلىۋالىدۇ. يا ئادەتتە يولۋاس تېرىسى بىلەن يېپىپ قويۇلىدۇ، چۈنكى، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ۋە «قۇتادغۇبىلىك» كە ئاساسلانغاندا، «توڭا» (tonga) «يولۋاس» مەنىسىگىلا ئەمەس، «جەسۇر» مەنىسىگىمۇ ئىگە ئىكەن؛ بۇ مەخلۇق ئۆزىنىڭ كۈچى ۋە قاراملىقى بىلەن باتۇرلۇق ۋە قۇدرەتنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان. «قۇتادغۇبىلىك» تە مۇنداق مىسرالار بار: si tonga alp yüräk (يولۋاستەك چوڭ يۈرەك)؛ 36 tonga! (ئەي، يولۋاس! يەنى: ئەي، باتۇر!)؛ 277 tonga alp är ärdi (يولۋاستەك قورقماس كىشى ئىدى)؛ 573 ay ersig tonga (ئەي، باتۇر يولۋاس!). ئوقيا خالتىسىغا بىر مەزگىل خەنزۇلارنىڭ پالچىلىق بەلگىسى (ياكى بۇرمىسمان بەلگە؟) چۈشۈرۈلگەن (174 - رەسىم). مەرگەن يانى كەرگەندە، يانى سول قولىدا تۇتۇپ، ئوڭ قولى بىلەن ئوق باسىدۇ، ئوقنىڭ ئۇچىنى يانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلتۈرىدۇ، بۇ چاغدا ئوڭ قولنىڭ بىگىز بارمىقى كىرىچنى تارتىدۇ، ئوڭ قول ئوڭ قۇلاققا يېقىنلىدۇ، ئەنە شۇنداق قىياپەتتە نىشان چەنلىنىدۇ. (179 - رەسىم). ئەكسىچە، شىمالىي كورىيەدىكى بىر رەسىمدە يا ئوڭ قول بىلەن تۇتۇلغان، مۇغ تېغى، پەنجىكەنت ۋە سارچۇقلاردىمۇ مۇشۇنداق بىنورمال مىساللار ئۇچرايدۇ (611).

سالما، سالما (180 - رەسىم) بىر تال ئارغامچا، قولدىن سېرىلىپ چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىككى ئۇچى ھالقا قىلىنىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇنى چىڭىتقىلى بولىدۇ (612 - رەسىم). سوغدىيانادىكى ئەپسانىۋى جەڭدە سالما ئادەم ياكى ئالۋاستىغا ئوخشاش دۈشمەنلەرنى تۇتۇشقا ئىشلىتىلگەن. قوچو ئۇيغۇرلىرى ئۇنى پەقەت ئوۋدىلا ئىشلەتكەن.

ئوۋ ۋە جەڭ ھەققىدە بىرئاز قوشۇمچە قىلايلى. كىشىلەر قېلىن قولقاپ كىيگەن ئوڭ قولىغا — قونداققا بۈركۈتنى قوندۇرۇپ، پۇتىنى شوينا بىلەن باغلاپ قويىدۇ.

70 - رەسىمگە قاراڭ. يايلاق كىشىلىرىنىڭ كەينىگە قايرىلىپ ئوقيا ئاتىدىغان مەشھۇر جەڭ كۆرۈنۈشى تۇرپان رەسىملىرىدە ئۇچرىمايدۇ.

## مۇزىكا، ئۇسسۇل، گاچا تىياتىر

قەدىمدىن تارتىپ مۇزىكا جۇڭگودا غايەت زور، ھەر تەرەپلىمە رول ئوينىغان، كۇڭزى ھەتتا مۇزىكىنىڭ ئېتىكىلىق رولىنى، يەنى قوزغىتىش كۈچىنى تەكىتلىمىگەن. ئۇ خېلىلا توغرا گەپ قىلغان، مانا مۇشۇنداق گەۋدىلىك ئورۇنغا ئىگە بولغانلىقتىن، ئوتتۇرا ئەسىردە «غەربىي يۇرت» مۇزىكىسى ئوتتۇرا ئىقلىمدىمۇ ئالاھىدە ئالقىشقا نائىل بولغان. 6 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ ۋۇدى خانىنىڭ تۈرك خانىشى كانگىيە (يەنى سەمەرقەند ۋە ئۇنىڭ شىمالىدىكى قوشنا رايونلار) كۈيىنى چالىدىغان «غەربىي يۇرت» چالغۇچىلىرىنى جۇڭگوغا ئېلىپ كەلگەن. مىلادىيە 636 - يىلى تاڭ قوشۇنى قوچوغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، مەركىزىي ھاكىمىيەت كىشىلىرى قوچو كۈيلىرىگە دىققەت قىلىشقا باشلىغان ۋە قوچودىن 14 كىشىلىك ئوركىستونى جۇڭگوغا قىچقارتقان. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا مۇزىكىسىنىڭ جۇڭگوغا تەسىرى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ناھايىتى زور بولغان، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ زورايغان (613). مۇشۇلارنى نەزەردە تۇتقاندا، غەربىي يۇرتنىڭ، بولۇپمۇ قوچونىڭ مۇنداق مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ بەزى تەپسىلاتلىرى بىلەن تونۇشۇش خېلىلا قىزىقارلىق.

### چالغۇ

*1. سوقما چالغۇلار*، بىلىشىمچە، قوچودا كىچىك دۇمباق (614)، دۇمباق، قوش يۈزلۈك دۇمباق، شاقىلداق (181-رەسىم ئوڭ تەرەپ يۇقىرىدا) (615) ۋە تاك-تاك بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئاساسى يوق. ئەكسىچە، قوچودا ئەگمە شەكىللىك چوڭ دۇمباق بار (181-رەسىم سول تەرەپ يۇقىرىدا)، مۇنداق دۇمباقنى چالغۇچى ئۆزى كۆتۈرمەيدۇ. باشقا بىرى ئالدىدا يۈدۈپ ماڭىدۇ، بۇددا ئۈچۈن مەرسىيە ئوقۇغاندا، ياكى ئەگمە شەكىللىك چوڭ دۇمباقنى چالىدۇ (616). «نەزىرلىك چالغۇلار» (82-بەتكە قاراڭ) ئىچىدە ئوتتۇرىسى ئىنچىكە بەل دۇمبىقى بايقالدى (181-رەسىم ئوڭ تەرەپ تۆۋەندە) (617). — يەنە شۇ رەسىمدە غەربتە بارلىققا كېلىش ئېھتىمالى چوڭ بولغان چوڭ جاراڭ سىزىلغان (618). ئۇنىڭدىن باشقا، يونان-رىم جاراڭلىرى شەكلىدىكى سوقما چالغۇلارغا سېلىشتۇرۇشقا بولىدىغان كىچىكرەك جاراڭ (181-رەسىم سول تەرەپ تۆۋەندە) (619) يەنى كىچىكرەك ئىككى مېتال جاراڭمۇ سىزىلغان. كىشىلەر پەرەز قىلغان بەش «نەزىرلىك چالغۇلار»دىن بىرى كام بولغاچقا، چوڭ جاراڭ ئىككى قېتىم سىزىلغان.

*2. تارلىق ۋە چەكمە چالغۇلار*، پەنجىكەنت ۋە كۇچار رەسىملىرىدە تەسۋىرلەنگەن تۇتۇش بېشى ئەپ بولغان يېرىم يۇملاق تۇتقۇچلۇق غۇڭقا (620) قوچودا بايقالدى، كۆپ تارلىق كىچىك قالون ۋە ياپىلاق قالونلارمۇ بايقالدى. خەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئاندىن جۇڭگوغا تارالغان غۇڭقا (ئۇيغۇرلار qungkin دەيدۇ) (182-رەسىم) بۇ يەردە ئالاھىدە قارشى ئېلىنىدۇ (621). ئۇنىڭ بىر پۇختا جازىسى بولىدۇ، بۇ جازا بىر گورىزونتال تەكشىلىك ۋە بىر تىك يۇقىرىغا ئېگىلگەن ماتېرىيالدىن تۈزۈلىدۇ، تىك دەستىسى قېلىنراق بولۇپ، ئاۋاز ياڭرىتىش تۆشۈكچىلىرى بار، شۇڭا، ئۇ بۇ چالغۇدا رېزونانسلىق رول ئوينايدۇ. ھازىرقى شەكلىدىكى غۇڭقىلارغا ئوخشىمىغىنى دەل بۇ چالغۇنىڭ ئۈچىنچى تەرىپى بولغان باشقا بىر تاياقچە بۇ جازىغا كىرگۈزۈلمىگەنلىكى، شۇ سەۋەبتىن، بۇ چالغۇ ئاسانلا بۇزۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن، قوچودىكى بىر رەسىمدە رېزونانس دەستىسىنىڭ ئېگىلگەن يۇقىرىقى ئۇچى قوش بېشى شەكلىدە ياسالغان. شۇڭا، مىسىردىن كەلگەن ۋاستىلىك، ئاگىسىز ئەنئەنە باشتىن-ئاياغ ساقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن، مىسىردا غۇڭقا قۇش باشلىق خوروس (Horos) چالغۇسى دەپ قارىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بىرنەچچە گىتار ياكى كۆپ تارلىق قالۇن، چارتار (183-رەسىم) ئالاھىدە قارشى ئېلىنغان. ساسانىيلار خانلىقىدىمۇ بەزىلەر چارتار چالغان. جۇڭگودا خەن سۇلالىسىدىن بۇيان بۇ چالغۇ ئىشلىتىلگەن. قوچودا چارتار تۆت ياكى بەش تارلىق بولىدۇ. ئۇ ياغا تايىنىپ ئەمەس ئالقانچىلىك نېپىز يۈزلۈككە تايىنىپ ئاۋاز چىقىرىدۇ. W. باخمان (163-بەت) نىڭ قارىشىچە: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خارىزم، سوغدى دەريا ئارىلىقى ۋە خۇراساندىن تارلىق چالغۇلارنىڭ كېلىپ چىققان مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان روشەن پاكىتلارنى تاپقىلى بولىدۇ»(622).

*3. پۈۋلىمە چالغۇلار*، پۈۋلىمە چالغۇلار جۇڭگودا ناھايىتى بالدۇر بارلىققا كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى، جۇڭگو بامبۇكى ئۇنى پايدىلىق شەرت بىلەن تەمىنلەيدۇ. دۇخاندا ھەربىي سورۇنلاردا ئىككى يۈزى كېرىلگەن مىس دۇمباق بىلەن بىللە ئىشلىتىلگەن نەيلىك پۈۋلىمە چالغۇلار قوچودا ۋولىنكا ياكى گارمۇشكىغا ئوخشاش كامدىن-كام تېپىلىدۇ. جۇڭگودا كېيىنكى خەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدىلا كىشىلەر ۋولىنكا چالغان، گارمۇشكىغا كەلسەك، يۇنگاڭدىكى بىر ھەيكەلدىن ئۇنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. ئەكسىچە، قوچولۇقلار نەينى ئالاھىدە ياقتۇرىدۇ (623). يۇنگاڭ، دۇخانلاردىكى جەننەت تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر ۋە لياۋ (خىتان) ئېلىدىكى رەسىملەردىن نەينى كۆپلەپ تاپقىلى بولىدۇ. رېيىنخارەنىڭ پىكرىچە، جۇڭگو نەيلىرىنىڭ پۈۋلەيدىغان تۆشۈكى ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېقىن بولىدىكەن، قوچو نەيلىرى (184-رەسىم ئوڭ

تەرەپ يۇقىرىدا) ئانداق ئەمەس (624). ئۇلارنى بۇ يەردە كىشىلەر ئۇزۇن نەي (184 ـ رەسىم، ئوتتۇرىدا) گە ئوخشاش ياقتۇرىدۇ. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگودا ۋە 5 ـ ئەسىردە يۇنگاگدا مۇنداق ئۇزۇن نەيلەر ئىشلىتىلگەن. قوچو ئاستانىدىكى كۆك تۈرك دەۋرىگە ئائىت بىر رەسىمدە مۇشۇنداق ئۇزۇن نەينى كۆرۈشكە بولىدۇ؛ قەبرە ئىگىسىنىڭ كۆڭلىگە يېقىش ئۈچۈن، بىر قىزچاق بىر نەي چالغۇچىنىڭ تەڭكەش قىلىش ۋە بىر دىرىژورنىڭ قوماندانلىقى بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. ئۇيغۇر دەۋرىدە مۇنداق ئۇزۇن نەي قوچودا ئىنتايىن كەڭ تارالغان (625). قومۇش نەي جۇڭگودا قەدىمكى چالغۇدۇر. رىيىنخاردنىڭ پىكرىچە، جۇڭگو قومۇش نېيى 19 تۆربىلىق، 13 تۆربىلىق، 7 تۆربىلىق، 9 تۆربىلىق، 17 تۆربىلىق، 23 تۆربىلىق ياكى 36 تۆربىلىق بولىدۇ. ئوردا مۇزىكىسىدا ئۇزۇنراق بىر خىل نەيلەر چېلىنىدۇ؛ ئۇ تەزىيە مۇراسىملىرىدىمۇ چېلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى سىلىق بولغانلىقتىن، دالىدا چېلىشقا ماس كەلمەيدۇ. ئۇنى ئۇيغۇرلارمۇ چالىدۇ (184 ـ رەسىم سول تەرەپ يۇقىرىدا) (626). دۇخاندىكى سۇكاۋاتى جەننىتى تەسۋىرلەنگەن رەسىملەردىكىگە ئوخشاش (184 ـ رەسىم تۆۋەندە)، يۇنگاگدىمۇ جۇڭگونىڭ ئىنتايىن قەدىمىي بولغان 12 تۆربىلىق، 11 تۆربىلىق، 16 تۆربىلىق ياكى 26 تۆربىلىق تىزما نەيلىرى ھەممىشە تەسۋىرلىنىدۇ (627). مۇبادا قوچودىن بۇنىڭ دەلىلى تېپىلمىدى دېيىلسە، بۇ بىر تاسادىپىي ھادىسىدۇر. بۇرغا دېگىز قۇلۇلىسى قېپىدىن ياسالغان ئاۋازى سۈزۈك ۋە ياڭراق چالغۇدۇر. بۇ ئېھتىمال بۇدداغا دائىر دىنىي پائالىيەتلەردە چېلىنىشى مۇمكىن. بۇرغا قوچودا (37 ـ رەسىم سول تەرەپ يۇقىرىدا) «نەزىرلىك چالغۇلار» قاتارىدا كۆزگە چېلىقىدۇ (628).

يىغىپ ئېيتقاندا، قوچودا ئۇيغۇر دەۋرىدە مۇنداق چالغۇلار چېلىنغان. ئەگمە شەكىللىك مىس دۇمباق، بەل دۇمباق، چوڭ جاراڭ ۋە كىچىك جاراڭ، غۇڭقا، ھەرخىل ئەگرى بويۇنلۇق گىتار؛ نەي، ئۇزۇن نەي، تىزما نەي بولۇشىمۇ مۇمكىن، قومۇش نەي ۋە بۇرغا، ـ سوقما چالغۇلارنىڭ رىتىمى كۆچلۈك بولغاچقا، جۇڭگودا ئەزەلدىن كىشىلەر ياقتۇرۇپ كەلگەن. لېكىن قوچو مۇزىكىسىدا ئىشلىتىلمىگەن. ئۇيغۇر مۇزىكىسىدا ئۇلار كۆپرەك بىر خىل مۇراسىم بەلگىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ۋاڭ يەندې (50 ـ بەت) نىڭ ئۇيغۇر خاقانى بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ھەققىدىكى دوكلادىدىكىدەك. ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىدا يېقىن شەرق ئاممىسى ياقتۇرىدىغان كۈي ياكى ناخشىغا تەڭكەش قىلىنغان چاۋاك ئۇنى ئاڭلانمايدۇ. قارىغاندا، ئۇيغۇرلار رېتىمغا قارىغاندا مېلودىيىگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدىغاندەك قىلىدۇ.

## *چالغۇلاردىن پايدىلىنىش ئۇسۇلى*

ئۇيغۇرلار، مەيلى ئاۋام ياكى ئاقسۆيەك بولسۇن، ھەممىسى مۇزىكىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە ئۇنى ياقتۇرىدۇ. مىلادىيە 981 ـ يىلى ۋاڭ يەندې بۇ نۇقتىنى دەلىللىگەن (232 ـ بەتكە قاراڭ)؛ ئۇيغۇرلار سەپەرگە ۋە ساياھەتكە ھېرىسمەن. مۇنداق چاغلاردا شەرتسىز ھالدا چالغۇلارنى بىللەن ئېلىپ يۈرەتتى. يازلىق پايتەختتە ئۆتكۈزۈلگەن قارشى ئېلىش مۇراسىمى توغرىسىدا ـ ئۇ شۇنداق خەۋەر قىلىدۇ ـ بىر قوڭغۇراقچى مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ: پادىشاھ قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن سالام قىلىدۇ، بۇنىڭ ئارقىسىدىن ئوغلى، قىزى ۋە يېقىن تۇغقانلىرى تەزىم قىلىدۇ. بۇ چاغدا (ئەسلى تېكىستتە شۇنداق دېيىلگەن! 104 ـ بەتكە قاراڭ) ھەربىر ئادەم قاتاردىن چىقىپ مېھمانلارغا سالام قىلىپ، ئۇلارنى قارشى ئالىدۇ، يېرىم كېچىدە ھەدىيەلەر قوبۇل قىلىنىپ، ئويۇن باشلىنىدۇ، ئەتىسى ئۇلار قېيىق بىلەن سەيلە قىلىدۇ، كۆلنىڭ تۆت تەرىپىدە داق ـ دۇمباقلار ياڭراپ تۇرىدۇ.

ساز چېلىش تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭلا ئىشى ئەمەس، ئوردا ئەمەلدارلىرىمۇ ئۆزلىرى چالىدۇ، بۇ جۇڭگودا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بىر مەھەل كەڭ ئەۋج ئالغان ئەھۋال (629). قوچودىمۇ مۇزىكا سەنئىتىگە بولغان مۇشۇنداق ئەھۋال بايقالدى: بىر پارچە نەپىس رەسىمدە كۆپ تارلىق قالون چېلىۋاتقان بىر كىشى·

سىزىلغان، ئۇ بىر ناخشىچىغا تەڭكەش قىلىۋاتىدۇ، ئىككىلىسى قەدىمكى پارىس تاجى تاقىغان. ئۇچىنچى دەرىجىلىك ئاقسۆيەكنىڭ گىرۋەكسىز بۆكنى كىيگەن (630). بۇرۇن بىر پارچە ئۇردا تام رەسىمى بايقالغان، رەسىمدە ئۈچ ئاچىماق گىرۋەكسىز بۆك (يۇقىرى دەرىجىلىك ئاقسۇ يەكلەرنىڭ بۆكى)كىيگەن بەش ئاقسۆيەك سىزىلغان (631). ئۇلار ھەممىسى ھەرەم مۇزىكىسى ئورۇنداۋاتىدۇ. ئۇلار چېلىۋاتقان چالغۇلار ئىچىدە بىر قۇمۇش نەي، بىر نەي، بىر ئۇزۇن نەي، بىر كۆپ تارىلىق قالون ۋە بىر غۇڭقا بار، يەنى نەيلىك ئۈچ چالغۇ چېلىنىدۇ، تارىلىق ئىككى چالغۇ تەڭكەش قىلىنىدۇ.

دۇخاندىكى بىر رەسىمدە شۇ دەۋرىدىكى ئۆي ئىچى مۇزىكىسى تەسۋىرلەنگەن (632). غىزالىنىش ۋاقتىدا ياكى باشقا ئائىلە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا ساز چېلىنىدۇ، ئۇنى چىرايلىق كىيىنگەن قىزلار ئورۇندايدۇ، ئۇ چاغدا بىر قۇمۇش نەي بىر ئۇزۇن نەيگە تەڭكەش قىلىنغان بولۇشى ياكى بۇ ئىككى پۈۋلىمە چالغۇدىن باشقا، يەنە بىر كۆپ تارىلىق قالون تەڭكەش قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر قېتىمدا نەي، ئۇزۇن نەي ۋە كۆپ تارىلىق چالغۇ تەڭكەش قىلىنىدۇ. خىتان پادىشاھىنىڭ قەبرىسىدىكى بىر رەسىمدە (633) قەبرە ئىگىسىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن، نەي، ئۇزۇن نەي ۋە كولدۇرمىنىڭ ئاۋازى تەڭلا ياڭرايدۇ، بۇنىڭدىن كۆي بىلەن رېتىمنىڭ بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. قوشۇپ قويىدىغان بىر گەپ بار (بۇ گەپ بۇ رەسىمنىڭ مەزمۇنىغا مۇناسىۋەتسىز، بەلكى رەسسامنىڭ ئىنچىكە كۆزەتكەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك)؛ ئەگەر بۇ رەسىمدە نەي چالغۇچى ئىككى كىشى كولدۇرما چالغۇچى سازەندە ئەمەس قوشۇمىسىنى تۇرىۋالغان دېيىلسە، ئۇ ھالدا بۇنىڭغا ساز چېلىشنىڭ جىددىيلىكى ئەمەس، ئۆلگۈچىگە بولغان قايغۇ سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن.

مەرسىيە، قىزىل (كۇچار) (634) دىكى بىر رەسىمدە مەرسىيە تېما قىلىنغان. بۇ رەسىمدە بۇددانىڭ تاۋۇتى ۋە ئۇنىڭ كەينىدىكى سەككىز سارىدا سىزىلغان. باشقا تەزىيىچىلەردىن، ئەڭ ئۈستىگە بىر ئىلاھە سىزىلغان، ئۇ ئىككى جاڭنى ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ شاۋقۇنلۇق ئۇرىۋاتىدۇ. بۇ يەردىكى شاۋقۇنلۇق ئاۋاز تۈتۈۋالغۇسىز ھەسرەتنى ئىپادىلەيدۇ. قوچودا ئىنتايىن غەلىتە ئاسكېتىنىڭ ھەسرىتى ئاتايىن «غەلىتە قىياپەت» (635) تە تەسۋىرلەنگەن: نىرۋانا بۇددا ۋاقتىدا، ئۇلار نەي، ئۇزۇن نەي، كۆپ تارىلىق قالون ۋە چاڭ چالغان (بۇ رەسىمنىڭ پۇچۇلۇپ كەتكەن قىسمىدا باشقا بىر چالغۇ بولۇشىمۇ مۇمكىن). بىر ئاسكېتىن ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ ياكى - ئۇنىڭ يۇغان ئېچىلغان ئاغزى ۋە يۈزىدىكى ئىپادىگە قارىغاندا - ھۆكۈرەپ يىغلاۋاتىدۇ. غۇلىچىنى ئامالىنىڭ بارىچە كەڭ كېرىپ غۇڭقا چېلىش، بۇ ئاۋازى كۈچلۈك ۋە رېتىمسىز مەرسىيە ناخشىسىنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكى ئېنىق. ئوخشاش تېمىدىكى بىر سورۇندا (636) بىر ئاسكېتىن گىتار چېلىپ تۇرۇپ، كېلەڭسىز بىر رەۋىشتە تېپىرلاۋاتىدۇ، قارىغاندا ئۇ ھەسرىتىنى باسالمايۋاتقاندەك قىلىدۇ. بۇ رەسىمدىكى باشقا بىر «غەلىتە مۇرت» ئاغزىنى يۇغان ئېچىپ، بۇلۇشىغا يىغلاۋاتىدۇ، بۇ ئىككى سورۇندا رەسسام سەنئەت ماھارىتىنى ئىپادىلەشنى ئويلىماي، بېسىۋالغۇسىز كۈچلۈك قايغۇنى ئىپادىلەشكە كۈچىگەن.

*ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا*

كورىيەدىكى بىر رەسىمدە ئۇسسۇلچىغا سازەندىلەر ئەمەس، خور ئۈمىكى ئاھاڭ تەڭكەش قىلىپ بېرىدۇ (637). بۇ دائىمىي ئەھۋال بولماسلىقى مۇمكىن؛ ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا تەسۋىرلەنگەن نۇرغۇن رەسىملەردە چالغۇ تەڭكەش قىلىنىدۇ. ھېلىلا تىلغا ئېلىنغان دۇخان رەسىمدىكى مەركىزىي سورۇندا (638) بىر ئائىلە چالغۇچىلىرى چىرايلىق بىر قىزنىڭ ئۇسسۇلىغا ساز تەڭكەش قىلىپ بېرىدۇ. بۇ چالغۇچىلاردا ئىككى ئۇزۇن نەي، ئىككى نەي ۋە ئىككى قۇمۇش نەي بار. ئالتىسىنىڭ ھەممىسى پۈۋلىمە چالغۇ، بىرمۇ سوقما چالغۇ يوق. بۇ ئۇسسۇل تولىمۇ نەپىس سىزىلغان، چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىگە بەك

ياقىدۇ. شۇڭا، رەسسام ئۇنىڭ ئىنچىكە تەپسىلاتلىرىنى تولۇق ئىپادىلىگەن.

«غەربىي يۇرت» ئۇسسۇلى ئوتتۇرا ئەسىردە جۇڭگودا خېلى داڭ قازانغان (639). مىلادىيە 720 ـ يىلى ئۇ يەردىكى كىشىلەر كانگىيەنىڭ پىرقىرىما ئۇسسۇل بىلەن پىششىق تونۇشۇپ بولغان ئىدى. ئايال ئۇسسۇلچىلار قويۇندەك پىرقىراپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلار شار ئۈستىدە تەگپۇڭ تۇرىدۇ، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇسسۇل ھەتتا بىر خىل يېڭىچە ئىجتىمائىي ئالاقە ئويۇنىغا ئايلانغان؛ مەسىلەن، مىلادىيە 1112 ـ يىلى خىتان ئىمپېراتورى تيەن زودى جۇرجىت ئاقسۆيەكلىرى ئۈچۈن بىر قېتىم مۇشۇنداق كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزگەن، زىياپەت جەريانىدا ئۇ ھەربىر ئادەمدىن ئۆز ئېلىنىڭ ئۇسسۇلىنى ئويناشنى تەلەپ قىلغان.

ئۇسسۇل دىنىي ساھەدىمۇ رول ئوينىغان. يۇنگاڭدىكى غار ئىبادەتخانىلارنىڭ تېمىنىڭ يۇقىرى گىرۋىكىدىكى مەۋھۇم تۇۋرۇكلەرگە ھەممىشە تۆتتىن ئونغىچە سازەندە ئىلاھلاردىن تەركىب تاپقان سازەندىلەر سىزىلغان، بۇنىڭ ئۈستىدىكى شىپ ـ ئاتالمىش «ئەرش» ــ نىڭ ئۈستى ـ ئاستىدىكى سوقىچاق چاسا ئويۇقلارنىڭ «پەردە» لىرىگە ئوغۇل ـ قىز ئىلاھلارنىڭ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلىدۇ. بۇ نەزىرلىك كۈي ۋە نەزىرلىك ئۇسسۇل، يەنى بۇددا ۋە بۇددا تەلىماتى ئۈچۈن لايىھىلەنگەن بىر خىل «بېزەك بويۇمى (ئاۋاتامساكا) دۇر (640). دۇخاندا ئامىتا بۇددا، بايساجياگۇرۇ ۋە باشقا بۇددالار ياشايدىغان سۇكاۋاتى تولىمۇ ھەشەمەتلىك يارىتىلغان. بۇددا نوملىرىنىڭ تەسۋىرلەشكە تىلى ئاجىزلىق قىلىدىغان مول بايانلىرىدىن باشقا، بۇ يەردە سەلتەنەتلىك بىر كۆرۈنۈش ئايان بولىدۇ. بۇددا ۋە ئۇنىڭ مۇرتلىرىنىڭ پۇتى ئاستىدىكى شەكلى كۆركەم ياغاچ قۇرۇلمىلىق رەڭدار سۇپىدا ۋە بىر نىلۇپەر كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا چالغۇ چېلىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كۆرۈنۈش ــ بۇددا ئەقىدىلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن چەكسىز سۆيۈنگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. ھەربىر چالغۇچىلار ئەترىتىنىڭ ئىككى يېنىدا بىر ياكى ئىككى ئۇسسۇلچى تۇرىدۇ (641) قۇمتۇردىمۇ مۇشۇنداق رەسىمنىڭ چىرايلىق بىر پارچىسى ساقلىنىپ قالغان (642). دۇخاندا مۇنداق «ئىلاھ» چالغۇچىلار كۆپ تارىلىق قالون، ئۇزۇن نەي، تىزما نەي ۋە غوڭقا چالىدۇ؛ ياكى دۇمباق، نەي، قومۇش نەي ۋە كولدۇرما چالىدۇ. سەھنىنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ ھەربىر تەرىپىدە تۆتتىن چالغۇچى ئولتۇرىدۇ، ئۇلار بەزىدە ئىككى قۇر بولۇپ ئولتۇرىدۇ، مۇشۇنداق ئولتۇرغاندا 16 چالغۇنى تەڭ چېلىشقا ئەپلىك بولىدۇ.

لېكىن، مۇنداق «ئىلاھ» چالغۇچى ۋە «ئىلاھ» ئۇسسۇلچىلاردىن باشقا، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جۇڭگودا بۇددا راھىپلىرىمۇ نەزىرلىك ئۇسسۇل ئوينايتتى، مۇنداق ئۇسسۇلغا يېڭىچە چالغۇ تەڭكەش قىلىناتتى (643). بۇددا نوم ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەتراپتىكى كىشىلەر قاتتىق ھاياجانلىنىدۇ، راھىبلار ھەتتا سەكرىشىپ «ئۇسسۇل ئويناپ كېتىدۇ» ، مۇنداق ئەدەبىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ئەسىردىكى كىشىلەر ئېھتىمال بۇددا ئۆيدىن چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇنقى مۇرتلىرى ئۇسسۇللۇق تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن دەپ قارايدىغاندەك قىلىدۇ، ھالبۇكى ئەينى چاغدىكى جۇڭگودا، ئېھتىمال ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ راستىنلا مۇشۇنداق مۇراسىملار ئۆتكۈزۈلگەن. تۇرپان رەسىملىرىدە مۇنداق رەسىملەر ئۇچرىمىغىنى بىلەن، يېزىق شەكلىدە تەسۋىرلىنىدۇ؛ ياكسا ئاتاۋاكانىڭ «ئاۋادانا» دا : (644) كىنىنارا، گاندارۋا ۋە دېۋالار نىرۋانا بۇددا ئۈچۈن ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ( büdi) ئوينىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. باشقا بىر يەردە براخمان راتىكارا «ئۇسسۇلغا دەسسەپ ئۇ دۇنياغا كېتىدۇ (büdi-yü bar). دېمەك، ئوتتۇرا ئاسىيادا چالغۇچىلار چالغۇ تەڭكەش قىلىدىغان ئىنتايىن نەپىس ئۇسسۇللار ئوينالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، دىنىي ۋە غەيرى دىنىي سورۇنلاردىمۇ شۇنداق بولغان.

*گاچا تىياتىر*

ھازىرغىچە قوچودا گاچا تىياتىر بولغانلىقى

ئىسپاتلانمىدى، قاندىغىلا بولمىسۇن، كۇچاردىكى بىر مىسالنى (645) كۆرستىشكە بولىدۇ: بىر جەسەت كۇلى قۇتىسىغا تەبرىكلىگۇچىلەر سېپى سىزىلغان؛ ئۇ يەردە هايۋان نىقابى تاقىغان ۋە غەلىتە كىيىنگەن سېرىك ئارتىسلىرى غۇڭگا ۋە دۇمباق چالغۇچىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا كېتىۋاتىدۇ.

## نىشان، بەلگە ۋە سىمۋول

كىيىم-كېچەكتىكى بەزى ئامىللار مەلۇم تەبىقىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، گىرۋەكسىز بۆك شەكلى، گىرۋەكسىز بۆكنى چىگىۋېلىش ۋە چۇمبەت تارتىش شەكلى (11-باب)، بەلۋاغ ۋە ئۇنىڭغا ئېسىلغان نەرسىلەر (12-باب)، يەنە جىيەك تۇتۇلغان قېنىق رەڭلىك ئاددىي پالاز ئۈستىدە، ياكى نەقىش بىلەن بېزەلگەن زىلچا ياكى گىلەم ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇش ياكى ئۆرە تۇرۇش (9-باب) ۋە پۇتۇملەردە شەخسىي نىشانلارنىڭ ئىشلىتىلىشى (5-باب) قاتارلىقلار. A. گرۇنۋېدېلنىڭ قارىشىچە، تۇشقانغا ئېتىلىۋاتقان بۈركۈت شەكلى بىر بەلگە ئىكەن (646)، ئەمما ئەسلى ماتېرىيالى بۇزۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، بۇ تېمىسىنىڭ شەكلى قالمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇنداق بەلگىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان-قوللىنىلمىغانلىقىنى تېخى ھەل قىلغىلى بولمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، رەسىملەردە بايقالغان ھەرخىل دۇبۇلغىلارنىڭ بېزەكلىرى ۋە ئات يوپۇقلىرىدىكى بېزەكلەرنىڭ قوچۇلۇقلار ئۈچۈن مۇئەييەن مەنىگە ئىگە ياكى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى، ياكى ئۇلار نوقۇل بېزەك سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن-ئىشلىتىلمىگەنلىكىمۇ نامەلۇم. دەرۋەقە، ئات قويرۇقىنى تۈگۈش ۋە بېزەك ھالقىلار مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن (4-باب).

### *تەبىئەت كۈچلىرى*

كۆپ قېتىم تەكرار كۆرۈلگەن بىرنەچچە شەكىل بەزى ئاساسىي ئامىللارغا ۋەكىللىك قىلىشى مۇمكىن. سارچۇقتا بىر سۇ ئىلاھى ھەيكىلىدىكى ماندورلا (ئىلاھىي نۇر) تۇرپاندىكى بىر رەسىمدىكى «سۇ يۈزى» گە؟ سىددارتانىڭ ئات يوپۇقى ۋە بۇ يەردىكى مۇراسىملاردا ئىشلىتىلىدىغان بەزى ئۇزۇن گىلەملەر (79-رەسىم) گە ئوخشاش مەركەزداش يايسىمان ئوخشاش سىزىقلاردىن تەركىب تاپقان. ھازىرقى موڭغۇللاردىكىگە ئوخشاش، قوچودىكى بۇ بەلگىلەر «سۇ» نى ئىپادىلەيدۇ. جۇڭگودىكىگە ئوخشاش، قەدىمكى قوچودا ناغراسىمان دۈگىلەك (185-رەسىم) «چاقچاق» نى ئىپادىلەيدۇ. جۇڭگودىكىگە ئوخشاش، قوچودا «بۇلۇت» (186-رەسىم) سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە، چۈنكى، ئۇ كېيىن مۇشۇنداق سىمۋول شەكلىدە تېمورىيلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ نەپىس رەسىملىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. بىرقانچە دولقۇنسىمان ئۇچلۇق سىزىقلار «تاغ، تاغ تىزمىلىرى» نى ئىپادىلەيدۇ (187-رەسىم). «ئوت» نىمۇ مۇئەييەن ئىپادىلەش شەكلى بار (188-رەسىم) (647-بەت).

### *مۇنەججىملىك بەلگىسى (؟)*

«قۇش ھەمراھ بولغۇچى» نىڭ ساغدىقىدىكى بەلگە (174-رەسىم) ۋە رەڭدار پولنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بەلگە (38-رەسىم) جۇڭگونىڭ مۇنەججىملىك بەلگىسى (189-رەسىم) نىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى (648) بولۇشى، ياكى بۇ بەلگىلەر بۇرمىسىمان بېزەكنى ئىپادىلىشى مۇمكىن.

### *نېستورى دىنىنىڭ كىرست بەلگىسى*

سەككىز بۇرجەكلىكتە مەرۋايىت قويۇلغان تەڭ تەرەپلىك كىرست (190-رەسىم) نېستورى دىنىنىڭ سىمۋولى (649).

### *توغباتلارنىڭ بەلگىسى (؟)*

بۇ يەردە كىشىنى گۇمانلاندۇرىدىغان مۇنداق بىر بەلگىنى ئۇنۇتماسلىق كېرەك. گەرچە ئۇ ھازىرغىچە پەقەت دۇخاندىلا بايقالغان بولسىمۇ: دۈگىلەك ياكى تۇخۇمسىمان تەخسە ئۈستىگە بىر تىلسىمان پىلاستىنكا، سول تەرىپىگە ئۇنىڭدىن قىسقىراق تىلسىمان پىلاستىنكا ئورنىتىلغان (191-رەسىم). بىر پارچە كېگىزدە (؟) يۆكىنىپ ئولتۇرغان، قولىدا كالتە تاياق تۇتقان ياش ئاقسۆيەك، چوڭ ئۆي ئالدىدا شۇنىڭغا ئوخشاش ئولتۇرغان چوڭ ياشلىق ئاقسۆيەك، ئاخىرىدا يەنە بىر ئاپسارا (يۈزى ئادەمگە ئوخشايدىغان، كەپتەرگە ئوخشاش پۇتى ۋە قانىتى بار ئۇسسۇلچى پەرىزات — ئۇيغۇرچە تەرجىمان

ئىزاھى) ئەنە شۇنداق بەلگە كۆتۈرۈۋالغان؛ ئاپسارا كۆكتە بىر ئەجدىھارغا مىنىپ گۈل چېچىۋاتىدۇ. كېيىنكى بۇ بەلگە تولىمۇ نەپىس ياسالغان. ئوتتۇرىدىكى ھېلىقى تىلسىمان پىلاستىنكىنى يېنىدىكى ئىككى كىچىك تىلسىمان پىلاستىنكا گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىدۇ (650). بۇ رەسىمنىڭ يىل دەۋرىدىن ئۇنىڭ توغىبات سۇلالىسى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئاز-تولا چۈشەنگىلى بولىدۇ.

### *ئەمەلدارلار تىزىملىكى*

ئاھالىسىنىڭ يېرىمى خەنزۇ بولغان دۇخاندا ھەمىشە ئەمەلدارلار تىزىملىكى ئۇچرايدۇ. مۇڭغۇل دەۋرىنىڭ ئالدىنقى ۋاقىتلىرىغىچە ئۇيغۇر پادىشاھلىقىدا مۇنداق تۈزۈم قوللىنىلمىغان.

### *ئۈچ ئاچىماق يالمانلىق نەيزە*

ئەكسىچە «يېرىم ئۈچ ئاچىماق يالمانلىق نەيزە» نىڭ قوچودا ئېنىق مەنىسى بار. جۇڭگودا «ياپىلاق يالمانلىق نەيزە» دەپ ئاتىلىدىغان مۇنداق نەيزە يېرىم ئەترەت بېشى، يەنى بەش بېشىنىڭ بەلگىسى، ناۋادا يۇڭگادىكى بىر بۇتخانا دەرۋازىسىنىڭ ئىككى يېقىدىكى ئىككى دەرۋازىۋەن مۇشۇنداق بەلگە تۇتۇپ تۇرىدۇ دېيىلسە، بۇ دەرۋازىۋەنلەرنىڭ ئىككى بەش ئادەم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ رەسىمنى تولا مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن، باشقا ئادەملەر سىزىلماي، ئۇلارنىڭ بەلگىسىلا سىزىلغان. دۇخاندا قالقاننىڭ كەينىدە تۇرغان بىر نۆكەر بۇ بەلگىنى ۋايىسداۋانا تەگرىگە ئوخشاش ئېگىز كۆتۈرۈۋالغان. دەرۋەقە، مۇنداق داڭلىق شەخسلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ خىل بەلگە بەك ئاددىيلىق قىلىدىغاندەك قىلىدۇ. ئۇنىڭغا نەچچە يۈز يىللىق ئۆزگىرىشتىن كېيىن قايتا باھا بېرىش كېرەكمۇ؟ كېيىنكى بۇ رەسىمدە «ياپىلاق يالمانلىق نەيزە» بىر ھالقا ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. تۇرپاندىكى بىر نەپىس رەسىمدىمۇ ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئۆزگەرگەن شەكلى سىزىلغان (192 - رەسىم). قوچودىكى بىر تام رەسىمدە كارتىنكىيانىڭ بىر ئەگەشكۈچىسى مۇكەممەل بىر ئۈچ ئاچىماق يالمانلىق نەيزىنى كۆتۈرۈۋالغان (651).

### *تۇغ*

قوچودا ئىشلىتىلگەن ئىككى خىل خىشەكىلدىكى تۇغ ئىككى خىل دائىرىگە تەۋە: بۇددىغا چوقۇنۇش جەھەتتە بىر تۇغ تىكلەپ ياكى ئېسىپ قويۇلىدۇ (54 - رەسىم) ، ئۇ ئۇزۇنچاق بولغاچقا، ھەمىشە لەپىلدەپ تۇرىدۇ. بۇ تۇغدا ئۇچبۇلۇڭلۇق بىر نەرسە بار، بۇ ئۇچبۇلۇڭنىڭ يۇقىرىقىسىدىن بىر پارچە سوقىچاق چاسا لاتا ساڭگىلاپ تۇرىدۇ ۋە ئىككى تەرىپىدە بىردىن جالا بولىدۇ. جالا ھېلىقى لاتىدىن ئۇنىڭ يېرىمچىلىك ئۇزۇن، لاتىنىڭ ئاستىدىن ھېلى تىلغا ئېلىنغان جالانىڭ ئۇزۇنلىقىغا تەڭ باشقا ئىككى جالا ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. ئۇچبۇلۇڭنىڭ ئىككى يۈزىدە ئادەتتە بىر پۆت بولىدۇ، لاتىدا بىر پەرى ياكى بىر ئاددىي كىشى چوقىنىپ تۇرىدۇ. مانى دىنى مۇخلىسلىرىمۇ مۇشۇنداق جالا ئىشلىتىدۇ (652).

ئەكسىچە، ھەربىي جەھەتتە تۈز تۇغ سېپىغا بىر پارچە رەڭدار لاتا چىگىلىدۇ. بايراق سېپىنىڭ ئۇچىدا ھەمىشە نەيزە بولۇشى مۇمكىن، تۇغ لاتىسىنىڭ يېيىلغان بىر تەرىپى كۆپىنچە ھەرە چىشى شەكلىدە بولۇپ، ئۇنىڭغا جالا ياكى پۆپۈك ئورنىتىلىدۇ. بۇمۇ ئېھتىمال كۆۋرۈك (kö vrük) بىلەن بىللە ھۆكۈمرانلىق بەلگىسى بولغان تۇغ (tuγ) بولۇشى مۇمكىن (653).

### *يولۋاس*

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، يولۋاس باتۇرلۇق ۋە جەسۇرلۇقنىڭ مەركەزلىك گەۋدىلىنىشى، شۇڭلاشقا، «ئاستانىدىكى كۆك چەۋەنداز» نىڭ ئېگىرى يولۋاس تېرىسى بىلەن قاپلانغان، خۇددى «قۇش ھەمراھ بولغۇچى» نىڭ ساۋۇت ئىشتىنىنىڭ پۇشقىغى ۋە بىر ئوقياغا ئوخشاش. قوچو رەسساملىرى بۇنىڭدىن باشقا ئاسكېتېنلارنى پەقەت يولۋاس تېرىسىدىن بىرلا پەرتۇق تارتقان ياكى براھمان، ئۇنىڭ مۇرتلىرى ياكى كىچىك يەكسالار پاچىقىغا يولۋاس تېرىسى ئورىۋالغان قىلىپ سىزغان (130 - بەتكە قاراڭ) (654). بۇ سەل ئەجەپلىنەرلىك ئىش.

### *تۆگۈن تۆكۈلگەن قىزىل تون*

شەرقىي ياۋروپا پورترېت رەسساملىرىلا ئەمەس، ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددا سەنئەتكارلىرىمۇ شەرقىي رىم ئىمپېراتورىنىڭ يەڭسىز، قىزىل (بېغىر رەڭ) جەڭ تونىنى ئىشلىتىدۇ. مۇنداق ئەھۋال شەكىل ئاملىنىڭ سىمۋوللۇق كۈچىنى ئاز-تولا چۈشەندۈرىدۇ. ۋىزانتىيىدىكىگە ئوخشاش، بۇ يەردە قىزىل جەڭ تونى توپچىلانماي، توگۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ناۋادا قوچودا بىرەر كىشى يەڭسىز تون كىيگەن ۋە تونىنى ئىڭىكى ئاستىدىن چىرايلىق تۈگۈپ چىگىۋالغان قىلىپ تەسۋىرلەنگەن بولسا، ئۇ جەزمەن بىر قەھرىماننىڭ مۇرتى ياكى ھەتتا كۆكتىكى بىر ھۆكۈمران: تۆت ماخاراج تەڭرى، ۋاجراپانى، قۇۋۋەق مۇئەككىلى، كىستىرىيالار، بىر غەزەپلەنگەن ئىلاھ، ياش بىر ياكسا ۋە مانى دىنىنى ئۆز ئېلىگە ئېلىپ كىرگەن بۆكە قاغانلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق تون كىيگەن قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ھەتتا ئاخىرەتتە بىر «كىچىك ئەمەلدار» مۇشۇنداق تۈگۈنلۈك تون كىيگەنلىكى ئۈچۈن، تۆۋەنرەك دەرىجىلىك جاللاتتىن پەرقلەنگەن(655).

*بېزەك بۇيۇملىرى*

ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بەلۋاغ ۋە ئېتىغا قىممەتلىك بۇيۇملار ئېسىلىشى مۇمكىن، خانىملىرى چېچىنى چوقچايتىپ تارىۋېلىشى مۇمكىن. مەسىلە ئۇلارنىڭ دېۋا ۋە بۇتىساتىۋانىڭ رەسىملىرىدە تەسۋىرلەنگىنىدەك ئانچىۋالا كۆپ بېزەك بۇيۇملارنى ئېسىۋېلىشنى ياقتۇرغانلىقىدا ئەمەس. ئاقسۆڭەكلەر بەزىدە كۆپ دېگەندە ئاددىي ھالقىلا سېلىۋالىدۇ، ھالقىسىغا بىر دانە مارجان ئېسىۋالىدۇ. ئەگەر بۇ ئادەتنىڭ ئەكسىچە، ئاقسۆڭەك تاسادىپىي ئىككى ھالقا سالسا، ئۇ ئېھتىمال چەتئەللىك بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردە ئانچە تارقالمىغان چەتئەلچە كىيىنىشمۇ بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ. خانىملار چېچىنى ھەرخىل ياسايدۇ، يا چاچ قىسقۇچلارنى قىسىۋالىدۇ، ياكى چوققىسىغا تۈگۈۋالىدۇ ۋە ياكى نەقىشلىك ئالتۇن ياپراقچىلارنى سانجىۋالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار ئادەتتە ھالقىلار سېلىۋالىدۇ، ھەتتا نەپىس شەكلى يارىتىلغان ھارىتىمۇ ئەنە شۇنداق بېزەك تاقىغان (656).

*ئۆگە بەلگىسى*

تۇرپان رەسىملىرىدە ئاددىي دۈگىلەك ياكى يايىسىمان شەكىلى ئادەمنىڭ جەينەك ئۆگىسىنى ئىپادىلەيدۇ. بىرە-بىرە تىزنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. پەقەت بىلەك ۋە پۇت ئوچۇق تۇرغاندىلا مۇشۇنداق قىلىنىدۇ. دېمەك، مۇنداق تەسۋىرلەش ئاز ساندىكى ئادەملەر بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئوتتۇرا ياش ئۇيغۇرلار مۇنداق تەسۋىرلەنمەيدۇ. بۇددا (194 - رەسىم)، ئارخات، توخرى راھىبى، دېۋا، بۇدساتىۋا، بالا، براھمان ۋە ئۇنىڭ مۇرتلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ جەينەك ئۆگىسى ئىپادىلەنگەن. خانىملار، براھماننىڭ مۇرتلىرى ۋە باقى ئالەمنىڭ ئون تەڭرىسىنىڭ ئالدىدا لەنەت تۈۋرۈكىگە مىخلاپ ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ تىزىمۇ ئىپادىلەنگەن. مۇنداق ئۆگە بەلگىسىنىڭ مەنىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىشى ئېنىق ئەمەس، بىراق، باشقا مەدەنىيەتلەردىكى ھايۋان رەسىملىرىدىمۇ مۇشۇنداق ئۆگە بەلگىسى بايقالدى. مەسىلەن، ئاختاماردا: 10 - ئەسىردە ئەرمەنلەر ۋان كۆلى (شەرقىي ئاناتولىيە ئېگىزلىكىدە) ئارىلىدىكى چېركاۋنىڭ قورۇق تېمىغا خىلمۇ-خىل پېرسوناژلارنىڭ قاپارتما نەقىشىنى چىقارغان. مۇشۇ رەسىمدە شىر ئۆلتۈرگەن بۇقىنىڭ ئۆگىسى، ئۈزۈم يەۋاتقان ئېيىقنىڭ ئۆگىسى ۋە مۆرت تېئودورنىڭ ئېتىنىڭ ئۆگىسى كىچىك دۈگىلەك بىلەن ئىپادىلەنگەن (657).

*چىراي*

چىراي ھەققىدە ئاز-تولا توختىلايلى، قاش ئادەتتە قويۇق بولمايدۇ، بىراق، ھەممە ئادەمنىڭ خېلىلا ئىنچىكە بولسىمۇ قېشى بولىدۇ. شۇڭا، قويۇق قاش جەزمەن ياقا يۇرتلۇقلۇقنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، چوڭ ياشلىق ئارخاتقا ئوخشاش، ئايالارنىڭ قېشى تۈز، ئۇچى سەل كۆتۈرۈلگەن ئىنچىكە سىزىق بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، بۆكەڭ تارالغان ئادەتتىكىدەك قىلىدۇ. بىر ئۇيغۇر ئايالنىڭ، ئالىيجاناپ ئانىنىڭ ئوبرازى بولغان ھارىتىنىڭ، ئاۋالوكىتې سۋارا بۇددانىڭ يېنىدىكى بىر ئىلاھەنىڭ، كىساترىيانىڭ خانىمىنىڭ ۋە بىر

بالىنىڭ قېشى ئەنە شۇنداق سىزىلغان (658). ئورۇقچا كۆز گۆزەللەرگە ماس كېلىدىغان تىپ، مۇبادا بۇنىڭ ئەكسىچە، كۆز تۆرۈك ياكى بورتۇپ چىققان قىلىپ سىزىلسا، بۇ كىشى جەزمەن ياقا يۇرتلۇق بولىدۇ، ياكى كېيىنكى ئەھۋالدا — بىر هاياجانلانغۇچى، هاڭ - تاڭ قالغۇچى، ئۆزىنى تۇتىۋالالماي قالغان كىشى بولىدۇ (659). يەنە يىرىم هايۋان شەكىلدىكى ياكسا شۇنداق، قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشكەن كىشىمۇ شۇنداق.

ئاقسۆيەكلەرنىڭ بۇرۇتى - كەڭ تارالغان شەكلى بويىچە مىيىقىنىڭ ئىككى تەرىپىدە سەل ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. (117 - بەتكە قاراڭ) ئۆلگۈچىنىڭ باقى ئالەمنىڭ ئون تەڭرىسى ئالدىدا قىيىن - قىستاققا ئېلىنىۋاتقاندا ساقىلى يوق سىزىلغىنىدىن، ساقال - بۇرۇت ئادەمنىڭ ئىززىتى ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. بىراق، ھەممىلا ئادەم ۋە ھەرقانداق غالىپنىڭ ساقال - بۇرۇت قويۇۋېلىشى هاجەتسىز. ئەكسىچە، موڭغۇل ۋە تۇغباتلارنىڭ قەدىمكى تۈرك تاش ھەيكەللىرىدىكىگە ئوخشاش. ئىككى زاڭقىغا كىچىك ساقال قويۇۋېلىش «غەلىتە شەكىل» دەپ قارىلىدۇ. بەزى چەت ئەللىك «چوڭ سودىگەر» (ۋايسىيا) لەر ۋە «يۇقىرى دەرىجىلىك» ياكسالار مۇشۇنداق سىزىلىدۇ (660).

بەزى جانلىقلار — بەزى هايۋانلارغا ئوخشاش — دىڭ قۇلاق قىلىپ سىزىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تۇڭگۇزنىڭكىدەك ھىڭگايغان چىشى بولىدۇ، بەزىدە غالجىر ئىت ياكى بۆرىنىڭكىدەك تۈكلىرى تىك تۇرىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ۋەھشىيلىكىنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلاردا ئادەملەرنىڭ نورمال خۇسۇسىيىتى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ياكسا (كارتتىكېيا ۋە ۋاجرا پانىغا ئوخشاش)، باقى ئالەمنىڭ ئون تەڭرىسى ھەم باشقا ئالۋاستى، گارودا ۋە بەزى يۇلتۇز قانىقلىرىدىن ئىبارەت (661). يۇلتۇز جانلىقلىرى ئون ئىككى هايۋان چەمبىرىكى ئادەملەشتۈرۈلگىنىدەك، بەزىدە هايۋان باش، ئادەم تەن تەسۋىرلىنىدۇ. دېمەك، ئۇلارمۇ تۆۋەن دەرىجىلىك يېرىم هايۋان دەپ قارىلىدۇ. هايۋانلارنىڭ دىڭ قۇلىقى بىر قېتىم كىلاسسىكلاردىن نەقىل ئېلىنىپ ئىجابىي تەسۋىرلىنىدۇ: «ئاۋادانا» دا باخشى (baxšï)، يەنى بۇددا «شاگىرتلىرىغا: süzük kongulin tikä qulγa qïn tïnglaγïlïn» (سۈزۈك كۆڭۈل، تىك قۇلاق بىلەن ئاڭلاڭلار!» (662) دەيدۇ. كوۋالىسكىنىڭ ئېيتىشىچە، تۈرك دىئالېكتىدا باشقا بەزى سۆزلەر زەن سېلىپ ئاڭلاشنى ئىپادىلەيدىكەن. شۇڭا، ئۇ مۇنداق ئوبرازلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى بۇددا دىنى تەرەپتىن قوبۇل قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى رەسسام جىڭ كې (يىغىلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ئۆتكەن قاتىل — ئۇيغۇرچە تەرجىمان ئىزاھى) نىڭ ئىشقا ئاشمىغان قاتىللىق ھەرىكىتىنى تەسۋىرلىگەندە، ئۇنى قورققىنىدىن كۆزلىرى يوغان ئېچىلغان ۋە مۇدھىش قىياپەتلىك قىلىپ سىزغان (فىنستېر بۇش، 324 - بەت).

زەربىدار ھىندىلار ئېغىر ھالقىلارنى سېلىۋالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قۇلىقى يوغىناپ ۋە ئۇزىراپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، كىشىنى ئەجەپلەندۈرىدىغان ئۇزۇن قۇلاق كېيىن ھۆرمەتنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ساكراۋارتى خان ۋە بۇددانىڭ سەكسەن خىلى «سۈپىتى» نىڭ بىرىگە ئايلانغان (663). قوچودا ساكراۋارتىلا ئەمەس بەلكى، بۇدساتۋا دېۋا، بەزىدە ئارخات ۋە بىراھمانلارمۇ مۇشۇنداق سىزىلىدۇ.

*قول ئىشارىسى*

قول ئىشارىسىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئەھمىيىتى زور، چۈنكى، ئۇلار رەسىملەردە قول ئىشارىسىنى نوقۇل قەدىمكى شەكىلدە ئەمەس، بەلكى چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ.

مىلادىيە 4 - ئەسىردە كورىيەدە بىر كۈتكۈچى قىزغىن تەكلىپ ئىشارىسى قىلىدۇ (ئىككىئۈچى - ئۇمېخارا)، بۇ ئىشارە تولىمۇ ساددە بولۇپ، كىشىنى ئىنتايىن شاتلاندۇرىدۇ. ئالدىنقى تۈرك دەۋرىدىكى تۇرپان (ئاستانە) دىمۇ شۇنىڭغا ئوخشىتىدىغان كۆرۈنۈش بار (92 - رەسىم). بىراق، كۇچاردا قول ئىشارىسىنىڭ تەسۋىرلىنىشى تۈپتىن ئوخشىمايدۇ، كۇچاردا بىر قائىدە، يەنى مۇدرا (mudra) قائىدىسى كەڭ تارالغان، بۇ سانسكرتچە بۇددا دىنىدا

«تامغا، نىشان» مەنىسىنى بېرىدۇ، كېيىنچە «مۇھىم قول ئىشارىسى» مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان بولغان، خەنزۇ تىلىدا ئۇ «EP، (تامغا) سۆزى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. گەرچە قول ئىشارىسى كۆپ بولسىمۇ، ئاۋام پۇقرا ئۇنىڭ بىرنەچچە خىلىنىلا پەرق ئېتەلەيدۇ. تام رەسىملىرىدە بۇ بىر نەچچە خىل قول ئىشارىسى قوللىنىلىدۇ ۋە ئۇنى كۆرگۈچىلەرنىڭ چۈشىنىش قابىلىيىتى نەزەرگە ئېلىنىدۇ. قوچودا تارالغان مۇدرا ھەققىدە 198 ـ بەتنىڭ تۆۋىنىگە قاراڭ. بۇددا ئۆز مۇرتلىرىغا ھەمىشە چوڭقۇر مەنىلىك «ئۇقتۇرۇش ئىشارىسى» (sandarsana ـ mudra) قىلىدۇ، بۇ ئىشارە تولىمۇ ئەينەن تەسۋىرلىنىدۇ (195 ـ رەسىم) (664). ئۇنى كىشىلەرنى ئاگلاشقا مۇلايىملىق بىلەن رىغبەتلەندۇرۇش دېگەندىن كىشىلەرنى ھاياجانلاندۇرۇش دېگەن تۈزۈك (665). شۇنىڭدەك، خېلى بۇرۇنقى تۇمشۇقتا (196 ـ رەسىم) (666) بۇ قول ئىشارىسى قەستەن ئەمەس ــ تەكەببۇرانە ئۇتۇق سۆزلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، ئەكسىچە، بېزەكلىك (تۇرپان) رەساملىرى (194 ـ رەسىم) (667) بۇ قول ئىشارىسىنى ساددا ۋە نازاكەتلىك سىزىشنى بىلگەن ھەم بەكمۇ توغرا تەسۋىرلىگەن. چۈنكى، ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىلىقى ــ چوڭ كىشىنىڭ ئوتتۇز ئىككى تۇرقىنىڭ بىرى كۆپ قېتىم نامايەن قىلىنغان (668). قىزىل (كۇچار) دا «ھۆرمەت ئىشارىسى» ( anjali ـ mudra) ئىنتايىن ھۆرمەت قىلغان قىياپەتنى ئىپادىلىگەن دېگەندىن كۆرە، ھاياجانلانغان قىياپەتنى ئىپادىلىگەن دېگەن تۈزۈك (197 ـ رەسىم)، لېكىن، قوچو رەساملىرى مۇنداق قول ئىشارىسىنى غايەت ئىنچىكە پەرقلەرگە ئىگە قىلىدۇ، ئۇ گاھ چوڭقۇر ئويلانغان قىياپەتنى، گاھ ئىتائەتمەنلىكنى، گاھ ئۆزىنى بېغىشلاش قىياپىتىنى ئىپادىلەيدۇ (669).

كۇچار رەسىملىرىدە ئىمكانىقەدەر كۆپ پېرسوناژلارنىڭ ئالاھىدە ۋە ئېنىق پەرق ئېتىشكە بولىدىغان مۇدراسى تەسۋىرلەنگەندە، بەزىدە بۇددانىڭ ئاڭلىغۇچىلىرى بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. مۇنداق بۆلۈش مۇھىم بىر مەركىزىي نۇقتىدىن، يەنى بۇددا ۋە ئۇنىڭ ئەقىدىلىرىدىن ئايرىلىپ چىققان. ئەمما، قوچودا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نىيەت قىلىش سورۇندا مۇنداق قىلىشتىن ئەپچىللىك بىلەن ساقلىنىلغان. چۈنكى، قوچودا ئىنتايىن مۇھىم شەخسلەرلا ھېسسىياتقا باي قول ئىشارىسى قىلىدۇ (670).

مۇدرانى كەم ـ كۈتىسىز سۆرەتلەشمۇ ئۇيغۇر رەساملىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى قول ئىشارىسىدىن پايدىلىنىپ تەسۋىرلەش جەھەتتىكى ئىپادىلەش قابىلىيىتىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ؛ ئۇ بىر قورال ئېسىۋالغۇچىنىڭ خوجايىنىنىڭ قىلىچىنى تۇتقىنىغا ئوخشاش (198 ـ رەسىم) (671) كەسكىن قىياپەتنى نامايەن قىلىدۇ. قورال ئاسقان يەنە بىر كىشىنىڭ كەينىگە قىلغان قول ئىشارىسى خوجايىنىغا يول بېرىشنى بىلدۈرىدىغاندەك قىلىدۇ (161 ـ رەسىم). ياكسا كارتتىكېيانىڭ توقماقنى ئىككى قوللاپ چىڭ تۇتۇشى ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى بىلدۈرىدۇ (167 ـ رەسىم). ھوقۇقى ئۇنىڭ دەرغەزەپكە كەلگەن ئەلپازىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.ئەگەر ئىككى قولنى كۆكسىنىڭ ئالدىدا جۈپتەكلىسە (121 ـ رەسىم) ياكى يەڭلىرىگە تىقىۋالسا (199 ـ رەسىم) (672)بۇ ئىككى خىل ئەھۋال يېنىدا قورال يوقلىقنى، يەنى ئەسلىدە بوي سۇنغانلىقنى ئىپادىلەيدۇ. بىرىنچى خىل قول ئىشارىسى ھېلىلا تىلغا ئېلىنغان بۇددىغا قىلىنغان ھۆرمەت مۇدراسى. ئەكسىچە، ئىككىنچى خىل قول ئىشارىسى شەرقىي ئاسىيادا قەدىمدىن تارتىپلا كەڭ تارالغان. يۇنگاڭدا ئەر ـ ئايال سەدىقچىلەر، راھىب ـ راھىبلەر بەزىدە مۇشۇنداق قول ئىشارىسى قىلغان قىلىپ، بەزىدە ھۆرمەت مۇدراسى قىلغان قىلىپ، بەزىدە بىردىنبىر سورۇنلاردا بۇ ئىككى خىل قول ئىشارىسىنى نۆۋەتلىشىپ قىلغان قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ (673). دېمەك، بۇ ئىككى خىل قول ئىشارىسى ئوخشاش بىر مۇددىئانى ئىپادىلەيدۇ.

خەنزۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دوخاندا بولۇپمۇ، ئىككى قولنى يەڭ ئىچىگە تىقىۋېلىش كەڭ تارالغان. راھىبلار، مەنسەپدار ئاقسۆيەكلەر، خانىملار ۋە ياشلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلغان

(674). كىشلەر يېڭى تار كىيىم كىيىدىغان سارچۇقنىڭ غەربىدىكى جايلاردا مۇنداق قول ئىشارىسى قوچودىكىدەك كەڭ تارالمىغان. ئالدىنقى تۆرت دەۋرلىرىدىلا، كۈتكۈچىسى بار تۆرىلەر ۋە خانىملار قوللىرىنى ئىنتايىن كەڭ يەڭلىرى ئىچىگە تىقىۋالغان قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ئۇيغۇر دەۋرىدە بەزى ئاقسۆيەكلەر، ناخشىچىلار ۋە خانىملار قاتارلىقلارنىڭمۇ ئەشۇنداق قول ئىشارىسى تەسۋىرلەنگەن (675).

مۇشۇنداق قول ئىشارىسى قوچودا ئومۇميۈزلۈك كەڭ تارالغان. مانى دىنى راھىبلىرى ۋە ئېتىقادچىلىرى (676)، بىر نېستورى مۇرىتى (677)، كىيىمىمۇ، چاچ شەكلىمۇ تۈركچە بولمىغان بىر قىز (678) مۇشۇنداق قول ئىشارىسى قىلىپ تۇرىدۇ.

ئەگەر بەك ئۇزۇن ۋە ھەددىدىن زىيادە كەڭ يەڭ قولنى يوشۇرۇش ۋە ئىسسىق ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ دېيىلسە، ئۇ ھالدا كىشلەر مۇشۇنداق يەڭلىك كىيىم كىيىپ ۋە بۇ يەڭنى تۈرۈۋېلىپ، غەزەپلەنگەن بىر خىل ئىپادىنى بىلدۈرىدۇ (200-رەسىم) (679).

بىرىنچى خىلدىن ئۈچىنچى خىلغىچە كىيىملەرنىڭ يېڭى ئانچىۋالا كەڭ بولۇشىلا ئەمەس، ئانچىۋالا ئۇزۇن بولۇشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق. ئادەتتە يەڭ بېلەككىچە تۈرۈۋېلىنىدۇ. بىرەر بۇيۇم ھۆرمەت قىلىنغۇچىغا سۇنۇلىدىغان، ئەمما بۇ بۇيۇمغا ئۆز قولىنى تەككۈزۈشكە بولمايدىغان ئادەت بارلىكى جايلاردا بۇ ئۇزۇن يەڭ چۈشۈرۈلۈپ قولى يېپىۋېلىنىشى، بۇيۇم يېپىلغان قولنىڭ ئۈستىگە قويۇپ سۇنىلىشى مۇمكىن، خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى كورىيەنىڭ بىر قەبرە رەسىمدە مالاي تەخسىنى يەڭ ئۈستىگە قويغان، دۇخاندا بىر مالايمۇ شۇنداق ئۇسۇل بىلەن مۇراسىم يۇملاق يەلپۈگۈچنى خوجايىنغا سۇنۇپ تۇرىدۇ، خۇددي باشقا بىر كۈتكۈچى تەزىيەنامىنى ئاشۇنداق تۇتۇپ تۇرغىنىغا ۋە باشقا بىر كىشى ھەدىيە قىلىنىدىغان كىتابنى مۇشۇنداق كۆتۈرۈپ تۇرغىنىغا ئوخشاش (680). قوچودا بىر سەدىقچى بۇدساتۋانىڭ پادماساناسىنى (نىلۇپەر تەختىنى) سوزۇلغان قوللىرى بىلەن «تىرەپ» تۇرىدۇ. بۇ يەردە سەدىقچىنىڭ ئۇزۇن يەڭلىرى چۈشۈرۈلۈپ، قوللىرى يېپىۋېلىنغان، ئەكسىچە راھىب يالىڭاچ قولى بىلەن پادماساناسىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ (681). بۇنىڭدىن سەدىقچىنىڭ مۇقەددەس بۇيۇمغا نىسبەتەن راھىبلارغا قارىغاندا ئىخلاسمەن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مۇنداق ئىخلاسمەنلىك خاھىشى مۇئەييەن شەكىلدىكى تەخسە، يەنى تېيىز تەخسىگە نەزىرلىك بۇيۇملارنى سېلىش ئادىتىدىنمۇ كېلىپ چىققىشى مۇمكىن (95-بەتكە قاراڭ).

### *گۈل، گۈل شېخى*

مول يۇنگاڭ ماتېرىياللىرىدىن نىلۇپەر غۇنچىسى تۇتقان تېۋىنغۇچىلارنى، يەنى بۇدساتۋا، ئەجدىھا شاھ ناگاراجا، ياكسا ئىلاھ، راھىب، تابغاچ ئېتىقادچىلار ۋە ھەتتا ئاتا-ئانىسىنىڭ قەسرىدىن يوشۇرۇن قېچىپ چىققان چاغدىكى سىددارتا (682) نى بايقاش مۇمكىن. مەيجىشەن تېپىلغان ئېتىقادچىلار ۋە راھىبلار ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان غۇنچىلارنى تۇتقان قىلىپ تەسۋىرلەنگەن . بىراق، بۇ يەردىكىسى شېخى ئۇزۇن گۈللەر (683). بۇ يەردە پەنجىكەنتتىكى ئاقسۆيەكلەرنىڭ شېخى ئۇزۇن ئالتۇندەك سېرىق گۈللەرنى تۇتۇپ تۇرغانلىقى ئۈستىدە كۆپ توختالمايمىز (684).

تېۋىنغۇچىلارنىڭ گۈل شېخى تۇتۇپ تۇرغانلىقى غۇنچە تۇتۇپ تۇرغاندىنمۇ كۆپرەك ئۇچرايدۇ. بۇ گۈل شاخلىرى بۇتنىڭ مۇرىسىگە يېقىن ئورۇندا بولىدۇ. كۇچاردا بىر راھىب پادىشاھنىڭ بېشىدا شېخى ئۇزۇن گۈلنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بىر بۇددىستنىڭ ئوڭ مۇرىسىگە كىچىك چىراغ، بىر تال تەقلىدىي گۈل سول مۇرىسىگە يېقىن قويۇلغان. ئارخاتلار ئىچىدىكى تۆتەيلەننىڭ ھەربىرى بىردىن شېخى ئۇزۇن گۈل (ياكى نېلۇپەر يوپۇرمىقى) كۆتۈرۈۋالغان (685). قۇمتۇردا بىر خانىمنىڭ مۈرىسىدىن بىر تال گۈل شېخى چىقىپ تۇرىدۇ (686). سارچۇقتا ئۈچ ئاچىماق گىرۋەكسىز بۆك كىيگەن كىشى بىر تال گۈل شېخى تۇتۇپ تۇرىدۇ (687)، مۇنداق مىساللار قاراشەھەردىمۇ ئۇچرايدۇ؛ ھەرخىل دەرىجىدىكى ئاقسۆيەك بەگلەر، بىر خانىم، راھىپ قاتارلىقلار

(688). دۇخاندىكى بىر رەسىمدە ئۇدۇن خانى سىزىلغان. خانىش ۋە مەلىكىلەر شېخى ئۇزۇن گۈل ياكى شېخى يوق چوڭ گۈللەرنى تۇتقان، ئەمما دېدەكلەرنىڭ قولىدا مۇنداق نەرسىلەر يوق (689). قوچودىمۇ تېۋىنغۇچىلار ھەمىشە گۈل شېخى تۇتۇۋالىدۇ. لېكىن، مەيلى بۇددا ياكى بۇدساتۋانىڭ قولىدا، باقى ئالەمنىڭ ئوت تەگرىسىنىڭ ئالدىدىكى گۇناھكارلارنىڭ قولىدا، بۇددا ئۈچۈن مەرسىيە ئوقۇۋاتقانلارنىڭ قولىدا بولسۇن ياكى نىيەت قىلىش سورۇنىدا بولسۇن، ھېچقانداقسىدا گۈل شېخى كۆرۈنمەيدۇ. ئەمما، «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى» نىڭ 2-قىسىمدىكى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان، ئۆلگۈچىگە ھەدەپ تەسەللى بېرىلگەن ئۇيغۇرچە تېكىستتە «گۈل تۇتقان ئۆلۈك» ( čäčäk tutbačï) (690) ئېنىق تىلغا ئېلىنغان. رەسىمدىكى خرىستىيان مۇرتلىرى، خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە بېغىشلىما يېزىلغان راھىپچە كىيىنگەن بۇددىست تۇدۇن، راھىپلار (201-رەسىم)، ئۈچ ئاچىماق گىرۋەكسىز بۆك كىيگەن ۋە قەدىمكى پارسلارنىڭ تاجىنى تاقىغان ئاقسۆيەكلەر ھەم يات تائىپە كىيىمىنى كىيگەن خانىملارنىڭ ھەممىسى گۈل تۇتۇۋالغان، ئاخىرىدا، «بەش كارامەت ئىگىسىگە تارتۇق قىلىنغان نەزىرلىكلەر» نىڭ يېنىدىكى سۇدا بىر بالا بىر تال يېشىل شاختى ئويناپ ۋە پۇلاڭلىتىپ تۇرىدۇ (691). مەيلى نىلۇپەر غۇنچىسى بولسۇن ياكى گۈل شېخى بولسۇن، ئۇنىڭ مەنىسى ئاپىسارا كۆكتىن بۇددا ئۈستىگە ئىخلاس بىلەن گۈل چېچىۋاتقىنىغا زادى ئوخشىمايدۇ. بۇ چوڭ غۇنچىلار ۋ ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتىرچە كېلىدىغان گۈل شاخلىرى مۇنداق گانجالى مۇدرا (ھۆرمەت ئىشارىسى) نى ئىپادىلەشكە تولىمۇ قوپاللىق قىلىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ پروتوتىپى ھاياتلىق ياكى قايتا تىرىلىشنىڭ سىمۋولى دەپ قارىلىدىغان ئوتياشتىن ئىبارەت. بىز پازىرىكتا بايقالغان گىلەمدىكى رەسىمنى ئويلاپ قالىمىز. راۋرۇس ئولتۇرغان (باقى ئالەم؟) ئىلاھە ئېچىلىپ مېۋە تۇتقان بىر تال شاخنى بىر (ئۆلگەن؟) چەۋەندازنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويىدۇ. ئېھتىمال، شۇ سەۋەبتىن مۇنداق گىلەملەر لەھەت (قەبرە) ئىچىگە قويۇلۇشى مۇمكىن. چۈنكى، كىشىلەر بۇ تېما ئۆلگۈچىنىڭ يېڭى تۇرمۇش ئىچىدە قايتا تىرىلىشىنى ئۈمىد قىلىشنى ئىپادىلەيدۇ دەپ قارايدۇ. جۇڭگودا قۇرىمىغان كۈنجۈت شېخىمۇ شۇنداق رول ئوينايدۇ؛ خەنزۇ قەبرىلىرىدىكى نۇرغۇن قاپارتما نەقىشلەردە ئاددىي كىشىلەر ۋە پەرىلەر كۈنجۈت شېخى تۇتۇپ تۇرىدۇ (692). بىز تەتقىق قىلىۋاتقان بۇددا دىنى جەھەتتە شۇنداق قىياس قىلالايمىزكى، تېۋىنغۇچىنىڭ قولىدىكى نىلۇپەر غۇنچىسى ئاۋپاپادۇكا (Aupapaduka) نىڭ ئاستا بۇددانىڭ سۇكاۋاتى جەننىتىدە قايتا تىرىلىش ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، باشقا بىر خىل گۈل مەلۇم بىر خىلى ئۇگۇشلۇق قايتا تىرىلىشنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، بۇددا قۇسۇرسىز بولغاچقا، ھېچقانداق گۈل تۇتمايدۇ، ئۇنىڭ يېنىدىكى دېدەكمۇ گۈل تۇتمىغان قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر ئەڭ ياخشى نېرۋانىلارغا ئايلىنىشى مۇمكىن.

گۈل شېخى توغرىسىدا مۇنداق بىر مەسىلە بار: مۇدراغا ھۆرمەت كۆرسىتىۋاتقان كىشىلەر ياكى ئىككى قولىنى يېڭىگە تىقىۋالغانلىقى ئۈچۈن زادىلا گۈل تۇتۇشى مۇمكىن بولمايدىغان كىشىلەرمۇ بەزىدە گۈل شېخى كۆتۈرىۋالىدۇ، مۇنداق مىساللار قەدىمكى كورىيىدە (693)، يۇنگاڭدا (694)، تاڭ دەۋرىدىكى جۇڭگودا (695)، دۇخاندا (696)، شۇنىڭدەك قوچودا كۆپلەپ ئۇچرايدۇ؛ ئىمتىيازلىق تەبىقىدىكى 16 ئاقسۆيەكنىڭ ھەممىسى گۈل شېخى تۇتقان قىلىپ تەسۋىرلەنگەن؛ ئەمما، كىشىلەرنىڭ يېرىمى قوللىرىغا گۈل شېخى تۇتقان، قالغان يېرىمى قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇۋالغان. چوڭ ھەجىملىك «ئائىلە رەسىمى» دە بىر قىزچاق قوللىرىنى يېڭىگە تىقىپ تۇرىدۇ، بىرنەچچە ئايالى مۇدراغا ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. بىراق، ھەممىسى گۈل شېخى «ئېلىۋالغان». ئىككى مانى راھىبى تىلاۋەت تاختىسىنى كۆكسىگە «كۆتۈرۈپ» تۇرىدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ قوللىرى يەڭ ئىچىدە بولسىمۇ (697). قەدىمكى پارسلارنىڭ تاجىنى كىيگەن كىشى (202-

رەسىم)، يۇملاق ئاددىي بۆك كىيگەن كىشى، ئوغلان، ئاياللار قاتارلىقلارنىڭ رەسىملىرىدىمۇ مۇشۇنداق بىنورمال ھادىسە بار (698). چۈنكى، قوچودا ياكى چەت ئەللەردە گۈل شېخى ياكى تىلاۋەت تاختىسى ھەمىشە قولغا ئېلىنمىغان قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ، بۇ رەسساملىق بىپەرۋالىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. زادىلا مۇمكىن بولمايدىغان مۇنداق ھادىسە جەزمەن مەلۇم بىر مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، دۇخاندىكى مىلادىيە 971 ـ يىلىغا تەئەللۇق بىر رەسىمدە بۇنىڭ چۈشەندۈرۈشى تېپىلدى (699)؛ بۇ رەسىمدە بىر توپ تېۋىنغۇچى ـ بېغىشلىمىغا قارىغاندا ، جۇملىدىن تۆگەپ كەتكەن ئاتا ـ ئانا ۋە بىر نەچچە ئائىلە ئەزالىرى سىزىلغان. ئاتا قولىدا شېخى يوق بىر تال گۈلنى، ئاپىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش شېخى يوق گۈلنى تۇتۇپ تۇرىدۇ. بىراق، يېپىپ قويۇلغان قولىغا قىستۇرۇلغان، باشقىلىرى گۈل تۇتمىغان، ئۇلار ھايات كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئۆلگەنلىكى تىلغا ئېلىنمىغان، بۇنىڭدىن بىز شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلالايمىزكى، ئۆلگۈچىگە گۈل تەقدىم قىلىنغان تەرزدە تەسۋىرلەش ئۇنىڭ قايتا تىرىلگەنىدىن كېيىن بەختلىك بولۇشىنى تىلىگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەكسىچە، تىرىكلەرگە گۈل تۇتقۇزۇلمايدۇ. لېكىن، رەسىم سىزىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىر كىم ئۆلگەن. شۇڭا، كېيىن ئۇنىڭ كۆكسىگە مۇشۇنداق گۈل شېخى سىزىپ قويۇلغان.

گۈلنى ياكى — قوچودا — ئۈزۈن گۈل شېخىنى مۇشۇنداق مۇتەئەسسىپلىك بىلەن تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ مەنىسى «بىر ئائىلە سەدىقچىلەر رەسىمى» دە ئىسپاتلانغاندەك قىلىدۇ؛ ئىككى قولى بىلەن بۈتنى «كۆتۈرۈپ» تۇرغان ئاتا بىلەن ئانا — ساخاۋەتچىلەردۇر. دېمەك، ئۇلار تېخى ھايات، ئۇلارنىڭ يېنىدا ئايەت ئوقۇۋاتقان ئاۋۇ كىشىمۇ ساخاۋەتچى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۈچەيلەن گۈل تۇتمىغان، بىراق، نۇرغۇن چوڭلار، ھەتتا باللارمۇ گۈل شېخى تۇتۇۋالغان (700).

## يېزىق مەدەنىيتى

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، تۇرپان بوستانلىقىدىن بۇ يەردە بۇرۇن ئىشلىتىلگەن نۇرغۇن تىل ۋە ھۆججەتلەرنىڭ دەلىلى بايقالدى، بۇ تىللار خاتىرىلەنگەن يېزىقلارنىڭ بىر قىسمى جەنۇپتىن، يەنە بىر قىسمى غەربىي جەنۇپ ۋە شەرقتىن كەلگەن.

### يېزىق

1. قوچودا براھمى يېزىقى بىلەن سانسكرت تىلى، توخرى تىلى (ئۇدۇن ۋە شەرقتە يەنە ساق تىلى)، بەزىدە ئۇيغۇر تىلى خاتىرىلەنگەن. 2. ئەكسىچە، تۈبۈت يېزىقى بىلەن تۈبۈت تىلىدىن باشقا، ئايرىم سورۇنلاردا پەقەت ئۇيغۇر تىلىلا خاتىرىلەنگەن. ھالبۇكى، پۈتۈكچى ï بىلەن i ئارىلىقىنى بىر خىل خەت شەكلى بىلەن پەرقلەندۈرگەن، بۇ قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى ئۆزگىچە ھالدۇر!

تۈبۈت يېزىقى بىلەن براھمى يېزىقىنىڭ مەنبەسى ئوخشاش، ئىككىلىسى ھىندىستاندىن كېلىپ چىققان. ئېھتىمال، پەقەت بۇددا مۇرتلىرىلا بۇ ئىككى خىل يېزىق بىلەن قەدىمكى تۈرك تىلىنى خاتىرىلىگەن بولۇشى مۇمكىن. بىراق، ئۇلار بۇ يېزىقلار بىلەن تېببىي كىتاب قاتارلىقلارنىمۇ خاتىرىلىگەن. 3. ئېسترانگېلو يېزىقى (Estrangelo) سۈرىيەدىكى خرىستىيان دىنى ئۈچۈن دائىمىي ھادىسە. ئۇنىڭدىن باشقا، قوچو فراگمېنتلىرىدىكى نۇرغۇن ئىرانچە ۋە ئاز ساندىكى قەدىمكى تۈركچە تېكىستلەرنى نېستورىيان مۇرتلىرى يازغان بولۇشى مۇمكىن. 5. ئوتتۇرا ئىران تىلىدىكى ئايرىم فراگمېنتلار پەھلىۋى يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن. 6. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، مۇڭغۇل ۋە توغباتلارنىڭ قەدىمكى تۈركچە ئابىدىلىرى «كۆك تۈركلەرنىڭ رونىك يېزىقى» دا خاتىرىلەنگەن. شەرق ۋە غەربىي جەنۇبتا ئۇدا تېپىلغان، مۇشۇ يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەن باشقا ئابىدىلەرمۇ ئاز ئەمەس؛ ھەتتا، سۇغدىيانا ۋە مۇغ تېغىدىن تاساددىيپي بايقالغان مۇشۇ يېزىقتا دائىر دەلىللەرگە ئاساسلىنىپ، ھازىرغىچە بۇ خىل يېزىق دەلىللىرىنى ھەرگىزمۇ

تۈرك يېزىقى بىلەن تەگلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، H. يېنىسېي (701) يۇقىرىقىدەك ئاتاشنى ئىنكار قىلدى، ئۇ تۈرك يېزىقى دېمەي، «سىبىرىيە يېزىقى» دەپ ئاتاپ، «ئاسىيا ئىگىلىكىدىكى يېزىقلار چەمبىرىكى» بابىغا كىرگۈزۈپ، ئۇنى قەدىمكى سۇغدى يېزىقى بىلەن تۇغقان يېزىق دەپ قارىدى. ئۇلار نۇقۇل شەكىل جەھەتتە ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈن، بىز «رونىك» يېزىقى دېيىشىمىز مۇمكىن. ئەمما بىز بۇ يېزىق ھەم تۈرك دىيارى بىلەنلا چەكلەنمىگەنلىكىنى، ھەم بۇ يەردە پەيدا بولمىغانلىقىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىشىمىز كېرەك. تۇرپاندا (ھەم دۇخان ۋە بۇ يەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى مىرەن قەدىمكى قەلئەسىدە) مۇشۇ يېزىق بىلەن پۈتۈلگەن بىرنەچچە پارچە تۈركچە قولىيازما بايقالدى. قارىغاندا، بۇلار ئادەتتە مانى دىنى دائىرىسىدىن كەلتۈرۈلگەندەك قىلىدۇ. (مىراندىكى لەشكىرىي مەزمۇنغا دائىر فراگمېنتلاردىن باشقىلىرى)، تۇرپان فراگمېنتلىرىغا ئوتتۇرا ئىران تىلى تەركىپلىرى ئارىلاشقان. تۇرپان ۋە شىمالىي يولدىكى باشقا جايلاردىكى قەدىمىي قۇرۇلۇشلارنىڭ تاملىرىدا يېزىق سانى ناھايىتى تولا. 7. ئېسترانگېلو يېزىقىدىن ھاسىل بولغان مانى يېزىقىنى مانىي دىنى مۇرتلىرىلا ئىشلەتكەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئىران تىلىنى، شۇنىڭدەك قەدىمكى تۈرك تىلىنىمۇ خاتىرىلىگەن. كېيىنچە ئۇلار ئىككى خىل دىئالېكت بولۇپ ئايرىلغان. 8. نامىدىن مەلۇمكى، سۇغدى يېزىقى بىلەن ئاساسەن سۇغدى تىلى، كامدىن كام قەدىمكى تۈرك تىلى خاتىرىلەنگەن، پەقەت بۇددىستلارلا بۇ يېزىق بىلەن قەدىمكى تۈرك تىلىنى خاتىرىلىگەن. 9. سۇغدى يېزىقىدىن كېلىپ چىققان كېيىنكى مەزگىلدىكى سۇغدى يېزىقىنى ھازىر تۈركشۇناسلار ئادەتتە «ئۇيغۇر يېزىقى» دەپ ئاتايدۇ، ئۇ ئۇيغۇر دەۋرىدە ئىنتايىن كەڭ قوللىنىلغان، يەنى دىن ۋە ئۆرپ-ئادەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە تارالغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ يېزىق ئۆلچەملىك ئۇيغۇر تىلىنىلا ئەمەس، دىئالېكتلارنى خاتىرىلەشتىمۇ ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلگەن. بۇ يېزىقنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى ھەرخىل مۇڭغۇل يېزىقلىرى ۋە مانجۇ يېزىقىنىڭ ئاساسى بولغان. 10. مۇڭغۇل يېزىقى بىلەن خاتىرىلەنگەن مۇڭغۇلچە ھۆججەتلەر 13-ئەسىردە ۋە ئۇنىڭدىن سەل كېيىن بارلىققا كەلگەن، بۇلاردىن بىر قانچىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممىسى بۇددا دىنىغا دائىر ئىدى. 11. مىلادىيە 1269-يىلى تۈبۈت يېزىقىدىن باسپا يېزىقى ئىجاد قىلىنىپ، مۇڭغۇل تىلى خاتىرىلەنگەن، ئۇنى ھۆكۈمەت تەرەپ 1368-يىلغىچە قوللانغان. تۇرپاندا ئازغىنە فراگمېنتلاردىلا بۇ يېزىق بايقالدى. 12. خەنزۇ يېزىقى خەنزۇچە ھۆججەتلەردە كۆرۈلىدۇ، خەنزۇچە ۋەسىقىلەرنىڭ سانى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىن كام ئەمەس. خەنزۇچە يېزىق دىن ۋە ئۆرپ-ئادەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە قوللىنىلغان. بۇ يېزىق بىلەن ئۇيغۇرچە ۋە مۇڭغۇلچە ئوبزور ۋە ئىسىملار بىرنەچچە قېتىم يېزىلغان. 13. ئاخىرىدا، تۇرپاندا تاڭغۇت يېزىقى ۋە تاڭغۇت تىلىدىكى فراگمېنتلار ئازراق تېپىلدى. بۇ يېزىق (702). 1037-يىلى ئىجاد قىلىنغان. تاڭغۇت دۆلىتى يوقالغان (1326-يىلى) دىن كېيىنمۇ بىر مەزگىل قوللىنىلغان، 1345-يىلى يۈڭگۈەندىكى ئىشىك بېشىغا خەنزۇ، ئۇيغۇر، موڭغۇل، تۈبۈت ۋە سانسكرىت يېزىقلىرىدىن باشقا، مۇشۇ يېزىق بىلەنمۇ نوم ئايەتلىرى يېزىلغان. ئېيتقاچ كېتەيلى، قاراشەھەردىنمۇ تاڭغۇتچە نۇرغۇن ۋەسىقىلەر تېپىلغان.

### *ماتېرىيال*

تۇرپاندا قەغەز يېزىش ماتېرىيالى قىلىنغان. تاڭغۇتچىدىن باشقا، ھەممە يېزىقلارنىڭ قولىيازمىلىرى تېپىلىدۇ. ئەكسىچە، تاڭغۇت، خەنزۇ، ئۇيغۇر، بىراھمى، تۈبۈت ۋە مۇڭغۇل يېزىقلىرىدىكى ياغاچ بەت باسما ماتېرىياللىرىلا بايقالدى. ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئۆي ۋە بۇتخانىلارنىڭ تاملىرىدىكى بېغىشلىمىلاردا براھمى يېزىقى بىلەن سانسكرىت تىلى، توخرى تىلى ۋە خەنزۇ يېزىقى بىلەن خەنزۇ تىلى كامدىن كام خاتىرىلەنگەن. ئەكسىچە، ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن تۈرك تىلى خاتىرىلەنگەن ئەھۋال ھەمىشە ئۇچرايدۇ. تاملاردىكى ئىرماش-چىرماش خەتلەرنى تىلشۇناسلىق جەھەتتىن رونىك يېزىقى

دەپ ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇلار ئېھتىمال بىر خىل قەدىمكى تۈرك تىلى دىئالېكتى، تۈركىش تىلى دىئالېكتى بولۇشى ياكى ئوتتۇرا ئىران تىلى بىلەن يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن.

*كىتاب شەكلى*

كىشىلەر مەلۇم ساندىكى ۋاراقلارنى ئوتتۇرىدىن پۈكلەپ، پۈكلەنگەن يەردىن تىكىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قەدىمكى كىتاب شەكلى بارلىققا كېلىدۇ. چوڭراق ئەسەرلەر مۇشۇنداق بىرنەچچە كىتابنىڭ چېتىلىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. قوچودا ئوتتۇرا ئىران تىلى، سۈرىيە تىلى، ھەم ئازساندىكى ئۇيغۇرچە بۇددا، خرىستىيان ۋە مانى دىنى ئەسەرلىرى، ئاخىرىدا موڭغۇل تىلىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق شەكىلدە كىتاب قىلىنغان. قەدىمكى تۈركچە كىتابلاردا ئۇيغۇر يېزىقى ئوتتۇرىدىكى پۈكلەنگەن يەرگە تىك يېزىلغان، كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندىلا، ئاندىن پاراللېل يېزىلغان، ئالدىنقى ئەھۋالدا بىر ماۋزۇ ھەممىشە ئىككى قۇردىن ئارتۇق يەرنى ئىگىلەيدۇ، بۇ ئىككى قۇر كىتابنى ئاچقاندا بىر-بىرىگە يېقىن تۇرىدۇ. كىتاب ئوڭدىن سولغا ۋاراقلىنىدۇ. بىراق، قۇرلار ئوتتۇرىدىكى تۈپلەنگەن يەرگە پاراللېل يېزىلغان بولسا، كىتاب سولدىن ئوڭغا ۋاراقلىنىدۇ.

2. ئۇزۇنچاق كىتابلار (203-رەسىم) (703) ھىندىستاننىڭ پالما يوپۇرمىقى كىتابلىرىغا تەقلىد قىلىپ ئىشلەنگەن. تار ۋە ئۇزۇن ۋاراقلار تۈپلەنمەي دەستىلەپ قويۇلىدۇ. بۇ ۋاراقلارنىڭ بىر ئۇچى چىرايلىق بېزەلگەن بولىدۇ (704).

(براھمى يېزىقى) ئوڭدىن بېزىلىدىغان قولىيازمىلارنىڭ ھەربىر ۋارىقىنىڭ سول تەرىپىدە بىر تۆشۈك بولىدۇ، خېتى (مانى يېزىقى ۋە ئۇيغۇر يېزىقى) سولدىن يېزىلىدىغان ئەسەرلەرنىڭ ھەربىر ۋارىقىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر تۆشۈك بولىدۇ، بۇ تۆشۈكلەر باشتىن-ئاياغ بىر-بىرىگە ئۇدۇل بولىدۇ؛ بۇ تۆشۈكلەرگە ئۆتكۈزۈلگەن تانا دائىم ھەرىكەتلىنىپ تۇرۇشى سەۋەبىدىن كىتابنىڭ شۇ يەرلىرى ئوڭاي تىتىلىپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈكچى خەت يازغاندا ئۇ يەردىن مۇئەييەن ئارىلىق ساقلايدۇ. خەت بىلەن قەغەزنىڭ ئۇزۇن تەرىپى پاراللېل بولىدۇ، بەت نومۇرى ئارقا يۈزىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قويۇلىدۇ. قوچودا سانسكرىت، توخرى، (ئۇدۇن ۋە دۇخاندا ساق تىلى)، ئوتتۇرا ئىران ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدىكى كىتابلار مۇشۇ شەكىلدە يېزىلغان. تۈركچە بۇددا كىتابلىرىنىڭ مۇشۇ شەكىللىرى ھەممىشە ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان، مانى دىنى ئەسەرلىرى كامدىن-كام مانى يېزىقى بىلەن يېزىلغان.

3. چوڭلۇقى پالما يوپۇرماقلىرىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن مۇنداق شەكىلدىكى كىتابلار تۈبۈت يېزىقى ئۈچۈن ئىشلەنگەن. ئۇيغۇر ۋە موڭغۇل تىلىدىكى ھۆججەتلەرمۇ مۇشۇنداق ئۆلچەمدىكى كىتابلارغا يېزىلغان، بۇ كىتابلاردا قۇرلار ۋاراقنىڭ قىسقا تەرىپىگە پاراللېل بولۇپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئوقۇلغان بولۇشى، يەنى كىتاب ۋارىقى پۈتكۈچى ياكى ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىغا توغرىسىغا قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھالدا تۆشۈكلەر ۋاراقنىڭ سول تەرىپىدە، بەت نومۇرى ئارقا يۈزىنىڭ سول تەرىپىدە بولىدۇ (705).

4. يۆگىمە كىتاب (204-رەسىم) مۇنداق ئىشلىنىدۇ؛ چوڭ ۋاراقلار بىر-بىرىگە ئۇلىنىدۇ؛ ئۇزۇنلۇقى زۆرۈر تېپىلغاندا نەچچە مېترغا يېتىدۇ، ۋاراق تۈرۈلۈپ ئىشلىتىشكە تەييارلاپ قويۇلىدۇ، يەنى قەغەزنىڭ بىر ئۇچىغا كىچىك تاياقچە يېپىشتۇرۇلىدۇ، تاياقچە قولىيازمىدىن سەل-پەل ئۇزۇن بولىدۇ، تاياقچىنىڭ ئىككى ئۇچىغا توپچىسىمان قاتتىق تۈگۈنچە بېكىتىلىدۇ. قەغەزنىڭ يەنە بىر ئۇچىغا كىچىك تاياقچە يېپىشتۇرۇلىدۇ. تاياقچە قولىيازمىدىن سەل-پەل ئۇزۇن بولىدۇ. تاياقچىنىڭ ئىككى ئۇچىغا توپچىسىمان قاتتىق تۈگۈنچە بېكىتىلىدۇ. قەغەزنىڭ يەنە بىر ئۇچى، يەنە تېكىست باشلىنىدىغان ئۇچىغا تاياقچە ئەمەس، بىر تال شوينا چىگىلىدۇ، بۇ شوينا قولىيازمىنى ئوراپ چىڭ باغلاشقا ئىشلىتىلىدۇ(706). يۆگىمە كىتابنى ئۇيغۇرلار تەگزىنچ (tägzinč) دەيدۇ، يۆگىمە كىتاب مۇنداق يېزىلىدۇ: ئەگەر تۈز يېزىلسا، ئۈستۈنكى گىرۋىكىدىن قالدۇرۇلغان بوش

ئورۇن ئاستىنقى گىرۋىكىدىكىدىن چوڭراق بولىدۇ (205-رەسىم) (707). يەنى ھەممە ۋاراقنىڭ سىرتقى تەرىپىدىن ئۈچ سانتىمېتىر ياكى ئىككى سانتىمېتىر ئاق قالدۇرۇلىدۇ. مەلۇمكى، يوگىمە كىتابنى ئاچقاندا، ئالدىغا قاراپ ئۆزلىكىدىن دومىلاش يۈزلىنىشىدە بولىدۇ، بەزى ئەھۋاللاردا دومىلاپ ئۈستەلدىن چۈشۈپمۇ كېتىدۇ ياكى كىشىلەر ئوقۇماقچى بولغان يەرگىچە ئۆزلىكىدىن يىغىلىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر گىرۋىكى ئېگىزرەك ئۈستەللەرگە ياپىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، يوگىمە كىتابنى مەلۇم يەرگىچە ئېچىش ئۈچۈن، كىشىلەر (ياغاچ؟) تاياق (206-رەسىم) ئىشلىتىدۇ (708)، ئۇنىڭ بىلەن يوگىمە كىتابنى ئىتتىرىپ كېرەكلىك يەرگىچە ئاچىدۇ. بەزىدە بىرنەچچە يوگىمە كىتاب قوشۇپ بىر باغلام قىلىنىدۇ؛ مەيلى دۇخان، كۇچار ياكى قوچودا بولمىسۇن، ھەممىسىدە مۇشۇنداق قوشۇپ بىر باغلام قىلىنغان يوگىمە كىتابلار ئۇچرايدۇ (709). رەسىملەردە تەسۋىرلەنگەن مۇنداق يوگىمە كىتابلار ئەدەبىي ئەسەر ياكى ئەمەسلىكى ۋە كىتاب نامىنىڭ بار-يوقلىقى ئېنىق ئەمەس. قوچودىكى خەنزۇ، توخرى (كامىدىن-كام)، سوغدى، (ساق تىلىدىكىسى گەنسۇدىلا ئۇچرايدۇ) ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى كىتابلار يوگىمە كىتاب شەكلىدە ئىشلەنگەن. قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى يوگىمە كىتابلار ھەممىشە ئۇيغۇر يېزىقىدا بەزىلىرى مانى يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ۋاراقنىڭ بىر يۈزىگە يېزىلغان. بىر سوغدى تىلىدىكى ۋە بىر ئۇيغۇر تىلىدىكى يوگىمە كىتابنىڭ ئارقا بېتىدە پۈتۈكچىنىڭ مانى يېزىقىدا يازغان قەلىمى بايقالدى. خەنزۇچە يوگىمە كىتابلارنىڭ ئارقا بېتىدە ھەممىشە ئالدى بېتىگە مۇناسىۋەتسىز بولغان ئۇيغۇرچە تېكىستلەر ئۇچرايدۇ.

5. يوگىمە كىتاب پۈكلىمە كىتابقا تەرەققىي قىلغان، ھەر ۋاراق قەغەز گارمۇنغا ئوخشاش پۈكلىنىدۇ؛ ئۇلانغان يەر ھامان پۈكلەنگەن يەردە بولىدۇ. بىر ۋاراق قەغەزدىن قاتلاپ چىقىرىلغان ھەربىر بەتنىڭ بەت نومۇرى ھېسابلانماي، بىر پۈتۈن بەت سانى ھېسابلىنىدۇ. بەت نومۇرى قاتلانغان يەردە بولۇپ، ئادەتتە خەنزۇچە خەت بىلەن ئىپادىلىنىدۇ (710). ئۇيغۇرچە پۈكلىمە كىتابلارنىڭ ھەممىسى ياغاچ بەت باسما ماتېرىيالىدىن ئىبارەت. دائىم تېكىستنىڭ بېشىغا ۋە ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان رەسىملەرگە قاراپ، خەتنىڭ ئۈستىدىن تۆۋەنگە قاراپ ئوقۇلىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

6. ئۆرپ-ئادەت ۋە شەخسىي تۇرمۇشتا قەغەز ھەرخىل شەكىللەردە كېسىپ ئىشلىتىلىدۇ. پۇتۇملەر ئومۇمەن چاسا شەكىلدىكى ئايرىم ۋاراققا يېزىلغاندىن كېيىن، بىرنەچچە سانتىمېتىر كەڭلىكتە پۈكلىنىپ باغاقچە قىلىنىدۇ. ئاندىن ئىككى ئۇچى تاكى بىر-بىرىگە تەككىچە پۈكلىنىدۇ، مۇشۇنداق شەكىلدە قەغەزنىڭ ئىككى ئۇچى تەككەن يەرگە ئادەتتە پۇتۇمنىڭ تېمىسى يېزىلىدۇ. تاملاردىكى ئۇيغۇرچە خەتلەر ئادەتتە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئوقۇلىدۇ. رونىك يېزىقىنىڭ ھېچقانداق شەكلى بايقالمىدى، شۇڭا ئۇ ھەقتە بايان قىلغۇدەك ھېچنېمە يوق.

### قۇمۇش قەلەم ۋە موي قەلەم

موي قەلەم (208-رەسىم) دېيىلگەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2-ئەسىردىكى مىلك تيەندىن كېيىن ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان تولىمۇ مۇرەككەپ بۇ قورال بىر تال نەيچە ۋە ئىنچىكە، يۇمشاق، سۇ سۈمۈرۈشچان يۇڭدىن ياسىلىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردە توشقان تۈكى ياكى ئىنچىكە غاز پېيى ئىشلىتىلگەن.

فۇجېنبدا ئاكىرانىڭ قارىشىچە، ئوتتۇرا ئەسىردە جۇڭگونىڭ غەربىدە، مەسىلەن دۇخاندا، ھەممىشە قۇمۇش غولى (207-رەسىم) قەلەم قىلىپ ئىشلىتىلگەن (711). ئۇ پۈتۈكچىنىڭ خەنزۇچە قولىيازمىلاردىكى قۇمۇش قەلەم بىلەن ئانچە ياخشى يېزىلمىغان جايلارنى ھەممىشە چىرايلىق سىزىپ بېزەپ قويغانلىقىنى بايقىغان. شۇڭا، ئۇ موي قەلەم يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن دائىم قۇمۇش قەلەم ئىشلىتىلگەن دەپ قارىغان. شۇ سەۋەبتىن، جۇڭگونىڭ غەربىدە ئۆزىدە ئىشلەنگەن ياكى سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن موي قەلەملەر يېتىشمىگەن چاغدا، ئۇيغۇرلار ھەقىقەتەن قۇمۇش قەلەم

ئىشلەتكەن دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. مۇبادا هازىرقى كۈندە ئۇيغۇرچە يانتۇ يېزىقلار «موي قەلەم بىلەن ئىلماپ يېزىلغان خەت» دەپ قارالسا، ئۇ ئەمەلىيەتتە بۇزۇلغان قومۇش قەلەم بىلەن يېزىلغان خەت بولۇشى مۇمكىن. رەسىملەرگە ئاساسلىنىپ هۆكۈم قىلغاندا، موي قەلەم رەسىم سىزىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئۇيغۇرچە يېغىشلىمىنىڭ بىر كەمتۈك پارچىسىدا، دۈگەتنىڭ يېنىغا قويۇلغان قومۇش قەلەمنى ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ (209 - رەسىم) (712).

قومۇش قەلەم ۋە موي قەلەمنىڭ تۇتۇلۇشى خىلىلا ئۆلچەملىك، بىراق، قەلەم تۇتۇش رەسىملىرىدە ھەقىقەتەن تۇغرا تەسۋىرلەنگەن - تەسۋىرلەنمىگەنلىكى، رەسىمدە سىزىلغىنى پەقەت يېزىش ۋاقتىدىكى قەلەم تۇتۇش ئۇسۇلىمۇ ياكى بىر خىل تەييارلىق قىياپىتىمۇ، بۇ بىر مەسىلە، بۇ يەردە بىر نەچچە مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ: دۇخانىدىكى بىر رەسىمدە پەي قىستۇرۇلغان گىرۋەكسىز بۆك كىيگەن ئاقسۆيەك، يەنى بىر خەنزۇ سول قولىدا ئۇزۇنچاق يېزىق تاختىسىنى كۆتۈرۈپ، ئوڭ قولىدا هازىرقى قېرىنداش قەلەمگە ئوخشاش ئۇچلۇق قەلەمنى تۇتۇپ تۇرىدۇ. كۇچار (قىزىل) رەساملىرى رەسىم سىزىدىغان قەلەمنى باش بارماق بىلەن كۆرسەتكۈچ بارماق ئارىسىغا قىستۇرغان، يېنىغا 3 - 5 تال قەلەمنى قويۇپ قويغان قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. قاراشەھەردىكى تۇنجى دىنىي يىغىلىش رەسىمدە خاتىرە يېزىۋاتقان راھىبلار سىزىلغان. ئۇلار ئۇزۇن بىر ۋاراق قەغەز تۇتۇپ تۇرىدۇ، قەغەز خېلىلا تەكشى قويۇلغان ياكى بىر ئۇچى ساڭگىلاپ تۇرىدۇ، قومۇش قەلەمنى ئىككىنچى بارماق، بەشىنچى بارماق ۋە ئانچە ئاشكارا بولمىغان قىياپەتتە بارماقلىرى ئارىسىغا قىستۇرۇپ تۇتقان (207 - رەسىم). قەغەزنىڭ ئۆلچىمىگە قاراپ، بۇ يەردە سانسكرىت تىلى بىراهمى يېزىقى بىلەن خاتىرىلىنىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن دەپ هۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ (713). قوچودا بىر رەسسام تەسۋىرلەنگەن. ئۇ يېزىش ياكى رەسىم سىزىشتىن ئىلگىرى قەلەمنىڭ ئۇچىنى چىشلەپ يۇمشىتىدۇ. بۇ جۇڭگودا هازىرمۇ ئېقىۋاتقان ئۇسۇلغا ئوخشايدۇ (210 - رەسىم). بۇ چاغدا ئۇ قەلەمنى ئىككىنچى بارمىقىدىن تۆتۈنچى بارمىقىغىچە ئۈستىدىن بېسىپ، باش بارمىقى بىلەن ئاستىدىن كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. (211 - رەسىم). يەنە بىر رەسسام ئەتراپىدىكى تەپسىلاتلارنى زەن سېلىپ كۆزىتىۋاتىدۇ، ئۇ رەسىم سىزىشتىن بۇرۇن، قەلەمنى ئىككىنچى بارمىقىدىن بەشىنچى بارمىغىچە سىقىمداپ تۇتۇپ، باش بارمىقى بىلەن ئاستىدىن كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ (212 - رەسىم). بىز قوچو پۈتۈكچىسى قومۇش قەلەمنى تىك تۇتۇقانلىقىغا، قەلەمنى ئۈستەلگە قويۇلغان قولى بىلەن تۇتۇپ تۇرغانلىقىغا دىققەت قىلدۇق، ئۇ قەلەمنى ئىككىنچى بارمىقىدىن بەشىنچى بارمىقىغىچە ئۈستىدىن سىقىمداپ، باش بارمىقى بىلەن ئاستىدىن كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ (714).

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مانى دىنى نەپىس رەسىملىرىدە پۈتۈكچىلەر كىتاب ئۈستىلى ئالدىدا ئولتۇرىدۇ. كىشىنى ئەجەپلەندۈرىدىغىنى شۇكى، بۇ چاغدا ئۇلار قومۇش قەلەمنى ئوڭ قولىدىلا ئەمەس بەزىدە سول قولىدا ،ھەتتا ئىككى قولىدا تۇتىدۇ. بۇ دىنىي گۇرۇھنىڭ يازغان قوليازمىلىرىنىڭ ئىنچىكىلىق دەرىجىسىدىن قارىغاندا، مۇنداق ئەھۋالنى پۈتۈنلەي بىپەرۋالىق دەپ قاراشقىمۇ بولمايدۇ. ئېھتىمال، بىر خىل سىمۋوللۇق قول ئىشارىسىدۇ؟ خەنزۇلاردا «قەلەم تۇتۇش» بۇددا نومىلىرى (ۋە باشقا يازمىلار) نى تەرجىمە قىلغان ۋە خاتىرىلىگەن چاغدىكى بىر خىل نازارەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئىپادىلەيدۇ. خەنزۇچە بۇددا نومىلىرىنىڭ خاتىمىسىدە بەزىدە كىمنىڭ تەرجىمىگە، كىمنىڭ دىنىي ئەقىدىگە، كىمنىڭ ستىلىستىكىغا، كىمنىڭ ئۇسلۇپقا، كىمنىڭ ئىملاغا، كىمنىڭ تېخنىداكتورلۇققا مەسئۇل ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلىدۇ. ھەتتا، بۇددا نومىلىرىغا ئىنتايىن ئىشتىياق باغلىغان تاڭ تەيزۇڭمۇ ئۆزىنىڭ شۇەنزاڭ تەرجىمە قىلغاندا «قەلەم تۇتۇش» قا رىياسەتچىلىك قىلغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇيغۇرچە تەرجىمىلەردىمۇ ۋەزىپە ئەنە شۇنداق تەقسىم قىلىنىدۇ؛ بىرەر پۈتۈكچىنىڭ ئوڭ قولىدا قومۇش قەلەم، سول قولىدا بىر قەلەم، ھەتتا

ئىككى قولدا بىردىن قەلەم تۇتقانلىقى كوللېكتىپ تەرجىمىدىكى مەلۇم بەدىئىي دەرىجىنى ياكى ئوخشىمىغان ۋەزىپىلەرنى ئىپادىلەمدۇ-يوق، بۇ مەسىلە تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

### دۇگەت

كۇچار رەسساملىرى (160-رەسىم) كىچىك پىيالىدە رەڭ تەڭشىگەندە، قوچودا مەيلى رەسسام (211-رەسىم) ياكى پۈتۈكچى (209-، 210-، 211-رەسىملىرى) بولمىسۇ، ھەممىسى خەنزۇلاردىن كېلىپ چىققان دۇگەت (سىياھدان) نى تۇتۇپ تۇرغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. روشەنكى، كىشىلەر دۇگەتنى سول قولدا كۆتۈرىدۇ. چۈنكى ئوڭ قولدا موي قەلەم ياكى قومۇش قەلەم تۇتىدۇ. خەت يېزىشتا ئىشلىتىلىدىغان دۇگەتنىڭ چېتىدە كىچىك بىر ئويمان بولىدۇ. رەسىم سىزىشتا ئىشلىتىلىدىغانلىرىدا بىرنەچچە ئويمان بولىدۇ (715).

### پۈتۈكچى

نوم پۈتۈكچىلىرى چوقۇم بىرەر ساڭرامنىڭ كىشىسى بولۇشى ناتايىن، «ئالتۇن يارۇق» نىڭ ئاخىرىدىكى ئىمزالارغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى راھىبلار ئەمەس، ئىچىدە ھەممىسى باشقا ئېتىقادچىلارمۇ بار. ئېتىقادچىلار گاھىدا ھەرخىل دىنىي گورۇھلارغا ۋاكالىتەن نوم كۆچۈرىدۇ. پۈتۈكچىلەر «مۇقەددەس» كىتابلارنى كۆچۈرۈش ساۋابلىق ئىش بولۇپلا قالماي، يەنە كارامەت رولىمۇ بار دەپ قارىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇلار كۆچۈرۈشتىكى خاتالىقلارنىڭ ئەجەللىك ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئۇلار كىتابنىڭ ئاخىرىدا ھامان ئەگەر كۆچۈرۈشتە سەۋەنلىك بولسا، كېيىنكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ پۈتۈكچىنى ئەپۇ قىلىشىنى ئىلتىجا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، پۈتۈكچىلەر ئىچىدە ئېتىقادچىلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي: ئۇيغۇر پادىشاھلىقىدا نۇرغۇن ئىختىساسلىق پۈتۈكچىلەر بولغان. چۈنكى، ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن نۇرغۇن پۈتۈملەرنى (716) پۇقرالار ئۆزلىرى يازغان ياكى پۇقرالارنىڭ «ھاۋالىسى» بويىچە باشقىلار يازغان ۋە خاتىرىلەنگەن.

### ئوقۇش ۋە يېزىش

كىتابنى ھامان ئۈستەلگە قويۇپ ئوقۇماي، سول بىلەككە قويۇپ، قۇرلارنى چىمچىلاق، نامسىز بارماق ياكى باشقا بارماقلار بىلەن تۇتۇپ ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. كىشىلەر ۋاراقلارنى ئۆرۈش ئۈچۈن، بىر بارمىقىنى ۋاراقنىڭ تۆشۈك يوق تەرەپ يېرىمىنىڭ تۆۋىنىدە ھەرىكەتلەندۈرۈشى مۇمكىن. ئۈستەل ئومۇملاشمىغان يەرلەردە كىشىلەر چوڭراق تاختاينىڭ ئۈستىگە قويۇپ يازغان، تاختاينى ئىككى پۇتىنىڭ ئۈستىگە ئورناتقان بولۇشى مۇمكىن؛ ئوقۇش ۋاقتىدا كىتاب ئۈستەل ئورنىدا ئىشلىتىلگەن قاتلانما ئورۇندۇق ئۈستىگە قويۇلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن رەسىملەرمۇ بار (717).

### تام رەسىملىرىدىكى بېغىشلىمىلەر

سەدىقىچى ياكى تېۋىنغۇچىلارنىڭ رەسىمنىڭ يېنىدا ھەمىشە «بۇ.... (نامى) (ئېتى) نىڭ رەسىمى» دېگەن بېغىشلىمىلار بولىدۇ. كىشىنى ئەجەپلەندۈرىدىغىنى شۇكى، بېغىشلىمىلارنىڭ كۆپىنچىسى قوپال يېزىلغان بولۇپ، ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىنچىكە سىزىلغان رەسىملەرگە تولىمۇ ئوخشىمايدۇ. لېكىن بېغىشلىمىنى رەسسام ئۆزى يازغان بولسا، سەدىقىچىنىڭ تۆھپىسى ئاندىن زور تەسىر قوزغىغان بولۇر ئىدى دېيىشكە ھەقلىق.

### پۈتۈكچىلىك قىلىش سەۋەبى

تىلاۋەت مۇراسىملىرى ۋە ئۆزىنىڭ نوم ئۆگىنىش ئېھتىياجى كىتاب پۈتۈشنىڭ يېتەرلىك سەۋەبى بولالايدۇ. ئۇيغۇرچە «سەككىز يۈكمەك نوم بېتىگ» ۋە خەنزۇچە «سادداماپۇنداريكا سۇترا» نىڭ «ئاۋالوكىتې سۋارا بودىدا» بابىنىڭ كۆچۈرمىسى تۇرپاندا ئىنتايىن كۆپ بايقالدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ مەزمۇنى ئاممىباپ ۋە ھەجمى كىچىك بولۇپ، پۈتۈكچىلەرنىڭ ئۆز ئىخلاسىنى نامايەن قىلىشىغا تولىمۇ باپ كېلىدۇ (718).

### يېزىش شەكلى

ئادەت ساھەسىدە مۇنتىزىم بىر ھۆججەت نۇرغۇن ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. دۆلەت ئارخىپىدىكى ئەسلى ھۆججەت ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ

كۆچۈرمىسىنىڭ مۇئەييەن ئۆلچىمى بولىدۇ. قانۇنىي
كۈچكە ئىگە هۆججەتكە پۈتۈلمەشكەن ئىككى تەرەپ
ۋە گۇۋاهچىلار ئىمزا قويۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە،
ئۆز «نىشان» (ni šan) ۋە «تامغا» (tamγa)
لىرىنى بېسىشى كېرەك. نىشاننىڭ ئاددىي
سىزىقلىرى قومۇش قەلەم بىلەن سىزىپ چىقىرىلىدۇ.
زۆرۈر تېپىلغاندا، كىشىلەر شىر باشلىق تامغا
(213 ـ رەسىم) سىنى باسىدۇ (719).

### ئىزاهات

(586) دۇخان: «جۇڭگو سەنئىتى»، II، 11 ـ بەت؛ غەربىي ۋىي سۇلالىسى؛ مۇگخۇللار: ئىكپۇچى، 1931 ـ يىل، 40 ـ بەت.

(587) سارچۇق: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، تۇخرىلارنىڭ (؟) 8 ـ ئەسىر؛ قاراشەهەر؛ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 451 ـ بەت، 8 ـ ئەسىر = 164 ـ رەسىم؛ ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىر كۈچى دائىرىسى .

(588) دۇخان: «دۇخان رەڭلىك هەيكەللىرى»، 1960 ـ يىلى، 53 ـ ۋە56 ـ بەتلەر = 165 ـ بەت.

(589) يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 11 ـ بەت

(590) ستەيىن: «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك خاتىرىسى»، 72 ـ بەت؛ ساسانىيخان تاجىنىڭ تاسمىسى؛ گىرسىمان، 250 ـ بەت.

(591) «ستەيىن يىغىپ ساقلىغان بۇيۇملار»، يېڭى دېهلى = 166 ـ رەسىم.

(592) «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 61 ـ بەت، سەككىز ئەجدىها تەگرى

(593) ئۈچ ماخاراج تەگرى: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، IV، 18 ـ بەت. سىۋانىڭ ئوغلى، كارتتىكېيا، «قوچو»، 33 ـ بەت، 167 ـ بەت.

(594) كارتتىكېيا: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 528 ـ بەت، قۇۋۇق قوغدىغۇچى ئىلاھ: «قوچو»، 17 ـ بەت.

(595) كساترىيا: بولۇپمۇ «قوچو»، 37 ـ بەتكە قاراڭ؛ ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى: «قوچو»، 18 ـ 20 ـ ،21 ـ بەتلەر.

(596) تۇمشۇق، ۋاجراپانى: بۇساگلى، 70 ـ بەت = 168 ـ رەسىم، ۋايسراۋانا تەگرىنىڭ سەپىرى، «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 513 ـ بەت= 164 ـ رەسىم.

(597) دورا ـ ئولوبوس؛ گىرسىمان، 51 ـ بەت؛ كورىيەدىكى ئىككى چەۋەنداز؛ ئىكپۇچى ـ ئۇ مېخارا، 52 ـ بەت؛ ئىشىك مۇئەككىلى: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 53، 2 ـ بەت = 169 ـ بەت

(598) مۇغ تېغى: بېلېنىسكىي ـ دوئېرخېر، 110 ـ بەت؛ «رۇستەم»: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 137 ـ بەتنىڭ تۆۋىنى؛ مۇگگۇزلۇك دۇبۇلغا: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 135 ـ بەت.

(599) كۇچار: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، IV، 6 ـ بەت، 7 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى.

(600) قاراشەهەر: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 451 ـ بەت؛ سارچۇق: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 469 ـ بەت؛ ئىككىلىسى 8 ـ ئەسىرگە تەۋە.

(601) دۇخان: خوكارد، 49 ـ بەت.

(602) ۋايسراتەگرى: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 513 ـ بەت = 164 ـ رەسىم؛ ئىككى پەرىزات: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 544 ـ بەت = 170 ـ رەسىم؛ «قوش هەمراھ بولغۇچى» : «قوچو»، 48 ـ بەت = 171 ـ رەسىم؛ «كۆك چەۋەنداز»: سېپېسېر، 131 ـ بەت = 172 ـ رەسىم؛ ئات چاپتۇرۇۋاتقان چەۋەندازلار: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، III، 10 ـ بەت؛ دۇبۇلغا كىيگەن ئىككى كىشى:«قوچو»، 4 ـ بەت؛ بىرقاتار ئاتلىق چېرىك؛ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 47 ـ بەت = 173 ـ رەسىم.

قاغان ۋە چەۋەنداز: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، II، 8 ـ بەت.

(603) كوشان خانى: كۇماراسۋامى، 64 ـ بەت، ماتۇرا، 2 ـ ئەسىر؛ گىرسىمان، 350 ـ بەت: كانىسكا، ماتۇرا، 2 ـ ئەسىر؛ يۇنگالڭ: مىزۇنو ـ ناگاهىدۇ، VII، 55 ـ بەت؛ كارتتىكېيا: «قوچو»، 33 ـ بەت؛ باشقا بىر ياكسا: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 528 ـ بەت؛ «ئاۋادانا»؛ «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى»، X، 356 ـ بەت.

(604) ئەنئەنىۋى بەلگىسى بار ۋاجراپانى: «قوچو»، 27 ـ بەت؛ يالمانلىق نەيزە تۇتقان ۋاجراپانى: «قوچو»، 29 ـ بەت.

(605) خەنجەر قورال بەلۋىغىنىڭ سول يېنىغا ئېسىلىشى: 137 ـ بەتنىڭ تۆۋىنىگە قاراڭ؛ خەنجەر ئوقيا خالتىسىنىڭ ئۈستىگە ئېسىلىشى، جۇڭگودا: سىرېن، 103 ـ رەسىم؛ سارچۇقتا: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 469 ـ بەت؛ قوچودا: «قوچو»، 48 ـ بەت؛ خەنجەر ئوقيا خالتىسىنىڭ ئاستىغا ئېسىلىشى، مۇغ تېغى، بېلېنىسكىي ـ دو ئېرخېر،

110-بەت؛ قوچودا: «قوچو»، 31-بەت؛ «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 513-بەت؛ ياغاچ خەنجەر ئاسقان ياشلار: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 472-بەت؛ «قۇش ھەمراھ بولغۇچى»؛ «قوچو»، 48-بەت= 174-رەسىم؛ خەنزۇ سېھرىگەر: ستەين «ئاسىيانىڭ مەركىزىي رايونلىرى»، 73-بەت = 175-رەسىم؛ خەنجەر سېپىغا ھالقا ۋە تاسما بېكىتتۇۋېلىش: «قوچو»، 31-بەت =176-رەسىم.

(606) پىچاق بەلۋاغنىڭ ئالدىغا ئېسىلىشى: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 628-بەت؛ بەلۋاغنىڭ كەينىگە ئېسىلىشى: «قوچو»، 31-، 33-بەتلەر.

(607) شىشكىن،IVX، 177-بەت؛ سوغدىلارنىڭ قىلىچى ۋە پىچىقى خېلىلا ئۇزۇن.

(608) سوغدىيانا نەيزىسى: شىشكىن، I، II، IV، VI قاتارلىقلار (ۋاراخشا).

(609) نەيزە قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىلگىنى: «قوچو»، 47-بەت (ئۈستۈنكى يېرىمى يوق)؛ نەيزە بەلگە سۈپىتىدە ئىشلىتىلگىنى: «قوچو»، 2-بەت؛ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 48-بەت؛ ياپىلاق نەيزە: «قوچو»، 17-بەت؛ «نەپىس رەسىملەر»، III، 7570= 192-رەسىم .

(610) ئوق ئاغزى ئۇچۇق خالتىغا سېلىنىدۇ: «قوچو»، 2-بەت = 178-رەسىم.

(611) چىلەك كېرىلگەن يا: «قوچو»، 33-بەت= 179-رەسىم؛ ئېسىپ قويۇلغان يا: «قوچو»، 2-بەت؛ خالتىغا سېلىپ قويۇلغان يا: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، III، 20-بەت؛ «قوچو»، 48-بەت=174-رەسىم. شىمالىي كورىيە: ئىكېئۇچى - ئۇمېخارا، 10-بەت؛ مۇغ تېغى: بېلېنىسكىي - دوئېرفېر، 110-بەت؛ پەنجىكەنت: بېلېنىسكىي -دو ئېرفېر، 137-بەت؛ سارچۇق: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 469-بەت.

(612) سالما: «قوچو»، 33-بەت = 180-رەسىم؛ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 17-بەت؛ «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 513-بەتلەر؛ سوغدىيانا، پەنجىكەنت: بېلېنىسكىي -دوئېرفېر، 137-بەت.

(613) O، فرانكې، II، 562-بەت، يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، IV، 403-بەت.

(614) ئايرتام: بېلېنىسكىي - دو ئېرفېر، 49-بەت، 3-، 4-ئەسىر.

(615) لياۋ دەۋرىدىكى شاقىلداق: تامۇرا- كوباياشى، 1، 45-بەت؛ 181-رەسىمنىڭ ئوڭ تەرەپ يۇقىرى تەرىپىدە؛ دۇخاندا : «دۇخان تام رەسىم تۈرلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى»، 49-بەت.

(616) چوڭ دۇمباق: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 586-بەت = 181-رەسىم سول تەرەپ يۇقىرىدا؛ «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 527-بەت.

(617) بەل دۇمبىقى، يۇنگاڭدا: مىزۇنو - ناگاھىرو،IX، 95-بەت؛ قوچودا: «نەزىرلىك چالغۇلار»؛ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، IV، 16-بەت = 181-رەسىم ئوڭ تەرەپ تۆۋەندە؛ Chandra Das 1105-بەتكە قاراڭ. Vrtsii گە قاراڭ.

(618) جاراڭ: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، IV، 16-بەت، K. رېيىنخارەنىڭ «جۇڭگو مۇزىكىسى» دىن پايدىلىنىلىنىڭ، «جۇڭگو» نىڭ 1929-يىلى 4-يىللىقىغا بېسىلغان.

(619) يۇنگاڭدا: مىزۇنو - ناگاھىرو، XI، 95-بەت ئوڭ تەرەپ يۇقىرىدا: بىر چالغۇچى پەرى ئىككى قولىغا بىردىن كىچىك مېتال جاراڭ ئېلىۋالغان؛ قوچودا: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، IV، 16-بەت = 181-رەسىم سول تەرەپ تۆۋەندە.

(620) پەنجىكەنت: بېلېنىسكىي - دوئېرفېر، 134-بەت؛ كۇچاردا: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 264-بەت.

(621) دۇخان: «دۇخان تام رەسىم تۈرلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى»، 49-بەت؛ قۇمتۇردا: « ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، VI، 22-بەت = 182-رەسىم؛ قوچودا: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 664-بەت، ئۇنىڭ قوش بېشى بار.

(622) رەسىمدىن مۇنداق چالغۇنىڭ ئەگمە شەكىللىك ياكى تەكشى رېزونانىسلىق ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، شۇڭا، ئۇنىڭ كۆپ تارىلىق قالون ياكى قۇتتار ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى كۆرگىلى بولمايدۇ؛ يۇنگاڭدا: مىزۇنو- ناگاھىرو. IV، 100-بەت؛ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، XI، 95-بەتنىڭ يۇقىرىسى ۋە ئوتتۇرىسى؛ دۇخاندا : «دۇخان تام رەسىم تۈرلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى»، 64-بەت؛ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 21-بەت؛ فوكارد، 1-بەت؛ جۇ يۇڭگۇەندە : مۇراتا - فۇجىئېدا، 18-بەت؛ قوچودا: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، II، 8-بەت؛ «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى» 664-بەت = 183-رەسىم؛ قوچودىكى شەكىل ھەققىدە: خانېدا، 71-بەت.

(623) دۇخاندىكى ھەربىي چالغۇ: «جۇڭگو سەنئىتى»، II، 17-بەت، جۇڭگو ۋولىنكىسى: لىئون- گولدسمىدت، 95-بەت؛ يۇنگاڭدىكى ۋولىنكا: مىزۇنو-ناگاھىرو، IV، 45-بەت؛ يۇنگاڭدىكى گارمۇشكا: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، IX، 28-بەت سول تەرەپ يۇقىرىدا( ؟)

(624) يۈنگاگدىكى نەي: مىزۇند-ناگاھىرو، III، 177-بەت؛ دۇخاندىكى نەي: «دۇخان تام رەسىم تۈرلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى»، 49-بەت؛ قىتان نەيى: تامۇرا-كوبا ياشى، 45-بەت؛ قوچو نەيى: ئاندرېۋس، VIIXX؛ «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 664-بەت = 184-رەسىم ئوڭ تەرەپ يۇقىرىدا.

(625) يۈنگاگدىكى ئۇزۇن نەي: مىزۇنو - ناگاھىرو، XI، 95-بەت سول تەرەپ يۇقىرىدا؛ قوچودا ئۇزۇن نەي؛ ئاستانە، ستەيىن «ئاسىيانىڭ مەركىزىي رايونلىرى»، 107-بەت؛ ئۇيغۇر دەۋرىدىكى ئۇزۇن نەي: ئاندرېۋس، VIIXX؛ «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 664-بەت = 184-رەسىم، ئوتتۇرىدا.

(626) قومۇش نەي: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 664-بەت = 184-رەسىم سول تەرەپ يۇقىرىدا.

(627) يۈنگاگدىكى تىز مانەي: مىزۇنو-ئاگاھىرو، IX، 28-بەت يۇقىرى تەرەپ ئوتتۇرىدا؛ دۇخاندىكى تىزما نەي: «دۇخان تام رەسىم تۈرلىرىنىڭ مەزمۇنى»، 49-بەت = 184-رەسىم تۆۋەندە.

(628) بۇرغا : «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، IV، 16-بەت = 37-رەسىم سول تەرەپ يۇقىرىدا.

(629)o فرانكې، IV، 19- ۋە 36-بەتلەر.

(630) ناخشىچى ۋە كۆپ تارلىق قالون چالغۇچى: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، II، 8-بەت.

(631) پادىشاھنىڭ ھەرەم مۇزىكىسى: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 664-بەت.

(632) «دۇخان تام رەسىم تۈرلىرىنىڭ مەزمۇنى»، 64-بەت.

(633) تامۇرا- كوباياشى، 45-بەت.

(634) «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 91-بەت.

(635) كوماگانى.

(636) ئاندرېۋس، VIIXX.

(637) ئىكېئۇچى - ئۇمىخارا، 6-ۋە بەتلەر

(638) 632 - ئىزاھقا قاراڭ.

(639) فرانكې، II، 562-بەتنىڭ ئاستى، يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، IV، 184-بەت.

(640) مىزۇنو - ئاگاھىرو، III، 171-بەت؛ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، III، 148-بەت؛ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، XII، 37-بەت ۋە باشقىلار.

(641) 632-ئىزاھقا قاراڭ: نەيلىك-تارلىق چالغۇ ئەترىتى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى جۇڭگودا مۇشۇنداق تىزىلاتتى: سېرىك ئارتىسلىرى ۋە باشقا سەنئەتكارلارنىڭ سەھنىسىنىڭ بىر يېنىدىكى بىر ياكى بىر-بىرىگە يانداپ قويۇلغان ئىككى ئۇزۇن سېلىنچا ئۈستىدە نەيلىك-تارلىق چالغۇ ئەترىتىدىكىلەر تىزىلىپ ئولتۇراتتى، فىنستېربۇش، 309-بەتنىڭ سول تەرىپى، يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 631-بەت.

(642) «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، IV، 22-بەت، تەخمىنەن مىلادىيە 750-يىلى .

(643) فرانكې، II، 562-بەت.

(644) «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى»، X، 145- ۋە 469-بەتلەر.

(645) كوماگائى: «شىنجاڭدىكى كۆچاردىن تېپىلغان رەڭدار نەقىشلىك قۇتا».

(646) «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 513-بەت= 238-بەت.

(647) سارچۇق: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 465-بەت؛ «سۇ يۈزى، سۇ»: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 482-بەت؛ ئېگەر يوپۇقى: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار، VII، 32-بەت؛ مۇراسىمدە ئىشلىتىلىدىغان ئۇزۇن گىلەم: 79-، 81-رەسىملەر؛ «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 473-بەت=185-رەسىم؛ «بۇلۇت»، «قوچو» 47-بەت = 186-رەسىم؛ «تاغ»: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، III، 22-بەت = 187-رەسىم؛ «ئوت»: «ئىدىقۇت شەھىرى ھەققىدە»، IX= 188-رەسىم.

(648) «قۇش ھەمراھ بولغۇچى» : «قوچو»، 48-بەت؛ ياغاچ پول: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، V، 21-بەت.

(649) «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، 26-بەت؛ «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 677-بەت = 190-رەسىم

(650) ياش ئاقسۆيەك: «دۇخان تام رەسىمى تۈرلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى»، 20-بەت، غەربىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرى؛ چوڭ ياشلىق ئاقسۆيەك: «جۇڭگو سەنئىتى»، II، 1-بەت، ئوخشاش بىر دەۋر= 191-رەسىم، ئاپسارا: «دۇخان تام

رەسىملىرىدىن تاللانمىلار»، 11 ـ بەت، تالڭ سۇلالىسى دەۋرى.

(651) يۇڭگالڭ: مىزۇنو ـ ناگاھىرو، VI، 10 ـ بەت؛ دۇخان، ئۆكەر: «جۇڭگو سەنئىتى»، II، 11 ـ بەت، غەربىي ۋېي دەۋرى؛ ۋايىسراۋانا تەگرى: ستەيىن «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك خاتىرىسى»، 72 ـ بەت، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرى: قوچو، «نەپىس رەسىملەر»، III، 7570=192 ـ رەسىم؛ ئۈچ ئاچىماق يالمانلىق نەيزە: «قوچو»، 33 ـ بەت.

(652) بۇددىىغا چوقۇنغۇچى بار چالا: «ئىدىقۇت شەھىرى ھەققىدە»، 143 ـ بەت؛ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، IVX، IVX، «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 617 ـ بەت، «قوچو»، 21 ـ بەت = 54 ـ رەسىم؛ مانى دىنى مۇرتلىرى چوقۇنىدىغان جالالىق تۇغ: «قوچو»، 3 ـ بەت.

(653) دېۋانىڭ تۇغى: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 510 ـ بەت؛ ئۆكەرنىڭ تۇغى: «قوچو»، 1 ـ بەت؛ «قۇش ھەمراھ بولغۇچى»نىڭ تۇغى: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش. 48 ـ بەت = 193 ـ رەسىم؛ تۇغ (tuɣ) ۋە كۆۋرۈك (kövrük) تىلغا ئېلىنغانلاردىن يەنە مۇنۇلار بار : «قوچودىن تېپىلغان تۈركچە مانى دىنى ھۆججەتلىرى»، III، 40 ـ بەت، 24 ـ سان.

(654) «كۆك چەۋەنداز»، سېپىسىر، 131 ـ بەت؛ «قۇش ھەمراھ بولغۇچى»؛ «قوچو» 48 ـ بەت = 172 ـ رەسىم؛ يا : «قوچو»، 31 ـ بەت؛ يولۋاس تېرىسىدىن پەرتۇق تارتقان ئاسكېتېن: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 674 ـ بەت؛ پاچىقىغا يولۋاس تېرىسى ئورىغان ئاسكېتېن: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 510 ـ، 511 ـ، 561 ـ بەت.

(655) تۆت ماخاراج تەگرى: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 513 ـ بەت؛ ۋاجراپانى: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 523 ـ بەت؛ قۇۋۋۇق مۇئەككىلى؛ «قوچو»، 17 ـ بەت؛ كساترىيالار: «قوچو»، 21 ـ، 24 ـ، 19 ـ، 18 ـ بەتلەر؛ بىر ئىلاھ: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 311 ـ بەت؛ ياش ياكسا: «نەپىس رەسىملەر»، III، 6468؛ بۆكەقاغان: II، 8 ـ بەت؛ «كىچىك ئەمەلدار»؛ «نەپىس رەسىملەر»، III، 6332. ۋاسىتىلىك ئەسەرلەر «يونانلاشقان دەۋرىدىكى شەرق»، D. شلۇ مېگېلىنىڭ: «يونانلاشقان دەۋرىدىكى شەرق» كە قارالڭ، بادېن ـ بادېن 1969 ـ يىلى نەشرى، 12 ـ بەت، 3 ـ رەسىم. قەدىمكى بىر يۇلدا كۆشان خانى كانىسكا شۇنداق تراكۇنلۇك تون كىيگەن قىلىپ تەسۋىرلەنگەن.

(656) ھالقا سالغان ئاقسۇيەك: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، III، 17 ـ بەت؛ چوڭ مارجان ئېسىۋالغان ئاقسۇيەك: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، III، 18 ـ بەت؛ ھالقىسىغا چوڭ مارقان ئېسىۋالغان ئاقسۇيەك: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، III، 15 ـ، 14 ـ بەتلەر؛ چوڭ ئىككى ھالقا سالغان چەتئەللىك: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، III، 19 ـ بەت؛ ھارىتى: «قوچو»، 40 ـ بەت.

(657) بۇددانىڭ جەينەك ئۆگىسىنىڭ بەلگىسى: «قوچو»، 18 ـ بەت =194 ـ رەسىم، يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 26 ـ، 21 ـ، 19 ـ، 23 ـ بەتلەر، 26 ـ، 28 ـ، 27 ـ بەتلەر؛ بۇساگلى، 34 ـ بەت؛ ئارخاتنىڭ جەينەك ئۆگىسىنىڭ بەلگىسى: «قوچو» 251 ـ بەت، «نەپىس رەسىملەر»، III، 6361؛ تۇخرى راھىبىنىڭ جەينەك ئۆگىسىنىڭ بەلگىسى: «قوچو»، 21 ـ بەت؛ دېۋانىڭ جەينەك ئۆگىسىنىڭ بەلگىسى: «قوچو»، 20 ـ، 24 ـ، 26 ـ، 28 ـ، 29 ـ بەتلەر، بۇساگلى، 34 ـ، 39 ـ بەتلەر؛ «نەپىس رەسىملەر»، III، 4621، بودساتۋانىڭ جەينەك ئۆگىسىنىڭ بەلگىسى: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، VII، 32 ـ بەت؛ سىددارتانىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشى: «نەپىس رەسىملەر»، III، 7240؛ بالىنىڭ جەينەك ئۆگىسىنىڭ بەلگىسى: «قوچو» 31 ـ بەت» «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، IV، 16 ـ بەت؛ براھماننىڭ جەينەك ئۆگىسىنىڭ بەلگىسى، «قوچو»، 17 ـ، 29 ـ بەتلەر؛ «جۇڭگو سەنئىتى»، II، 18 ـ بەت؛ كۇماگائى، «نەپىس رەسىملەر»، III، 6360؛ براھمان مۇرتلىرىنىڭ جەينەك ئۆگىسىنىڭ بەلگىسى: «قوچو»، 26 ـ بەت. ـــ خانىمنىڭ تىزىنىڭ بەلگىسى: «قوچو»، 31 ـ، 33 ـ بەتلەر؛ براھمان مۇرتلىرىنىڭ تىزىنىڭ بەلگىسى: «قوچو»، 26 ـ بەت، لەنەتلىنىپ ئۆلگۈچىنىڭ تىزىنىڭ بەلگىسى: «نەپىس رەسىملەر»، III، 8734؛ ئاختامار: سىدارپى، 51 ـ، 50 ـ بەتلەر.

(658) ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قېشى تۈز ۋە ئىنچىكە سىزىلىدۇ؛ «قوچو»، 31 ـ، 11 ـ، 25 ـ، 30 ـ، 33 ـ، 38 ـ بەتلەر؛ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، III، 13 ـ بەت؛ V، 25 ـ بەت؛ ھارىتىنىڭ قېشى: «قوچو»، 40 ـ بەت؛ بىر ئىلاھەنىڭ قېشى: «قوچو»، 46 ـ بەت؛ كساترىيانىڭ خانىمىنىڭ قېشى: «قوچو»، 18 ـ بەت، لېكىن، سايىۋەن تۇتقان ئادەمنىڭ قېشى مۇنداق ئەمەس؛ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 19 ـ، 20 ـ، 21 ـ بەتلەر، لېكىن، تۇغ كۆتۈرگەن ئادەمنىڭ قېشى مۇنداق ئەمەس؛ بىر بالىنىڭ قېشى: «قوچو»، 39 ـ بەت، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، IV، 16 ـ بەت.

(659) «كالا كۆز» ئارخاتنىڭ بەلگىسى بولغىنى: «قوچو»، 26 ـ بەت؛ كۆك كۆز ئارخاتنىڭ بەلگىسى بولغىنى: «قوچو»، 17 ـ بەت؛ غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ بەلگىسى بولغىنى: «قوچو» 7 ـ بەت. ھالڭ ـ تالڭ قالغان بىر ئوقيا مېنىڭ پولتىيىپ چىققان كۆزى: «قوچو»، 33 ـ بەت؛ ھالڭ ـ تالڭ قالغان باشقا بىر ئۇيغۇرنىڭ پولتىيىپ چىققان كۆزى: «قوچو»، 31 ـ بەت؛ كارتىنكېيا قاتارلىق ياكسالارنىڭ پولتىيىپ چىققان كۆزى: «قوچو»، 33 ـ بەت؛ ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا

ياكسالارنىڭ پولتىيىپ چىققان كۆزى؛ ياكساۋاجرا پاننىڭ پولتىيىپ چىققان كۆزى: «قوچو»، 18-، 23-، 27-بەت قاتارلىقلار.

(660) ئۆلگۈچى باقى ئالەمنىڭ ئون تەگرىسىنىڭ ئالدىدا: «ئىدىقۇت شەھىرى ھەققىدە»، IX؛ ۋايىسيا: «قوچو»، 28-بەت؛ ياكسا: «قوچو»، 31-بەت.

(661) «قوچو»، 21-، 23-، 33-بەتلەر: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 455-، 583-بەتلەر؛ «ئىدىقۇت شەھىرى ھەققىدە»، 34-، 18-بەتلەر؛ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، V، 3-بەت؛ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، IX، يۇقىرىدىكىلەرگە ئوخشاش، 13-بەت؛ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش،VXX؛ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، VIIIXX. A.G ئۆگاچېنكوۋا: «كارتساياننىڭ ھەيكىلى» 1971-يىلى، 129-بەتكە ئاساسلانغاندا، ھايۋانلارنىڭ دىلى قۇلاق قىلىپ سىزىلىشنى يونانلىشىش دەۋرىدىكى سارتپىيننىڭ ھەيكىلىگىچە سۈرۈشتۈرۈش مۇمكىن.

(662) «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى»، X، 30-قۇر ۋە ئىزاھ.

(663) بۇ سەكسەن خىل سۈپەت ھەققىدە «بۇددا دىنى لۇغىتى» نىڭ 119-بېتىگە قاراڭ.

(664) «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، V، 7-بەت = 195-رەسىم، ئۇخرى رەسسامى سىزغان.

(665) «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى» 34-بەت؛ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، VI، 7-ئەسىر: XII، 5-، 8-ئەسىر.

(666) «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، V= 196-رەسىم.

(667) نىيەت قىلىش سورۇنى، «قوچو»، 17-29-بەتلەر.

(668) ساكراۋارتى خان، يەنى بۇددانىڭ ئوتتۇز ئىككى قىياپىتى: «خەنزۇچە بۇددا ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»، 60-بەت.

(669) كۇچار: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، VII، A = 197-رەسىم؛ قوچو: 108-، 119-، 120-رەسىملەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا قاراڭ؛ «قوچو»، 19-، 21-بەتلەر.

(670) كۇچاردا: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، VII، A، قوچودا: بېزەكلىك، 667-ئىزاھقا قاراڭ.

(671) «قوچو»، 31-بەت = 198-رەسىم.

(672) ستەيىن: «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك خاتىرىسى»، 93-بەت = 199-رەسىم، دۇخان، باقى ئالەمنىڭ بىر تەگرىسىنىڭ چاكىرى.

(673) مىزۇنو- ناگاھىرو، XI، 86-بەت؛ X، 25-بەت.

(674) دۇخان: ماسۇموتو، 113-بەت؛ ستەيىن، «ئاسىيانىڭ مەركىزىي رايونلىرى»، 150-بەت؛ «دۇخاننىڭ رەڭلىك ھەيكەللىرى»، 64-بەت؛ ستەيىن، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ئىزلار ھەققىدە»، 95-بەت؛ ستەيىن: «مىڭئۆي»، XII، فۇكارد، 40-بەت.

(675) ئالدىنقى تۈرك دەۋرى: ستەيىن: «ئاسىيانىڭ مەركىزىي رايونلىرى»، 107-بەت؛ ئۇيغۇر دەۋرى: ئاندرېۋس، XI بەت؛ ناخشىچى: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، II، 8-بەت؛ خانىم: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، III، 16-بەت.

(676) مانى دىنى مۇرىتى: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، II، 8-، 1-، 7-بەتلەر.

(677) مانى دىنى مۇرىتى:«ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، II، 26-بەت.

(678) قىز: «قوچو»، 7-بەت.

(679) باقى ئالەمنىڭ بىر تەگرىسى يىگىنى كۆچەپ تۇرۇپلىپ، ئۆلگەن بىر گۇناھكارغا بولغان غەزىۋىنى ئىپادىلەيدۇ، ماسۇموتو، 116-بەت = 200-رەسىم.

(680) كورىيە: مورى - نائىتو، 36-بەت؛ دۇخان: مۇراسىم يۇملاق يەلپۈگۈچنى سۇنۇپ تۇرغان كۆتكۈچى: «دۇخان تام رەسىم تۈرلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى»، 20-بەت، غەربىي ۋېي دەۋرى؛ تەزىيەنامە قاتارلىقلارنى تۇتۇپ تۇرغان كۆتكۈچى: موسۇموتو، 116-، 115-، 117-، 111-، 104-بەتلەر.

(681) قوللىرىنى يېپىۋالغان سەدىقىچى: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، V، 22-بەت؛ «ئىدىقۇت شەھىرى ھەققىدە»، VIII، يالىڭاچ قول، يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش،VIX.

(682) مىزۇنو - ناگاھىرو، بۇدساتۋا: VIII، 30-بەت؛ راھىب: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، I III، 26-بەت؛ ئەجدىھا شاھ: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، III، 204-بەت؛ ياكسا: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، III، 161-بەت؛ تابغاچ چوقۇنغۇچىلار: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، III، I331-بەت؛ سىددارتا: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 155-بەت.

(683) «مەيجىشەن غارى»، 82-بەت؛ سۇللىۋان، 10-بەت.

(684) پەنجىكەنت: بېلېنىسكىي - دۇئېرفېر، 142 - ، 145 - بەتلەر.

(685) كۇچار: راھىب: ۋالدىسمىت «گاندارا»، 76 - بەت؛ نورسگە چىراغ قويۇلغان ئاقسۇيەك؛ ئېرمىتاژ مۇزېيى، 6 - 7 - ئەسىرلەر؛ ئارخاتلار: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، IV، 11 - بەت؛ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 12 - بەت، 7 - ئەسىر.

(686) قۇمتۇر: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 20 - بەت.

(687) سارچۇق: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 464 - بەت.

(688) قاراشەھەر: ئېرمىتاژ مۇزېيى.

(689) «جۇڭگو سەنئىتى»، II، 101 - بەت.

(690) روربورن، 1027 - قۇر.

(691) خرىستىيان مۇرتى: «قوچو»، 7 - بەت؛ تۇدۇن: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 16 - بەت؛ راھىپ: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 36 - بەت = 201 - رەسىم؛ ئۈچ ئاچىماق گىرۋەكسىز بۆك كىيگەن كىشى: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، III، 17 - بەت؛ قەدىمكى پارسلارنىڭ تاجىنى تاقىغان كىشى: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، III، 15 - بەت، سىرتتىن كەلگەن خانىم: III، 19 - بەت؛ بالا : «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، IV، 16 - بەت.

(692) پازىرىك: يېتمار، 115 - بەت؛ جۇڭگو: فىنستېربۇش، 16 - ، 104 - ، 132 - ، 131 - ، 394 - ، 390 - ، 385 - بەت قاتارلىقلار.

(693) كورىيە: مورى - نائىتو، 36 - بەت.

(694) يۇنگاڭ: مىزۇنو - ناگاھىدو، XI، 58 - بەت.

(695) جۇڭگو: سپېيسېر، 149 - بەت، 8 - ئەسىر.

(696) دۇخان: ستەيىن «مىڭئۆي»، XII.

(697) 16 ئاقسۇيەك: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، III، 14 - بەت: «ئائىلە رەسىمى»: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، V، 22 - بەت؛ مانى راھىبى :«قوچو»، 8 - بەت.

(698) قەدىمكى پاس تاجىنى كىيگەن كىشى: «قوچو»، 30 - بەت، سولدىن ئۈچىنچى كىشى = 202 - رەسىم؛ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 38 - بەت؛ يۇمىلاق ئاددىي بۆك كىيگەن ئاقسۇيەك: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 47 - بەت؛ ئوغلان: «قوچو»، 12 - ، 38 - بەتلەر؛ ئايال: «قوچو»، 30 - ، 38 - بەتلەر؛ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، V، 25 - بەت.

(699) دۇخان: ستەيىن: «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك خاتىرىسى»، 61 - بەت.

(700) «ئائىلە رەسىمى» : «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، V، 22 - بەت.

(701) H. يېنسېن: «بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى يېزىقلار»، 2 - سان، بېرلىن، 1958 - يىل، 583 - بەت؛ 395 - 400 - بەتلەر.

(702) يېنسېن، 177 - بەتنىڭ ئاخىرى.

(703) «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، III، 11 - بەت = 203 - رەسىم.

(704) ۋاراقلار ئوڭاي تېتىلىپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، رەتلىك كېسىلگەن بىر تەرىپىدىكى بېزەكلەر ساقلىنىپ قالمىغان، لېكىن، مۇنداق بېزەكلەرنى كىتابتىكى رەسىملەردىن كۆرۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 620 - بەت = 305 - بەت؛ «ئىدىقۇت شەھىرى ھەققىدە»، 122 - بەت. تىبەتچە ۋە موڭغۇلچە بۇددا كىتابلىرىنىڭ رەتلىك كېسەلگەن بىر تەرىپى ھازىرمۇ چىرايلىق بېزىلىدۇ.

(705) «ئىدىقۇت شەھىرى ھەققىدە» دىن پايدىلىنىڭ، 136 - بەت.

(706) يۆگىمە كىتاب: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 605 - بەت = 204 - رەسىم؛ تاياقچىنىڭ ئىككى ئۇچىغا توپچىسمان قاتتىق نەرسە بېكىتىلىشى: «نەپىس رەسىملەر»، III، 4698. قولىيازمىنىڭ بىر ئۇچى: «نەپىس رەسىملەر»، III، 7248؛ III، 4698. يۆگىمە كىتابنىڭ شوينىسى: «نەپىس رەسىملەر»، III، 4689. ئۇيغۇرچە ئەسلى تېكىستنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. «نەپىس رەسىملەر»، III، 4693؛ خەنزۇچە قوچو تېكىستى.

(707) ئېچىلغان يۆگىمە كىتاب: ماسۇموتو، 115 - بەت؛ يوقىرىدىكىگە ئوخشاش، 116 - بەت = 205 - رەسىم، ئۈستۈنكى گىرۋىكى ئاستىنقى گىرۋىكىدىن كەڭرەك؛ «قوچو» دىن پايدىلىنىڭ، 47 - بەت؛ «نەپىس رەسىملەر»، III، 6327.

(708) كىتاب ئۈستىلى: «قوچو»، 47 - بەت؛ ماسۇموتو، 10 - بەت، خەنزۇچە ئەسلى تېكىست، تاياقچە: «نەپىس رەسىملەر»، III، 4690 = 206 - رەسىم.

(709) دۇخان: ماسۇموتو، 115-بەت؛ ستەين: «مىڭئۆي»، XXXIII؛ كۇچار (قىزىل)؛ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، IV، 12-بەت، 7-ئەسىر؛ قوچو: «نەپىس رەسىملەر»، III، 4647.

(710) «نەپىس رەسىملەر»، III، 6481؛ ئۇيغۇرچە بىر ياغاچ بەت باسما ماتېرىيالىنىڭ بېشىدىكى رەسىم: «ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر»، II.

(711) قۇمۇش قەلەم: ستەين: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ئىزلار ھەققىدە»، 125-بەت = 207-رەسىم؛ موي قەلەم: «قوچو»، 31-بەت = 208-رەسىم؛ فوجىئېدا ئاكىرا: «دۇخان قولىيازمىلىرى».

(712) «نەپىس رەسىملەر»، III، 4647 = 209-رەسىم

(713) دۇخان: ستەين «مىڭئۆي»، XXXIII؛ كۇچار: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 336-، 337-، 338-بەتلەر؛ قاراشەھەر: ستەين «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ئىزلار ھەققىدە»، 125-بەت: 207-رەسىم. ئۇنىڭ بىر قىسمى.

(714) رەسسامنىڭ قەلەم ئۇچىنى چىشلىشى: «قوچو»، 31-بەت = 310-رەسىم؛ رەسسامنىڭ قەلەمنى رەڭ تەگكۈزۈش تاختىسىغا سۇنۇپ تۇرۇشى: «قوچو»، 33-بەت = 211-رەسىم؛ رەسسامنىڭ قەلەم ۋە دۈگەت تۇتۇپ، تەپسىلاتلارغا زەن سېلىپ تۇرۇشى: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 512-بەت = 212-رەسىم؛ قوچو پۈتۈكچىسى: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، II، 8-بەت.

(715) كۇچاردىكى رەڭ تەگكۈزۈش پىيالىسى: 160-رەسىم؛ «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 33-، 338-، 357-بەتلەر؛ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، IV، 12-بەت؛ سىياھ ئېزىدىغان دۈگەت: 209-، 210-، 212-رەسىملەر؛ رەسسامنىڭ دۈگىتى: 211-رەسىم.

(716) «ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەر».

(717) «ئىدىقۇت شەھىرى ھەققىدە»، 116-بەت، 117-، 124-بەتلەر؛ يېزىش تاختىسى: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 136-بەت؛ ئۇستەل ئورنىدا قاتلانما ئورۇندۇق ئىشلىتىش: 48-بەت.

(718) «سەككىز يۈكمەك نوم بىتىگ»» «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى»، VI؛ «ئاۋالوكىتې سۋارا بۇددا»، فۇجىئېدا ئاكىرا، «Bokubi»، 177-سان، 1968-يىل 3-ئاي، توكيو؛ دۇخانىنىڭ رەسىم قىستۇرۇلغان بىر يۈكمە كىتابىنىڭ فوتو باسمىسى؛ ياپونىيىدە چۈشەندۈرۈلگەن.

(719) «نەپىس رەسىملەر»، III، 7783=213-رەسىم؛ «قوچو»، 64-بەت.

(تەرجىمانلار:شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ ئالىي مۇھەررىرى، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى)

تەھرىرلىگۈچى:ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

**(داۋامى كېيىنكى ساندا)**

# قەدىمكى تۇرپاندا شەھەر قۇرۇلۇشى

## (قەدىمكى جەمئىيەتتىن ئوتتۇرا ئەسىرلەرگىچە)

ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت

تۇرپان تەگرىتاغنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ، يەر شەكلىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى: تۆت ئەتراپى تاغلىق، ئوتتۇرىسى ئويمانلىق. ئىللىق مۆتىدىل بەلباغ، قۇرغاق ئىقلىم رايون ھېسابلىنىدىغان بۇ جاي قەدىمدىن «ئوت يۇرتى» دەپ تەرىپلىنىپ كەلمەكتە. ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەر ۋە سوغۇقتىن مۇداپىيەلىنىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئۆي - گەرمىلەرنى ياساش تېخنىكىسى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن قەدىمكى دەۋرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇنداق ئىللىق ماكان ئىپتىدائىي تۇرمۇش شەكلىدە ياشاۋاتقان ئىنسانلار ئۈچۈن ئالاھىدە ياشاش ئارتۇقچىلىقىغا ئىگە. شۇڭا، بۇ جايدا ئىنسانلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش تارىخى بىر قەدەر بالدۇر باشلانغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇشنىڭ ئەڭ زۆرۈر ئاساسى بولغان سۇغۇرىلىدىغان دېھقانچىلىقمۇ مۇشۇنداق تەبىئىي مۇھىتى قۇرغاق بولغان جايلاردا نىسبەتەن بالدۇر پەيدا بولغان. بۇ جاينىڭ ئەتراپىدىكى ئېگىز تاغلاردىن ئېقىپ كېلىدىغان دەريا - ئېقىنلىرى بار. لېكىن، بۇ دەريا - ئېقىن سۇلىرى كۆنسېرى ئېشىۋاتقان ماددىي ئېھتىياجنى قاندۇرالمىغان چاغدا، كىشىلەر كارىز كولاپ سۇ چىقىرىشتەك جاپالىق قۇرۇلۇش ئارقىلىق ئۆز ماكانلىرىنىڭ داۋاملىق گۈللىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان. بۇمۇ تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشىغان قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ ئۆز ئانا يۇرتىدا مەڭگۈ يۆتكەلمەي ياشاشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنىڭ بىر بەلگىسىدۇر.

تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرىدا، جۈملىدىن ئېرىق - ئۆستەڭ ئارقىلىق دەريا - ئېقىن سۇلىرىنى باشلاپ كېلىش بىلەن كارىز كولاپ سۇ چىقىرىش - سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىقنىڭ جان تومۇرى ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇ دەريا - ئېقىنلار بىلەن كارىزلارنىڭ ئوتتۇرا - تۆۋەن ئېقىنى بوستانلىقلارنى شەكىللەندۇرگەن. بۇ دەريا - كارىز سۇلىرى ئېگىز تاغلاردىكى يىلبويى ئېرىمەيدىغان مەڭگۈلۈك قار مۇز قاتلاملىرى بىلەن يەر ئاستى سۇ ئورنىدىن كەلگەن بولغاچقا، قىش - ياز توختىماي ئېقىپ تۇرىدۇ. پەسىل ۋە يامغۇر مىقدارىنىڭ تەسىرىگە ئانچە ئۇچرىمايدۇ. بۇمۇ قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن، بولۇپمۇ سۇغۇرۇلىدىغان دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان تۇرپانغا ئوخشاش رايونلارغا نىسبەتەن مۇئەييەن ئەۋزەللىككە ئىگە. مانا مۇشۇنداق پەۋقۇلئاددە ئېكولوگىيەلىك مۇھىت قەدىمكى تۇرپان بوستانلىقىدا ياشىغان ئىنسانلار توپىنىڭ نىسبەتەن بالدۇرراق مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى بەلگىلىگەن ھەمدە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ بوستانلىقلارنى مەركەز قىلغان شەھەر دۆلەتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

مول مەدەنىي مىراسلىرى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولغان قەدىمىي يۇرت تۇرپاندا، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن باشلاپلا ئىنسانلارنىڭ ياشاپ كەلگەنلىكىنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر ئىسپاتلاپ چىقتى. مەسىلەن، ئارخېئولوگلار يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ غەربىدىكى تەخمىنەن 6 كۋادرات كىلومېتىر كۆلەمدىكى غول ئۆستەڭدىن كونا تاش قورال ئىزىنى بايقىدى. مەشھۇر يارغول قەدىمكى شەھەر خارابىسى بىلەن قارىشىپ تۇرىدىغان بو غولنىڭ يەر شەكلىمۇ يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئىككى جىلغا ئارىسىغا جايلاشقانلىقىدەك ئالاھىدە يەر شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدۇ①. بۇ بەلكىم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلمىغان قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ

ئۆزلىرىنىڭ تىنچ ماكانلىرىنى تاللاشتا يەنە تەبىئىي يەر شەكلىگە تايانغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بەرسە كېرەك. بۇ يەنە قەدىمكى ئىنسانلار توپىدا ماددىي تۇرمۇشىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، مۇقىم ئولتۇراقلىشىش تەلىپىنىڭمۇ ئاشقانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن مۇقىم، تىنىچ تۇرمۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مۇھىم قوغدىنىش تەدبىرلىرىنى ئويلاشقانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. كونا تاش قورال ئىزىدا ياشىغان قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ كېيىنچە يارغولغا كۆچۈپ كېلىشى ۋە بۇ جايدا گۈللەنگەن شەھەر بەرپا قىلالىشى - يارغول قەدىمكى شەھەر ئورنىنىڭ ئالاھىدە يەر شەكلى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. يارغولنىڭ تەبىئىي «مۇداپىئە قۇرۇلۇشى» ھېسابلىنىدىغان، خۇددى چوڭقۇر كولانغان خەندەككە ئوخشاش رولغا ئىگە تەخمىنەن 30 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تىك يار ـ يارغوللۇقلارنى نەچچە مىڭ يىللار تاشقى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن ساقلاپ، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە بەلگىلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرگەن.

تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، كىروران قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئورنىمۇ ئىككى ئېقىن ئوراپ تۇرغان ئارال شەكىللىك تېررىتورىيەگە جايلاشقان بولۇپ، بۇنداق ئارال شەكىللىك تېررىتورىيەمۇ شەھەر بىنا قىلىشقا باب كېلىدىغان جاي ھېسابلىنىدۇ. تەتقىقاتچىلار: «تەبىئىي شارائىتى نىسبەتەن ئەۋزەلرەك بولغان، ئىككى ئېقىن ئوراپ تۇرۇش بىلەن شەكىللەنگەن ئارال شەكىللىك بۇنداق تېررىتورىيە كىروران شەھىرىنىڭ بارلىققا كېلىپ ئاۋات بولۇشىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئاساسىدۇر»② دەپ يەكۈن چىقىرىشقان. بۇنداق تەبىئىي يەر شەكلىدىن پايدىلىنىپ شەھەر بىنا قىلىش _ قەدىمكى زاماندىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرى ۋاستىلىرىنىڭ بىرقەدەر قالاق بولۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئەلۋەتتە. شۇڭا، يايلاق تۇرمۇشىدا ياشاۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇرلارمۇ مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئۆتۈش ئىستىكىدە شەھەر بىنا قىلغاندا تەبىئىي ھالدا مۇشۇ خىل شەھەر پىلانىنى تاللىغان. ئەمما ئۇ يەنە قەدىمكى زاماندىكى شەھەر بىنا قىلغۇچىلارنىڭ بىر ئىستراتېگىيەسى بولۇپ، شەھەر قۇرۇلۇش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ مەلۇم ئىلمىي ئاساسى بار. چۈنكى شۇ زامانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا مانا مۇشۇنداق ئاسانلىقچە بويسۇندۇرغىلى بولمايدىغان تەبىئىي مۇداپىئە سىستېمىلىرىلا كىشىلەرنىڭ تىنچ-خاتىرجەم ياشىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالايتتى. ئەمما شىنجاڭدا ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردە كىشىلەر ياشاپ تىرىكچىلىك قىلغان جايلارنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيەسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇنداق تەبىئىي توساقلىق شەھەر قۇرۇشقا ماس كېلىدىغان جايلار كۆپ ئەمەس. شۇڭا دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكىگە ئوخشاشلا تۇرپاننىڭ قەدىمكى شەھەر قۇرۇلۇشىدىمۇ باشبالىق بىلەن قوچو قەدىمكى شەھىرىدىكىگە ئوخشاش سۇ-تۇپراق ماس كەلسىلا سېپىل-خەندەكلەر بىلەن مۇداپىئە كۆرۈش كۆپ نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ.

شۇنىسى ئېنىقكى، تۇرپاننىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا بەلگىلىك دەرىجىدە راۋاجلانغان كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىمۇ ئۇزاق ئەسىرلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قوۋملەرنىڭ تۇرمۇشى چارۋا بىلەن بىرلىكتە سۇ ۋە يايلاق ئىزدەپ، تىنماي كۆچۈپ يۈرىدىغان تۇرمۇش. بۇ خىل تۇرمۇش شارائىتىدا مەيدانغا كەلگەن ئىگىلىكمۇ نوقۇل بىر تەرەپلىمە ئىگىلىك. شۇڭا ئۇنى دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە روشەن ئاجىزلىقى بار. دانلىق زىرائەت تېرىقچىلىقى بولمىغان ۋە مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈش ئەنئەنىسى بولمىغان بۇنداق ئىنسانلار توپىدا مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش جەريانىدا پاسسىپ ۋە بىر تەرەپلىملىك مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ھالبۇكى، قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا شەھەرنىڭ يەنە بىر خىل سەل قاراشقا بولمايدىغان رولىمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ، يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنى بوستانلىقلارغا كۆچۈپ كىرىشكە يېتەكلەش ھەم

ئۇلارنى دېھقانچىلىق، سودا، قول سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ھەتتا ئاخىرىدا شەھەر تۇرمۇشىدا ياشايدىغان خەلقكە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. مۇشۇنداق جەلىپ قىلىشىنىڭ تەسىرى تۇرپان رايونىدا خېلى بۇرۇنلا ئىگىلىك شەكلى دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان ياكى دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مۇقىم ئولتۇراقلاشقان جەمئىيەتنى ۋۇجۇتقا چىقارغان. چارۋىچىلىقنى يەنە بىر ئىگىلىك شەكلى قىلىپ مۇقىم ئولتۇراقلاشقان جەمئىيەتتە ياشاپ تۇرمۇش بىساتلىرى ئاۋۇغان «قاڭقىل» لار كۆپ قېتىملىق كۆچۈش - يۆتكىلىش جەريانىدا ھارۋىنى ئىجاد قىلغان. ئەلۋەتتە، چارۋىچىلىق بىلەن ئېكىنچىلىك تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى بولغان ھارۋا پەقەت كۆچۈش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلگەن بولماستىن، بەلكى يەنە ئاشلىق، يەم - خەشەك ۋە باشقا تۈرلۈك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى يېزىلاردىن شەھەرلەرگە توشۇش ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلغان. دېمەك، بۇ ھارۋىلار شەھەر بىلەن يېزىلار (دېھقانچىلىق رايونلىرى) ئوتتۇرىسىدىكى ماددىي ئېھتىياجنى تەڭشەش، جۈملىدىن زور مىقداردىكى شەھەر ئاھالىسىنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى تەمىنلەشتە ئالاھىدە رول ئوينىغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تۇرپاندىكى قەدىمكى شەھەر - قورغانلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا قاڭقىل ھارۋىلىرىنىڭ تۆھپىسى بار.

« ئۇلار (قاڭقىللار) گۈلدۈرمامىنى ياخشى كۆرىدۇ، ھەر قېتىم ھاۋا گۈلدۈرلىگەندە قىقاس-چۇقان كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئوقيا ئاتىدۇ ۋە بۇ يەرنى تاشلاپ باشقا جايغا يۆتكىلىدۇ. ئىككىنچى يىلى ئاتلار سەمرىگەندە يەنە ئارقا-ئارقىدىن گۈلدۈرماما بولغان جايغا كېلىدۇ. ئۇ يەرگە قارا قوچقارنى كۆمۈپ ئوت ياقىدۇ، ئايال پىرخۇن دۇئا-تىلاۋەت قىلىدۇ. كۆپچىلىك سەپكە تىزىلىپ ئات چاپتۇرۇپ يۈز قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن توختايدۇ. ھەر بىر كىشى بىر باغلام سۆگەت چىۋىقى ئېلىپ كېلىپ ئۇ يەرگە قاداپ ئۇلارنى سۈت قىمىز بىلەن يۇيىدۇ. خاتىرجەم ھېيت-ئايەم كۈنلىرىدە كىشىلەر ناخشا - قوشاق ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ بەزمە قىلىدۇ...[3].

دېمەك، قاڭقىللارنىڭ (جۈملىدىن قەدىمكى زاماندىكى ئىنسانلارنىڭ) ئەزەلدىن ئۇزۇن مۇددەت بىر جايدا ئولتۇراقلىشىش ئارزۇسى بولغان. شۇڭا گۈلدۈرماما بولغاندا تاشلاپ كەتكەن جاينى يەنە ئاتلىرىنى سەمرىتىپ كېلىپ قايتىدىن ئاۋاتلاشتۇرغان. ئۇلارنىڭ ئاتلىرى سەمرىگەندە كېلىشى بەلكى جىددىي ئەھۋالدا يەنە كۆچۈشنىڭ تەييارلىقى بولۇشى مۇمكىن. دۇئا-تىلاۋەت قىلىدىغان بۇ جاي دەل نەزىر-چىراغ سۈپىتى بولۇپ، بۇ جاي مۇقەددەس ھېسابلىناتتى. بۇ جاي كىشىلەر قىيىنچىلىققا يولۇققاندا تەگرىدىن مەدەت تىلەيدىغان ئورۇن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆز خۇشاللىقلىرىنى ئىپادىلىگەندىمۇ مۇشۇ جايغا توپلىشاتتى. ئۇ دىنىي ئېتىقاد بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ، بۇ جايدا پادىشاھ ياكى قەبىلە باشلىقىلا تەگرى بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا ۋاستىلىق رول ئوينايدىغان بىردىن بىر شەخس ئىدى. بۇنىڭدىن بىز قەدىمكى زاماندىكى شەھەرلەرنىڭ مانا مۇشۇنداق كۆپ قېتىملىق قايتا قۇرۇش نەتىجىسىدە ئاندىن بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى قوچۇلۇقلارنىڭ «قوچۇدىن 160 چاقىرىم يىراقلىقتىكى پىچان شەھىرىگە بارغاندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىگە قىيالماي....»[4] دېگەن بايانلار ھەممىدە قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيادىكى كۆچكەن قەبىلىلەرنىڭ يۇرت سېغىنىشىنى ئىپادىلىگەن قوشاقلىرى بىلەن كۆچۈپ بارغان جايلىرىغا ئەسلى يۇرتىنىڭ يەر - سۇ ئىسىملىرىنى يۆتكەپ بارىدىغان ئادەتلىرىمۇ بۇ نۇقتىنى دەلىللەپ بېرىدۇ[5]. ھالبۇكى، بۇنداق كۆپ قېتىملىق قايتا قۇرۇشتا يەنىلا قاڭقىل ھارۋىلىرى ئالاھىدە رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن.

ئالىملار يارغول قەدىمكى شەھىرىدە تەخمىنەن بۇنىڭدىن 20 مىڭ يىللار ئىلگىرىلا ئىنسانلار ياشىغان دەپ يەكۈن چىقارغان[6]. دېمەك، بۇ جايدا ئىنسانلارنىڭ ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن باشلاپ

پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ۋە بۇ جەريانىدا نوپۇسنىڭ كۆپىيىپ، ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە شەھەرنىڭ ئىپتىدائىي گەۋدىسى نىسبەتەن بالدۇر شەكىللىنىشكە باشلىغان. يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن قارىغاندىمۇ بۇ شەھەر ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ماكانى بولۇشتىن باشلاپ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى تەرەققىياتىغىچە ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. كىشىلەر ئۇزۇن مۇددەت توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ئارقىلىق بۇ جايدا ئەڭ بۇرۇن شەھەرنىڭ ئىپتىدائىي شەكلىگە ئۇل سالغان.

يىراق قەدىمكى دەۋرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىز ئۇ دەۋردىكى يارغولنىڭ شەھەر قىياپىتىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. بىز ئىگىلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، شەھەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئورنى ئولتۇراق رايونىمۇ ئەمەس، پەقەت بىر نەزىر ـ چىراغ سۇپىسىدىنلا ئىبارەت ئىدى. «ئۇ ئىلاھلارنىڭ تۇرار جايى بولۇپ، روھلارنى قوغدايدىغان، مۇقەددەس جاي، شۇنداقلا جامائەت توپلىنىدىغان مەركەز»[7] دەپ قارىلاتتى. ئاۋام پۇقرالارنىڭ بۇ جايدا تۇرۇشىغا يول قويۇلمايتتى. نەزىر ـ چىراغ كۈنىدە قەبىلە ئاقساقىلى بۇ جايدا دىنىي پائالىيەتكە باشچىلىق قىلاتتى. شۇڭا دەسلەپتە بۇ جايغا قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ تۇرالغۇسى ياسالغانىدى. ئوۋچىلىق ياكى يىغىمچىلىق (تەييار يېمەكلىكلەرنى يىغىش)، چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئەشۇ قەدىمكى ئىنسانلار توپىنىڭ دائىم بۇ جايغا يىغىلىۋېلىشىنىڭ ھاجىتى بولمىغاچقا، بۇ جاي كۆپىنچە بوش تۇراتتى. پەقەت قەبىلىلەر ئارا ئۇرۇش ـ جېدەل بولغان ياكى تەبىئىي ئاپەت يۈز بەرگەن چاغلاردىلا كىشىلەر بۇ جايغا توپلىنىپ پاناھلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ پاناھگاھىنى قوغدىشى، ئۇنىڭ مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى پۇختىلىشى كېرەك ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن تۇرپان بوستانلىقىدا سوقما تاملىق قۇرۇلۇشلار ۋە لايدىن ياكى يەرنى كولاپ ياسالغان ئۆيلەرنى سېپىل بىلەن قورشاپ (يارغولدا تەبىئىي ياردىن پايدىلىنىپ) بىنا قىلىنغان قورۇق ـ قورغانلار قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ توپلىشىپ ياشايدىغان جايىغا ئايلاندى. «بۇ بىناكارلىق سەنئىتىدە يۈز بەرگەن ناھايىتى چوڭ ئىلگىرىلەش، شۇنىڭ بىلەن بىللە خەۋپ ـ خەتەرنىڭ كۈچەيگەنلىكى ۋە ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش ئېھتىياجى تۇغۇلغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى»[8]. ھالبۇكى، تاكامۇللاشقان تۆمۈر قوراللار، يارغۇنچاق، ساپالچىلىق تېخنىكىسىغا دائىر ئۇسكىنىلەر، ئۈزۈم ھارىقى تەييارلاش، ھارۋا، ياغاچ ـ تاختايلاردىن ياسالغان ئىشىك ـ دەرۋازىلار، ياغاچ كۆۋرۈكلەر، بىناكارلىقنىڭ سەنئەت سۈپىتىدە تونۇلۇشى، قورۇق تام ۋە مۇنارلار غەربىي يۇرت ـ تۇرپان ئاھالىسىنىڭ شەھەر تۇرمۇشىغا ئۆتكەنلىكىدىكى ئەڭ مۇھىم بەلگىلەردۇر.

## *سېپىل ـ خەندەك*

مەلۇمكى، ئىنسانلار پەيدا بولۇش بىلەن تەڭ ئۇرۇش جېدەلمۇ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، ئۇرۇش ـ جېدەل بولغانىكەن قوغدىنىش مۇئەسسەلىرى ياسالغان. بەلكىم ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئىنسانلار ئىسسىق ـ سوغۇقتىن، قار ـ يامغۇردىن، يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن پاناھلىنىش ئۈچۈن ئۆز تۇرالغۇسىنى ياساپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەھەللە ئەتراپىغا قاشا ـ تاملارنى ياساشقا تۇتۇنغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي شەكلى ئەتراپىنى چۆرىدەپ ياسالغان چىت ياكى تاش ـ توپىلار بىلەن قوپۇرۇلغان قورۇق تامدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ خىل مۇداپىئەلىنىش خارەكتېرىدىكى مۇئەسسەلەر ئادەتتە شەھەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا سېپىل ـ تام، خەندەك ـ قاشالاردىن ئىبارەت. «ئەتراپىنى قورشاپ خەندەك كولايدىغان بۇنداق مەھەللىلەر كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئەتراپىغا سېپىل سوقۇلغان ۋە خەندەك كولانغان شەھەرلەرنىڭ بىۋاسىتە ئىپتىدائىي گەۋدىسىدۇر»[9]. بۇ ھەقتە ئورقۇن يادىكارلىقلىرىدىن يېتەرلىك ئۇچۇرغا ئېرىشەلەيمىز.

پروفېسسور بېيلېي (Harold Bailey) نىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، تۇرپاننىڭ «ستايىل خولىستان پۈتۈكى» دە ئۇچرايدىغان Turpana

دېگەن نامى druva - pana دىن ئۆزگەرگەن بولۇپ، «بىخەتەر قوغدىلىدىغان، تام بىلەن قورشالغان شەھەر»[10] دېگەنلىك بولىدۇكەن. تەتقىقاتچى ئابلىكىم ئادۇلرەشىد ئالاقىدار تەتقىقات ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىپ بۇ خىل قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن ۋە «تۇرپان» توپونىمىنىڭ سىمانتېكىلىق مەنىسى «بىخەتەر تۇرالغۇ، مۇستەھكەم قورغان، بىخەتەر شەھەر» بولىدۇ»[11] دەپ قارىغان. پروفېسسور ئا. مۇھەممەدئىمىن بولسا، «تۇرپان ئاتالمىسى قەدىمكى خوتەن مەنەلىرىدە «تۇرپانا» ‹turpana› دەپ يېزىلغان. تۇرپان - تورلۇق (سېپىللىق) شەھەر دېگەن مەنىگە يېقىن. تۇر- سېپىل، تۇرپان - سېپىللىق شەھەر دېمەكتۇر» دەپ يازىدۇ[12]. مەن بۇ ئىككەيلەننىڭ پىكرىگە قوشۇلغان ئاساستا تۆۋەندىكى قارىشىمنى قوشۇمچە قىلىمەن. مېنىڭچە «تۇر» نى «سېپىل» دەپ چۈشەنگەن ۋاقتىمىزدا، بىز يەنە قەدىمكى دەۋرلەردە قومۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا «تۇر، تۇرا» دەپ ئاتالغان خەۋەرلىشىش ۋاستىسىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەك. بۇ تۇر ياكى تۇرالار توپا، تاش، ياغاچ قاتارلىق ماتېرىياللاردىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، ئېگىزبولۇش ئۇنىڭ ئاساسىي تەلىپى، ئۈستىگە چىقىپ بەلگە بېرىش (كۈندۈزى ئىس قويۇپ، كېچىسى ئوت يېقىپ) ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى. دېمەك «تۇر» ئۈستى بەلگىلىك دەرىجىدە ھەرىكەت قىلغىلى بولىدىغان ئېگىز قۇرۇلۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئەمدى «پانا» نى «تۇرالغۇ، پاناھ جاي، شەھەر» مەنىلىرىدە دەپ چۈشەنسەك، «تۇرپان» — ئېگىزلىك ئۈستىدىكى پاناھ جاي، تۇرالغۇ، شەھەر دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. «تۇرپان» توپونىمىنىڭ بۇ مەنىسى دەل يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ جۇغراپىيەلىك يەر شەكلىگە ماس كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ بىرقاتار تارىخ - جۇغراپىيەلىك سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق چىقارغان «قوچۇ نامىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى بۇ يەرنىڭ يەر يۈزى تۈزۈلۈشىنىڭ ئېگىز بولۇشىغا ئاساسەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ»[13] دېگەن يەكۈنگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئەگەر بۇ قارىشىمىز توغرا بولسا، ئۇنداقتا «تۇرپان» ئەڭ دەسلەپ يارغول قەدىمكى شەھىرىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئومۇمەن، قەدىمكى تۇرپان سېپىللىق شەھەر بىنا قىلىش ئەنئەنىسى بولمىغان ياكى بۇ خىل ئەنئەنە ئانچە تەرەققىي قىلمىغان ئەللەرگە ئۆزىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇش تەرەققىياتى بىلەن تونۇلغان، ھەتتا، تەبىئىي ياردىن ئىبارەت بۇ «سېپىل» ئۈستىگە قۇرۇلغان شەھەر - قەدىمكى تۇرپاننىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغان. تۇرپاننىڭ قەدىمكى نامى توغرىسىدىكى ماتېرىياللار ئۈچۈن ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇقنىڭ «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» نىڭ 2004 - يىللىق 1 - سانىغا بېسىلغان «تۇرپاننىڭ تارىختىكىناملىرى ۋە ‹قوچۇ› توغرىسىدا يېڭى مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىغا قارالسۇن.)

ئەلۋەتتە، دەسلەپكى مەزگىللەردىكى شەھەر سېپىللىرى قوغدىنىش ئېھتىياجى ئۈچۈن ياسالغان. لېكىن ئۇنىڭ بولۇشىمۇ ئەينى دەۋردىكى سىياسىي، ھەربىي ھالەتلەر، ئۇرۇشنىڭ كۆلىمى ۋە خاراكتېرى ھەتتا جۇغراپىيەلىك شارائىت قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللارغا باغلىق بولىدۇ. شۇڭلاشقا تارىخشۇناسلار ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى شەھەرلەر كۆپلەپ بىنا بولغان دەۋرنى «پالۋانلار سەپ تارتىپ چىقىپ، ئۇرۇش ئوتى بېسىقمىغان دەۋردۇر» دەپ تەسۋىرلىگەن. بىز ئادەتتە قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدىكى مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىنى تىلغا ئالغىنىمىزدا پەقەت سېپىل - خەندەكلەرنىلا كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈمىز. لېكىن يەنە سېپىل ئىچىدىكى قۇدۇق، ئاشلىق ئامبىرى، مەيدان، يەر ئاستى ئۆيلىرى قاتارلىقلارمۇ شەھەر مۇداپىئەسىدىكى ئارقا سەپ خىزمەتلىرىنىڭ جان تومۇرى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بىز يارغول قەدىمكى شەھىرىدە يەر ئاستى قۇرۇلۇشلىرى، ئاشلىق ئامبىرى بىلەن قۇدۇقنىڭ كۆپلىكىنى، قوچودا بولسا مەيدان بىلەن ئاشلىق ئامبىرىنىڭ كۆپلىكىنى بايقايمىز.

شەكسىزكى، شەھەر تەرەققىي قىلىپ بايلىق توپلانغانسېرى ئۇنىڭ مۇداپىئە خارەكتېرىدىكى ئەسلىھەلىرىمۇ كۆپەيگەن. نوپۇس كۆپىيىپ،

شەھەردىكى ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش جانلانغانسېرى بەدۆلەرنىڭ، باشقا يېگىدىن كۆچەيگەن ياكى سىرتتىن كۆچۈپ كەلگەن قەبىلە ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ شەھەرگە كۆز قىزارتىشى ئەتىجىسىدە، شەھەر ئاھالىسى تەدرىجى ھالدا زور خىراجەت بىلەن مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىنى ئۈزلۈكسىز پۇختىلاپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1-، 2-ئەسىرلەردىن باشلاپ خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار غۇز- قوس خانلىقىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقى، بايلىقى ۋە دېھقانچىلىققا ئىنتايىن ماس كېلىدىغان زېمىنىنىغا كۆز قىزارتىپ پايتەختى يارغولنى تالىشىپ كۆپ قېتىملاپ ئۇرۇش قىلغان. گاباتىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، تۇبۇتلەرنىڭ 8- ئەسىرلەرنىڭ ئاخىرىدا قوچونى تالىشىشى ۋە بىر مەزگىل بېسىۋېلىشىدىمۇ قوچونىڭ باي - باياشاتلىقى مۇھىم سەۋەب بولغان[14]. قوچو ئۇيغۇر خانىدانلىقى دەۋرىگە ئائىت ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، شەھەر سېپىلىنىڭ ياسىلىشىغا شەھەر باشلىقى (بالىق بېگى) باشچىلىق قىلاتتى. سېپىل ياساشقا كەتكەن خىراجەت كۆپىنچە باج ياكى جەرىمانىدىن كېلەتتى. ئۇنىڭدىن سىرت زۆرۈر بولغاندا يەنە ھاشارمۇ شەھەر سېپىلىنى بىنا قىلىشتىكى ئاساسلىق كۈچ ئىدى. «ئىدىقۇت ھۆججەتلىرى» دىكى بىر پارچە مەخپىي يارلىقتا يېزىلىشىچە، بۇ خىل ھاشار-ئەمگەككە قاتنىشىدىغان پۇقرالار «شەھەرنىڭ يۆلەنچۈكلىرى» دېگەن شەرەپلىك نامغا مۇيەسسەر بولغان ھەمدە ئۇلارغا خالىغانچە زۇلۇم-زومبۇلۇق قىلىش خانلىق تەرىپىدىن چەكلەنگەنىدى. شەھەر دەۋازىسىغا دائىم گۆزەتچى قويۇلاتتى، كېچىسى تاقاپ تاڭ سەھەردە ئېچىۋېتىلەتتى. ھەتتا بىز يەنە شەھەر ئىچىدىكىلەرنىڭ تۇيۇقسىز كەلگەن ھۇجۇمغا تەييارلىق قىلىۋېلىشىغا ۋاقىت يارىتىش ئۈچۈن، شەھەر سىرتىدىن نەچچە ئون كىلومېتىرغىچە يىراق جايلارغا ئۆزئارا تۇتاشقان تىم-تۇرالارنى ياساپ كېچىسى ئوت يېقىش، كۈندۈزى ئىس قويۇش ئۇسۇلى بىلەن شەھەر سېپىلى ئۈستىدىكى قاراۋۇللارغا بەلگە بېرىش ئارقىلىق خەۋەرگە ئالدىن ئېرىشمەكچى بولغانلىقىنى بىلىمىز. سەيياھ-جاھانكەزدىلەر ۋە بىر قىسىم سودا كارۋانلىرى ئۈچۈن بۇ تىم-تۇرالار بىر مەزگىل باشقا بىر شەھەرگە بارىدىغان ئاساسلىق يول بەلگىسى بولۇپ قالغان، ھەتتا «يىپەك يولى» مۇشۇ ئاساستا شەكىللەنگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ھەرقايسى جايلارنىڭ تەبىئىي شارائىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدىن سېپىللارنىڭ قۇرۇلمىسىدىمۇ بەزى پەرقلەر مەۋجۇت. ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، تۇرپان ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى شەھەر سېپىللىرى ئاساسەن ئالدى بىلەن قاتتىق يەر ئۈستىگە بىر قەۋەت يۇلغۇن شېخىنى باسقان، ئاندىن يوغانراق يۇلغۇن ياغىچىنى ئىككى قۇر قىلىپ سېپىلنىڭ بويى يۆنىلىشىدە تىكلەپ، بوشلۇقتا جازا ھاسىل قىلىپ ئارىسىغا نەم تۇپىنى بېسىپ خادىغان (چىڭدىغان)؛ بەزىلىرىدە نەم تۇپىنى خاداش ئۇسۇلى بىلەنلا سېپىل سوقۇلغان؛ بەزى شەھەرلەردە(بەلكىم تۇپراق تەركىبى خاداپ تام قوپۇرۇشقا ماس كەلمىگەنلىكتىن بولسا كېرەك)كېسەك ياكى لاي بىلەن سېپىل گەۋدىسىنى قوپارغان؛ ئومۇمەن مۇشۇ خىلدىكى قوغدىنىش مۇئەسسەسەلىرى تارىختىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا شەكلىنى ئۆزگەرتمەي كەلگەن، گەرچە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە قۇرۇلۇش قىلىش تېخنىكىسى تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ.

يارغول قەدىمكى شەھىرىدە تەبىئىي يارداڭلىقتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلغان. لېكىن بۇ، يارغوللۇقلارنىڭ سېپىل سوقۇشنى بىلمەي تەبىئىي يارداڭلىقتىن پايدىلىنىپ شەھەرنى مۇداپىئە قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرمەيدۇ، چۈنكى، يارغول شەھىرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى پەسرەك يارداڭلىق ئۈستىدە خاداش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان ئېگىزلىكى 4 مېتىر، قېلىنلىقى 2 مېتىر كېلىدىغان سېپىل قالدۇقى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ تەبىئىي يارداڭلىقنىڭ

ئېگىزلىكى مۇداپىئە شەرتىگە توشمىغان ۋاقىتتا ئۈستىگە سېپىل سوقۇپ مۇداپىئە لىنىيەسىنى ئېگىزلەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قوچونىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىدا بولسا سېپىلغا ناھايىتى كۆپ كۈچ چىقىرىلغان. مىلادىيە 1265 - يىللىرى دۇۋا قوماندانلىقىدىكى 12 تۈمەن كىشىلىك موڭغۇل قوشۇنىنىڭ 6 ئاي مۇھاسىرىگە ئېلىپ تۇرۇپ كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلىپمۇ شەھەرنى بويسۇندۇرالمىغانلىقىدىن بۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، قوچولۇقلار ناھايىتى كۆپ ئەمگەك كۈچى بىلەن تەخمىنەن 1.58 كۋادرات كىلومېتىر (لېكىن تەخمىنەن 1 كۋاردرات كىلومېتىر دەپ يازغان) كېلىدىغان شەھەر رايونىنى ئېگىزلىكى تەخمىنەن 10 مېتىر (لېكوك 20 مېتىر دەپ يازغان)، ئاستىنىڭ قېلىنلىقى 12 مېتىر كېلىدىغان خاڭداپ ياسالغان سېپىل بىلەن قورشاپ چىققان ھەمدە سېپىل سىرتىغا خەندەك كولىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە سېپىلغا يانداپ نۇرغۇن يۆلەكلەر قوپۇرۇلغان بولۇپ، لېكوك تەكشۈرگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن 70 نەچچىسى ساقلىنىپ قالغان ئىدى⑮. باشىبالىقتىمۇ خاڭداپ قوپۇرۇلغان سېپىل سىرتىغا ناھايىتى چوڭقۇر خەندەك كولانغان. بۇنىڭدىن شەھەر مۇداپىئە قۇرۇلۇشىدىكى بىر تۈر بولغان سېپىل- خەندەكلەرنىڭ ئالاھىدە لايىھەلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

### دىن

قەدىمكى زامان شەھەرلىرى ناھايىتى ئۇزاق ئەسىرلەرگىچە دىن بىلەن باشقۇرۇلغان. ئۇ زامانلاردا «ھەرقانداق بىر دىنىي مەركەز بىر كاتتا ئىبادەتخانا جايلاشقان شەھەردىن ئىبارەت»⑯ ئىدى. قەدىمكىلەرنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «پەقەت ئەۋلىيا - ئەنبىيالارنىڭ باشچىلىقىدىكى دىنىي مۇراسىم قائىدىلىرى بويىچە قۇرۇپ چىققاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي مەنىدىكى شەھەرنى - تەن بىلەن روھنىڭ تىنچ، خاتىرجەم ماكانىنى قۇرۇپ چىققىلى بولاتتى»⑰. ئۇ دەۋرلەردە ھەر بىر قەبىلە ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە چوقۇنۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ياتلارنى چەتكە قاقاتتى. ئەمما بىر قانچە جەمەت بىر قەبىلە بولۇپ شەكىللەنگەنگە ئوخشاش بىر قانچە قەبىلىمۇ بىرلىشىپ تۇرالايتتى. «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلىنىشىچە، «بەش قەبىلە قاڭقىللار جەم بولۇپ، تەڭرىگە نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزەتتى، تۈمەنلەپ ئادەم كېلەتتى، مەيداندا ئات بەيگىسى قىلاتتى، ئوغلاق ئوينىشاتتى، خوشال - خۇرام ناخشا ئېيتىپ كۆڭۈل ئاچاتتى»⑱. دېمەك، بۇ ۋاقىتتىكى قەبىلىلەر دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە ھۆرمەت قىلىشاتتى. بارچۇقتىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتتە ئېيتىلغان ئىككى قوۋم بىلەن ئىدىقۇتتىن تېپىلغان «مۇرتۇق ئىبادەتخانىسىغا راھىپ كالان تەيىنلەش يارلىقى» دا زىكرى قىلىنغان ئۈچ قوۋراق (ئۈچ خىل جامائەت) مۇ قەبىلىدىن كېيىنكى شەھەر جامائىتىنى تەشكىل قىلغۇچى ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ئىدى. خۇددى مەزكۇر ھۆججەتتە ئېنىق يېزىلغاندەك، بۇ ئىجتىمائىي گۇرۇھلار دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە ئۆزئارا يول قويۇشاتتى. قوچودا مانى ۋە بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى، ھەتتا بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق توقۇنۇش بولمىغانلىقىمۇ مۇشۇ جۈملىدىندۇر. مانا مۇشۇنداق قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ياكى كېيىنكى دەۋرلەردىكى دىنىي ئېتىقادى ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن شەھەردىكى ئىجتىمائىي ھايات تېخىمۇ جانلانغان ئىدى.

ئۇدۇن شەھىرىنىڭ بىنا بولۇشى توغرىسىدىكى رىۋايەتنىڭ مەزمۇنىدىنمۇ بىز شەھەرنىڭ چوڭقۇر دىنىي ئېتىقاد ئاساسىدا قۇرۇپ چىقىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. ئېيتىلىشىچە، ھۆكۈمران چوڭ شەھەر بىنا قىلىش نىيىتىگە كەلگەن. مۇنەججىم ۋە ئەۋلىيالارنىڭ يوقلىقىدىن ئەنسىرەپ شەھەر قۇرۇش ئىشىمىزنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولار دەپ ئىككىلىنىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن يىراق - يېقىنغا ئادەم ئەۋەتىپ شەھەر قۇرۇشقا باب كېلىدىغان جاينى بىلىدىغان ئادەم ئىزدىگەن. شۇ چاغدا بەدىنىگە

كۆل سۇركىگەن، سۇ تولدۇرۇلغان قاچىنى كۆتەرگەن بىر كىشى كېلىپ، شەھەرنىڭ ئۇلى مۇشۇ يەر بولسۇن دېگەن ۋە قاچىدىكى سۇنى قىڭغىر - قىيسىق تۆككىنىچە يۈگەرگەن. سۇ تۆكگەنىدە قاچىنى تولدۇرۇپ يەنە يۈگەرگەن. كىشىلەر ئۇنىڭ نىيەت قىلغانلىرىنى بىجا كەلتۈرگەن. شۇنداق قىلىپ ھۆكۈمران بارگاھىنى يۆتكەپ چوڭ شەھەر سېلىپ، ئادەملىرىنى توپلاپ جىمىكى ئىشلىرىنى ئىشقا ئاشۇرغان»⑲. قويۇق دىنىي تۈسكە ئىگە بۇ رىۋايەتتىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، بەدىنىگە كۆل سۈركىگەن ھېلىقى كىشى ئىلاھنىڭ سىمۋولى ئىدى. كۆل بىلەن سۇ بولسا قەدىمكى زاماندا شەھەر بىنا قىلغۇچىلار ئويلىشىدىغان ئىككى مۇھىم ئامىل — مۇداپىئە بىلەن ھۇجۇمنىڭ بەلگىسىدۇر. چۈنكى، قەدىمكى زاماننىڭ ئۇرۇش تاكتىكىسىدا ئوت (كۆل) بىلەن سۇ شەھەرنى مۇداپىئە قىلىش ياكى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ھېسابلىناتتى. شۇڭا شەھەر بىنا قىلغۇچىلار، جۈملىدىن ئۇدۇننىڭ ھۆكۈمرانى بىلەن ھېلىقى كىشى (ئىلاھنىڭ سىمۋولى) مۇشۇ ئىككى ئامىلنى شەھەر قۇرۇشنىڭ مۇھىم شەرتى قىلغان.

قەدىمكى رىم شەھىرىدىمۇ دىنىنىڭ باشقۇرۇشى ئۈزلۈكسىز ھالدا دۆلەتنىڭ باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئويىنيالمىغان رولىنى ئوينىغان. فۇستېل دې گولانگېس: «قەدىمكى رىمدا دىن سىڭىپ كىرمىگەن، ئىلاھلار ماكانلاشمىغان بىرمۇ جاي يوق. بۇ روھلارنىڭ تۇرار جايىدۇر. چۈنكى ئومۇمەن ھۆرمەتلەش(چوقۇنۇش)مۇراسىم قائىدىلىرى بويىچە قۇرۇلغان شەھەردە ئۇنىڭ قوغدىغۇچى ئىلاھى چوقۇم مۇشۇ شەھەر ئىچىدە تۇرىدۇ، مەڭگۇ ئايرىلمايدۇ. ھەر بىر شەھەر بىر ئىبادەتخانا بولۇپ، بىر شەھەرنى بىر ئىلاھنىڭ ئىلكىدە دەپ قاراشقان»⑳ دەپ يازىدۇ. قەدىمكى رىم توغرىسىدىكى بۇ يەكۈن قەدىمكى زامان شەھەرلىرىنىڭ ھەممىسىگە توغرا كېلىشى مۇمكىن. قەدىمكى ئۇدۇن خانى، كۇسەن خانى، ئىدىقۇت خانى ۋە باشقا خانلارنىڭ ئوردىسىدا دىنىي داھىلارنىڭ بولغانلىقى، ئۆزلىرىنىڭمۇ دىنغا ئىخلاسمەنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقى ھەتتا كېيىنچە دىنىي داھىغا ئايلىنىپ كېتىشى بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن خانلارنىڭ نام ئابرويى ئۆسكەن. خەلق ئىلگىرىكى خاننى ئەمەس بەلكى ھازىرقى دىنىي داھىيسىنى بەكرەك ھۆرمەت قىلغان. بۇ دىنىي داھىيلار شەھەردىكى ئاممۇۋى قۇرۇلۇشلارنىڭ سىرتقى قىياپىتىگە (ئۇسلۇبىغا) ئالاھىدە دىققەت بىلەن ئاربىلاشقان. شۇڭا شەھەردە دىنىي پائالىيەتلەر كۆپىيىپلا قالماستىن، چوڭ كوچىلارنىڭ دوقمۇشلىرىغا ۋە شەھەر ئىچىدىكى بوش يەرلەرگىمۇ دىنىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە سىمۋوللۇق قۇرۇلۇشلار ياسالغان. ئومۇمەن شەھەر قۇرۇلۇشى دىنىي پۇراققا تولغان ئىدى.

بىز بۇ يەردە يەنە بۇددىزم دەۋرىدە كۆپلەپ بىنا قىلىنغان تاشقى ۋە ئىچكى شەھەرلەرنىڭمۇ دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇش ئېھتىماللىقىنى ئۇتتۇرىغا قويماقچىمىز. بۇددا دىنىدا «تۇۋشىت» (سانسكرىتچە tusita) دېگەن ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «تەڭرى يېرى» دېگەنلىك ئىدى. ئېيتىلىشىچە، بۇ تەڭرى يېرىدە ئىچكى-تاشقى ئوردا-قەسىرلەر بار بولۇپ، تاشقى قەسىردە «ئامرانماق ئۈلۈس» تا تۇرىدىغان تەڭرىلەرنىڭ بىر قىسمى تۇرىدىكەن، ئىچكى قەسىر مايترى تۇرىدىغان «پاك تۇپراق» لاردىن بىرى ھېسابلىنىدىكەن. بەزى نوملاردا دېيىلىشىچە، يەنە مايترىنىڭ شاگىرت-مۇرىتلىرى ئۇنىڭ نامىنى دائىم تىلغا ئېلىپ ئەسلىسە ئۆلار ئۆلگەندىن كېيىن مۇشۇ تەڭرى يېرىدە تۇرارمىش. بۇ يەردە تۇرغۇچىلارنىڭ تېنىدىن نۇر يېغىپ تۇرارمىش ۋە ئۇ نۇر ئالەمنى يورۇتارمىش(21). مۇشۇ خىل دىنىي ئەقىدە تۈرتكىسىدە خان ئوردىسى بىلەن ئىچكى شەھەر ۋە تاشقى شەھەر ئايرىۋېتىلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. شەھەرنىڭ مۇشۇنداق رايونلارغا بۆلۈپ سېپىل بىلەن ئايرىۋېتىلىشى شىنجاڭدىكى قەدىمكى شەھەرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، يارغول بىلەن قوچو، باشبالىقتىن باشقا يەنە كۇسەندىمۇ ئالاھىدە گەۋدىلىك.

قوچو ئىدىقۇت خانلىرى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي رېئال

مەقسەتلىرى ئۈچۈن ئىبادەتخانىلارغا جۈملىدىن باش دىندارلارغا يۇقىرى ئىمتىياز بەرگەن. ئۇلار ئىبادەتخانىلاردىن ئايرىلماي، قىش-ياز مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ خان-پادىشاھلارغا ساۋاب تىلەپ دۇئا تىلاۋەتتە بولغان(22). گاباﺋىننىڭ كۆرسىتىشىچە، «ئىدىقۇت» دېگەن نام «ئىلاھى شەھەر»(23) دېگەنلىك ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا مۇشۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ ئىسمى ۋە ناملىرى ئىچىدە «تەڭرى»، «ئىلاھ»، «بەخت» قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان سۆزلەر كۆپ ئىشلىتىلگەن. ئۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشى بويىچە خانلار «ئىلاھ» دەپ قارالغان(24). ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن كېيىنكى «ئىدىقۇت ھۆججەتلىرى»دىمۇ «قوچو بالىق ئايغۇچى» (شەھەر بېگى) «ئىدىقۇت» تىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان، خان ۋە شاھزادىلەردىن كېيىنكى ئەڭ نوپۇزلۇق شەخس ھېسابلىناتتى.

شىنجاڭدىكى جۈملىدىن تۇرپاندىكى قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدە بىز چوڭ يولنىڭ شەھەر دەرۋازىسىدىن ئۇدۇل مەركىزىي ئىبادەتخانىغا تۇتىشىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئىككى يولنىڭ چېتىدە نۇرغۇن قۇرۇلۇشلار ياسالغان، ئىبادەتخانا ئالدىدا چوڭ مەيدان بولغان، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن كاتتا ئىبادەتخانىلار ۋە مۇنارلار بۇ شەھەرلەردە ھېلىمۇ قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. يارغول قەدىمكى شەھەر خارابىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، شەھەر ئىچىدە سودا بىلەن شۇغۇللانغۇدەك مەيدان بولمىغان، ستەيننىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، بۇ شەھەرگە تۆگە كارۋانلىرى ياكى ھارۋا كارۋانلىرىنىڭ كىرىش ئىمكانىيىتى بولمىغان(25). ئېلىمىز ئارخېئولوگلىرىمۇ «يارغول قەدىمكى شەھىرى ئالدى بىلەن دىندارلارنىڭ تۇرار جايى بولغان»(26) دەپ يەكۈن چىقارغان. ئالبېرت ۋون لېكوك قوچونى «شەھەردىكى ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسى دىنىي ئىمارەت بولۇپ، باشقىچە ئىمارەتتىن بىرىمۇ يوق ئىكەن.....قوچو ئىبادەتخانا شەھىرى بولۇپلا قالماي، قەبرىستانلىق.....» دەپ يازغان. ۋاڭ يەندېنىڭ خاتىرىسىدە «قوچودا 50 تىن ئارتۇق ئىبادەتخانا بار، ئۇنىڭدىن باشقا مانى دىنى ئىبادەتخانىسىمۇ بار، ئىبادەتخانىلاردا خان يارلىقى راۋىقى تەسىس قىلىنغان»(27) دېيىلگەن. ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، يارغولدا ھازىرغا قەدەر 50 نەچچە ئىبادەتخانا ئىزى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان بولۇپ، تەكشۈرۈش، دەلىللەش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشلەر ئارقىلىق بۇ ئىبادەتخانىلارنىڭ بەزىلىرى ئائىلە ئۇرۇقداشلىقىغا تەۋە ئىبادەتخانىلار، بەزىلىرى مەھەللىۋى تۈس ئالغان ئىبادەتخانىلار، بەزىلىرى دۆلەت ئورگانلىرىغا تەۋە ئىبادەتخانىلار، بەزىلىرى «كەلگەن-كەتكەن»لەرگە ئاتاپ سېلىنغان ئىبادەتخانىلار ۋە بەزىلىرى ئائىلىۋى تۈس ئالغان ئىبادەتخانىلار ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. بۇ ئەھۋاللارمۇ ئەينى زامانلاردا يارغول قەدىمكى شەھىرىدە پۈتۈنلەي دىنغا تايىنىپ دۆلەت باشقۇرۇلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ(28). بۇ شەھەرلەردە بۇددا دىنىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى تەسىرگە ئىگە بولۇشى جۈملىدىن شەھەر قۇرۇلۇشىدا مۇنار، ئىبادەتخانا قاتارلىق دىنىي قۇرۇلۇشلارنىڭ پەۋقۇلئاددە كۆپ ياسىلىشى بىلەن بۇ شەھەر قىياپىتىدە دىنىي پۇراق ئىنتايىن كۈچلۈك بولغانىدى.

### *شەھەر كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى*

شىنجاڭنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى شەھەرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى دەسلەپتە «پايتەخت» تىن ئىبارەت خاراكتېرنى ھازىرلىغان ھەمدە سېپىل بىلەن دائىرىگە ئېلىنغان. «خەننامە غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە خاتىرىلەنگەن تارىم ئويمانلىقىدىكى بىرمۇنچە «بەگباللىقلىرى» ئىچىدە دۆلەت نامى بىلەن خان تۇرۇشلۇق شەھەر (كەنت، ئوردا، پايتەخت) نامى ئوخشاش بولۇشتەك ئەھۋالمۇ بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. گەرچە كېيىنكى چاغلاردا بۇ خانلىق ۋە ئۇلارنىڭ ناملىرى مەۋجۇت بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما شەھەر ناملىرى يەنىلا ساقلىنىپ قالغان. ۋاھالەنكى، خانلىق نامى بىلەن ئوخشاش نامدا ئاتىلىپ

هازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان بۇ شەھەر ناملىرىنىڭ ھېچقايسىسى شۇ خانلىقنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ پەيدا بولغان شەھەر ناملىرى بولماستىن، بەلكى ئۇ ناملارنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋاقتى ناھايىتى بۇرۇن بولغان. شۇڭلاشقا شەھەردىن ئىبارەت بۇ مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى گەرچە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلغان ئاساسقا قۇرۇلۇشى زۆرۈر بولسىمۇ، ئەمما ئۇ باشلىنىشتىنلا جەمئىيەت تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشتىن ئىبارەت قويۇق سىياسىي تۈسكە ئىگە بولغان بولىدۇ. ۋاھالەنكى، مەدەنىيەتنىڭ بۇ خىل ئالاھىدە ماھىيىتى يەنە دەسلەپكى مەزگىللەردىكى شەھەرلەرنىڭ قويۇق سىياسىي تۈسىنىمۇ بەلگىلىگەن. بىز بەزى ئىپتىدائىي مەدەنىيەتلىك شەھەرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئەترابلىق كۆزەتسەك، دەسلەپكى مەزگىللەردىكى شەھەرلەر ئاساسەن ھوقۇق(ئىلاھىي ھوقۇق ياكى خانلىق ھوقۇق) مەركىزى قىلىنغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شۇڭا بەزى ئالىملار دۇنيا تارىخىدىكى شەھەرلەرنى تۈرلەرگە ئايرىغاندا ئەڭ دەسلەپكى ھالەتتىكى شەھەرلەرنى «ئىلاھىي ھوقۇق ياكى خانلىق ھوقۇقى ئاستىدىكى شەھەر» دەپ يىغىنچاقلىغان.

باشبالىق قەدىمكى شەھىرىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، مەزكۇر شەھەرنىڭ كېڭىيىشى خان ئوردىسىدىن باشلانغان. يەنى بۇ جايغا ئەڭ دەسلەپ خان ئوردىسى بىنا قىلىنىپ، ئاندىن ئاستا - ئاستا سىرتقا قاراپ كېڭەيتىلگەن. خان ئوردىسىنىڭ شەھەر مەركىزىدە بولۇشىدەك ئەھۋال قوچو قەدىمكى شەھىرىدىمۇ مەۋجۇت. ئۈچ قات سېپىل بىلەن قورشالغان بۇ ئىككى شەھەردە بىز ئىچكى ۋە تاشقى شەھەرلەرنىڭ خان ئوردىسىنى مەركەز قىلىپ سىرتقا كېڭەيتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

تاشقى شەھەرنىڭ بىنا بولۇشى ئەلۋەتتە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەمما بىز قەدىمكى دەۋردىكى شەھەرلەردە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە دائىر مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. ئارستوتېل: «ئۇ دەۋرلەردە ھەقىقى شەھەر ئاھالىسى بەكمۇ ئاز ئىدى»(29) دېگەنىدى. چۈنكى، ئارستوتېلنىڭ قارىشىچە، قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە، ئاتا ھايات ۋاقتىدا بالا پۇقرا ھېسابلانمايتتى. ئاتا ئۆلگەندىن كېيىنلا چوڭ ئوغۇلنىڭ سىياسىي ھوقۇقى بولاتتى. شۇڭا ئۇ دەۋرلەردىكى مالاي - غالچىلار تېخىمۇ شەھەر پۇقراسى بولالمايتتى. مالاي - غالچىلارنىڭ شەھەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى پەقەت ئۇلارنىڭ خوجىدارلىرىلا بەلگىلەيتتى. ئۇلار ئۆز خوجىلىرىغا ئەگىشىپ شەھەردىكى ئاممىۋى نەزىر - چىراغ پائالىيەتلىرىگە قاتنىشاتتى، سوتقا، قۇرۇلتايغا قاتنىشاتتى. بىرنەچچە ئەۋلادتىن كېيىن كىشىلەر يەنىلا سېپىل سىرتىدا ھەر كىم ئۆزىگە قاراشلىق يەردە، ئۆز ئائىلىسىدە تۇراتتى. ئۇ جايلاردا ئۇلارنىڭ ئائىلە جەمەتىگە مەنسۇپ بولغان مۇقەددەس جايى بولاتتى. ئۇلار ئاتىلىق ھوقۇقىنىڭ تەسىرىدە بىر ئايرىلماس گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشقانىدى. لېكىن بەزى كۈنلىرى شەھەرنىڭ ئاممىۋى مەنپەئەتى ئۈچۈن ياكى جامائەتنىڭ نەزىر - چىراغ ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئائىلە باشلىقلىرىلا شەھەرگە يىغىلىپ پادىشاھنىڭ يېنىغا توپلىناتتى. دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىشقا ياكى پادىشاھنىڭ نەزىر - چىراغ ئىشلىرىغا قاتنىشاتتى. ئۇرۇش - جېدەللەر بولغاندا ئائىلە باشلىقى ئوغۇللىرى بىلەن قۇللىرىنى باشلاپ جەڭگە چىقاتتى.

شەھەر كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشىدە بىز شەھەردىن ئىبارەت بۇ يېڭى تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ تەسىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەك. بىرىنچىدىن شەھەرنىڭ مۇداپىئەسى شەھەر سىرتىدىكى ھەرقانداق بىر جايدىن كاپالەتكە ئىگە ئىدى. ھەتتا شەھەرمۇ تاشقى دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرىدىغان ئۇ زامانلاردا ئۇرۇش ۋەھىمىسى كىشىلەر باشقاتۇرىدىغان مۇھىم ئىش ئىدى. ئىككىنچىدىن شەھەر تۇرمۇشى بىر خىل يېڭىلىق سۈپىتىدە كىشىلەرنى جەلپ قىلاتتى. چوڭ دىنىي مۇراسىملار شەھەر مەركىزىدە ئېلىپ بېرىلاتتى، ھەر خىل ماللار بارا - بارا شەھەرنى مەركەز قىلىپ توپلىناتتى. فارابىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا:

«ئەلك زور هالاۋەت ۋە ئەلك يۈكسەك كامالەتكە ھەممىدىن ئاۋۋال ئېرىشىدىغىنى، كامالەتنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرىدىغان جەمئىيەت ئەمەس، بەلكى شەھەر ئىدى»(30). شۇڭا، «بىر تۇركۇم ئادەم قوشنا رايونلاردىن بۇ يەرگە قېچىپ كېلەتتى، ئۇلار ئىچىدە ھۆرلەرمۇ، قۇللارمۇ بار ئىدى. ئۇلار مۇشۇ يېڭى قۇرۇلۇشقا چەتتىن بىرىنچى قېتىم قوبۇل قىلىنغان كۆچلەر ئىدى»(31). لىۋى مۇنداق دېگەن: «قەدىمكى شەھەر بىنا قىلغۇچىلارنىڭ بىر ستىراتېگىيەسى بىر توپ ھەقىر(بىچارە ،مىسكىن)ىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ شەھەر قۇرۇلۇشىغا سېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇنداق قىلىپ شەھەر بىنا قىلغۇچى قەبىلىلەرنىڭ ئۇرۇق ئەۋلادى يەرلىك خەلق دەپ قارالغان...»(32).

شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىشى سەۋەبىدىن ئەسلىدىكى ئاھالىنى سىغدۇرالمىغان شەھەرلەر بارا-بارا سىرتقا كېڭىيىشكە مەجبۇر بولغان. بۇنىڭ بىلەن شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىدا يەنە شەھەر دەرۋازىسىدىن باشلاپ ئاھالە ئولتۇراقلىشىپ، شەھەر ئەتراپى رايونى، بارا-بارا تاشقى شەھەرنى بەرپا قىلغان. مۇداپىئە ئېھتىياجىدىن ئۇزۇنغا قالماي بۇ جايمۇ سېپىل بىلەن دائىرىگە ئېلىنغان. تاشقى شەھەر ئىچكى شەھەرنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم رول ئوينايدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش تەرەققىياتى بەلگىلىك دەرىجىدە ئىچكى شەھەرنىڭ جۇملىدىن خانلىق ھاكىمىيەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن.

تۇرپان رايونىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، قوچونىڭ شەھەر تەرققىياتىدا بۇنداق راۋاجلىنىش ۋە كېڭىيىش ئېھتىمۇ گەۋدىلىك (بۇنداق ئەھۋال غەربىي يۇرتتىكى بەزى ئەللەرنىڭ شەھەر قۇرۇلۇش ئەھۋالىدىمۇ كۆرۈلىدۇ) بولۇپ، تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، قوچو قەدىمكى شەھىرى «خەننامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنگەندىن باشلاپ تاكى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە تاشلىنىپ قالغانغا قەدەر بەش قېتىملىق قايتا قۇرۇشنى باشتىن كەچۈرگەن ۋە بۇ جەرياندا ئۈزلۈكسىز ھالدا سىرتقا كېڭەيتىلگەن.

قوچونىڭ ئەلك دەسلەپكى نامى «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «قوچو قورغىنى» دەپ خاتىرىلەنگەن ۋە نەچچە يۈز ئەسكىرى ئاز مىقداردا ئاھالە ئولتۇراقلاشقانلىقى كۆرسىتىلگەن. دېمەك، ئەينى دەۋردە قوچودا تۇرىۋاتقان ئاھالىلەر مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخىي ماتېرىياللاردا «قوچ ئايىمقى» دەپ خاتىرىلەنگەن ۋە ئايماق مەركىزىدە مەمۇرىي ئورگانلار، ئىبادەتخانىلار بولغانلىقى، ئاھالىلار ئارىسىدا يەنە راھىب-ئۆلىمالارنىڭ بارلىقى، شەھەر ئەتراپى رايونىغا يېزا - كەنتلەر تەسىس قىلىنغانلىقى خاتىرىلەنگەن(33). دېمەك، بۇ دەۋردە مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى. دىنىي، ئىقتىسادىي ئىشلار ھەمدە شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بەلگىلىك دەرىجىدە كۆلەملەشكەن. قانبۇجۇ قوچو خانى بولغان دەۋردە قوچو قەدىمكى شەھرىدە خان ئوردىسى يەنى ھازىرقى يەرلىك ئاھالىلار «خان تۇرا» دەپ ئاتايدىغان قۇرۇلۇش ياسالغان ھەمدە سېپىل بىلەن قورشالغان. تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەردە يېزىلىشىچە، مۇشۇ دەۋردىكى قوچودا قوچو دۆلىتىنىڭ پايتەختى ۋە قوچو ئايىمىقىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگان تەسىس قىلىنغان. ئىبادەتخانىلار كۆپەيگەن، سودا ئىشلىرى جانلانغان، قول ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرى پەيدا بولغان، شەھەر ئەتراپىدىكى ئېكىنچىلىك تېخىمۇ راۋاجلانغان. كىيۇ جەمەتى قوچو ئۇيغۇر خانلىرى دەۋرى (مىلادىيە 499- يىلىدىن 640-يىلىغىچە) گە كەلگەندىمۇ قوچو مەركىزىي شەھەر بولغان. ۋەسىقىلەردە «سېپىل ياسىغۇچى» لار، شەھەر سېپىلىنىڭ قىسمەن رېمونت قىلىنغانلىقى ھەمدە «كونا»، «يېڭى» شەھەر دەرۋازىلىرى تىلغا ئېلىنغان.

ئورقۇن ۋادىسىدا چارۋىچىلىقنى ئىجتىمائىي ئىگىلىك فورماتسىيەسى قىلغان ئۇيغۇرلار قوچو رايونىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، يەرلىك قوۋملەرنىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش

شەكىللىرىنى قوبۇل قىلىپ، كونا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىدىن دادىللىق بىلەن ۋاز كەچكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى قىسمەن يەرلىكلەشتۈرگەن.

قوچو قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئىچكى تۈزۈلۈشى ئۇيغۇر خانلىقى كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن بەش قىسمغا بۆلۈنگەن، بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى قۇرۇلغان باشبالىقمۇ بەش قىسمغا بۆلۈنگەن ئىدى(34). مۇشۇنىڭغا ئاساسەن بەزىلەر «باشبالىق» نامىنى قوچو بىلەن باشبالىق شەھىرىنىڭ ئىچكى تۈزۈلۈشىنىڭ بەش قىسمغا بۆلۈپ بىنا قىلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىماقتا. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئىككى شەھەرنى بەش بۆلەككە بۆلۈپ لايىھەلىشىدە قانداق سەۋەب بارلىقى ھەققىدە ھېچنېمىنى بىلمەيمىز. لېكىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان بۆكۈخان رىۋايىتىدە ئۇنىڭ بەش قېرىندىشىنىڭ بىر ئىشىك بەش ئېغىزلىق ئۆيدە دۇنياغا كەلگەنلىكى سۆزلىنىدۇ، بۆگۈخان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەل ئاتىسى دەپ قارىلىدىغان بولغاچقا، تارىختىن بۇيانقى ئۇيغۇر خانلىرى ئۆزلىرىنى بۆگۈخاننىڭ ئەۋلادى دەپ تونۇيدۇ(35). گابائىن خانىم بىلەن مۇللېر ئېلان قىلغان ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئۆزىنى ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى ـ بۆگۈ قاغانغا ئىتائەت قىلغۇچى ھېسابلايدىغان ئەلى تۇتۇق ئۆگە ئىسىملىك بىر ئادەم 760 ـ يىلى قوچو بالىق بېگى بولغان. ئەلى تۇتۇق ئۆگە مىلادىيە 768 ـ ، 767 ـ يىللاردىمۇ داۋاملىق قوچونىڭ شەھەر باشلىقى بولغان (36). ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئىككى چوڭ شەھەرنى بەش بۆلەككە بۆلۈپ ياسىشى يۇقىرىقى رىۋايەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ھەمدە بۇ بەش بۆلەك بۆگۈخاننىڭ بەش قېرىندىشىغا سىمۋول قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. «بەشبالىق» نى بەزىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويغىنىدەك «باشبالىق» دەپ چۈشىنىشمۇ ئەقىلغا مۇۋاپىق بولغان. چۈنكى تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر ئىچىدىكى «ھۆكۈمەتتىن چۈشۈرۈلگەن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش» تا: «قاراقوچو، لۈكچۈن، تۇرپاندىن ئىبارەت 24 بالىقچىدىكى قوتچۇر(قوتلۇق بەگلەرگە)لارغا.....» دېگەن ئىبارىدە قاراقوچو، لۈكچۈن، تۇرپان ..... قاتارلىق جايلار «بالىقچا» دېيىلگەن . دېمەك، بۇ جايلار باشبالىققا نىسبەتەن مەمۇرىي جەھەتتىن تۆۋەن بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە شەھەر قۇرۇلۇش كۆلىمى جەھەتتىنمۇ كىچىك بولغان. شەھەر قۇرۇلۇش كۆلىمى چوڭ، سىياسىي ئورنى يۇقىرى بولغان قوچونىڭ بەزى ۋەسىقىلەردە «قوچوبالىق» دەپ سۈپەتلىنىشىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك. شۇڭا، «بەشبالىق» نى «يېتەكچى، باشلامچى، پايتەخت شەھەر» مەنىسىدىكى «باشبالىق» دېگەن قاراشنى دەلىللەشتىمۇ ئۇنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئىمتىيازىنىڭ زادى قايسى ئورۇندا تۇرغانلىقىنى دەلىللەپ چىقىشىمىز كېرەك. چۈنكى، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «بەشبالىق» نى باشقا تۆت شەھەر بىلەن بىر قاتارغا تىزىپ، بۇلارنى «ئۇيغۇر» دېگەن بىر ئەلنىڭ شەھەرلىرى دەپ چۈشەندۈرۈشى بىلەن، مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ بەشبالىقنى «پەنجىكەنت» (بەش شەھەر) دەپ يېزىشى بىزنىڭ بۇ قاراشلىرىمىز ئۈستىدە ئارخېئولوگىيە، تارىخ ۋە شەھەرشۇناسلىق نۇقتىسىدىن يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

گېپىمىزگە قايتىپ كەلسەك، ئورقۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆچۈپ كەلگەن ئاھالىنىڭ سىغماي قېلىشى سەۋەبىدىن تاشقى شەھەرنى يېڭىدىن بىنا قىلىشى بىلەن قوچو قەدىمكى شەھىرى ئەسلىدىكىدىن شەرق تەرەپكە تەخمىنەن 135 مېتر، غەرب تەرەپكە تەخمىنەن 135 مېتر، جەنۇب تەرەپكە 200 مېتردىن ئارتۇقراق كېڭەيتىلگەن، شىمال تەرەپتىكى سېپىل تېمى پەقەت قايتا ياسالغان، سىرتقا ئاساسەن كېڭەيتىلمىگەن(37).

تاشقى شەھەرنىڭ بىنا بولۇشى شەھەر كۆلىمىنى كېڭەيتىپلا قالماستىن، يەنە شەھەر تۇرمۇشىنىڭ كۆپ خىللىقىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئىچكى شەھەر بىلەن تاشقى شەھەر بىر مەزگىللىك گۈللىنىشتىن كېيىن قوشۇلۇپ كەتكەن. يەنى، ئىچكى شەھەرنىڭ سېپىلى ئۇزۇن مۇددەت رېمونت قىلىنماي، تاشقى شەھەر سېپىلىلا ئۈزلۈكسىز ھالدا

پۈختىلانغانلىقتىن، ئىچكى شەھەر سېپىلى ئەسلى پېتىچە قېپ قالغان. ھەتتا بىر قىسىم جايلىرى ئۆرۈلۈپ تاشقى شەھەر بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن. قوچو قەدىمكى شەھىرىنىڭ لېكوك بىلەن ستەيىن سىزغان تەكشى يۈز چىرتيوژىدا ئىچكى شەھەر سېپىلىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسىملا ساقلىنىپ قېلىنغانلىقى كۆرسىتىلگەن. تاشقى شەھەر سېپىلى بولسا ئەينەن پېتى پۈتۈن شەھەرنى قورشاپ تۇرىدۇ.

### شەھەر دەرۋازىسى

بۇ يەردە شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەككى، تاشقى شەھەرنىڭ بىنا بولۇشى شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىن باشلانغان. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قوچو قەدىمكى شەھىرىنىڭ تەكشى يۈز خەرىتىسىدە تاشقى شەھەرنىڭ دەرۋازىسىدىمۇ بىر قىسىم سودىگەرلەر ئولتۇراقلىشىپ، چوڭ كۆلەمدىكى بازارنى شەكىللەندۈرگەنلىكى كۆرسىتىلگەن. بۇمۇ بىزگە تاشقى شەھەرنىڭ بىنا بولۇشىدا سودىگەرلەرنىڭ كېلىپ ئولتۇراقلىشىشى ئاساسلىق رول ئوينىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىستەھرىنىڭ: «بازار قەدىمكى چاغدا ئىچكى شەھەرنىڭ شەھەر دەرۋازىسى يېنىدا ئىدى»(38) دېگىنى؛ بارتولدنىڭ: «بازار دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى شەھەر دەرۋازىسىنىڭ يېنى دېگەنلىك بولىدۇ.»(39) دېگىنى مۇشۇنىڭغا قارىتىلغان بولۇشى مۇمكىن. بازارنىڭ «شەھەر دەرۋازىسىنىڭ يېنى» دەپ چۈشەندۈرۈلۈشى قەدىمكى دەۋرلەردىكى شەھەرلەرنىڭ قويۇق سىياسىي تۈسىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ ئايرىلماس مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەھمۇد كاشغەرى əl سۆزىگە بەرگەن ئىزاھاتىدا« ʀapuc əli - قوۋۇق ئالدىدىكى بوش يەر» (40) دەپ كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ باياناتلارمۇ شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا بەلگىلىك كۆلەمگە ئىگە بازارنىڭ بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ جاي يەنە خانلارنى كۈتۈۋېلىش، بايراملىق پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. يۇقىرىلار (خەلق) بىرەر چوڭ ئىش ئۈستىدە مەسلىھەتلەشمەكچى بولسىمۇ، مۇشۇ جايغا يىغىلىدۇ. فرانسىيە تارىخچىسى كومىتىنىڭ كۆرسىتىشىچە، قەدىمكى غەربىي يۇرت شەھەرلىرىدە «قوۋۇقتىن چىقىش»، «قوۋۇقتىن كىرىش»، «سەپەرگە تەلمۈرۈش»(41) قاتارلىق ھەربىي ئۆركىستىر ۋە كۈيلەر بولغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا شەھەر دەرۋازىسى «قاپىغ» دەپ ئاتالغان. مەھمۇد كاشغەرى بۇ سۆزنى «قاپىغ» ۋە «قاپىقا» شەكلىدە ئىپادىلىگەن. «قوچو مەھكىمىسى سۆزلۈكى» دە «بەدۆك قابې» (چوڭ دەرۋازا) تىلغا ئېلىنغان. بۇ بەلكىم «ئوغۇزنامە» دىكى«قابۇچاق» (بوشلۇق، كولۇڭ، كاۋاكنىڭ كىچىكلىتىلگەن شەكلى) قا يەنى «كىچىك ئىشىك» ياكى «كىچىك دەرۋازا» غا نىسبەت قىلىپ ئېيتىلغان سۆز بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭغا «قا» پۈختا ۋە ئېگىز بولۇشى ئالاھىدە تەكىتلىنىدىغان ياغاچ قۇرۇلمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، (مەسىلەن، قالىق - راۋاق؛ قاسى- قالاق؛ قالىما - بالىخانا؛ قارىغ - مۇنار؛ قۇرىقان- چېدىر؛ قاپۇغ - ئىشىك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ياغاچتىن ياسىلىدۇ). ئەلۋەتتە، قەدىمكى شەھەر دەرۋازىلىرىنىڭ ياغاچ بىلەن ياسىلىشىدا گەپ يوق. نىيا خارابىسىنىڭ جەنۇبىدىكى سېپىللىق دەپ ئاتىلىدىغان قەدىمكى شەھەرنىڭ شەھەر دەرۋازىسى زەگۇندە ئۈستىگە تۇرغۇزۇلغانىدى. تام ئۇلىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان زەگۇندىنىڭ دەرۋازىدا قوللىنىلىشى - دەرۋازا راملىرىغا چۈشىدىغان بېسىمنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئېنىقكى، كىشىلەر شەھەر دەرۋازىسىنىڭ پۈختا بولۇشى ئۈچۈن ئۈستىدىنمۇ چىڭ باستۇرغان.

قەدىمكى شەھەر دەرۋازىلىرى ئاساسەن ساقلىنىپ قالمىغان (ھەتتا بەزى قەدىمكى شەھەر دەرۋازىلىرىنىڭ ئورنىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ) بولغاچقا بۇ ھەقتە بىلىدىغانلىرىمىز بەك ئاز. ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا چوڭ مەيدان بولاتتى. بۇ جايدا يەنە بازارمۇ بولغانىدى، دەرۋازا

ئۈستىدە كۆزەتچىلەر ئۈچۈن مەخسۇس راۋاق بولغانلىقى سىرتىدا بۇ جايدا يەنە خان - پادىشاھلار شەھەرنى ياكى بايرام كۈنلىرىدىكى شەھەر مەنزىرىسىنى ۋە ياكى دەرۋازا ئالدىدىكى مەيداندا ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەربىي قوشۇننىڭ كۆرەكلىرىنى تاماشا قىلىدىغان ۋە كۆزدىن كەچۈرىدىغان مەخسۇس ئورۇنمۇ بولاتتى. تۆۋەندىكى تىپىلغان شايىغا سىزىلغان رەسىمدە دەرۋازا ئۈستىدە چېدىر شەكىللىك راۋاق ۋە باشقا ئۆگزىسى چېدىر شەكلىدە ياسالغان ئېگىز قۇرۇلۇش سىزىلغان، رەسىمدىن قارىغاندا شەھەر دەرۋازىسىنىڭ يان تاملىرى خىشتىن قوپۇرۇلغان. ئەلۋەتتە بۇنداق دەرۋازا شەكلى قەدىمكى تۇرپانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا يارغولغا ئەمەس، بەلكى قوچو قەدىمكى شەھىرىگە ماس كېلىدۇ. ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردە قوچو قەدىمكى شەھىرىدە دەرۋازا تېمىنىڭ بىر قىسمىغا تاش ئىشلىتىلگەن، ھەممىدە مەخپىي ئۆي قېزىۋالغۇدەك دەرىجىدە ناھايىتى قېلىن قوپۇرۇلغان. باشبالىق شەھەر دەرۋازىسىدا دەرۋازا تېمىغا نەم توپىنى خاڭداش ئۇسۇلى بىلەن سېپىلغا يانداپ ئېگىز گۈندە چىقىرىلغان ۋە ئۈستى ياغاچ بىلەن يېپىلغان. يارغول قەدىمكى شەھىرىدە شەھەر دەرۋازىسىنىڭ خۇددى بۇ شەھەردىكى باشقا قۇرۇلۇشلارغا ئوخشاشلا يەرنى ئويۇش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغانلىقىنى كۆرىمىز. يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ مۇھىملىقى خاراكتېرىدىن ئويلاشقاندا، يارداڭلىقنى يانتۇ ئويۇپ چۈشۈپ شەھەر دەرۋازىسى ئېچىش ھەممىدە قوۋۇق ئىچىگە قەلئەسىمان قاراۋۇلخانا ياساش - ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى مۇداپىئەنى ئاساسىي مەقسەت قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

### سودا

تەتقىقاتچىلار «قوچو» نىڭ خەنزۇچە نامى بولغان «高昌» نى «ئاۋات، گۈللەنگەن» دېگەن مەنىلەردىكى سۆز دەپ قارايدۇ(42). «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ئەنەتكەك، ئۇدۇن، قوچو تەزكىرىلىرى» دىمۇ، «قوچو خانلىقى خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا ئالدى غوز(قاڭقىل) خانلىقىنىڭ زېمىنى ئىدى. بۇ يەردە قوچو قەلئەسى بولۇپ، يەر تۈزلۈڭشى دۆڭ، خەلقى باياشات، ئاۋات دېگەن مەنىدە بۇ نام قويۇلغانىكەن» دېيىلگەن. دېمەك، قوچو جۇغراپىيەلىك ئورنى، ماددىي بايلىقلىرىنىڭ موللىقى ۋە سودا ئىشلىرىنىڭ روناق تاپقانلىقى بىلەن ناھايىتى بۇرۇنلا باشقا ئەللەرگە تونۇلغان.

قوچو شەھىرى ئۆزىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ئۈستۈنلىكى بىلەن نۇرغۇن ئەللەرنى جەلپ قىلىش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز كېڭەيگەن. شەھەر ئىچىدە بايلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىنى كۆلەملەشتۈرۈپ ياساپلا قالماستىن يەنە ئىبادەتخانىلارنى بىنا قىلغان. مۇشۇ جايدىكى ئېقىن بويلىرىغا ياكى شەھەر ئىچىدىكى يوللارنىڭ كېسىشىدىغان جايلىرىغىمۇ قەرەللىك بازارلار بىنا بولغان. بۇ شەھەر دەرۋازىلىرىنىڭ ئالدىدىكى بازارلار بىلەن دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى قەرەللىك بازارلار ھارۋا يوللىرى بىلەن تۇتاشقان بولاتتى. ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى شەھەرلەرنىڭ قوغدىنىش مۇئەسسەلىرىمۇ شۇ بازارلاردىكى ئاساسلىق مال بىلەن تەمىنلىگۈچى چوڭ سودىگەرلەرنىڭ ئېھتىياج - تەلەپلىرى بويىچە مەيدانغا چىققان دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇ دەۋرلەردە سېپىلسىز شەھەرنىڭ بولغانلىقىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ بىر خىل ئىمتىياز ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا قوغدىنىش ئەسلىھەلىرى- خان- پادىشاھلار دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشتە تايىنىدىغان سودىگەرلەرنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئۆز شەھىرىدە كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل ئالاھىدە ھوقۇق- ئىمتىيازنىڭ بەلگىسى ئىدى. شەھەردە ھېچبولمىغاندا ھەپتىدە بىر قېتىملىق چوڭ بازار بولاتتى. بۇ بازارلار كۆز پەسلىدە ناھايىتى جانلىنىپ كېتەتتى. يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانلار، باغۋەنلەر، چارۋىچىلار ئۆزلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى مۇشۇ بازارغا ئېلىپ كېلىپ ئېھتىياجلىق ماللىرىغا ئايرىۋاشلايتى. بەزىدە بەزى شەھەرلەردە يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان يەرمەنكە بولاتتى. شەھەرگە ئېلىپ

كىرىلىدىغان ھەرقانداق مالدىن شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا باج ئېلىناتتى. ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، قوچودا بۆز، قۇئانپۇ ، باقىر، بالىش، چاۋ (يۇمن سۇلالىسىنىڭ قانۇنلۇق پۇلى) قاتارلىق پۇللار ئوبوروتقا قاتناشتۇرۇلغان. بۇ قوچودا تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ يۇقىرى باسقۇچى شەكىللىنىپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادقا دائىر ھۆججەتلەردە «قوچۇ بازىرىدا ئۆتىدىغان... » دېگەندەك ئىبارىلەرمۇ قوچونىڭ ئەينى دەۋردە مەركىزىي شەھەر - بازارغا ئايلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ يۇمن سۇلالىسىنىڭ قانۇنلۇق پۇلى بولغان «چاۋ» نى «چاۋ ياستۇق» ياكى «ياستۇق چاۋ» دەپ ئاتاش ئارقىلىق مەركىزىي ھاكىمىيەت پۇلىنى يەرلىكلەشتۈرگەنلىكىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

سودىنىڭ راۋاجلىنىشى سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۈركە بولغان. سودا پائالىيەتلىرى ئەتراپتىن كەسپىي قول ھۈنەرۋەنلەرنى جەلپ قىلغان. دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئاھالىلىرىنىڭ شەھەر ئاھالىسى تەرىپىدىن جەلپ قىلىنىشى خېلى بۇرۇنقى ئىش. شەھەر نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىمۇ بۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتكەن. شەھەر ئاھالىسى ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ساندىكى قول ھۈنەرۋەنلەرگە ئېھتىياجلىق بولغانلىقتىن ئۇلارغا كۆپ ئىمتىيازلارنى بەرگەن. شەھەر ئېھتىياجىنى قامداپ كېلىۋاتقان ئىلگىرىكى ئاز ساندىكى قول ھۈنەرۋەنلەر مۇقەررەر ھالدا كۈنسېرى كۆپىيىۋاتقان يېڭى شەھەر ئاھالىسىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالمىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرقىسىم ھۈنەرۋەنلەرنىڭ سىرتتىن كېلىشى زۆرۈر بولۇپ قالغان. قول سانائەتچىلەرنىڭ شەھەرگە مەركەزلىشىشى بىلەن ئىلگىرى يېزىلارغا مەركەزلەشكەن سانائەت كارخانىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە ئارقا - ئارقىدىن شەھەرلەرگە يۆتكەلگەن. ۋاڭ يەندېنىڭ خاتىرىسىدە يېزىلىشىچە، «باشبالىق شەھىرىنىڭ ئىچىدە قەۋەتلىك بىنالار كۆپ ئىدى. كىشىلەرنىڭ تەقى - تۇرقى قامەتلىك، خۇشچىراي، قولى ئەپچىل، ھەر ئىشقا ئۇستا ئىدى. ئالتۇن، كۈمۈش، مىس ۋە تۆمۈر قاتارلىقلارنى تاۋلاش ۋە ئالتۇنچىلىق ھۈنەرلىرىگە ناھايىتى ماھىر ئىدى»(43)

ھەرقانداق بىر خىل مەدەنىيەتتە شەھەر تۇرمۇشىنىڭ تەرەققىياتى چوقۇم سودا ۋە سانائەتكە تايىنىشى كېرەك. كىلىمات، مىللەت، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى پەرقلەر ھەممە دەۋرلەرنىڭ ئوخشىماسلىقى بۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتەلمىگەن. قەدىمكى مىسىر، بابىلون، يۇنان، رىم ياكى ئەرەپ ئىمپېرىيەسىدىكى شەھەرلەردىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋال مەۋجۇت، بۈگۈنكى ياۋروپا، ئامېرىكا، ھىندىستان، ياپونىيە ۋە ئېلىمىزدىكى شەھەرلەردىمۇ بۇ خىل ئەھۋال ئوخشاشلا مەۋجۇت. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بىر خىل قانۇنىي مۇقەررەرلىك. چۈنكى شەھەر ئەمەلىيەتتە سىرتتىن يېمەكلىك ۋە خام ئەشيا كىرگۈزۈش ئارقىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن مۇشۇنىڭغا ماس ھالدىكى سانائەت(قول ھۈنەرۋەنچىلىك) مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىشى كېرەك. بۇنىڭ بىلەن شەھەر بىلەن شەشەر ئەتراپى رايونلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا دائىملىق مۇناسىۋەت پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەتنى تەگشەيدىغىنى پەقەت سودا بىلەن قول سانائەتنىڭ ئۆز ئارا بىرىگە تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان مۇناسىۋېتىدىن ئىبارەت. مۇبادا ئىمپورت قىلىش ئارقىلىق لازىملىق تۇرمۇش بويۇملىرى بىلەن تەمىنلەش بولمىسا ياكى ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىش ئارقىلىق مال ئالماشتۇرۇش بولمىسا، شەھەرنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى مۇقەررەر بولۇپ قالىدۇ. دېمەك، قەدىمكى دەۋرلەردىكى شەھەرلەردە سودا بىلەن سانائەت شەھەرنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى قىياپىتىنى بەلگىلىگەن. سۇدىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن شەھەرلەردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش رەڭدار تۈس ئېلىشقا باشلىغان. بۇنىڭ ئىچىدە ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن سودا كارۋانلىرىنىڭ ئىقتىساد - مەدەنىيەت جەھەتتىن كۆرسەتكەن تەسىرىمۇ يوق ئەمەس. يىپەك يولىنىڭ

مەركىزىي ئاسىيادىكى بىر تۈگۈنگە جايلاشقان بۇ خەلقئارا سودا مەركىزى ھەقىقەتەنمۇ «ھەر خىل مەدەنىيەتلەر جەملەنگەن جاي»غا ئايلانغانىدى. بىز قەدىمكى شىنجاڭنىڭ ئۆلچەم بىرلىكىگە دائىر ئاتالغۇلارنى رەتكە تىزساق، ئۇنىڭدا قەدىمكى يۇنان، ھىندىستان، ئوتتۇرا ئىقلىم ۋە يەنە گرېك، سانسكرىت، ساك، سوغدى، تۈرك تىللىرىدىكى ئۆلچەم بىرلىك ناملىرىنى ئۇچرىتىمىز(44). خەلقئارا سودا ئېھتىياجىدىن قوللىنىلغان بۇنداق كۆپ خىل ئۆلچەم بىرلىك ناملىرى بىزگە غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ مەدەنىيەت قوبۇل قىلىش جەھەتتە ئاكتىپ بولۇپلا قالماستىن، يەنە چەتنىڭ ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى ئۆز يېرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆلچەم بىرلىكلىرىگە بويسۇندۇرۇپ ھېسابلاش ئارقىلىق سودا-ئىقتىسادنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن سودا كارۋانلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن بۇنداق تەسىرلەر ئەلۋەتتە باشقا ساھەلەردىمۇ كۆرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. مەھمۇد كاشغەرى سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ شەھەر تۇرمۇشىدا ياشاۋاتقان خەلقنىڭ تىلىغا كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ ئوچۇق ۋە ئەڭ توغرا تىل پەقەت شۇ بىر تىلنى بىلىپ، پارسلار بىلەن ئارىلاشمايدىغان ۋە چەت ئەللىكلەر بىلەن بېرىش-كېلىش قىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ تىلىدۇر. ئىككى تىل بىلىدىغان ۋە شەھەرلىكلەر بىلەن ئارىلىشىپ قالغان كىشىلەرنىڭ تىلىدا بۇزۇقلۇق بار»(45). شەكسىزكى، شەھەر خەلقى سىرتقى مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ھەرقايسى جەھەتلەردىن تېز تەرەققىي قىلغانىدى. بۇ خۇددى، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئىزاھاتىدا كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرۈدىغان، مۇسۇلمان بولمىغان تۈركلەر يىلنى تۆت پەسىلگە بۆلۈپ ۋاقىت ئىپادىلەۋاتقان چاغدا شەھەرلىكلەر ئاللىبۇرۇن ئەرەبلەرنىڭ ئاي ئىسىملىرىنى قوللىنىپ بولغان (46) لىقىدەكلا بىر ئىش.

*شەھەر باشلىقى*

ئەڭ قەدىمكى شەھەر باشلىقى شەھەر بىنا بولۇش بىلەن تەڭ بارلىققا كەلگەن قەبىلە باشلىقىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇ چاغلاردا خاس «شەھەر باشلىقى» دېگەن بۇ ئەمەل نامىڭ تېخى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. كىشىلەر ئۆز شەھىرىنىڭ ھۆكۈمدارىنى شەھەر بىلەن باغلاپ ئاتىغاندا ئەڭ دەسلەپ «شەھەر ئاتىسى» دېگەن نامنى قوللانغان. «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» دە قەبىلە باشلىقى ياكى «شەھەر ئاتىسى» بىلەن ئوخشاش ئىستېمالدىكى «başlaγuqe» (باشلىغۇچى) دېگەن سۆز بار. «باشلىغۇچى» دېگەن بۇ نام ئەڭ دەسلەپكى شەھەرلەرنى بىنا قىلغان قەبىلە باشلىقىنىڭ شۇ دەۋردىكى ئەمەل نامى بولسىمۇ، ئەمما «قەبىلە باشلىقى»، «شەھەر ئاتىسى» ۋە «باشلىغۇچى» لارنىڭ ھەممىسىنىڭ ۋەزىپىسى ئىنتايىن كەڭ دائىرىدە بولۇپ، ئۆز قەبىلىسى ياكى شەھىرىدىكى خەلقنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تىنچ-خاتىرجەم يولىغا باشلاش ئىدى. مۇشۇنداق ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغان قەبىلە باشلىقىلا «شەھەر ئاتىسى» ياكى «باشلىغۇچى» نامىغا مۇيەسسەر بولالايتى. فارابىنىڭ قارىشىچە بولغاندىمۇ، «مۇئەييەن شەھەرنىڭ شەھەر باشلىقىمۇ ھەممىدىن ئاۋۋال مەۋجۇت بولۇشى، ھەمدە شەھەر باشلىقى 12خىل تۇغما تەبىئىي پەزىلەتكە ئىگە بولۇشى لازىم ئىدى. شۇنداق بولغاندا ئۇ شەھەر جامائەسى ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ئۇلاردا ئىرادىنى مەنبە قىلغان ئالاھىدىلىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ئۈچۈن سەۋەب بولالايتتى. ئەگەر شەھەر جامائە ئەزالىرىنىڭ بىرەرسىدە چاتاق چىقسا، بۇنداق چاتاقنىڭ تۈگۈتىلىشىنى تەمىن ئېتەلەيتتى»(47).

ئىدىقۇت ھۆججەتلىرىدە «بالىق بەگى» تىلغا ئېلىنغان. بۇ بەلكىم يازما يادىكارلىقلاردا ئەڭ بۇرۇن خاتىرىلەنگەن شەھەر باشلىقلىق ئەمەل نامى بولسا كېرەك. فون.گابائىن: «قوچو بالىق بېگى بەلكىم بىر شەھەر باشلىقىغا تەڭ بولۇشى مۇمكىن»(48) دەيدۇ. مانا بۇ مەخسۇس شەھەر قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بەگ بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن بۇرۇنقى يازما يادىكارلىقلاردا پادىشاھتىن ھېسابلىغاندا ئۈچىنچى ياكى تۆتىنچى ئورۇندا تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلۇدىغان باج ۋە جەرىمانىلەرنىڭ ئاز-كۆپلۈكىمۇ مۇشۇ دەرىجىگە

مۇناسىپ مىقداردا بولغان. ئۇنىڭغا بەزى ھاشارچىلار بۇيرۇپ بېرىلەتتى ھەمدە باج - سېلىقلارنى تەقسىملەش مەسئۇلىيىتى تاپشۇرۇلاتتى. بالىق بېگىنىڭ ھوقۇقى ناھايىتى چوڭ بولغاچقا، ئۇ ھەمىشە باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىگە چېقىلاتتى، ئالدى - ساتتى توختاملىرىدا ھامان ئۇنىڭغا قارىتىلغان كاپالەت ماددىسى بولاتتى. پۇقرالار جەرىمانە تۆلەشكە توغرا كەلسە، خان ۋە ئوردا غەزىنىسىدىن قالسا ئۇنىڭغا بىر ئۈلۈش تەقسىم قىلىش شەرت ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە ئۇچرايدىغان باج تۈرلىرى ئارىسىدا «قاپىغ»(49)(قوۋۇق، دەرۋازا)دېيىلىدىغان بىر خىل باج بولۇپ، بۇمۇ بالىق بېگىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. بالىق بېگى مۇشۇ خىل ئۇسۇللاردا توپلانغان باج ۋە جەرىمانىدىن كەلگەن كىرىم (بۇ باج ۋە جەرىمانە بەزىدە ماددىي بۇيۇم بىلەن تۆلەنگەن)بىلەن شەھەر قورۇلۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ باراتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ھوقۇق يۈرگۈزۈش ۋاقتىمۇ خېلى ئۇزۇن بولاتتى، ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە 760 - يىلى قوچوغا بالىق بېگى بولغان ئەلى تۇتۇق ئۆگە ئىسىملىك كىشى 768 - يىلىمۇ ئۆز ھوقۇقىنى داۋاملىق ساقلاپ تۇرغان(50).

*خاتىمە ئورنىدا*

شەھەر خارابىلىرى - قەدىمكى جەمئىيەتنى سىياسىي، ئىقتىساد، ھەربىي ئىشلار ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىن ئەڭ مەركەزلىك، ئەڭ بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. شۇڭا قەدىمكى زامانىنىڭ ئىقتىمائىي تارىخىي قىياپىتىنى بىر قەدەر ئەتراپلىق ۋە توغرا چۈشىنىش ھەم ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش بىلەن تەتقىقاتنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرۇپ مۇلاھىزە قىلغاندىمۇ، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى شەھەر مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى تەتقىقاتتا ئارخېئولوگىيە ئاچقۇچلۇق يەن ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنىڭ دائىرىسى بىر قەدەر چوڭ، مەزمۇنى مول ۋە مۇرەككەپ بولغاچقا، بىر شەھەر خارابىسىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ماكرو ۋە مىكرولۇقتىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتىن يورۇقلۇققا چىقىرىش ھەرگىزمۇ ئاسان ئىش ئەمەس. بەلكى نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ نەچچە يىل ئۈزۈلدۈرمەي خىزمەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەمما، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا مەۋجۇت بولغان بۇ خىل قەدىمىي ۋە ئۆزگىچە خاس شەھەر مەدەنىيىتىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بىلەن قاراشنىڭ لازىملىقىنى تەكىتلەيمىز. بۈگۈنگە قەدەر شىنجاڭنىڭ قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى توغرىسىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش دوكلادلىرى مەتبۇئاتلاردا ئىلگىرى - كېيىن ئېلان قىلىنىپ تۇرىۋاتىدۇ. ھەتتا بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قىسمى ئاللىقاچان «مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» قىلىپ بېكىتىلدى. ئەمما، بىزنىڭچە شۇ شەھەر خارابىلىرىنىڭ تارىختىكى ئۆزگىرىشلىرى ۋە باشقا مەدەنىيەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى ئىلمىي، سىستېمىلىق چۈشەندۈرۈشلەر يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ. بۇ بەلكىم «ئىقتىساد كەمچىل، خادىملار تولۇق بولماسلىق» تىن ئىبارەت ئەزەلدىن ھەل بولماي كېلىۋاتقان سەۋەپلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئەشۇ يىراق قەدىمكى زامانىنىڭ شاھىدلىرىغا نىسبەتەن، ھامان بۇزۇلۇش خەۋپىنىڭ بولۇش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ ھەرگىزمۇ «ھەممە نەرسىنىڭ تەلتۆكۈس تولۇق بولۇشى» نى كۈتۈپ تۇرىدىغان خىزمەت ئەمەس. 21 - ئەسىردە ياشاۋاتقان زامانىۋى كەسىپ ئەھلىلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا تېخىمۇ شۇنداق. بىز مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقىنىمىزدا ئاز كەم بىر ئەسىر ئىلگىرىكى ئاتالمىش «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار» نىڭ خىزمەت روھىغا ھەمدە بۇ خەيرلىك ئىشقا ھېلىمۇ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئەشۇ بىر قىسىم چەتئەللىك تەۋەككۈلچىلەرگە ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمىز! بۇ شىنجاڭنىڭ قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات يېتەرلىك بولمايۋاتقان مۇشۇنداق بىر پەيتتە، بەلكىم بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ قەدىمكى شەھەر مەدەنىيىتى ئۈستىدىكى ئانچە پىشمىغان ۋە سىستېمىلىشالمايۋاتقان تەتقىقاتلىرىمىزغا قىلىنغان بىر خىل مەسخىرىدۇر!

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

① ياڭ يىيۇڭ: «يارغول شەھىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان 1 - نومۇرلۇق دۆڭدىكى قاغىلىق قەبرىلىرىدە ئەكس ئەتكەن قاغىلىق مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، 1996 - يىل 3 - سان.

② ۋاڭ شۇچۇەن: «كروران خانلىقىنىڭ پايتەختى ۋە قەدىمكى لوپنۇر كۆلىنىڭ تارىخىي ئورنى»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، 1997 - يىل 2 - سان.

③ ئابلەت نۇردۇن: «قاغىلىلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىگە دائىر بىر قىسىم تارىخىي مەلۇماتلار»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، 1996 - يىل 1 - سان.

④ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىل نەشرى.

⑤ ئا . مۇھەممەدئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002- يىل نەشرى، 218- بەت.

⑥ «شىنجاڭ گېزىتى»، 2000 - يىل 4 - ئاي.

⑦ فوستېل. دې كولانگېس: «قەدىمكى شەھەر» (خەنزۇچە). شاڭخەي ئەسىر نەشرىيات گوروھى، 2005 - يىل نەشرى، 257 - بەت.

⑧ «ك.ماركس، ف.ئېنگېلىس تاللانما ئەسەرلىرى» 2 - توم، تاشكەنت 1954 - يىل نەشرى، 282 - بەت.

⑨ شۈي خۇاڭ: «شەھەرلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى توغرىسىدا» شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ژۇرنىلى، 1997 - يىل 4 - سان.

⑩ ئابلىكىم ئابدۇلرەشىت: «تۇرپان نامىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى توغرىسىدا قايتا ئويلىنىش»، تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى، 2010- يىل 1- سان، 142 - ، 144 - بەتلەر)

⑪ ئا . مۇھەممەدئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002- يىل نەشرى، 279- بەت.

⑫ ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق: «تۇرپاننىڭ تارىختىكى ناملىرى ۋە ‹قوچو› توغرىسىدا يېڭى مۇلاھىزە»، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2004- يىللىق 1- سان، 2- بەت.

⑬ ئا. فون گاباين: «قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ تۇرمۇشى»، (يولۋاس راشىدىن، ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق تەرجىمە قىلغان)، تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى، 2010- يىل 1- سان، 13- بەت.

⑭ئالبېرت ۋون لېكوك، ئېرنىست ۋالدىسمىت: «شىنجاڭ بۇددا سەنئىتى» (خەنزۇچە)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2006- يىل نەشرى، 119- بەت.

⑮ ھېنرى پىرېننى: «ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەھەرلەر» (خەنزۇچە)، شاڭۋۇ نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى، 39 - بەت.

⑯ فوستېل. دې كولانگېس: «قەدىمكى شەھەر» (خەنزۇچە)، شاڭخەي ئەسىر نەشرىيات گوروھى 2005 - يىل نەشرى، 13 - بەت.

⑰ «ۋېينامە . قاغىلىلار ھەققىدە قىسسە»

⑱ ل.يۇ.تۈگاشېۋا: «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىن پارچىلار»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، (ئىچكى ژۇرنال)، 1984- يىل 9 - سان.

⑲ فوستېل. دې كولانگېس: «قەدىمكى شەھەر» (خەنزۇچە)، شاڭخەي ئەسىر نەشرىيات گوروھى، 2005 - يىل نەشرى، 13 - بەت.

(21) «مايترى سىمىت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 137 - بەت.

(22) ئىسمائىل تۆمۈرى: «ئىدىقۇت ھۆججەتلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل نەشرى، 30 - بەت.

(23) (24) ئا.ۋون. گاباين: «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانلىق قارىشى»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، 1997 - يىل 1 - سان.

(25) (26) مونىكا. مايلارد: «قەدىمقى قوچو خانلىقىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تارىخى» (خەنزۇچە)، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى نەشرى، 1996- يىل، 86- بەت.

(27) ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000- يىل نەشرى 121- بەتتىكى نەقىل.

(28) ئابلىم قېيۇم: «تۇرپان يادىكارلىقلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىل نەشرى 13- بەت.

(29) فوستېل. دې كولانگېس: «قەدىمكى شەھەر» (خەنزۇچە) شاڭخەي ئەسىر نەشرىيات گوروھى 2005 - يىل نەشرى، 256 - بەت.

(30) فارابى: «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1982 - يىل 2 - سان، 31 - بەت.

(31) مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل نەشرى، 610 - بەت.

(32) يۇقىرىقى كىتاب، 611 - بەت.

(33)، (34) مېلىڭ فەنرېن: «بەشبالىق توغرىسىدا» (خەنزۇچە)، «بەشبالىقنىڭ تارىخ جۇغراپىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985- يىل نەشرى، 50- ، 186 - 202- بەتلەر.

(35) فېڭ جياشىڭ قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» (خەنزۇچە) 1- قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981- يىل نەشرى، 17- ، 18- ، 37- بەتلەر.

(36) (50) ئۇيغۇر سايرانى: «قوچو بالىق بەگى توغرىسىدا» ، تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى، 2004- يىللىق 2- سان 15- بەت.

(37) مېلق فەنرېن: «قوچو شەھىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە)، 5- جىلد، 48- بەت.

(39)، (38) ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، 1-توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 575-بەت.

(40) مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1-توم ،632-بەت.

(41) ئا.مۇھەممەدئىمىن: «تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل نەشرى، 7- بەت.

(42) ئالبېرت فون لېكوك، ئېگىست. ۋالدىېسمىت: «شىنجاڭ بۇددا سەنئىتى» (خەنزۇچە)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2006- يىلى نەشرى، 118- بەت

(43) ئۆزقان ئىزگى (تۈركىيە)؛ «ۋاڭ يەندېنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھەت خاتىرىسى ھەققىدە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003- يىل نەشرى، 94- بەت.

(44) بۇ توغرىدىكى ماتېرىياللار ئۈچۈن ئابدۇرېشىت ھېلىمھاجى بىلەن ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت تۈزگەن «ئۆلچەم بىرلىكلىرى ئىزاھلىق لۇغىتى» گە قاراڭ.

(45)، (46) مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1-توم 39-بەت.

(47) فارابى: «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1982-يىل 3-سان.

(49)، (48) ئا.ۋون گابائىن: «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانلىق قارىشى»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، 1997-يىل 1-سان، 76-بەت.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

پېتېر سىمە (Peter Zieme)[گېرمانىيە]

# دۇنخۇاڭ ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى دىنغا ئائىت ۋەسىقىلەرنىڭ گېرمانىيەدە 1970 - يىلىدىن بۇيان رەتلىنىش ۋە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى

تەرجىمان : ئىمىن تاجى تۇرگۇن

1902 - يىلى بېرلىن ئېتنوگرافىيە مۇزېيى شىنجاڭغا تۇنجى قېتىم گېرمانىيە ئارخېئولوگىيە (گېرمانىيە [ئىلگىرى پروسىيە دەپ ئاتالغان] تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ - تەرجىماندىن ئىزاھات) ئەترىتىنى ئەۋەتكەن. 1914 - يىلىغا قەدەر بۇ ئەترەت ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ شىنجاڭغا تۆت قېتىم كېلىپ، تۇرپان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا رايونلاردىن تام رەسىملىرىنى ئاساس قىلغان زور مىقداردىكى قىممەتلىك سەنئەت بويۇملىرى، ھەر خىل تىل - يېزىقلاردا قالدۇرۇلغان كىتابلار ۋە خەت - چەك پارچىلىرىنى بېرلىنغا ئېلىپ بېرىپ، ھەر ساھەدىكى ئالىملارنىڭ تەتقىقاتتا پايدىلىنىشى ئۈچۈن قولاي شارائىت يارىتىپ بەرگەن. ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىسى ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە تارىخىغا قىزىققۇچىلارنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىغان. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ساھەدە يېپيېڭى بىر دەۋر باشلانغان. بۇگۈنكى كۈنگىچە، بۇنداق مول مىراسلارنىڭ ئىچىدە پەقەت بىر قىسمىلىرىلا رەتلىنىپ نەشر قىلىندى. گېرمانىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ناھايىتى كۆپ مىقداردىكى كىتابلار ساقلانغان. بۇلاردىن سىرت رۇسىيەنىڭ لېنىنگراد، ئەنگلىيەنىڭ لوندۇن، فرانسىيەنىڭ پارىژ، شۋېتسىيەنىڭ ستوكھولم، ئىنلاندىيەنىڭ خېلسىنكى، تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل، ئەنقەرە، جۇڭگونىڭ بېيجىڭ، ئۈرۈمچى، ياپونىيەنىڭ توكيو، كيوتو، ئوساكا شۇنداقلا يەنە بىر قىسىم جايلاردىكى مۇزېيخانا، كۇتۇپخانا ۋە باشقا تەتقىقات ئورۇنلىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان كىتابلار ساقلانماقتا①.

يېقىندا مەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى دىندىن خالىي (ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئائىت) ۋەسىقىلەرنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى ھەققىدە توختالغانلىقىم ئۈچۈن ②، بۇ ماقالەمدە پەقەت دىنغا ئائىت ۋەسىقىلەر ، بۇ خىلدىكى كىتابلارنىڭ رەتلىنىش ۋە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. ھەممىيلەنگە مەلۇمكى، ئوخشىمىغان دەۋرلەردە شىنجاڭغا نېستورىيان، مانى ۋە بۇددا دىنلىرى تارقىلىپ كىرگەن ھەمدە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغان دىنلىرىغا ئايلانغان. نېستورىيان ۋە مانى دىنلىرى تارقىلىش رايونى ۋە ۋاقىت جەھەتتە چەكلىمىلىككە ئۇچرىغان. پەقەت بۇددا دىنىلا 15 - ئەسىردىكى ئىسلاملىشىش دەۋرىگىچە ناھايىتى گۈللەنگەن بىر دەۋرنى ياراتقان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆپ قىسىم ۋەسىقىلەرنىڭ (يادىكارلىقلارنىڭ) مەزمۇنى بۇددا دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭ ئەكسىچە، نېستورىيان ۋە مانى دىنلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ۋەسىقىلەرنىڭ (يادىكارلىقلارنىڭ) سانى ئانچە كۆپ

ئەمەس.

نېستورىيان دىنىغا ئائىت ۋەسىقىلەر بەك ئاز. يېقىنقى يىللاردا كېلىمكېيت (H. J. Klimkeit) بۇلارنى تونۇشتۇرغان③. مەنمۇ 1974 - يىلى④ۋە 1981 - يىلى⑤ بۇ خىلدىكى يازما ۋەسىقىلەرنىڭ پارچىلىرىنى رەتلەپ نەشر قىلدۇرغان ئىدىم. بۇلارنىڭ مەزمۇنى گەرچە پەرقلەندۇرۇلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىملىرى تائەت - ئىبادەتكە ئائىت ھۆججەتلەر ئىدى ⑥. بۇنىڭدىن باشقا، يېقىنقى يىللاردا ئېۋانگېلىيە(گوسپېل، (gospel) دەپمۇ ئاتىلىدۇ) يېزىقىدا يېزىلغان كىتابلار تويۇ مۇراسىملىرىدىكى مەدھىيە ناخشىلىرىغا ئوخشاپ كېتەتتى⑦. گەرچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئېۋانگېلىيە يېزىقىدا يېزىلغان ۋەسىقىلەر پارچە - پۇرات ھالەتتە بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار بىزنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ خىرىستىيان دىنى ئېتىقادلىرى ھەققىدىكى بىلىملىرىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىياللار ئىدى. نېستورىيان دىنىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ سانى بەك ئاز بولغاچقا، ھازىرغا قەدەر رەتلەپ نەشر قىلىنمىغان، بۇ پارچىلار يەنىلا بىزنىڭ دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

تۆۋەندە مەن مانى دىنىغا ئائىت كىتابلار ھەققىدە توختىلاي. بۇ تۈردىكى كىتابلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئالبېرت فون لېكوك (A. von. Lecoq) رەتلەپ نەشر قىلدۇرغان. يەنە بىر قىسىم ناھايىتى قىممەتلىك ۋە مۇھىم بولغان پانتارا نوم ۋەسىقىلىرى لېكوك (A. von. Lecoq)، ۋىلىيام باڭ (Willi Bang) ۋە گاباۋئىن خانىملارنىڭ (Annemarie von Gabain) ھەر تۈرلۈك ئەسەرلىرىدە كۆرۈلىدۇ⑧. كلارك (Clark) بۇلارنى قايتا تەھرىرلەپ «قەدىمكى شەرق تارىخى» ژۇرنىلىنىڭ 9 - سانىدا⑨ ئېلان قىلغان. بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان مانى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقلىرىدا يېزىلىپ تېخى ئېلان قىلىنمىغان ۋەسىقىلەر 1965 - يىلىدىن كېيىن ئۇدا تەتقىق قىلىنىشقا باشلىدى. 1975 - يىلى نەشر قىلىنغان «تۈرك تىلىدىكى مانى دىنىغا ئائىت ۋەسىقىلەر» يۇقىرىقى سۆزىمىزنىڭ دەلىلىدۇر⑩. بۇنىڭدىن ئىلگىرى بەزىلەر (پارچە - پۇرات) تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلغان ئىدى⑪، مانى دىنىغا ئائىت تۈركچە ۋەسىقىلەرنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى تەتقىق قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بىزگە مانى دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىش ئەھۋالىنى ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇشۇ تۈردىكى ھەر قانداق بىر ۋەسىقە پارچىسىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ھەققىدە ناھايىتى مۇھىم ئۇچۇرلارنى تەمىنلەيدىغان بولۇپ، بۇلار بىز ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىكتۇر. بۇ باھا ئۈرۈمچىدە ساقلىنىۋاتقان بىر ۋەسىقىگە بەك ماس كېلىدۇ. بۇ ۋەسىقە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، جەمئىي 125 قۇر، بۇنىڭ رەسىمىنى خۇاڭ ۋېنبى «تۇرپان ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى»⑫ ناملىق ئەسىرىدە ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ ناھايىتى زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە⑬. بۇنىڭدا قوچو، ئىدىقۇت ۋە سۇلمىلاردىكى⑭ (قارا شەھەر) مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادى پائالىيەتلىرى ناھايىتى تەپسىلى خاتىرلەنگەن. بۇ نوقتىدىن ئېيتقاندا، بۇلار مانى دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقىلىش ئەھۋاللىرىنى بىلىشىمىزدە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ۋە قىممەتلىك ماتېرىياللاردۇر. مەن ئەينى ۋاقىتتا بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىملىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان ئىدىم. كېيىن گېڭ شىمىن پۈتۈن تېكىست بويىچە ترانسكرىپسىيە قىلىپ خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدى⑮. مۇشۇ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، لىيۇ نەنچياڭ بۇلارغا قارىتا توغرا ئەمما، تېمىدىن چەتنەپ كەتكەنرەك بىر قىسىم ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى⑯.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرىنى مەن ئىلىم ساھەسىدىكى بىر قىسىم تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلىغا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا

بۇلارنى ھىندىستانچە(سانسكرىتچە)، ئوتتۇرا ئاسىياچە، خەنزۇچە ۋە تىبەتچە ۋەسىقىلەر دەپ تۆت گۇرۇپپىغا ئايرىدىم. ئەڭ ئاخىرىدا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە، بۇددا دىنى نوملىرىنىڭ ئەسلى ھالىتىنى تەتقىق قىلدىم.

قائىدە بويىچە ئېيتقاندا(راستىنى ئېيتقاندا)، ئەڭ ئاۋۋال تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىكى سانسكرىت تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان بۇددا دىنى نوملىرىدۇر. ئەمما ئۇلارنىڭ تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى بالدۇر ئەمەس. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىككى پارچە نومنىڭ بېشىدىلا ئۇلارنىڭ سانسكرىت تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى، ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ قوچو ئۇيغۇر خانىدانلىقى(9—14 ئەسىر) دەۋرىگە توغرا كېلىدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن. بۇلارنىڭ بىرىنچىسىنى خازاي (G. Hazai) مىخ مەتبەئەدە ئېلان قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە «ۋىنايا ۋىنىسكايا ئۇپالىپارى پراچچا»(VinayaviniscayaUpālipariprícchā) بۇنىڭ بىر قىسىم تەرجىمىلىرى بولۇپ[17]، بۇنى 14 ـ ئەسىردە ياشىغان پىراجنەسىرى (Prajnāsrī) ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر تەرجىمان تەرجىمە قىلغان. يەنە بىرى لېنىنگرادتا ساقلىنىۋاتقان «ئالتۇن يارۇق» نىڭ «ئاستاما خاستخانا چايتىيا سۇتراسى ( Astamahasthanacaityastotra) ناملىق قىسمى بولۇپ، بۇنى مائۇئى (D. Maue) ۋە ك . رۆھربورنلار (K. Röhrborn) ھەمكارلىشىپ تەتقىق قىلغان[18]. بۇ نومنىڭ تەرجىمانى ئاموگاسرى (Amoghasrī) ھەققىدە پايدىلانغۇدەك ھېچ قانداق ئۇچۇر ئۇچرىمىدى. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملار بۇ نوملارنىڭ ماۋزۇسى ھەققىدە ئوخشىمىغان ھەر خىل گۇمانىي قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. چۈنكى بۇ ۋەسىقىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئەسلى ھالىتى ئوخشىمايدۇ شۇنداقلا بۇلاردا شېئىرىي شەكىللەرمۇ(قۇرۇلمىلارمۇ) ئىشلىتىلمىگەن. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «ئاستاما خاستخانا چايتىيا سۇتراسى ( Astamahasthanacaityastotra) نومى تىبەتچىدىن تەرجىمە قىلىنغان دەپ ئېيتىشقا ھەقلىقمىز. ئەڭ قايىل قىلارلىق بىر ئىسپات بۇلارنىڭ بىرىنچى بېتىنىڭ بېشىدىلا سانسكرىتچە ماۋزۇ قويۇلغاندىن سىرت يەنە تىبەتچە خاتىمە قىسمى بار (قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىمۇ ماۋزۇ قويۇلغان). بۇ مەسىلە تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

بۇددا دىنى دەسلەپ شىنجاڭغا تارقىلىشقا باشلىغاندىلا سانسكرىتچە بۇددا نوملىرىنى كىشىلەر يەرلىك تىللارغا (ئاساسلىقى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا) تەرجىمە قىلىشقا باشلىغان. مىلادىيە 9 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى ئاساسلىقى ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى تىللارغا مەسىلەن، توخرى تىلى A(ياكى ئاگنى تىلى)، توخرى تىلى B(ياكى كۇسەن تىلى)، ئۇدۇن ساك تىلى ۋە سوغدى تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ يېزىقتا يېزىلغان نوملارنى ئۇيغۇرلار تەرجىمە نوملىرىنىڭ ئەسلى ئورگىنالى سىستېمىلىق ۋە تەرتىپلىك بولۇشى كېرەك دەپ قارىغان. ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ بىلىشىمىزچە بىر ـ ئىككى پارچە نوم توخرى تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان. خوتەن ساك تىلى ھەتتا سوغدى تىللىرى بۇددىزم ئاتالغۇلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا نوملىرى ئىچىدىن يۇقىرىقى تىللاردىن تەرجىمە قىلىنغانلىرى تېپىلمىدى. مائۇئى (D. Maue) ۋە رۆھربورنلار(K. Röhrborn) تەتقىق قىلغان «سادھارما پۇنداريكا سۇترا» (Sadharmapundarika－Sutra) نومىنىڭ سوغدى تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىق ئېھتىماللىقى بار[19]. «مايترى سىمىت» (Maitri－simit) توخرى تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان (توخرى تىلىدىكى نۇسخىسىغا ئاساسەن يېزىلىپ چىقىش ئېھتىماللىقىمۇ بار). «مايترى سىمىت» (Maitri－simit) نىڭ بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان بىر نەچچە خىل نۇسخىسى تەتقىق قىلىنغاندىن بىرى، بۇ ئىلىم ساھەسىگە ناھايىتى تونۇشلۇقتۇر. ئەمما پۈتۈن ئەسەرنىڭ

ترانسكرىپسىيەسى ۋە گېرمانچە تەرجىمىسىنى 1908- يىلى سىناسى تېكىن (S. Tekin) ئىشلەپ چىقتى[20]. «مايتىرى سىمىت» (Maitri_simit) نىڭ قومۇلدىن تېپىلغان يەنە بىر مۇكەممەلرەك ساقلانغان نۇسخىسىنى گېڭ شىمىن رەتلەپ تەتقىق قىلدى[21]. بۇ نۇسخىدىكى 12- ياپراقچىنىڭ 3- قۇردىن 17- قۇرىغىچە بولغان مەزمۇنلار بىلەن گېرمانىيەدە ساقلىنىۋاتقان يەنە بىر نۇسخىسىنىڭ كەمتۈك پارچىلىرىنىڭ مەزمۇنى ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلار مۇكەممەل ساقلانغان. بولۇپمۇ ئەڭ مۇھىمى بېرلىن نۇسخىسىدىكى «ئۈچ سۆلمى» دېگەن بىر جۈملىدىن كېيىنكى مەزمۇنلار قومۇل نۇسخىسىدا ناھايىتى ياخشى ساقلانغان[22]. «مايتىرى سىمىت» (Maitri_simit) دىرامىسىنىڭ سەھىپىسى ئۇزۇن، تىلى جانلىق بولۇپ، بۇ بىزنىڭ گىراماتىكا تەتقىقاتى ۋە سېلىشتۇرما تەتقىقاتلىرىمىزغا ياخشى ئاساس سېلىپ بەرگەن. كېيىن بۇ ساھەدە مورلۇئىس (E. Moerlooes) توخرى تىلىدىكى نۇسخىسى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تەرجىمە نۇسخىسىنى بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا بۇ ھەقتە توغرا ئۇسۇلنى تېپىپ چىقىپ تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولغىلى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان[23].

مەن «ئاگاما نومى» (Agama Sutra) نى خەنزۇ تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نوملار نوقتىسىدىن تۇرۇپ تەھلىل قىلىش كېرەك دەپ قارايمەن. ھازىر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇ نومنىڭ ئىچىدىكى نوم پارچىلىرى خەنزۇچە نۇسخىسىنى ئاساس قىلىپ جەزملەشتۈرۈلدى. سەۋەبى شۇكى، بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا نوملىرى تېكىستىنىڭ ئوتتۇرىغا خەنزۇچە خەت، بەزى قىسقا سۆزلەر، سۆز بىرىكمىلىرى، ھەتتا تاق سۆزلەرمۇ قىستۇرۇلغان. بولۇپمۇ تېكىستنىڭ بېشىدىلا بۇنداق سۆزلەر كۆزگە چېلىقىدۇ. ئارقىدىنلا خەنزۇچە سۆزلەر بىۋاسىتە سۆزمۇ- سۆز ۋە جۈملىمۇ- جۈملە تەرجىمە قىلىنغان. گەرچە كىشىلەر خېلى بۇرۇنلا ستوكھولم ئىنسانشۇناسلىق مۇزېيىدا بۇنداق ۋەسىقىلەرنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى بىلسىمۇ، ئەمما بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار يېقىنقى يىللاردا ئاران باشلاندى. 1980- يىلى ياپونىيە ئالىمى شوگايتو ماساخىرو بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنى تەھرىرلەپ نەشر قىلدۇردى[24]. يەنە بىرسىنىڭ سەھىپىسى سەل ئۇزۇنراق بولۇپ، ئۇ «سامىيۇك تاگاما سۇترا» (Samyuktagama Sutra) سىنىڭ ئەڭ ئىگىزلىك قىسىملىرى بولۇپ، بۇنىمۇ شوگايتو ماساخىرو تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلدى[25]. 1981- يىلى يازدا، «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىنىڭ يېڭى نەتىجىلىرى» تېمىسىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ھامبورگدا ئېچىلدى. يىغىندا شوگايتو ماساخىرو بىر پارچە ماقالىسىنى ئوقۇپ، «ئاگاما نومى» (Agama Sutra) نى تەرجىمە قىلىش جەريانىدىكى ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە كۆز- قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى [26]. يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ستوكھولم ئىنسانشۇناسلىق مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەرنى كۇدارا كۆگى ۋە رۆھربورنلار (K. Röhrborn) بىرلىكتە رەتلەپ تەتقىق قىلدى[27]. كۇدارا كۆگىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم ۋەسىقىلەرنىڭ پارچىلىرىمۇ «ئاگاما نومى» (Agama Sutra) نىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرى ئىكەن[28].

كەمتۈك پارچىلارنىڭ ئىسپاتىسىزمۇ بىز قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر مۇنچىلىغان ۋەسىقىلەرنى تەرجىمە قىلغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئەمما بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان ۋەسىقىلەرنى بىر قۇر ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرگەندىن كېيىن بۇ نوملارنىڭ «ۋاجراچېدىكا سۇترا» (Vajracchedika sūtra)، «پراجناپارامىتاھىردايا سۇترا» (Prajnā-pāramitāhrdaya sūtra) قاتارلىق نوملارنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق ھەمدە ئالدىنقى نوملارنى «بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان ۋەسىقىلىرى» نىڭ بىرىنچى تومىغا كىرگۈزدۇق[29]. بۇ ۋەسىقىلەر تېخى ئېلان قىلىنمىغان ۋاقىتتا،

ئىنوكوچى تايجىيۇن بەزى يىپ ئۇچلىرىغا ئاساسەن بۇ نوملارنىڭ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىكى نامسىز ئاپتورلار تەرىپىدىن يېزىلغان ساختا نوملاردىن «راجىنبۇرا ۋاجىر» (Rajin _bura Wajra) ۋە «تاجىبۇرا سۇتراسى» (2732 ـ نومۇرلۇق (Tajibura _ sutra) قاتارلىقلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىلىرى ئىكەنلىكىنى بايقىغان. بۇنىڭ ئىچىدە ھەر بىر ئابزاس تېكىستىنىڭ (نەسىر) ئاخىرىغا ئادەت سۆزلىرى قىستۇرۇلغان. مېنىڭچە، مۇقەددىمىدىكى ھېلىقى نامەلۇم جى ھەزرەت ئەمەلىيەتتە پادىشاھ لياڭ ۋۇدى (550 ـ 502 ـ يىللار) چوقۇنغان راھىب باۋ جى(514 ـ 425) ئىكەن[30].

1980 ـ يىلى مائۇئى (D. Maue) ۋە رۆھربورنلار (K. Röhrborn) قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا نومى «ساددىھارما پۇنداريكا سۇتراسى» (Saddharmapun _ darīkasūtra) نىڭ ئىچىدىكى «سامانتاب ھادروتساخانا» (Samantabhadrotsahana) قاتارلىق نوملاردىن ئىككى پارچىسىنى رەتلەپ چىققان [31]. كېيىن، بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان ۋەسىقىلەر ئارىسىدامەن بۇ نوملارنىڭ باشقا ئىككى پارچىسىنى بايقىدىم[32]. ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان ۋە قىلىنمىغان نوم پارچىلىرى «ئاۋالوكىتەسۋارا ئۇكۇرۋانا نىردەساخ» (Avalokitesvara _ vkurvana _ nirdesah) نومى ياكى «ئاۋالوكىتا ئىشۋارا» (Avalokita ishvara) نومىنىڭ بىر قىسمىدۇر. يېقىندا جيۇجيەن دوڭگۇەن (鹜见东观) نەشر قىلدۇرغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ قىلچىلىكمۇ ئىلمىي قىممىتى بولمىغان[33]. چۈنكى بۇنىڭدا بىر قىسىم ۋەسىقىلەرنىڭ پارچىلىرىغا ئېتىبارسىز قارىغان شۇنداقلا يەنە شىناسى تېكىستىنىڭ بۇ نوملار ھەققىدىكى ئىزاھلىق توپلىمىدىنمۇ پايدىلىنىلمىغان[34]. كۇدارا كوگى ۋىليام باڭ (Willi Bang) ۋە گابائىن خانىملار ( Annemarie von Gabain) نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى» نىڭ 5 ـ تومىدىكى [35] B نومۇرلۇق ۋەسىقىنىڭ جىكەي ئىزاھلىغان نوم «سادددىھارما پۇندىرىكا نومى» ( saddharma Sutra) دىن تەرجىمە قىلىنغان[36]. ئۇ يەنە ستوكھولمدا ساقلىنىۋاتقان بىر پارچە ۋەسىقە ۋە 68 پارچە رەسىملا ساقلىنىپ ئەسلى نۇسخىسى يوقۇلۇپ كەتكەن ھۆججەتنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا نومى «سادددىھارما پۇندىرىكا نومى»(saddharmapundrika Sutra) نىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈپ چىققان[37]. «بۇددىھا ۋاتامساكا ماھا ـ ۋايپۇليا سۇترا»( Buddhavatamsakamaha _ waipulya Sutra) نومىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ كەمتۈك پارچىلىرىمۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. يېقىندا كۇدارا كوگى ۋە ئودا جۇتەن قاتارلىق ئالىملار بىر قىسىم يېڭى ۋەسىقىلەرنىڭ پارچىلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ چىقتى[38]. شۇنداقلا يەنە بېرلىندا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر قىسىم مىخ مەتبەئە بويۇملىرىنىڭ پارچىلىرى ساقلانماقتا. بۇلاردىن باشقا يەنە «بۇددىھا ۋاتامساكا ماھا ـ ۋايپۇليا سۇترا» ( Buddhavatamsakamaha _ waipulya Sutra) ۋە يەنە بىر بىر قىسىم بۇددا نوملىرىنىڭ ئويما مەنبەدە بېسىلغان پارچىلىرىمۇ ساقلانماقتا. بۇيانچوغنىڭ(Buyancoγ) ئىسپاتلىشىچە، بۇ مەتبەئە بويۇملىرىنىڭ تېزىلغان دەۋرى مىلادىيە 1248 ـ يىللارغا توغرا كېلىدىكەن [39].

1979 ـ يىلى، كۇدارا كوگى خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان بۇددا نومى «سۇكھاۋاتىۋ يۇھا نومى»(Sukhavativyuha Sutra) نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ بىر پارچىسىنى رەتلەپ چىقتى. بۇ نومنىڭ باشقا تەرجىمە نۇسخىلىرى تېخىچە بايقالمىدى[40]. ئۇ بۇ ماقالىسىدە بۇ نومنىڭ خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى تولۇق ئاساسلار ۋە مىساللار بىلەن ئىسپاتلىدى. كېيىن مەن تاسادىپى بىر پۇرسەتتە بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان ئىككى بەتلىك (ياپراق)

ۋەسىقى پارچىسىنى ئىنچىكە ئانالىز ۋە تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ تاچىبانا ئېلىپ كېتىپ توپلىغان ۋەسىقىنىڭ كەمتۈك پارچىلىرىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى بايقىدىم [41]. بىرلىندا يەنە سەككىز پارچە كەمتۈك نۇسخا بار ، ئۇلارنىڭ تىلى ئۆزگىچە بولۇپ، مەزمۇنى خىن ئامىتايۇر سۇترا( xin Amitayur Sutra) ۋە «خىن ئابىتاكى سۇترا»( Hin abitaki Sutra) نوملىرىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىلىرىنىڭ مەزمۇنىنىڭ بىر قىسمى ئىكەن [42]. ئەنىقەرەدە ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنى تۆمۈر قاتارلىقلار نەشر قىلدۇرغان[43].

1971- يىلى رۆھربورن بىلەن سكۇلز (Sculz) بىرلىكتە تالات تېكىن رەتلىگەن «ئالتۇن يارۇق» نىڭ 9 ، 10- ياپراقچىلىرىنىڭ ئىزاھلىق توپلىمىنى نەشر قىلدۇرغان[44]. بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان مۇشۇ تۇردىكى ۋەسىقىلەرگە ئاساسەن مەن 2- ياپراقچىدىكى[45] تەمسىللەر ۋە مۇقەددىمە قىسمىدىكى رىۋايەتلەرنى بايان قىلىپ ئۆتتۇم [46]. راشمان ئىزچىل ھالدا مۇشۇ خىل ۋەسىقىلەردىكى تېبابەتچىلىككە ئائىت مەزمۇنلارنى تەتقىق قىلىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسى بىلەن خەنزۇ تىلىدىكى ئەسلى نۇسخىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقنى تېپىپ چىقماقچى بولۇۋاتىدۇ. رۆھربورن بىلەن كۇدارا كوگى ستوكھولمدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان «ئالتۇن يارۇق» نىڭ پارچىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ[47].

باشبالىقلىق سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ «كىشانتى قىلغۇلۇق نوم بىتىگ » (Kisanti qilγuluq nom) نومىنى خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. بۇ خەنزۇ بۇددىزمىنىڭ تەسىرىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ماتېرىيال مەنبەسىنىڭ كەملىكى سەۋەبىدىن، بۇنىڭ تەرجىمە قىلىنغان يىلىنىڭ ئېنىق ۋاقتىنى بېكىتىشكە ئامالسىزمىز. يەنە بىر قىسىم قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازمىلاردىن «كىشانتى قىلغۇلۇق نوم» (Kisanti qilγuluq nom) نى رۆھربورن 1971- يىلى رەتلەپ ئېلان قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىلىم ساھەسىگە ئايان بولدى[48]. ماركمۇ يەنە باشقا بىر تۈركۈم ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلدى[49]. ئۇ يەنە « قەدىمكى شەرق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 10- سانىدا مۇشۇ تۇردىكى مۇھىم نوملار (ۋەسىقىلەرنىڭ) پارچىلىرىنىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرىنى ئېلان قىلغان [50].

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر تەرەپ قەدىمكى ئۇيغۇرلار بۇددا نوملىرىنىلا تەرجىمە قىلىپ قالماستىن، بەلكى يەنە راھىبلارنىڭ تەزكىرە - تەرجىمىھاللىرىنىمۇ تەرجىمە قىلغان. مەسىلەن ، خۇيلى ۋە يەنزۇڭلار تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر راھىپ شۈەنزاڭنىڭ ھىندىستانغا بېرىپ نوم ئېلىپ كېلىش جەريانى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن «ئۇلۇغ ئاغلىق مېھرى-شەپقەت ئىبادەتخانىسىدىكى ئۇستازلار تەزكىرىسى» ناملىق ئەسەرنىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ تەرجىمە ئەسەرنىڭ بىر قانچە خىل نۇسخىسى دۇنيانىڭ ھەر قايسى يېرىدە ساقلانماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، تورستوي بۇ ئەسەرنىڭ پارىژدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنىڭ تۆتىنچى جىلدى ئىچىدىكى بايقىلىپ تېخىچە نەشر قىلىنمىغان قىسىملارغا ئىزاھات بېرىپ چىقتى [51] . توگوشىۋا بۇ ئەسەرنىڭ لېنىنگرادتا ساقلىنىۋاتقان 5، 10- جىلدلىرىنى تەتقىق قىلىپ چىقىپ بۇ ھەقتە ئىككى پارچە ماقالە ئېلان قىلدى [52] . تېزجان بۇنىڭ 10- جىلدىنى تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلدى. بۇ ھازىرغىچە ناھايىتى ياخشى چىققان نۇسخىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ [53] . بېيجىڭ ۋە پارىژدا بىر قىسىم نۇسخىلىرى تېخىچە تەتقىق قىلىنمىدى. شۇنداقتىمۇ بۇنىڭدىكى بارلىق سۆزلەرنى رۆھربورن تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» دىن تاپقىلى بولىدۇ [54] . بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان ئىككى پارچە ۋەسىقىنى مەن كۇدارا كوگى بىلەن پەرقلەندۈرۈپ چىققان ئىدىم [55] .

مەخپىيەت مەزھىپىنىڭ دىنى دەستۇرىغا ئائىت

يەنە بىر نەچچە پارچە ۋەسىقە پارچىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا مىلىك قول ۋە مىلىك پۇتى بار پۇدساتۋانىڭ ئاخايىپ - غارايىپ سېھىرگەرلىكلىرى بايان قىلىنغان. كارانىڭ ئىسپاتلىشىچە، خەنزۇ تىلىدىكى «نىلاكانسا سۇترا» (Nilakantha[ka] Sutra) نومىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئىكەن. بۇ نوملار بىز ئىككىيلەن (كۇدارا كوگى بىلەن ) ھەمكارلىشىپ تۈزگەن «بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان ۋەسىقىلىرى» نىڭ 7 - خىلىغا (تۈرگە) كىرگۈزۈلگەن ئىدى [56] . 1976 - يىلى رۆھربورن تولۇنى نوملىرىنىڭ پارچىلىرىنى تەتقىق قىلغان [57] . ئەمىر مۇشۇ تۈردىكى ۋەسىقىلەرنىڭ تۇبۇتچە نۇسخىسىغا ئىزاھات بەرگەن [58] . شۇ يىلى مەنمۇ ئاساسلىق زېھنى كۈچۈمنى 10 - ئەسىردىكى داڭلىق ئۇيغۇر ئالىمى ۋە تەرجىمشۇناس سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ (Singqo Sali Tutung) نىڭ ئىسمى ھەققىدىكى تەتقىقاتقا سەرپ قىلدىم [59] . ئۇنىڭ بۇ نوملارنى خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلغانلىقى ئېنىق بىر مەسىلە بولسىمۇ، لېكىن لىگېت بۇنى مۆللېر رەتلىگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ھۆججەتلەر» ناملىق ئەسەرنىڭ 2 - تومىدىكى «سىتاتاپاترا دھارمانى» (Sītātapatrādhārani) دا تەھرىرلەنگەن دەپ قارىغان [60]. بۇ خەنزۇچە نۇسخىسىغا قارىغاندا تۇبۇتچە نۇسخىسىغا تېخىمۇ بەك ماس كېلىدۇ [61]. بۇنىڭدىن باشقا، مېنىڭ پەرىزىمچە، شوگايتو ماساخىرو رەتلەپ ئېلان قىلغان 4 - نومۇرلۇق كەمتۈك پارچىلار [62] بىلەن مالوف رەتلىگەن مىخ مەتبەئەدىكى ۋەسىقىلەر ئوخشاش بىر ۋەسىقە ئىكەن [63].

كۇدارا كوگى مەخسۇس «ئابدىھارما نومى» (Abhidhar) نى تەتقىق قىلغان ھەمدە ئىلگىرى كىشىلەرگە نامەلۇم بولغان «ئابھىدارما سۇترا»(Abhidharama Sutra) نومى ھەققىدە بىر ئىزاھلىق كىتاب يېزىپ چىققان [64]. «ئابھادرما نومى» (Abhidhar) نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسىنىڭ بىر پارچىسىنىڭ ياپراقچىسى بېرلىندا، 16 ياپراقچىسى ستوكھولمدا ساقلانماقتا [65]. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىستانبولدا ساقلىنىۋاتقان بىر پارچە ۋەسىقىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ«ئابھىدھارما كوساكارىكا»(Abhidharmakosakarika) نىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان [66]. ئەسكەرتىشكە تېگىشلىك يەنە بىر تەرەپ، ئۇ يەنە ئىلگىرى كىشىلەرگە مەلۇم بولمىغان «ئاھىدھارما كوسابھاسيا» (Abhidharmakosabhasya) [67] نومى ۋە يەنە بىر پارچە نامى تېخى بېكىتىلمىگەن «ئابدىھارما » (Abhidhar) ۋەسىقىسىنى بايقىغان. كېيىنكىسىدە 52 كۆڭۈل ماسلىق تەلىماتى سىستېمىسى بايان قىلىنغان ئىدى [68]. ئۇ ھازىر «ئابھىدھارما كوسابھاسيا تىكاتاتتىۋارسا نومى» (Abhidharmakosabhasyatikatattvartha_nama) نى تەتقىق قىلىۋاتىدۇ[69]. بۇ ۋەسىقىنىڭ (نومىنىڭ) رەسىمىنى تالات تېكىن 1970 - يىلى نەشر قىلدۇرغان [70]. لېكىن بۇنىڭ نەشر سۈپىتى سەل ناچار ئىدى.

كىشىلەر نۇرغۇنلىغان ۋەسىقىلەرنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى نامسىز ئاپتۇرلار يازغان نوملاردىن «تەڭرى بورخان يارلىقامىش تەڭرىلى يەرلى سەكىز يۈكمەك يارۇق بۆگۈلۈگ ئارۋىش نوم بىتىگ» ( Tangri burxan yarliqimish tngrili yerli sakiz yukmak yaruq bugulug arvish nom bitig) نىڭ جۇڭگودىلا ئەمەس يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ ناھايىتى كەڭ تارقالغانلىقىنى جەملەپ چىققان. ئۇيغۇرلاردىن باشقا، موڭغۇللار ۋە زاڭزۇلارمۇ بۇنداق نوملارنى ئۆز تىللىرىغا تەرجىمە قىلغان. لىگېت بۇلارنى تەتقىق قىلغاندا بۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە توغرا ئاتىلىشى ۋە يېزىلىشى Sākiz yükmāk yaruq نى ئۆلچەم قىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن [71]. ئۇدا جۇن تەن ئوخشىمىغان تىل تەرجىمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئاساسەن ئۆزىنىڭ مۇستەقىل كۆز - قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان [72]. تۇرپاندىن

تېپىلغان ۋەسىقىلەر ساقلانغانلىقى ئورۇنىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «تەڭرى بورخان يارلىقامىش تەڭرىلى يەرلى سەكىز يۈكمەك يارۇق بۈگۈلۈگ ئارۋىش نوم بىتىگ» (Tangri burxan yarliqimish tngrili yerli sakiz yukmak yaruq bugulug arvish nom bitig) نىڭ نۇسخىلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇدا جۇڭ تەن بۇ تۈردىكى ماتېرىياللارنىڭ تېپىش ئىمكانىيىتى بارلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك يىغقان. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يۇقىرىقىدەك بىر تۈركۈم مەسىلىلەرنىڭ تەتقىق قىلىنىشى بىلەن نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر ھەل قىلىندى. ھازىر تۈرك تىلى تەتقىقاتى سېپىدىكى ئالىملارنىڭ ھەممىسى بۇ ماتېرىياللارنىڭ يازما ۋە چاپى باسما شەكلى ھەققىدە مۇكەممەل بىر توپلامنىڭ چىقىشىنى ئۈمىد قىلماقتا. يېقىندا، بۇ نوم نامىدا ئاتالغان (قەدىمكى ئۇيغۇرچە Paryoke ياكى Varyoki دېيىلىدۇ) ئۈچ پارچە ۋەسىقە تېپىلدى [73]. ئەڭ ئاخىرىدا ئەسكەتىشكە تېگىشلىك يەنە بىرى شۇكى، شوگايتو ماساخىرو ياپونىيەلىك ناگامۇرافۇ ساقلىغان ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلغاندا، بۇ نومنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى پارچىسىنىمۇ رەتلەپ چىققان [74].

بۇ دۇنيا كىشىلىرىنىڭ تۆۋە - دۇئانامىسى تېپىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ مەنبەسى ھەققىدە ھەر خىل كۆز- قاراشلار مەۋجۇت. ئەمما مەن باروخنىڭ «ئالتۇن يارۇق» نىڭ 2- جىلد 4- ياپراقچىسى «چۈشىدە كۆرگەن تۆۋە - دۇئانامىسى» (Desana) بۇنىڭ مەنبەسى (بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ) ئىكەنلىكى ھەققىدىكى كۆز- قارىشىغا قوشۇلىمەن [75]. شوگايتو ماساخىرو[76] بىلەن خالەنلەرمۇ[77] بۇ ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلىپ بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ يېڭىدىن تېپىلغان نۇسخىلىرىنى نەشر قىلدۇردى.

بۇ يەردە تىزكاننىڭ ئەڭ مۇھىم بىر ئەسىرىنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. 1974- يىلى ئۇ تىز باسما شەكلىدە يېزىلغان قوليازمىلارنى رەتلەپ چىققان [78]. بۇلار تۆۋەندىكى ئىككى قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، نەزمى ۋە شېئىرىي پارچىلار ئارىلىشىپ كەتكەن ۋەسىقە بولۇپ ، تەبىرىكلەش مۇراسىمى ئاساسى مەزمۇن قىلىنغان. باشقا ۋەسىقىلەردىمۇ بۇنداق مەزمۇن ئۇچرىمايدۇ. ئەمما بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ نامىنى بېكىتىشكە ئامالسىز قېلىۋاتىمىز. يەنە بىرى، شېئىرى شەكلىدە يېزىلغان «مايترى مەدھىيىسى» (Maitreyastotra) [79] دۇر. بىرىنچىسىدە نۇرغۇنلىغان خەنزۇچە خەتنىڭ بارلىقىغا قاراپ ئۇنى خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى بېكىتەلەيمىز. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، تېمىدىكى Insadi سۆزىنىڭ مەنىسى ھەققىدە بىز مۇۋاپىق بىر جاۋابقا ئىگە بولالمىدۇق [80].

ئەڭ ئاخىرىدا لوندۇندا ساقلىنىۋاتقان سېتەيىن توپلىغان ۋەسىقىلەر ئىچىدىكى يەنى بۇ ھازىر بۈيۈك بېرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان 108 - Or. 8212 نومۇرلۇق ۋەسىقە بولۇپ، ئۇلار گەرچە رەشىت رەھمەتى ئارات ۋە رۇبىننىڭ[81] ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولالىغان بولساقمۇ، ئەمما ۋەسىقىنىڭ ئۆزى نەشر قىلىنمىدى. 1976 - يىلىغا كەلگەندە بۇلار شوگەيتو ماساخىرونىڭ تەتقىقاتى ئارقىلىقلا ئاندىن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالىدى [82]. شۇنىڭدىن كېيىن، تالات تېكىن بۇلارنى مۇكەممەل ھالدا ترانسكرىپسىيە قىلىپ گېرمان تىلىدىكى تەرجىمىسىگە قوشۇمچە قىلدى [83]. شوگايتو ماساخىرو بۇ ۋەسىقىنىڭ مەنەسى ھەققىدە بىر ئېنىق كۆز- قاراشقا ئىگە بولالمىدۇق دەپ قارىغان. ئەمما تالات تېكىن ئۇنىڭ مەنبەسىنى ئېھتىماللىق نوقتىسىدىن تەھلىل قىلغان. بۇنىڭ كۆپ يېرىدە خەنزۇ تىلىدىكى «سۇرانگاما سۇتراسى» (Sūrangamasūtra) ۋە «گانداۋ يۇخا» (Gandavyūha) نوملىرىدىن پايدىلىنىلغان. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ ۋەسىقىنىڭ «لاندەۋاتەرا سۇترا» (Lankāvatārasūtra)بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى

يوقتۇر. بۇددىزم تەتقىقاتچىلىرى بۇ مەسىلىلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

تۆۋەندە تۈبۈتچىدىن تەرجىمە قىلىنغان ياكى تۈبۈت بۇددىزمى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋەسىقىلەر ھەققىدە توختىلىمىز. بۇ ۋەسىقىلەر 14 - 13 - ئەسىرلەردە تۈبۈت بۇددىزمىنىڭ موڭغۇللار ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ ناھايىتى كەڭ تارقالغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەرمەكتە. ئۇ ئودا جۇن تەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «مانجۇسرى سادخانا» ( Manjusri Sadhana) نومىنىڭ بىر ياپراقچىسىنىڭ پارچىسىنى [84] تەتقىق قىلدى. مەن كارا بىلەن ھەمكارلىشىپ تۈبۈت بۇددىزمى ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى ئۈچ پارچە ۋەسىقىنى تەتقىق قىلدىم. تەتقىقات نەتىجىلىرىم 1976، 1977 ۋە 1978 - يىللىرى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىندى.

بۇ يەردە ئالدى بىلەن مۈللېرنىڭ 1928 - يىلى ئېلان قىلغان ئاتالمىش مانى دىنىدىكى سېھىرگەرلىك ئۇسۇللىرى (Zaube _ rritual) مەزمۇن قىلىنغان ۋەسىقىلەرگە ئىزاھات بەرگەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ [85]. بۇ يازما ئەمەلىيەتتە ساسكيا پاس (Sa _ skya _ Pas) [86] مەزھىپى ئەنئەنىسىگە ئاساسلىنىپ كاككراسام ۋارما (Cakkrasamvara) ئىدىيەسىنى مەزمۇن قىلىپ يېزىپ چىققان مەخپىيەت دىنى ئەسىرىنىڭ يىغىندىسى ئىدى. بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى (تەرجىمانى ياكى تارقاتقۇچىسى) پۇنياسرى (Punyasri) بولۇپ، ئۇ موڭغۇللارنىڭ دۆلەت ئاتىسى فاگىسپانى(Phags _ Pa) ئۇستاز تۇتۇپ ئوقۇغان. فاگىسپا(Phags _ Pa) 1280 - يىلى ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكتىن، پۇنياسرى (Punyasri) نىڭ پائالىيىتى ئېھتىمال 14 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 10 - يىلىغىچە ياشىغان بولۇشى مۇمكىن. بىز تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان ۋەسىقە پارچىلىرىنىڭ B دىن باشلاپ O غىچە بولغان قىسىملىرى سادخاناس تىپىدىكى(Sadhanas) (بۇددىزم ھېكايىلىرىدىكى بىر خىل تىلى ئاددى، چۈشىنىشلىك ۋە ئاۋام خەلققىچە ئومۇملاشقان ئەدەبىي ژانىر) ۋەسىقىلەر ئىدى [87]. ئېيتقىنىدا مەن بۇ ۋەسىقىلەرگە ئاساسلىنىپ M نومۇرلۇق ۋەسىقە پارچىسى «گۇھياساماجاتانترا» (Guhyasamajatantra) نومىنىڭ خاتىمە قىسمى شېئىرى پارچىلار بىلەن ئاخىرلاشقان ھەمدە [88] « تارا ئىكاۋىم ساتىستورا نومى» (Tara Ekavimsatistora) نىڭ بېشىدىمۇ مۇشۇنداق بۆلەك بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىنى خۇلاسە قىلىپ چىقتىم [89]. مۇشۇ تۈردىكى ۋەسىقىنىڭ باشقا نۇسخىلىرىنى گېڭ شىمىن تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلدى. بۇلار تۈبۈتلەر ئارىسىدا بەك ئومۇملاشقان بۇددا دىنى كىلاسسىك دەستۇرلىرى ئىدى [90].

شۇنىڭغا ئۇلاپلا ساسكيا پاندىتانىڭ (Sa _ skya Pandita) ئىككى پارچە ئەسىرىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسىنىڭ ئىزاھلىق توپلىمى نەشر قىلىنغان. بۇنىڭ بىرى «لامزابمو بلاماي رنال بيور» (Lam zab _ mo bla _ ma'i rnal _ 'byor) بولۇپ، بۇنىڭ بىرلا نۇسخىسى ساقلىنىپ قالغان. يەنە بىرى «مانجۇسرى ناما سامگىتى» ( Manjusri nama samgiti) بولۇپ، بۇ بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان ‹تۇرپان يازما بويۇملىرى› دىكى بىر قىسىم ياغاچ مەتبەئە بويۇملىرىنىڭ پارچىلىرىنى بىرىكتۈرۈپ ھاسىل قىلىنغان ئىدى [91]. بۇنىڭ ئېچىدىكى كەم دېگەندە بىر پارچە تەرجىمە ئەسەر كارۇناداسا (Karunadasa) نىڭ بولۇپ، بۇ ئادەم يۈەنشىزۇنىڭ 24 - يىلى (1287 - يىلى) خەنلىن خانلىق مەكتىپىگە تاللىنىپ، يۈەن رېنزۇڭنىڭ خۇاڭ چىڭ تۈنجى يىللىرىغىچە (1312 - يىلى) ياشىغان [92].

1350 - يىلى يېزىلغان دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان بىر پارچە ۋەسىقىدە ناروپا (Nāropa) مائارىپىنىڭ مەقسىدى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تۆت پارچە ئىلمى ماقالە بولۇپ، بۇنىڭ ئاخىرقى بەتلىرىدىكى مەزمۇنلاردىن ئالىملار داۋاملىق نەقىل ئالغان. 1974 - يىلى شو گايتو ماساخىرو بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ

ھەممىسىگە قىسقا بىر بايان بەرگەن ئىدى [93]. بۇ ۋەسىقىنىڭ بىر پارچىسى «ئۇلۇمنامە» ناملىق ئەسەرنىڭ قىسقارتىلغان نۇسخىسى ئىدى. ئىككىنچى پارچىسى تۆت خىل مۇۋەپپىقىيەت ئۇسۇلى (Gog-ro Chos-kyi-rgya-mchan)) ئاساسى مەزمۇن قىلىنغان ئەسەر ئىدى. ئۈچىنچى پارچىسى ناروپانىڭ «ماھامايۇر ۋىديا سۇترا» ( Mahamayur vidya Sutra) دېگەن قىسمى ئىدى. تۆتىنچى پارچىسى كاكراسامۋارا (Cakrasamvara) نىڭ«شىرىجاكراسامۋارا» (Shiricakrasamvara) دېگەن بۆلۈكى ئىدى [94]. تاۋبى بىر پارچە ئىككى خىل تىللىق (قوش تىل ) ۋەسىقە پارچىسىنى رەتلەپ چىققان بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلار بىلەن تۈبۈتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ باشلانغانلىقىنى بىلىشتە تېخىمۇ مۇھىم ئاساس دەپ قارالغان [95].

يۇقىرىدا دېيىلگەن بارلىق ۋەسىقىلەر نەسرى شەكىلدە بولۇپ، قاپىيەنىڭ ئىزلىرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ھەتتا بۇلارنىڭ ئەسلى نۇسخىسى شېئىرى شەكىلدە بولغان تەقدىردىمۇ قاپىيەنى كۆرگىلى بولمايتتى. رەشىت رەھمەتى ئارات قەدىمكى تۈركچە شېئىرلارنى تەتقىق قىلغاندا قاپىيەلىك شېئىرلارنى بۇ ۋەسىقىلەردىن ئايرىپ قارىغان ئىدى. قارىغاندا بۇنىڭدىن باشقىمۇ ئۇسۇل يوقتەك قىلىدۇ [96]. ئۇ ئالدى بىلەن قاپىيەلىك شېئىرلارنى ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۇيغۇر بۇددىزم ۋەسىقىلىرىدىكى ئاساسلىق قىسمى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. كېيىن بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللارمۇ بارغانسېرى كۆپەيگەن. كېيىنكى ماقالىلىرىمدە مەن ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىم بىلەن بۇنىڭغا مىسال كەلتۈرىمەن. رەشىت رەھمەتى ئاراتنىڭ «قەدىمكى تۈرك شېئىرلىرى» ناملىق توپلىمىدىكى 12 - نومۇرلۇق ۋەسىقىدە نامەلۇم شائىر «ماخاپراجناپارامىتا سۇترا»(Mahaprajnaparamita Sutra) ھەققىدە مەدھىيە ئوقۇغان مەدھىيە شېئىرىدۇر. كېيىن ئۇ بۇنى قوشۇمچە سۈپىتىدە يېڭىدىن نەشر قىلىنغان (Konguptozin uqittacl » (nom»)(نومۇرى108 - Or. 8212) ناملىك ۋەسىقىلەر توپلىمىغا كىرگۈزگەن [97]. مائۇئى ۋە رۆھربورن باشقا بىر پارچە مەدھىيە شېئىرلىرى «پراجناپارامىتا سۇترا» (prajnaparamita Sutra) نى تەتقىق قىلغان (رەشىت رەھمەتى ئاراتنىڭ «قەدىمكى تۈركچە شېئىرلار» ناملىق توپلىمىدىكى 12 - نومۇرلۇق ۋەسىقە) [98]. شوگايتو ماساخىرو بۈيۈك بېرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان Or. 8212-75A نومۇرلۇق ۋەسىقىلەرگە ئىزاھ ئىشلىگەن. بۇ ۋەسىقە ئۈچ پارچە قاپىيەلىك شېئىرلاردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ بۇددا دىنى مۇخلىسلىرى ۋەز- نەسىھەت سۆزلىگەندىن كېيىنكى ھېكايىلەرگە ئوخشاپ كېتەتتى [99]. ئادەمنى ئەڭ قىزىقتۇرىدىغىنى شۇكى، بۇ ۋەسىقىلەردە (ئاساسلىقى شېئىرلار) ئۇيغۇر خانلىقى تىلىغا ئېلىنغان [100].

1980 - يىلى تالات تېكىن جىمىي مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان P.4521 نومۇرلۇق پېللىئوت ئېلىپ كەتكەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىنى تەتقىق قىلغان [101]. بۇ ۋەسىقە 181 كوپلېتتىن تەركىب تاپقان شېئىر بولۇپ، ئۇنىڭدا «سادەپ رارۇدىتا»(Sadāprarudita) ۋە «دھارمود گاتا» (Dharmodgata)ئەپسانىلىرى بايان قىلىنغان. ئەگەر بىراۋ سانسكرىت تىلىدىكى ئەسەر «پراجناپارامىتا ھىردۇيا» (Prajnaparamita-Hrduya) نىڭ 13، 31 - ياپراقچىلىرىنى [102] قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولسا كېيىنكىسىنىڭ (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكىسى) تەرجىمە ئەسەر ئىكەنلىكىنى ناھايىتى روشەن ھالدا بىلىپ يېتەلەيدۇ. خۇددى بۇ ۋەسىقىنى تەتقىق قىلغۇچىلار ئېيتقاندەك، ئۇ ئېھتىمال خەنزۇ تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىپ تۈزۈلگەن بولۇشى مۇمكىن ئىكەن [103].

تۆۋەندە ئۆزۈمنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. «قەدىمكى تۈرك شېئىرلىرى» دىكى 16 - نومۇرلۇق ۋە 21 - نومۇرلۇق ۋەسىقە «سامانتاب ھادرا چاريا پرانىھانا»

(Samantabhadracarya-Pranihana) نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسىنىڭ بىرىدۇر. 24-نومۇرلۇق ۋەسىقىدە يۇقىرىدا دېگەن نومنىڭ ياغاچ ئويما نۇسخىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ [104]. «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ۋەسىقىلەر» دىكى 18-نومۇرلۇق ۋەسىقە [105] «ئالتۇن يارۇق» نىڭ 5-ياپرىقىنىڭ شېئىرلاشتۇرۇلۇشى بولۇپ، [106] ئاپتورى دودۇ ئىدى. ئۇ يەنە قەدىمكى خەنزۇچىدىكى «ئامىتايۇر دىھيانا سۇترا» (Amitayur dhyana Sutra) نوملارنى شېئىرى شەكىلدە يېزىپ چىققان. بۇ خۇلاسىگە ئاساسەن رەشىت رەھمەتى ئارات «قەدىمكى تۈرك شېئىرلىرى» دىكى 19، 20-نومۇرلۇق ۋەسىقىلەرنىڭ تۇغرا تەرتىپتە رەتكە تىزىپ چىقالىغان [107]. يەنە بىر قىسىم ۋەسىقىلەرنىڭ پارچىلىرىنى تاپالىغانلىقىم ئۈچۈن شوگايتو ماساخىرو ناگامۇرافۇ ساقلىغان ماقالىلەردىكى 2-نومۇرلۇق ۋەسىقە چوقۇم خەنزۇ تىلىدىكى ساختا نوم «ئۆگكە چاڭچا ئۇتلى ساۋىنچ ئۆتۈنگۈلۈك نومى» ( Ogka qangqa utli savinch otunguluk nom) بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى خۇلاسىلەپ چىقتىم [108]. «ئۇيغۇر بۇددىزم شېئىرلىرى» ئۇزۇن-قىسقىلىقى ئوخشاش بولمىغان 60 نەچچە خىل ۋەسىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، [109] ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى قاپىيەلىك ئەسەرلەرنىڭ يېگى پارچىلىرى ئىدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى جاتاكا (Jataka)، ستوترا (stotra)، سادھانا (sadhana)، كولوپون (Colophon) ۋە باشقا خىلدىكى ۋەسىقىلەر بولۇپ، بۇنىڭدىكى نۇرغۇنلىغان مەزمۇنلار تېخى يېشىلىپ بولۇنمىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىملىرى ئۇيغۇر خاقانىنى مەدھىيەلەنگەن شېئىرلار ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز يېزىقىدىكى مەدھىيە شېئىرلىرى ئىدى ( خۇددى 39-نومۇرلۇق ۋەسىقىگە ئوخشاش).

شوگايتو ماساخىرو تەتقىق قىلغان ناگامۇرافۇ ساقلىغان ئۈچ پارچە ۋەسىقە شېئىرى شەكلىدە يېزىلغان تۆۋە-دۇئانامە ۋەسىقىلىرى ئىدى [110]. 1975-يىلى مەن بىر پارچە شېئىرى شەكلىدە يېزىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئېرىنتە سېگەن» (ھاسىلات، نەتىجە دېگەن مەنىدە) (Ernte-segen) نى تەتقىق قىلغان ئىدىم [111]. شۇڭا بىز كيوتودا ساقلىنىۋاتقان يازمىلار ئارىسىدىن خېلى مۇكەممەل ساقلانغان بىر قىسىم ۋەسىقە پارچىلىرىنى ئىزدەپ تاپالىدۇق. شۇنىڭ بىلەن 1915-يىلى كىشىلەر بۇلاردىن خەۋەردار بولالىغان ئىدى [112]. بۇلارنىڭ مەزمۇنى «ئېرىنتە سېگەن» (Ernte-segen) بىلەن ئوخشاش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئىلگىرى نەشر قىلىنغان رەسىمنىڭ باشقا ئىككى پارچىسى بىخەستەلىك سەۋەبىدىن چۈشۈپ قالغان [113].

ئەڭ كېيىن دېگەنىدىمۇ يۈەن دەۋرىدىكى مەڭگۈتاشلارغا ئۈچ پارچە شېئىر ئويۇلغان. ئەڭ بۇرۇن ئويۇلغىنى 1326-يىلى نومداس (Nomdas) مەڭگۈ تېشى بولۇپ [114]، ئۇنى مورى ياسۇ تاكائو تەتقىق قىلىشقا تۇتۇنغان [115]. يېقىندا، گېڭ شىمىن 1334-يىلى تېكلەنگەن خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە «قوچو ئىدىقۇت خانلىرى تۆھپە مۇڭگۈ تېشى» نى تەتقىق قىلغان [116]. رۆھربورن بىلەن سىرتكايا جۇ يوڭگۇەندىن تېپىلغان 1345-يىلىدىكى مەڭگۈ تاش ھەققىدە يېگى تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان [117]. يۇقىرىقى مەڭگۈ تاشلار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، بەلكى يەنە موڭغۇللار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى زور پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان شېئىرى شەكىللەردىن باشقا، نۇرغۇنلىغان ھىندى ئەپسانىلىرى ۋە جاتاكا (jataka) ھېكايىلىرىمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر بولغىنى «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى» دۇر. 1971-يىلى خامىلتون (Hamilton) بۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسىنى قايتىدىن رەتلەپ چىققان

[118]. ئۇنىڭ بۇ ئەمگىكى مېنىڭ بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان يەنە بىر نۇسخىسىنى دەلىللىشىمگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن [119]. مەن جىسلى بىلەن «پانجاتانترا» (Pancata-ntra) ھىكايىلىرىنىڭ پارچىلىرىنى نەشر قىلدۇرغان ئىدىم [120]. «بۇدھىچارياۋاتارا» (Budhicaryavatara) ئاسىيادا ناھايىتى كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسىنىڭ ئانچە قىممىتى يوق. چۈنكى ئۇ پەقەت پارچە - پۇرات ۋە ئۈزۈك ھالەتتە ئىكەن [121].

خازاي [122]، توگوشىۋا[123]، مارك[124]، پېتىر سىمە [125] قاتارلىقلار ئالليبۇرۇن يوقاپ كەتكەن ياكى پارچە - پۇرات ھالەتتىكى بۇددىزم كىلاسسىك ئەسەرلىرىنى رەتلەپ چىققان. بىر پارچە براھمى يېزىقىدىكى كەمتۈك پارچە سانسكرىتچە - ئۇيغۇرچە قوش تىللىق ۋەسىقە بولۇپ، ئۇنى مائۇئى بىلەن رۆھربورنلار تەتقىق قىلغان [126]. بۇ خىلدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ ھەممىسىنى نەشرگە بېرىلىۋاتقانلىقى شۇنداقلا باشقىلار رەتلەپ چىققان ۋەسىقىلەر بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئەمما مەن ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى رەتلىنىش ۋە تەييارلاشقا ئامالسىزمىز. بۇ مېنىڭ تەتقىقاتىمنىڭ چەكلىك دائىرىدە ئېلىپ نەشر قىلىنىش ئەھۋاللىرى بىلەن تەمىن ئېتىشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاشۇنداق ۋەسىقىلەر ۋە مەنبەئە بويۇملىرى خەزىنىسىنى تەتقىق قىلىشقا ئۆزىنى بېغىشلىغان ئالىملارنىڭ بۇندىن كېيىنكى مۇھىم ۋەزىپىسى يېڭى ۋە مول بولغان ئۇيغۇر بۇددىزمى شۇنداقلا ئادەتتىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلىملىرىنى رەتلەپ چىقىشتۇر. گەرچە بۇددىزم ۋەسىقىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تەرجىمە ئەسەرلەر بولسىمۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا تەرجىمە ئەدەبىياتىدۇر. ئەمما بىر قىسىم ۋەسىقىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددىزم تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئەينەن كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. بىز بۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

**ئىزاھاتلار :**

① تۇرپان، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ھەققىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنى ئاننا مارىيا فون گابائىن خانىم (A. von Gabain) قاتارلىق ئالىملار قىلغان بولۇپ، بۇ ھەقتە ئۇنىڭ «قەدىمكى تۈرك تىل - ئەدەبىياتى» (Diealttürkische Literatur)، «تۈرك تىلى ئاساسلىرى» (Philologiae Turcicae Fundamenta)(1962 - يىلى ۋىسبادىندا نەشر قىلىنغان)، تېزجاننىڭ (S. Tezcan) «قەدىمكى تۈرك تىلى ۋە ۋەسىقىلىرى» (En eski Türk dili ve yazini) (1978 - يىلى ئەنقەرەدە نەشر قىلىنغان)، «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى تۈرك تىلى ۋەسىقىلىرى ھەققىدە ئىزدىنىش» (Zur Erforschung der türkischen Turfantexte)، «كامالىزم ۋە ھازىرقى تۈركىيە» (Der Kemalismus and die moderne Türkei) (1979 - يىلى بېرلىندا نەشر قىلىنغان) ناملىق ماقالىلەرگە قاراڭ. بۇ ھەقتىكى ئىلمىي ئەسەرلەردىن يەنە گابائىن خانىمنىڭ (A. von Gabain) «قەدىمكى تۈرك تىلى گراماتىكىسى» (Alttürkische Gramatik) (1974 - يىلى ۋىسبادىندا نەشر قىلىنغان)، «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» (1973 - يىلى ۋىسبادىندا نەشر قىلىنغان)، كىلاۋۇس رۆھربورننىڭ (K. Röhrborn)، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» (1977 - يىلى ۋىسبادىندا نەشر قىلىنغان) قاتارلىق ئەسەرلەرگە قاراڭ.

② پېتىر سىمە (Peter Zieme) : «1975 - يىلىدىن بۇيان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ تەتقىق قىلىنىشى» (Research on Uigur Documents since)، «ئاسىيا ژۇرنىلى» (Journal Asiatique)نىڭ 1975 - يىللىق سانىغا بېسىلغان.

③ كېلىمكىيت (H.-J. Klimkeit) : «ئىچكى ئاسىيا دىنى ھەرىكىتىدىكى خرىستىيان دىنى ۋە بۇددا دىنى» (Christentum and Buddhismus in der innerasiatischen Religionsbewegung)، «دىن ۋە ئىدىيە تارىخى ژۇرنىلى» نىڭ (Zeitschrift für Religions-und Geistesgeschichte) 1983 - يىللىق سانىغا بېسىلغان.

④ پېتىر سىمە (Peter Zieme) : «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى زورروئاستېر دىنىغا ئائىت ۋەسىقىلەر» بۇ ماقالە «ئالتايلىقلارنىڭ تىل تارىخى ۋە مەدەنىيىتى» (Sprache, Geschichte und Kulturder Altaischen Volker) 174 - يىلى بېرلىندا نەشر قىلىنغان ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن.

⑤پېتىر سىمە (Peter Zieme) : «ئۇيغۇر خرىستىيان مۇرتلىرىنىڭ توي ئادەتلىرى» (Ein Hochzeitssgen Uigurischer

(Christen)، بۇ ماقالە «تۈرك ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ كىتاب 1981- يىلى ۋىسبادېندا نەشر قىلىنغان.

⑥⑦ بۇ ھەقتە يەنە پېتىر سىمەنىڭ يۇقىرىقى ئەسەرلىرىگە قاراڭ.

⑧ لېكوك: «قوچودىن تېپىلغان تۈرك تىلىدىكى مانى دىنى ۋەسىقىلىرى» (Türkische Manichaica aus Chotscho) (3- قىسىم)، «رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ماقالىلىرى» بۇ شۇ چاغدا ئاكادېمىيەنىڭ 39- نومۇرلۇق ھۆججىتى سۈپىتىدە تارقىتىلغان. ۋىلىيام باڭ، گاباتىن خانىملارنىڭ «تۇرپاندىن تېپىلغان تۈركچە ھۆججەتلەر» (Türkische Turfan-Texte) بۇ ماقالە «پروسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىلمىي ژۇرنىلى» (Sitzungsberichte der Preussischen Akademie der Wissenschaften) نىڭ 1930- يىللىق سانىغا بېسىلغان. ۋىلىيام باڭ: «مانى دىنى ئوقۇتقۇچىلىرى»، «مۇزېي» ژۇرنىلىنىڭ 1931- يىللىق سانىغا بېسىلغان. گاباتىن خانىمنىڭ: «تۇرپاندىن تېپىلغان تۈرك تىلىدىكى ۋەسىقىلەر» بۇ كىتاب 1956، 1958- يىللىرى بېرلىندا نەشر قىلىنغان.

⑨ كىلارك (L.V.Clark): «مانى دىنى پاتتارا نوملىرى» (The Manichean Turkic Pothi-Book)، «قەدىمكى شەرق تەتقىقاتى» (Altorientalische Forschungen) ژۇرنىلىنىڭ 1982- يىللىق 9- سانىغا بېسىلغان.

⑩ پېتىر سىمە (Peter Zieme): «تۈرك تىلىدىكى مانى دىنى ۋەسىقىلىرى»، «بېرلىن تۇرپانشۇناسلىق ھەيئىتى» (Berliner Turfan-texte) نىڭ 5- سانىغا بېسىلغان(1975- يىلى بېرلىندا نەشر قىلىنغان).

⑪ پېتىر سىمە (Peter Zieme): «مانى يېزىقىدا يېزىلغان تۈرك تىلىدىكى مانى دىنى ۋەسىقىلىرى» (Ein manichaisch-türkisches Fragment in manichaischer Schrift). بۇ ماقالە «شەرقشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى» (Acta Orientalia academie Scientiarum Hungaricae) نىڭ 1970- يىللىق ئومۇمىي 23- سانىدا ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ يەنە «تۈركلەردىكى مانى دىنىغا دائىر بىر مەسىلە» (Zu einigen Problemen des Manichaismus bei den Türken)، بۇ ماقالە «ئالتايلىقلارنىڭ ئەنئەنىۋى دىنلىرى» (Traditions religieuses et para-religieusesdes peuples altalques)، 1972- يىلى.

⑫ خۇاڭ ۋېنبى: «تۇرپان ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى»، بېيجىڭ، پەن نەشرىياتى، 1954- يىلى نەشرى.

⑬ «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدا مانى دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىقتىسادىغا دائىر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر»، بۇداپېشتتا چىقىدىغان «ئالتاي تىل تەتقىقاتى» (Researches in Altaic Languages)، ناملىق ژۇرنالنىڭ 1975- يىللىق سانىغا بېسىلغان.

⑭ تەرجىماندىن ئىزاھات (خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچى — ياڭ فۇشۆ): سولمى قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا Solmi دەپ يېزىلغان بولۇپ، بۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيەسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي ئۇچۇرلارنى گېڭ شىمىن، جاڭ گۇاڭدالارنىڭ «سولمى ھەققىدە» («تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1980- يىللىق 2- سانىغا ‹159-147- بەتلەر› قاراڭ) ناملىق ماقالىسىدىن كۆرۈڭ.

⑮ گېڭ شىمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنى ئىبادەتخانىسى ۋەسىقىلىرى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «ئارخېئولوگىيە ژۇرنىلى»، 1978- يىللىق 4- سان.

⑯ لىيۇ نەنچياڭ: «مانى دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئەمرۇ - مەرۇپلىرى ۋە ئەمەلىيىتى» (Precept and Practice in Manichaean Monasticism)، «ئىلاھىيەت تەتقىقاتى ژۇرنىلى» (The Journal of Theological Studies) نىڭ 1981- يىللىق ئومۇمىي 32- سانىغا بېسىلغان.

⑰ خازاي (G.Hazai): «بېرلىن تۇرپان يىغما بويۇملىرىدا ساقلانغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا مىخ مەتبەئە بويۇملىرى پارچىلىرى ھەققىدە» (Ein uigurisches Blockdruckfragment der Berliner Turfan-Sammlung)، «قەدىمكى شەرق تەتقىقاتى ژۇرنىلى» نىڭ 1976- يىللىق سانىغا بېسىلغان.

⑱ مائۇئى (Dieter Maue) ۋە كلاۋۇس رۆھربورن (K.Röhrborn): «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ‹ئالتۇن يارۇق› دىكى «ئاستاما خاستخانا چايتيا سۇتراسى (Astamahasthanacaityastotra) ھەققىدە»، بۇ ماقالە «گېرمانىيە تىلشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى ژۇرنىلى» 1979- يىللىق (ئومۇمىي 129- سانى) سانىغا بېسىلغان.

⑲ مائۇئى (Dieter Maue) ۋە كلاۋۇس رۆھربورن (K.Röhrborn): « «سادھارما پۇندارىكا سۇترا» (Sadharmapundarika-Sutra) نىڭ قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسى توغرىسىدا» (zur alttürkischen Version des Saddharmapundarīka-Sūtra)، «ئوتتۇرا ئاسىيا ژۇرنىلى» (Central Asiatic Journal) نىڭ 1980- يىللىق ئومۇمىي 24- سانىغا بېسىلغان.

⑳ سىناشى تېكىن (S.Tekin): « ‹مايترى سىمىت› درامىسىنىڭ 1، 2- پەردىلىرى ھەققىدە تەتقىقات» (Maitrisimit nom bitig. Dieuigurische übersetzung eines Werkes der buddhistischen Baibhasika-Schule)، «بېرلىن تۇرپان ۋەسىقىلىرى مەجمۇئەسى» نىڭ 1980- يىللىق 9- سانىغا بېسىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە 1- پەردىدىكى رەسىملەر بۆلۈپ نەشر قىلىنغان بولۇپ، بۇ ھەقتە S. تېكىننىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەر» ناملىق كىتابىغا، 2- پەردىسى «مايترى سىمىت

(Burkancilarin mehdlsi Maitreya ile Bulusma Uygurca ipt6idal bir dram)» نامىدا 1976 - يىلى ئەنقەرەدە نەشر قىلىنغان.

[21] گېلق شىمىن : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹مايترى سىمىت› نىڭ 2 - پەردىسى ھەققىدە تەتقىقات» (Qadimqi Uygurca Iptidayi Drama Piyesasi Maitrisimit(Hami Mushasining) ، «تۈركلوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» (Journal of Turkish Studies نىڭ 1980 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

[22] گېلق شىمىن، جالڭ گۇاڭدا : «سۇلمى ھەققىدە تەتقىقات» ، «تارىخ تەتقىقاتى» 1980 - يىللىق 2 - سانىغا بېسىلغان.

[23] مورلوئىس (E.Moerlooes) : «توخرى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹مايترى سىمىت› نىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى» (The way of Vision (darsanamarga)in the Tocharian and Old Turkish Versions of the Maitreyasamitinataka) ، «ئوتتۇرا ئاسىيا ژۇرنىلى» نىڭ 1979 - يىللىق ئومۇمى 23 - سانىغا بېسىلغان.

[24] شوگايتو ماساخىرو : «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹Agama Sutra › (ئاگاما سۇتراسى) نىڭ پارچىلىرى ھەققىدە تەتقىقات» ، «كاماكورا چەتئەل تىللىرى ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» ، 1980 - يىللىق سانىغا بېسىلغان.

[25] شوگايتو ماساخىرو : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹Agama Sutra › (ئاگاما سۇتراسى) نىڭ پارچىلىرى ھەققىدە تەتقىقات» (On the Roll-typed Fragment of the Uigur Samyuktagama-Sūtra) ، «ئىچكى ئاسىيا تەتقىقاتى ژۇرنىلى» نىڭ 1981 - يىللىق 1 - سانىغا بېسىلغان.

[26] شوگەيتو ماساخىرو : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹Agama Sutra › (ئاگاما سۇتراسى) نىڭ پارچىلىرى ھەققىدە تەتقىقات» (On the Fragments of the Uigur Madhyamagama and other Agama Sūtras)، «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىنىڭ يېڭى نەتىجىلىرى» (Neue Ergebnisse der Zentralasienforschung)، 1981 - يىلى ھامبورگدا نەشر قىلىنغان.

[27] بۇنى كۇدارا كۆگى ئەپەندى شەخسى مەن بىلەن قىلىشقان خەت ئالاقىسىدا تەمىنلىگەن.

[28] كۇدارا كۆگى، پېتىر سىمە (Peter Zieme) : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ، ‹Agama Sutra › (ئاگاما سۇتراسى) › (Uigurische āgama-Fragmente)، بۇ ماقالە «قەدىمكى شەرق تەتقىقاتى» (Altorientalische Forschungen) ژۇرنىلىنىڭ 1983 - يىللىق 10، 17 - سانلىرىغا بېسىلغان.

[29] خازاي (G.Hazai)، پېتىر زيمې (Peter Zieme): «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹ۋاجراچچېدىكا سۇترا› (Vajracchedika-sutra) نىڭ پارچىلىرى ھەققىدە تەتقىقات» (Fragmente der uigurschen Version des"Jin'gangjing mit den Gāthās des Meister Fu")، بۇ «بېرلىن تۇرپان ۋەسىقىلىرى مەجمۇئەسى» نىڭ 1 - تۇرىگە بېسىلغان. بۇنىڭغا ئىنوكوچى تايجىيون خاتىمە سۆزدە پىكىر يازغان. بۇ 1971 - يىلى بېرلىندا نەشر قىلىنغان.

[30] ۋەرنىر (E.T.C.Werner) : «جۇڭگو ئەپسانىلىرى لۇغىتى» (A Dictionary of Chinese Mythology)، 1932 - يىلى شاڭخەيدە نەشر قىلىنغان.

[31] بۇ [18] ئىزاھاتتىكى مائۇئى (D.Maue) ۋە كلاۋۇس رۆھربورن(K.Rōhrborn) لەرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئۇچۇرلار بىلەن ئوخشاش.

[32] پېتىر سىمە (Peter Zieme): «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىككى پارچە «ئاۋالوكىتەسۋارا ئۇكۇرۋانا نىردەساخ» (Avalokitesvara-vkurvana-nirdesah) نومىنىڭ پارچىلىرى ھەققىدە» ، «قەدىمكى شەرق تەتقىقاتى ژۇرنىلى» نىڭ 1989 - يىللىق 16 - سانىغا بېسىلغان.

[33] (彗见东观) : « «ئاۋالوكىتەسۋارا ئۇكۇرۋانا نىردەساخ» (Avalokitesvara-vkurvana-nirdesah) نومىنىڭ 25 - ياپراقچىسىنىڭ قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى تەرجىمىسى» ، 1977 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[34] سىناشى تېكىن (S.Tekin) : «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ 1 - تومى ‹كۇئانسىئىم پۇسار› (Kuansi im Pusar) ھەققىدە» ، ئەرزۇرۇم، 1960 - يىلى نەشرى،

[35] ۋىلىيام باڭ، گاباتىن خانىم : «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى» (Tūrkische Turfan-Texte) نىڭ 5 - تومى، «پىروسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىلمى ئۇچۇرلىرى، 1931 - يىلى.

[36] كۇدارا كۆگى : «ساددىھارما پۇندىرىكا نومى» (saddharma Sutra) نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تەرجىمە نۇسخىسى» (Uigur Translation of the Miao-fa-lian-hua-jing Xuanzan)، «بۇددىزم تەتقىقاتى» نىڭ 1980 - يىللىق 36(ئومۇمىي) - سانىغا بېسىلغان.

[37] كۇدارا كۆگى : « «ساددىھارما پۇندىرىكا نومى» (saddharmapundrika Sutra) نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ پارچىلىرى» (Uigur Translation of the Miao-fa-lian-hua-jing Xuanzan)، «ئىچكى ۋە غەربىي ئاسىيا جەمئىيتى ۋە مەدەنىيىتى »ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ 1983 - يىلى، فوكويامادا نەشرىياتى.

[38] كۇدارا كۆگى، ئودا جۇتەن : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹بۇدداۋاتام ساكا ماخاۋايپۇليا سۇترا› سىنىڭ

پارچىلىرى» ،ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتى بۇددىزم مەدەنىيىتى تەتقىقاتى خەۋەرلىرى، 1983 - يىلى.

[39] بۇ ھەقتە مەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مىخ مەتبەئە بويۇملىرىنىڭ يىل دەۋرى ھەققىدە» (Bekerkungen zur Datierung uigurischer Blockdrucke) ، ناملىق ماقالەمدە(بۇ ماقالە ‹ مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقاتى› ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىللىق ئومۇمىي 269 - سانىدا ئېلان قىلىنغان ) xayinki ھەققىدە چۈشەنچە بەرگەن ئىدىم.

[40] كۇدارا كوگى : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «سۇكھاۋاتىۋ يۇھا نومى» (Sukhavativyuha Sutra) نىڭ تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ پارچىلىرى ھەققىدە تەتقىقات» ، بۇ ماقالە «بۇددىزم تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1979 - يىللىق ئومۇمىي 35 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

[41] پېتىر سىمە (Peter Zieme) : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹ ئامىتايۇر دىھيانا سۇترا› (Amitayur dhyana Sutra) نۇمىنىڭ يېڭى تېپىلغان نۇسخىلىرىنىڭ پارچىلىرى ھەققىدە»(A New Fragment of the Uigur Guanwuliangshoujing)، ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتى بۇددىزم مەدەنىيىتى تەتقىقاتى خەۋەرلىرى، 1983 - يىلى توكيودا نەشر قىلىنغان.

[42] پېتىر سىمە (Peter Zieme) : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹«خىن ئابىتاكى سۇترا»(Hin abitaki Sutra)› نومى» (Uigurische Sukhāvativyūha)، «قەدىمكى شەرق تەتقىقاتى» نىڭ 1985 - يىللىق ئومۇمىي 15 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

[43] تىمۇر، كۇدارا كوگى، كلاۋۇس رۆھربورن(K. Röhrborn) : «ئەنقەرە ئېتنىشۇناسلىق مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «خىن ئابىتاكى سۇترا»(Hin abitaki Sutra) » ، «تۈركلوگىيە» (Turcica)ژۇرنىلىنىڭ 1984 - يىللىق ئومۇمىي 16 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

[44] سىناشى تېكىن (S. Tekin) : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹ئالتۇن يارۇق› نىڭ 9، 10 - جىلدلىرى ھەققىدە تەتقىقات» (Die Kapitel über die Bewubtseinslehre im uigurischen Goldglanzsūtra) ، ۋىسبادېن، 1971 - يىلى.

[45] پېتىر سىمە (Peter Zieme) : «ئالتۇن يارۇقنىڭ 2 - جىلدى ۋە كىرىش سۆز قىسمى» (O vtoroj glave sutry"Zolotoj blesk")[ بۇ ماقالە ھەم «تۈركلوگىيە» ژۇرنىلىغا ھەم كونونوفنىڭ 70 ياشقا تولغانلىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىغا (1976 - يىلى لېنىنگرادتا نەشر قىلىنغان) كىرگۈزۈلگەن.

[46] پېتىر سىمە (Peter Zieme) : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹ئالتۇن يارۇق› دىكى ئەپسانىلەر» (Zu den Legenden im uigurischen Goldglanzsūtra) ، «تۈركلوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى»(Journal of Turkish Studies) نىڭ 1977 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان ھەمدە ئاپتور بۇنىڭغا يەنە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ «تۈركلوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1978 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلغان.

[47] كۇدارا كوگى، كلاۋۇس رۆھربورن(K. Rōhrborn) : «ستوكھولم ئېتنىشۇناسلىق مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىككى پارچە ‹ئالتۇن يارۇق› نىڭ كەمتۈك پارچىلىرى ھەققىدە» (Zwei verirrte Blatter des uigurischen Goldglanz - Sūtras im Etnografiska Museum, Stockholm)، «گېرمانىيە تىلشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى ژۇرنىلى» نىڭ 1982 - يىللىق ئومۇمىي 132 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

[48] كلاۋۇس رۆھربورن (K. Rōhrborn) : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» (Eine uigurische Totenmesse)، «بېرلىن تۇرپان ۋەسىقىلىرى»(Berliner Turfantexte) نىڭ 2 - تومى، 1971 - يىلى، بېرلىن.

[49] مارك (I. Warnke) : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹Kisanti qil γ uluq nom› نىڭ كەبتۈك پارچىلىرى» (Eine buddhistische Lehrschrift über das Bekennen der Sünden. Fragmente der uigurischen Version des Cibei - daochang - chanfa)، 1978 - يىلى، بېرلىن.

[50]ۋارنكە (I. Warnke) : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹Kisanti qil γ uluq nom› نىڭ 25، 26 - ياپراقچىلىرىنىڭ كەمتۈك پارچىلىرى» ، «قەدىمكى شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1983 - يىللىق ئومۇمىي 10 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

[51] تولاستىر (J. P. C. Toalster) : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى› نىڭ 4 - قىسمىغا ئىزاھات» ، گېيسلىگېن، 1977 - يىلى.

[52] توگوشىۋا (L. Ju. Tugusheva) : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى› تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ 10 - قىسمى كەمتۈك پارچىلىرى» (Ujgurskaja versija biografii Sjuan' - Czana. Fragmenty iz glavy X.)، «قەدىمكى شەرق ۋەسىقىلىرى» (Pis'mennye pamjatniki Vostoka. Istoriko - filogiceskie issledovanija) نىڭ 1971 - يىللىق ھۆججىتى، 1974 - يىلى، موسكىۋا. توگوشېۋانىڭ يەنە بىر پارچە «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى› نىڭ كەمتۈك پارچىسى» (Fragmenty ujgurskoj versii biograffi Sjuan' - Czana)، 1980 - يىلى، موسكىۋا.

[53] تېزكان (S. Tezcan) : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى› نىڭ 10 - قىسمى » ، 1975 - يىلى، ئەنقەرە.

[54] كلاۋۇس رۆھربورن (K. Röhrborn) : «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» ، 1977 - يىلى، ۋىسبادىن.

[55] كۇدارا كوگى، پېتىر سىمە (Peter Zieme) : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىككى پارچە ‹شۋەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى› نىڭ ئېلان قىلىنمىغان قىسمى» (Fragmente zweier unbekannter Handschriften der uigurischen Xuanzang-Biographie)، «قەدىمكى شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1984 - يىللىق ئومۇمىي 11 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

[56] كارا، پېتىر سىمە (Peter Zieme) : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەخپىيەت دىنى ۋەسىقىلىرى تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ كەمتۈك پارچىلىرى» (Fragmente tantrischer Werke in uigurischer übersetzung)، «بېرلىن تۇرپان ۋەسىقىلىرى» نىڭ 7 - تومى، 1976 - يىلى، بېرلىن.

[57] كلاۋۇس رۆھربورن (K. Röhrborn) : «نىلاكانسا سۇترا» (Nilakantha[ka] Sutra)» نىڭ كەمتۈك پارچىلىرى» (Fragmente der uigurischen Version des"Dhāranī-Sūtras der grossen Barmherzigkeit)، «گېرمانىيە تىلشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى ژۇرنىلى» 1976 - يىللىق ئومۇمىي 126 - سانىغا بېسىلغان.

[58] ئېمىر (H. Eimer) : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىككى پارچە ۋەسىقە پارچىسى ئارقىلىق (تۈبۈت) زاڭزۇ تىلىدىكى ئوخشاش مەزمۇندىكى ۋەسىقىنى سېلىشتۇرۇش» (Tibetische Parallelen zu zwei uigurischen Fragmenten)، «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» (Zentralasiatische Studien)، نىڭ 1977 - يىللىق ئومۇمىي 110 - سانىغا بېسىلغان.

[59] پېتىر سىمە (Peter Zieme) : «قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددىزم ۋەسىقىلىرى تەرجىمانى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ» (Singqu Sali Tutung-übersetzer buddhistischer Schriften ins Uigurische)، «ئالتايشۇناسلىق تەتقىقاتى» (Tractara Altaica)، 1976 - يىلى، ۋىسبادىن.

[60] مۇللېرى (F. W. K. Müller) : «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەر» (Uigurica),، «پىروسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» 1910 - يىللىق 2 - سان. 1911 - يىلى، بېرلىن.

[61] لىگېت : « ‹موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى› دىكى ئەجداتلار ۋەسىقىلىرى» (Le sacrifice offert aux ancetres dans l' Histoire secrete)، «شەرقشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1973 - يىللىق ئومۇمىي 27 - سانىغا بېسىلغان.

[62] شوگايتو ماساخىرو : «ناگامۇرافۇ ساقلىغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ پارچىلىرى ھەققىدە تەتقىقات» «شەرقى ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى» 1979 - يىللىق 1 - ، 2 - سانلىرىغا بېسىلغان.

[63] مالوف (S. E. Malov) : «سىتاتاپاترا دھارمانى» (Sītātapatrādhārani) نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسى» (Sītātapatrā-dhāranī v ujgurskoj redakcii)، «سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسى خەۋەرلىرى» نىڭ 1930 - يىللىق سانىغا بېسىلغان.

[64] كۇدارا كوگى : « «ئابىھىدارما سۇترا» (Abhidharama Sutra) نومىغا ئىزاھات»، «ھىندىشۇناسلىق ۋە بۇددىزم تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1980 - يىللىق ئومۇمىي 29 - سانىغا بېسىلغان.

[65] كۇدارا كوگى : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر پارچە بايقالمىغان «ئابىھادرما نومى» (Abhidhar) نىڭ كەمتۈك پارچىلىرى»، «ھىندىشۇناسلىق ۋە بۇددىزم تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1978 - يىللىق ئومۇمىي 26 - سانىغا بېسىلغان.

[66] كۇدارا كوگى : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر پارچە «ئابھىدھارما كوساكارىكا» (Abhidharmakosakarika) نىڭ پارچىسى» (A Fragment of an Uigur Version of the Abhidhar-makosakarika)، «مەركىزىي ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى» 1981 - يىللىق ئومۇمىي 269 - سانىغا بېسىلغان. بۇ ھەقتە يەنە «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىدىكى يېڭى نەتىجە» ناملىق ماقالىمۇ (1982 - يىلى ۋىسبادىن) ئېلان قىلىنغان.

[67] كۇدارا كوگى : «ئاھىدھارما كوسابھاسيا» (Abhidharmakosabhasya) نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تەرجىمىسىدىن بىر ياپراق »، «ھىندىشۇناسلىق ۋە بۇددىزم تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1980 - يىللىق ئومۇمىي 28 - سانىغا بېسىلغان.

[68] بۇ [65] ئىزاھات بىلەن ئوخشاش. «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر پارچە ‹ ئابھىدھارما كوساكارىكا» (Abhidharmakosakarika › نىڭ پارچىلىرى»، 81 - 84 - بەتلەر.

[69] بۇ ھەقتە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ سانسكرىت تىلى گراماتىكىسىدىكى ‹سەككىز خىل ئەھۋال› ۋە ‹ئالتە خىل گورۇپپا › ھەققىدىكى مەزمۇنلارغا قاراڭ.

[70] سىناشى تېكىن (S. Tekin) : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئابھىدھارما كوسابھاسيا تىكاتاتتىۋارسا نومى» (Abhidharmakosabhasyatikatattvartha-nama) ھەققىدە»، 1970 - يىلى، نيۇ يورك.

[71] لىگېت : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «تەڭرى بورخان يارلىقامىش تەڭرىلى يەرلى سەكىز يۈكمەك يارۇق بۇگۇلۇگ ئارۋىش نوم بىتىگ» (Tangri burxan yarliqimish tngrili yerli sakiz yukmak yaruq bugulug arvish nom bitig) نومى ھەققىدە»، «تۈركولوگىيە تەتقىقاتى (Studia Turcica)، 1971 - يىلى، بۇداپېشت.

[72] ئودا جۇن تەن : «تۈرك تىلىدىكى « سەكىز يۈكمەك يارۇق نوم بىتىگ» ( yukmak yaruq bugulug nom bitig)ۋەسىقىسىدىكى بۇددىزم ئىدىيەسى» ، «شەرقشۇناسلىق» ژۇرنىلىنىڭ 1879 - يىللىق ئومۇمىي 55 - سانى. ئۇنىڭ يەنە «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى نوم ‹سەككىز يۈكمەك يارۇق› دا كۆرۈلىدىغان بۇددىزىمىزنىڭ « سەكىز يۈكمەك يارۇق نوم بىتىگ» (yukmak yaruq bugulug nom bitig)» ، «چەمبەر» ژۇرنىلىنىڭ 1979 - يىللىق 16 - سانى. ئۇنىڭ يەنە «يېڭىدىن بايقالغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹سەككىز يۈكمەك يارۇق› نىڭ پارچىلىرى» ، «قەدىمكى شەرق تەتقىقاتى» نىڭ 1983 - يىللىق 10 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ يەنە بىر پارچە «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى نوم « سەكىز يۈكمەك يارۇق نوم بىتىگ» (yukmak yaruq bugulug nom bitig) دىكى مەتبەئە پارچىلىرى» ، «تۈرك تىل - ئەدەبىياتى ژۇرنىلى» نىڭ 1986 - يىللىق ئومۇمىي 24 - ، 25 - سانىغا بېسىلغان.

[73] بۇ ھەقتە پېتىر سىمەنىڭ (Peter Zieme) «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نوم«تەڭرى بورخان يارلىقامىش تەڭرىلى يەرلى سەكىز يۈكمەك يارۇق بۇگۇلۇگ ئارۋىش نوم بىتىگ» ( Tangri burxan yarliqimish tngrili yerli sakiz yukmak yaruq bugulug arvish nom bitig) نىڭ تېمىسى» ، «قەدىمكى شەرق تەتقىقاتى» نىڭ 1983 - يىللىق 10 - سانىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىگە قاراڭ.

[74] بۇ ھەقتە شوگايتو ماساخىرونىڭ ئەسىرى ھەققىدە بېرىلگەن [56] ئىزاھاتقا قاراڭ.

[75] باروچ (W. Baruch) : «غەربىي يۇرتتىن تېپىلغان مايتىرىغا مۇناسىۋەتلىك ۋەسىقە» (Maitreya d' après des sources de Sérinde) ، «دىن تارىخى ئوبزورى» ژۇرنىلىنىڭ 1946 - يىللىق ئومۇمىي 132 - سانىغا بېسىلغان.

[76] شوگايتو ماساخىرو : «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تۆۋە - دۇئانامە ۋەسىقىلىرى پارچىلىرى» (Ein uigurisches Fragment eines Beichttextes) ، «تۈرك ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» ، ۋىسبادىن، 1981 - يىلى.

[77] خالەن (H. Halen) : «ماننېرھېم يىغقان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەر پارچىلىرى» (Die Uigurischen Mannerheim - Fragmente) ، «شەرقشۇناسلىق ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»(Studia Orientalia) ، خېلسىنكى، 1979 - يىلى.

[78] تېزكان (S. Tezcan) : «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى Insadi نومى»(Die uigurische Insadi - Sutra) ، «بېرلىن تۇرپان ۋەسىقىلىرى» نىڭ 3 - تومى، بېرلىن، 1974 - يىلى.

[79] يۇقىرىقى ئىزاھاتتا دېيىلگەن ئەسەرنىڭ 11 - ياپرىقى، 761 - 1121 - قۇرلىرىغا قاراڭ.

[80] تېزكان (S. Tezcan) تىتوللاشتۇرۇلغان insadi سۆزى بۇ ئەسەرنىڭ 11 - ياپراق 757 - قۇرىدا كۆرۈلىدۇ. ئەگەر بۇ سۆزنى چەتتىن (باشقا مىللەت تىلىدىن) كىرگەن سۆز دەپ قارىغاندا، ئۇنىداقتا insadi سۆزى بىلەن sudur سۆزى ئوتتۇرىسىدا atl γ دەپ بىر سۆز بولۇشى كېرەك. ئۇ چاغدا بۇ سۆز بۇ يەردە ياكى سۈپەت ياكى تولدۇرغۇچى بولۇش ئېھتىماللىقى بار.

[81] رۇبەن (W. Ruben) : «پەلسەپە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر پارچە ۋەسىقە» (Bir Uygur filozofu hakkinda) ، «ئۈچىنچى قېتىملىق تۈرك تارىخى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ماقالىلەر توپلىمى» (III. Türk Tarih Kongresi) ، 1984 - يىلى، ئەنقەرە.

[82] شوگايتو ماساخىرو : «بۈيۈك بېرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەر» ، «شەرقىي ئوكيانشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 58 - سانى.

[83] سىناشى تېكىن (S. Tekin) : «يۇمن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر بۇددىزم ۋەسىقىلىرى» (1 - قىسىم)، پۇداپېشت، 1980 - يىلى.

[84] ئودا جۇن تەن : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مانجۇسرى سادخانا» (Manjusri Sadhana) نىڭ بىر پارچىسى» ، «شەرقىي ئوكيان تارىخى تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1874 - يىللىق 1 - سانىغا بېسىلغان.

[85] مۇللېر (F. W. K. Muller) : «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى لاما دىنى سېھرىگەرلىكى» (Ein uigurisch - lamaistisches Zauberritual aus den Turfanfunden) ، «پروسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1928 - يىللىق سانى.

[86] كارا(G. Kara)، پېتىر سىمە : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەخپىيەت دىنى ۋەسىقە تەرجىمىلىرىنىڭ پارچىلىرى»(Fragmente tantrischer Werke in uigurischer ubersetzung)، «بېرلىن تۇرپان ۋەسىقىلىرى» نىڭ 7 - تومى، بېرلىن، 1976 - يىلى. بۇ ھەقتە يەنە كارانىڭ «ئۇيغۇرلار ۋە تۈبۈتلەر» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ. (بۇ ماقالە كسومانى خاتىرىلەش ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن)، پۇداپېشت، 1978 - يىلى.

[87] يۇقىرىقى ئىزاھاتنىڭ ( [86] ) 79 - ، 63 - بەتلىرىگە قاراڭ.

[88] يۇقىرىقى ئىزاھاتنىڭ ( [86] ) 78 - بېتىگە قاراڭ.

[89] پېتىر سىمە : «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى نوم ‹ تارا ئىكاۋىم ساتىستورا نومى» (Tara Ekavimsatistora)» ،

«شەرقشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1982 - يىللىق ئومۇمىي 36 - ساندا ئېلان قىلىنغان.
[90] گېڭ شىمىن : «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹ تارا ئېكاۋىم ساتىستورا نومى› (Tara Ekavimsatistora)› نومى ھەققىدە» ، «شەرقشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1979 - يىللىق 3 - ساندا ئېلان قىلىنغان.
[91] كارا(G. Kara)، پېتىر سىمە : « ‹ گۇرۇيوگا› (Guruyaga)ۋە ‹ مانجۇسرى ناما سامگىتى› (Manjusri nama samgiti) › نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىلىرى» ، «بېرلىن تۇرپان ۋەسىقىلىرى» نىڭ 7 - تومى، بېرلىن، 1977 - يىلى.
[92] كارا(G. Kara) : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹مانجۇسرى ناما سامگىتى› (Manjusri nama samgiti) نومى» ، «قەدىمكى شەرق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىللىق 8 - ساندا ئېلان قىلىنغان.
[93] شوگايتو ماساخىرو : «بۈيۈك بېرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەر» ، «شەرقىي ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1974 - يىللىق 1 - سانىغا بېسىلغان.
[94] كارا (G. Kara) بىلەن ھەمكارلاشما ئەسەر : «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۆلۈمنامە ۋەسىقىلىرى - بۈيۈك بېرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان Or. 8212 - 109 نومۇرلۇق دۇنخۇاڭ ۋەسىقىلىرىدىكى تۈبۈتچىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئارۇبا يازغان «‹شىرىچاكراسامۋارا› (Shiricakrasamvara)» ۋەسىقىسى ھەققىدە» ، بۇداپېشت، 1978 - يىلى.
[95] تائۇبى (M. Taube) : « ‹بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان ۋەسىقىلىرى› دىكى تۈبۈتچە ۋەسىقىلەر» ، «بېرلىن تۇرپان ۋەسىقىلىرى» نىڭ 10 - تومى، بېرلىن، 1980 - يىلى، 120 - نومۇرلۇق ۋەسىقە.
[96] رەشىد رەھمەتى ئارات (R. R. Arat) : «قەدىمكى تۈرك شېئىرلىرى» (Eski Türk Siiri)، 1965 - يىلى، ئەنقەرە.
[97] سىناشى تېكىن (S. Tekin) : «يۇمن دەۋرىدىكى ئۇيغۇرچە بۇددىزم ۋەسىقىلىرى» ، 143 - 150 - بەتلەر.
[98] كلاۋۇس رۆھربورنىڭ ماڭا يازغان خېتىدە تەمىنلىگەن ئۇچۇر.
[99] شوگايتو ماساخىرو : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر ‹نىھاندىرا نومى› ھەققىدە » ، «شەرقى ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1976 - يىللىق 1 - ،2 - سانىغا بېسىلغان.
[100] يۇقىرىقى ئەسەرنىڭ 27 - بېتى بىلەن ئوخشاش.
[101] سىناشى تېكىن (S. Tekin) : «يۇمن دەۋرىدىكى ئۇيغۇرچە بۇددىزم ۋەسىقىلىرى»(2 - قىسىم)، بۇداپېشت، 1980 - يىلى.
[102] ياڭ شەنمىڭ : «» ، كامبىرىج، 1976 - يىلى.
[103] بۇ [97] ئىزاھات بىلەن ئوخشاش.
[104] پېتىر سىمە : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹سامانتابھادراچارا جارياپرانىدھانا › ( Samantabhadracarya pranidhana) نومى ھەققىدە» ، بومباچىنىڭ خاتىرىلەش ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن. ناپلېس، 1982 - يىلى.
[105] بۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنىڭ تەرجىمىسى يوق. بۇ ھەقتە ۋلىيام باڭ، گاباتىن خانىملارنىڭ «ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ. بۇ ماقالە «ئۇنگور تەتقىقاتى يىلنامىسى» نىڭ 1930 - يىللىق 10 - سانىغا بېسىلغان. بۇ ھەقتە يەنە سىناشى تېكىننىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىكى قاپىيە» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ. بۇ ماقالە «ئورال - ئالتايشۇناسلىق تەتقىقاتى يىلنامىسى» نىڭ 1962 - يىللىق 34 - سانىغا بېسىلغان.
[106] پېتىر سىمە : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددىزم شېئىرلىرى» ، «بېرلىن تۇرپان ۋەسىقىلىرى» نىڭ 10 - تومى، بېرلىن، 1985 - يىلى، 13 - نومۇرلۇق ۋەسىقە.
[107] پېتىر سىمە، كۇدارا كوگى : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹ ئامىتايۇر دىھيانا سۇترا (Amitayur dhyana Sutra) › » ، كيوتو، 1985 - يىلى.
[108] بۇ شوگايتو ماساخىرونىڭ ئەسىرى ھەققىدە بېرىلگەن [56] ئىزاھات بىلەن ئوخشاش، 1 - 15 - بەتلەر.
[109] بۇ پېتىر سىمەنىڭ ئەسىرىگە بېرىلگەن [100] ئىزاھات بىلەن ئوخشاش.
[110] بۇ شوگايتو ماساخىرونىڭ ئەسىرى ھەققىدە بېرىلگەن [56] ئىزاھات بىلەن ئوخشاش، 1 - 19 - بەتلەر.
[111] پېتىر سىمە : «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇۋەپپىقىيىتى» ، «قەدىمكى شەرق تەتقىقاتى »ژۇرنىلىنىڭ 1975 - يىللىق 3 - سان.
[112] «غەربى يۇرت ئارخېئولوگىيەسى رەسىملەر خاتىرىسى» 2 - قىسىم ، كيوتو، 1 - رەسىم.
[113] خانىدا ئاكارى، يامادا نوبۇئو : «ئوتانى كوزىي ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئېلىپ كەتكەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ مۇندەرىجىسى» ، «غەربى يۇرت تەتقىقاتى» (4 - قىسىم)، كيوتو، 1961 - يىلى.
[114] تەرجىماننىڭ ئىزاھاتى (خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچى ياڭ فۇشۈنىڭ) : بوربۇلاقنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 15 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايدىن«يۇمن دەۋرىدە قاايتا ياسالغان مەڭگۇ تاش» تېپىلغان . بۇنى گېڭ شىمىن بىلەن جاڭ باۋشى «يۇمن دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئويۇلغان «يۇمن دەۋرىدە قاايتا ياسالغان مەڭگۇ تاش» ھەققىدە

دەسلەپكى ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسىنى «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلىنىڭ 1980 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلغان.

[115] بۇنى مورىياسۇ تاكېئو مەن بىلەن قىلغان شەخسى خەت - ئالاقىدە تەمىنلىگەن.

[116] گېڭ شىمىن : «قوچو ئىدىقۇت خانلىرى تۆھپە مەڭگۈ تېشى ھەققىدە تەتقىقات» ، «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلىنىڭ 1980 - يىللىق سانىدا ئېلان قىلغان. بۇ ماقالىنىڭ فرانسۇزچىسى فرانسىيەدە چىقىدىغان «تۈركلوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» (Turcica) نىڭ 1981 - يىللىق ئومۇمىي 13 - سانىدا ئېلان قىلغان.

[117] كلاۋۇس رۆھربورن (K. Rohrborn)، سىرتكايا (O. F. Sertkaya) «چۆيوگگۈندىن تېپىلغان تۈركچە مەڭگۈ تاش» ، «گېرمانىيە تىلشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى ژۇرنىلى» نىڭ 1980 - يىللىق ئومۇمىي 130 - سانىغا ئېلان قىلىنغان.

[118] خامىلتون (J. R. Hamilton) : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىككى شاھزادىنىڭ(تېكىن) ھېكايىسى» (قىسقارتىپ «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى» دەپمۇ ئېلىنىدۇ)، پارىژ، 1971 - يىلى.

[119] پېتىر سىمە : «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى» ، «شەرقشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1974 - يىللىق ئومۇمىي 28 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

[120] گېيسسىر (F. Geissier)، پېتىر سىمە : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بەشنامە(پانجاتانترا)» ، «تۈركلوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1970 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

[121] پېتىر سىمە : « قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى رامايانا ھېكايىلىرى» ، «شەرقشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1978 - يىللىق ئومۇمىي 32 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

[122] خازاي (G. Hazai) : «بۇدھىچارايۋاتارا»(Bodhicaryavatara) ھەققىدە، «ئالتايشۇناسلىق ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن. ۋىسبادىن، 1976 - يىلى.

[123] توگوشېۋا (L. Ju. Tuguhseva) : «سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» ، «تۈركلوگىيەگە ئائىت ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن. موسكۋا، 1978 - يىلى.

[124] ۋارنىكە (I. Warnke) : «بېرلىن تۇرپان ۋەسىقىلىرى» دىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر پارچە ۋەسىقە» ، «تۈركلوگىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» ، ۋىسبادىن، 1981 - يىلى.

[125] پېتىر سىمە : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى خاس سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ھەققىدە تەتقىقات» ، «تۈرك تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى يىللىق ژۇرنىلى» (2 - قىسىم)، 1981 - يىلى، ئەنقەرە.

[126] مائۇئې (D. Maue )، كلاۋۇس رۆھربورن(K. Röhrborn): «تۇرپاندىن تېپىلغان ئىككى تىللىق ۋەسىقىلەر پارچىلىرى» ، «ئوتتۇرا ئاسىيا ژۇرنىلى» نىڭ 1976 - يىللىق ئومۇمىي 20 - سانىدا ئېلان قىلىنغان، بۇنىڭدىن باشقا «تۇرپاندىن تېپىلغان ئىككى تىللىق ۋەسىقىلەر پارچىلىرى ھەققىدە يېڭى تونۇش» ناملىق ماقالىسىمۇ «ئوتتۇرا ئاسىيا ژۇرنىلى» نىڭ 1978 - يىللىق ئومۇمىي 22 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

*قوشۇمچە :*

*بۇ ماقالە «دۇنخۇاڭ تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىللىق 2 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.*

*پېتىر زىمې : (گېرمانىيە بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تەتقىقاتچىسى، دۇنياغا داڭلىق ئۇيغۇرشۇناس ئالىم)*

(تەرجىمان: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ ۋە مىللەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتى شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى كەسپىنىڭ 2009 - يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)

**تەھرىرلىگۈچى :ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق**

# تۇرپان رايونىدىن بايقالغان قەبرە مۇئەككىلى

گۈلنۇر ھەمدۇل

قەبرە مۇئەككىلى ئېلىمىزدىكى قەدىمكى قەبرىلەردە كۆپ ئۇچرايدىغان ئۆلگۈچىنىڭ روھىنىڭ دەخلى تەرۇزغا ئۇچراشتىن ساقلاش ئۈچۈن ياسالغان بىر خىل ھايۋان بولۇپ، ئادەتتە قەبرە ئىچىگە قويۇلۇپ جىن ئالۋاستىلارنى ئۈجۈقتۇرىدىغان ھايۋان دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ بىر ھايۋان ئەمەس، بەلكى قەدىمكى كىشىلەرنىڭ روھىيىتىدىكى ئىلاھى مەخلۇق. ئۇ ئادەتتە قەبرىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا يېقىن جايغا قويۇلۇپ، ئۆلگۈچىنىڭ روھىنى مۇھەپىزەت قىلىدۇ ھەم قەبرىنى باشقىلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن قوغدايدۇ.

قەبرە مۇئەككىلىنىڭ قىياپىتى قورقۇنۇشلۇق بولۇپ، كىشىگە سىرلىق تۇيغۇ بېرىدۇ. ئادەتتە بىر باش بىر تەنلىك، قوش باش قوش تەنلىك دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىر باش بىر تەنلىك قەبرە مۇئەككىلى كۆپ ئۇچرايدۇ، قوش باش قوش تەنلىكنىڭ سانى ئازراق. ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى قەبرە مۇئەككىلىنىڭ ياسىلىش ئالاھىدىلىكىدە مەلۇم دەرىجىدە ئوخشاشماسلىق مەۋجۇت

تارىخى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، قەبرە مۇئەككىلى چۇ بەگلىكى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى475- يىلىدىن، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 221- يىلى )دە بارلىققا كەلگەن. بۇ دەۋردىكى يەنى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى قەبرە مۇئەككىلىنىڭ ياسىلىش ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىچە: بۇ دەۋرگە تەۋە قەبرە مۇئەككىلى پەقەت چۇ بەگلىكى ۋە چۇ بەگلىكىگە بېقىنغان بەگلىكلەردىلا تېپىلغان. بۇ قەبرە مۇئەككەللىرىنىڭ بېشى ھايۋاننىڭ بېشىغا ئوخشايدۇ (چوشقا ياكى يولۋاسقا ئوخشاپ قالىدۇ). بەدىنى ئادەمنىڭ بەدىنىگە ئوخشايدىغان، چاسا شەكىللىك تەگلىك ئۈستىگە مۇقىملاشتۇرۇلغان ھايۋانلارنىڭ شەكلى ياساپ چىقىلغان①. بۇ ھايۋاننىڭ ئىككى كۆزى چەكچىيىپ تۇرغان، بېشىغا ئىككى تال بۇغا مۈڭگۈزى سانچىلغان، ئاغزى يوغان ھەم كەڭ، تىلى مەيدىسىگە ساڭگىلىغان، بەدىنىگە تەڭگىسمان گۈل نۇسخىسى سىزىلغان، بىر نەرسە چايناۋاتقان قىياپەتتە. بۇ دەۋردە يەنە بىر ياغاچنى ئويۇپ، تاراشلاش ئارقىلىق ياسالغان قەبرە مۇئەككىلمۇ بار بولۇپ، پەقەت چۇ بەگلىكى قەبرىلىرىدىن بايقالغان. بۇ بەلكىم چۇ بەگلىكى مەدەنىيىتىدىكى بىر ئالاھىدىلىك بولسا كېرەك.

شەرقىي خەن دەۋرى ( مىلادىيە 25- يىلىدىن 220- يىلىغىچە)نىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە ساپالدىن ياسالغان تاق مۈڭگۈزلۈك قەبرە مۇئەككىلى بارلىققا كەلدى.

ۋېي جىن دەۋرى (مىلادىيە 220- يىلىدىن 589- يىلىغىچە)دە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن چاڭجياڭنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى ئالتە سۇلالە ( مىلادىيە 3- ئەسىرنىڭ بېشىدىن 6-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە)گە تەۋە قەبرىلەردىن يەنە بىر تۈرلۈك كالا شەكىللىك ساپال قەبرە مۇئەككىلى بايقالغان شىمالىي ۋېي دەۋرى (مىلادىيە 386- يىلىدىن 557- يىلىغىچە)گە تەۋە قەبرىلەردە، قەبرە مۇئەككىلى قەبرىدە جۈپ ھالەتتە بايقالغان. ھەممىسى يۈكىنىپ ئولتۇرغان ھالەتتە، ئاستىدا تىرەپ تۇرىدىغان تاختاي بار.

شىمالىي چى (مىلادىيە 550- يىلىدىن 577-

يىلىغىچە )، شىمالىي جۇ دەۋرى(مىلادىيە557 - يىلىدىن 581 - يىلىغىچە)گە كەلگەندە، قەبرە مۇئەككىلى شىمالىي ۋېينىڭ ياسىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئازراق ئۆزگەرتىش بېرىلگەن. بۇ دەۋردىكى قەبرە مۇئەككىلى ئادەتتە ئىككى خىل بولۇپ، بىر خىلى ئادەم يۈزلۈك ۋە ھايۋان يۈزلۈك قىلىپ جۈپ قويۇلغان بولۇپ. بېشىدىكى بىگىزسىمان مۈڭگۈزى يوقالغان. يەنە بىر خىلمۇ ئادەم يۈزلۈك، ھايۋان يۈزلۈك جۈپ قويۇلغان بولۇپ بېشىنى تىك تۇتۇپ. زوڭزىيىپ ئولتۇرغان قىياپەتتە، دۈمبىسىدە ئۈچ تۇتام تۈك بار. رەڭ بېرىلگەن.

سۈي دەۋرى (مىلادىيە 581 - يىلىدىن 618 - يىلىغىچە)دىن تاڭنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى قەبرە مۇئەككىلى ساپالدىن ياسالغان. جۈپ بولۇپ ، ئادەم يۈزلۈك بىلەن ھايۋان يۈزلۈكنىڭ پەرقى روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

تاڭنىڭ گۈللەنگەن مەزگىلى(8 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى)دىكى قەبرە مۇئەككىلىنىڭ ھەممىسى ئۈچ خىل رەڭلىك ساپالدىن ياسالغان. بۇددا دىنىدىكى "سەكسا"نىڭ قىياپىتىگە ئوخشىتىلىپ ياسالغان . بۇ دەۋردىكى قەبرە مەئەككەللىرىنىڭ ياسىلىشى ئالاھىدەرەك بولۇپ، بەزى ئادەم باش قەبرە مۇئەككىلىنىڭ چىرايى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئادەملىرىنىڭ چىرايىغا قىلچە ئوخشىمايدۇ.② بەش دەۋر(مىلادىيە 907 - يىلىدىن 960 - يىلىغىچە ) مەزگىلىدە، قەبرە مۇئەككىلىنىڭ ياسىلىشى ئاددىيلاشقان.

يەنى، يومۇلاق ياغاچنى ئويۇپ ئادەم باش بېلىق تەن ياكى ئادەم باش ئەجدىھا تەن قەبرە مۇئەككىلىنى ياساپ چىققان. بۇ قەبرە مۇئەككەللىرى بىر پارچە تاختاي ئۈستىگە مۇقىملاشتۇرۇلغان بولۇپ خۇددى تاختاينىڭ ئۈستىدە بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۈمىلەۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇ دەۋرگە مەنسۇپ بولغان قەبرە مۇئەككىلى ناھايىتى ئاز بايقالغان ③. مىڭ دەۋرى(مىلادىيە 1368 - يىلىدىن 1683 - يىلىغىچە)گە كەلگەندە، قەبرە مۇئەككىلى دۇبۇلغا - ساۋۇت كەيگەن، قولىغا جەڭ قورالى تۇتقان قوغدىغۇچىلارنىڭ قىياپىتىدە ياسالغان بولۇپ، كۆرۈنىشى ناھايىتى سۈرلۈك④ .

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، قەبرە مۇئەككىلى تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە، كەڭ دائىرىدە ئومۇملىشىپ .تۈرى كۆپىيىپ ئەڭ دەسلەپكى ياغاچقا ياكى ئۈستىخانغا ھايۋاناتلارنىڭ شەكلىنى ئاددى قىلىپ ئويۇشتىن تەدرىجى تەرەققى قىلىپ، رەڭلىك ساپالدىن ئادەم باش ئادەم تەنلىك، ئادەم باش ھايۋان تەنلىك قەبرە مۇئەككىلى ياسىلىپ شەكلى رەڭدارلىشىپ تاڭ دەۋرىنىڭ گۈزەل سەنئىتىدىكى خاسلىقنى نامايەن قىلدى. قەبرە مۇئەككىلى كېيىنكى لياۋدىن كېيىن ئاستا - ئاستا يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەنگەن .

قەبرە مۇئەككىلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربى دىيار



1 - رەسىم: تۇرپان مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قەبرە مۇئەككىلى

ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، نۇپۇسنىڭ يۆتكىلىشى قاتارلىق سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، قەبرە مومىيەككىلىنى ياساش ۋە بىرگە دەپنە قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى تارىختا غەرپ بىلەن شەرقنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تۈگىنى بولغان تۇرپان رايونىغا سىڭىپ كىرىپ، بۇ جاينىڭ ھەمدەپنە ئۆرۈپ-ئادىتىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر قىلىپ، تۇرپان رايونىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىكى ھەمدەپنە بۇيۇملىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان (ھازىرچە قەبرە مومىيەككىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى چېگرىسى ئىچىدە پەقەت تۇرپاندىكى قەدىمي قەبرىلەردىنلا بايقالدى ). بۇ قەبرە ئىچىدە ئۆن-تىنسىز ھەيۋە قىلىپ، قەبرە ئىگىسىنىڭ روھىنى، قەبرىنى قوغداپ كېلىۋاتقان قەبرە مومىيەككەللىرى تۇرپاندىكى ئارخېئولوگىيە خىزمىتىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا ئەگىشىپ بىر-بىرلەپ قەبرىدىن قېزىپ چىقىلىپ بىز بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

قەبرە مومىيەككىلىنىڭ بايقىلىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىدەك:

2-رەسىم: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان قەبرە مومىيەككىلى

قەبرە مومىيەككىلى 1960-يىلى ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى 336-نومۇرلۇق قەبرىدىن 1 قەبرە مومىيەككىلى تېپىلغان.

1972-يىلى ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى 10-قېتىملىق قېزىش جەريانىدا بايقالغان، قوچو ئۇيغۇر دەۋرىگە تەۋە بولغان 226-نومۇرلۇق، 230-نومۇرلۇق ئىككى قەبرىدىن بايقالغان. 226-نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان لايدىن ياسالغان قەبرە مومىيەككىلى ياخشى ساقلانمىغان. 230-نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان لايدىن ياسالغان قەبرە مومىيەككىلى ئاساسەن مۇكەممەل ساقلانغان بولۇپ، ئېگىزلىكى 70سانتىمېتىر.

1973-يىلى ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا 11- قېتىملىق قېزىش ئېلىپ بېرىلغان، شۇ يىلى قېزىلغان 191- نومۇرلۇق قەبرىدىن ساقلىنىشى ئانچە مۇكەممەل بولمىغان ئىككى قەبرە مومىيەككىلى تېپىلغان.

1975- يىلى قاراخوجا قەدىمكى قەبرىستانلىقى 102- نومۇرلۇق قەبرىدىن بىر قەبرە مومىيەككىلى تېپىلغان⑤.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قاراخوجا يېزىسىغا جايلاشقان باداملىق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا، 2004-يىلى ئېلىپ بېرىلغان قېزىشتىمۇ قەبرە مومىيەككىل بايقالدى.⑥

بۇ قەبرە مومىيەككەللىرىنىڭ يىل دەۋرى تاڭ دەۋرىنىڭ قوچو ئۇبلاس دەۋرى (640-يىلىدىن 792-، 795-يىلى) گە تەۋە بولۇپ، ھايۋان باش ھايۋان تەن، ئادەم باش ھايۋان تەن. ئاساسلىقى



سېغىز لاي خام ئەشيا قىلىنىپ ياسالغان.

بۇ قەبرە مومىيەككىلىرىنىڭ بىر قىسمى تۇرپان

مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ ھەم كۆرگەزمە قىلىنىۋاتىدۇ. يەنە بىر قىسمى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

تۇرپان مۇزېيىنىڭ 《تۇرپان ئومۇمىي تارىخى كۆرگەزمىسى》زالىدا كۆرگەزمە قىلىنىۋاتقان قەبرە مۇئەككىلىنىڭ ئېگىزلىكى 70 سانتىمېتىر، بېشى يولۋاسنىڭ بېشىغا ، تېنى قاپلاننىڭ تېنىگە ، قۇيرۇقى تۈلكىنىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشايدۇ. كۆك كۆلرەڭ تېنىگە، جىگەررەڭ كۆك رەڭلەردىكى يۇمىلاق چېكىتكە ئوخشايدىغان



3-رەسىم: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قەبرە مۇئەككىلى

4-رەسىم: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قەبرە مۇئەككىلى

نەقىشلەر بېرىلگەن، كۆزىنى چەكچەيتىپ تۇرغان، چوڭ ئېچىپ تۇرغان ئاغزىدىن چوڭ ھەم ئۈچلۈق چىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، بېشىغا بىر تال ، ئىككى مۈرىسىگە بىردىن، دۈمبىسىگە بىر تال بولۇپ جەمئىي تۆت تال تاياقچە سانجىلغان ، ياۋۇز سۈرلۈك كۆرىنىدۇ. بۇ قەبرە مۇئەككىلى تۇرپان مۇزېيىنىڭ <<تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ئومۇمىي تارىخى كۆرگەزمە زالىنىڭ 5- بۆلۈم:غەربىي ئوبلاستىنىڭ ئىقتىساد مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى مەخسۇس ئەينەك ئىشكاپتا كۆرگەزمە قىلىنىۋاتىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قەبرە مۇئەككىلىنىڭ سانى ۋە شەكلى كۆپ بولۇپ، ھايۋان باش ھايۋان تەن، ئادەم باش ھايۋان تەن قەبرە مۇئەككىلىنىڭ ھەر ئىككى خىلى تېپىلىدۇ.

مەن تۆۋەندە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قەبرە مۇئەككىلىدىن تۆتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن.

بىرىنچى قەبرە مۇئەككىلىنىڭ شەكلى تۇرپان مۇزېيىنىڭ 《تۇرپان ئومۇمىي تارىخى كۆرگەزمىسى》زالىدا كۆرگەزمە قىلىنىۋاتقان قەبرە مۇئەككىلىنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ. بۇ قەبرە مۇئەككىلىگە سېرىق رەڭ بېرىلىپ، قېنىق پور رەڭ بوياق بىلەن قاسراقسىمان يۇمىلاق نەقىشلەر چىقىرىلغان. قەبرە مۇئەككىلى كۆزىنى چەكچەيتىپ تۇرغان، چوڭ ئېچىلغان ئېغىزىدىن چوڭ ھەم ئۈچلۈق قوزۇق چىشى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. قولىقى ئىتنىڭ قولىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ .قۇيرىقى كەڭ، ئىككى مۈرىسىگە ئىككىدىن تۆت تال، بېشىغا بىر تال جەمئىي بەش تال تاياقچە سانچىلغان. يايىسى سۇس كۆك رەڭدە بويالغان. بۇ قەبرە مەئەككىلىدە يىرتقۇچلارنىڭ ئۆتكۈر چىشى بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئوتخور ھايۋانلارنىڭ تۇيىقى بار

ئىككىنچى قەبرە مۇئەككىلىنىڭ شەكلى ئۆزگىچە بولۇپ، بېشىدا ئىككى تال ئىنچىكە ئۇزۇن ئۆچكىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئوخشاپ كېتىدىغان مۈڭگۈز بار، قولىقى ئىتنىڭ قولىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. پۈتۈن بەدىنى قېنىڭ پور رەڭدە ،تىرنىقى سېرىق رەڭدە بويالغان، كۆز ۋە بۇرنى قارا رەڭدە سىزىلغان. بېشى سۇس سېرىق رەڭدە بولۇپ، قېنىڭ پور رەڭدە چېكىت قويۇش ئارقىلىق



قاپلاننىڭ گۈل نۇسخىسى چىقىرىلغان. ئېغىزىنى چوڭ ئېچىپ خىرىس قىلىپ تۇرغان قىياپەتتە. لېكىن بۇ قەبرە مۆئەككىلىنىڭ قوزۇق چىشى ئانچە ئۇزۇن ئەمەس. مۈرىسىگە قاتار قىلىپ تۆت تال ، بېشىغا بىرتال جەمئىي بەش تال ياغاچ تاياقچە سانچىلغان.

ئۈچىنچى قەبرە مۆئەككىلى ئادەم باشلىق هايۋان تەنلىك بولۇپ، بېشىدا توپا رەڭ قۇبىلىق كۆك رەڭلىك دوبۇلغا بار. قېشى قارا، كۆزى چەكچىيىپ تۇرغان، قىزىل رەڭلىك قويۇق ساقال - بۇرۇتى بار . بەدىنى قېنىق پور رەڭدە بويالغان. مەيدىسىدىن باشقا جايلارغا يەنە بىر قەۋەت سۇس كۆك رەڭدە رەڭ بېرىلىپ، قېنىق كۆك رەڭ ۋە قېنىق پور رەڭدىن پايدىلىنىپ، قاپلاننىڭ گۈل نۇسخىسى چىقىرىلغان. قۇيرىقى كەڭ. بۇ ئادەم باشلىق هايۋان تەن قەبرە مۆئەككىلىنىڭ پۇتىدا ئوتخور هايۋاننىڭ تۇيىقى بار. 4-رەسىمگە قاراڭ. تۆتىنچى قەبرە مۆئەككىلمۇ ئادەم باشلىق هايۋان تەنلىك بولۇپ، يول-يول قىلىپ سىرىق ۋە قارا رەڭدە بويالغان ئۆزۈن چېچى تىك هالەتتە ئۆزئارا بۇرما شەكىلدە يۆگىلىشىپ تۇرغان. قولىقى چوچقىنىڭ قولىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، قوشمىسى تۈرۈلگەن، ئاغزى چىڭ يۇمۇلغان، بەدىنىگە سۇس سىرىق رەڭ بېرىلگەن، قولىقىنىڭ ئىچىگە سىرىق رەڭ بېرىلگەن بولۇپ، بەدىنىدە هېچقانداق گۈل نۇسخىسى يوق. پۇتىدا ئوتخور هايۋاننىڭ تۇيىقى بار. 5-رەسىمگە قاراڭ.

5-رەسىم: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان قەبرە مۆئەككىلى

يۇقىرىقىغا ئوخشاش قەبرە مۆئەككەللىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى : ھەممىسى زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ھالەتتە. قۇيرىقى كەڭ بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان رەڭدىن پايدىلىنىپ، يول-يول شەكىل چىقىرىلغان. قىياپىتى قورقۇنۇچلۇق. دەۋرى ئاساسەن تاڭ دەۋرىگە تەۋە بولۇپ، يەرلىك ئالاھىدىلىك بويىچە سېغىز لاي بىلەن ياسالغان ئوتتۇرىغا ياغاچ ئېلىنغان. ئەينى دەۋردىكى ئادەملەر ئۆزلىرىگە تونۇشلۇق بولغان هايۋاناتلارنى مۇبالىغە قىلىش ئۇسۇلى ھەم ئوخشىمىغان

تۈرگە تەۋە جانلىقلارنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ياساپ چىققان. مەسىلەن، پولتىيىپ چىققان كۆز، هىڭگىيىپ تۇرغان يوغان چىش، گۆشخور هايۋانغا ماسلاشتۇرۇلغان ئوتخور هايۋاننىڭ تويىقى، ئادەم بېشىدىكى چوچقا قولىقى قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا 1-، 2-، 3-رەسىمدىكى قەبرە مۆئەككەللىرىنىڭ ئىككى مۈرىسى ۋە دۈمبىسىگە سانچىلغان ئىنچىكە، رەڭلىك تاياقچە قاناتقا ۋەكىللىك قىلامدۇ- قانداق، ئەگەر قاناتقا ۋەكىللىك قىلسا، بېشىغا سانچىلغىنىنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟بۇ ھەقتە يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

①②③④جۇڭگودىكى قەدىمكى ئىلاھە ھايۋان - قەبرە مۇئەككىلى. جېنجۇ شەھەرلىك مەدەنىيەت ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تۈزگەن

⑤شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى 2000-يىلى 3-4- قوشما سانى

.⑥ئارخېئولوگىيە 2006- يىلى 12-سان

شىنجاڭ تۇرپان رايونى باداملىق قەبرىستانلىقىنىڭ قېزىلىشى توغرىسىدىكى قىسقىچە دوكلات 59-بەت

(ئاپتور:تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى)

تەھرىرلىگۇچى:ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# غەربىي يۇرتتىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرگەن زىرائەتلەر توغرىسىدا

ئەنۋەر قاسىم  ئەنۋەر ئەخمەت

شىنجاڭ « « يىپەك يولى » » نىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان بولۇپ، قەدىمكى زامانلاردا « «غەربىي رايون» » دەپ ئاتالغان . بۇ مۇنبەت زېمىننىڭ يەر مەيدانى كەڭ، تارىخى ئۇزۇن، بايلىقى مول بولۇپ ھاۋا كىلىماتى ، سۇ ۋە تۇپراق مەنبەسى دېھقانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تولىمۇ مۇۋاپىق ئىدى. شۇڭا، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئۆلى بولۇپ ھېسابلانغان دېھقانچىلىق، يېڭى تاش قورال دەۋرىدىن باشلاپ بۇ بىپايان زېمىندا مەيدانغا كەلگەن ھەمدە تەرەققىي قىلىپ بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. قىسقىسى مۇشۇ تۇپراقتا ئولتۇراقلاشقان ۋە تۇرمۇش كەچۈرگەن ھەر مىللەت خەلقى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا، ئىنتايىن مول بولغان يېز - ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسى ۋە قابىلىيىتىنى توپلىغان. ئۇلار شىنجاڭنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە تەبىئىي مۇھىتى ۋە شەرت - شارائىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ھەر يەرنىڭ شەرت - شارائىتىغا قاراپ سورت ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، نۇرغۇنلىغان دېھقانچىلىق مەھسۇلاتىنى ئىشلەپچىقارغان.

ئىلگىرى يۇرتىمىزنىڭ يېزا - ئىگىلىك ئارخېئولوگىيەسى ۋە يىراق قەدىمكى زامان دېھقانچىلىق تارىخى ھەققىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك خىزمەتلەر ئاز ئىشلەنگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ توغرىدا بىر قەدەر روشەن ئۇقۇم، مۇئەييەن ئىلمىي يەكۈن كەمچىل بولغان. بىراق يېقىنچە ئارخېئولوگىيە ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن ھازىرغىچە قەدەر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتى بىلەن شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى كەسپىي خادىملار كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى گۇمۇگۇ قەبرىستانلىقى، قۇم دەريا قەبرىستانلىقى، تۇرپان ئاستانە - قاراغوجا قەدىمكى قەبرىستانلىقى ، يارغول قەدىمكى شەھىرى خارابىسى، پىچان سۇ بېشى ۋە ياڭخىي، قومۇل لاپچۇق - قارادۆڭ قەدىمكى قەبرىستانلىقى، لوپنۇر ناھىيەسىدىكى يىڭپەن قەدىمكى قەبرىستانلىقى، كىروران قەدىمكى شەھىرى خارابىسى، مىرەن خارابىسى، مارالبېشى ناھىيەسىدىكى توققۇز ساراي خارابىسى، خوتەن لوپ سانپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقى، چەرچەن ناھىيەسى تەۋەسىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى، نىيە خارابىسى، كېرىيە ناھىيەسىدىكى قارادۆڭ خارابىسى قاتارلىقلاردىن ھەر خىل قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىۋالدى . ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تۈرلۈك دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى بىلەن، بۇغداي ،تېرىق، ئارپا، زېغىر، قىچا، كۈنجۈت، ھەر خىل پۇرچاق تۈرلىرى، كەندىر، كېۋەز ۋە ئۈزۈم، نەشپۈت، ياڭاق، شاپتۇل، ئۆرۈك، چىلان، بادام، قوغۇن قاتارلىق يەل يېمىشدىن ئىبارەت دېھقانچىلىققا ئائىت زىرائەت ئەۋرىشكىلىرى،

ياغۇنچاق، ئوغۇر، تۈگمەن، ساپان، ئورغاق، كۈرەك، ئوتىغۇچ قاتارلىق بىر تۈركۈم تاش، ياغاچ ۋە مېتالدىن ياسالغان ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى يۇرتىمىزنىڭ قەدىمكى زامان دېھقانچىلىقى توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى تېخىمۇ بېيىتتى، بولۇپمۇ دېھقانچىلىققا ئائىت بولغان بىرمۇنچىلىغان ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللار، يۇرتىمىزنىڭ قەدىمكى زامان دېھقانچىلىق تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىزغا يېڭى زېمىن ئېچىپ بەردى.

1

ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش خىزمىتى خېلى كەڭ دائىرىدە ئىشلەنگەچكە، زىرائەت ئەۋرىشكىلىرى تارىختىن بۇرۇنقى مەزگىللەردىن تارىخىي دەۋرلەرگە ئائىت قەدىمكى خارابىلىق ۋە قەبرىستانلىقلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك بايقالدى. تۆردىن قارىغاندا، ئاساسلىقى ئاشلىق زىرائەتلىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن قالغىنى يەل- يېمىش ۋە كۆكتات ۋە باشقا ئىقتىسادى زىرائەتلەردۇر. قېزىۋېلىنغان بۇ زىرائەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆستۈرۈلگەن بولۇپ، مەلۇم دەرىجىدىن ئۆلارنىڭ ئۆستۈرۈلگەن يىل دەۋرىنى ئېنىقلىشىمىز ئۈچۈن بىۋاستە ئىسپات بىلەن تەمىنلىدى، بۇ دىيارىمىزنىڭ قەدىمكى زامان دېھقانچىلىقىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

تارىخىي خاتىرىلەر ۋە ئارخېئولوگىيەلىك مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە غەربىي يۇرت ئوتتۇرىسىدا ئۆز- ئارا ئىقتىبسات ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش خېلى بۇرۇنلا باشلانغان ھەمدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ تەرەققىياتىدا زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا كەلگەندىن كېيىن، بۇ خىل مۇناسىۋەت تېخىمۇ قويۇقلىشىپ ۋە داۋاملىشىپ كەلگەن. خەن - تاڭ دەۋرى ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆز- ئارا توقۇنۇش ۋە قوشۇلۇش ھاسىل قىلغان مۇھىم باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدىكى باردى - كەلدى ئىنتايىن قويۇق بولغان، جۈملىدىن جوڭگو بىلەن ياۋروپا ئارىسىدىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشمۇ غايەت زور دەرىجىدە گۈللەنگەن. رايونلار ئارا، مىللەتلەر ئارا ۋە جوڭگو بىلەن چەتئەل ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى ،جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، دىيارىمىز « « يىپەك يولى» » نىڭ تۈگۈنگە جايلاشقانلىقتىن، ياۋروپا بىلەن ئاسىيانى كېسىپ ئۆتۈپ، شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان « «يىپەك يولى» » ، يىپەك، سىرلانغان بويۇملار قەدىمكى جوڭگو مەدەنىيىتىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بويۇملارنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يەتكۈزۈپ، شۇ يەرلەردىكى خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە بېيىتتى ھەمدە قەغەزچىلىك، مەتبەئەچىلىك، يىپەكچىلىك قاتارلىق كۆپلىگەن قەدىمكى جوڭگونىڭ ئىلغار تېخنىكىلىرى، جۈملىدىن قەدىمىي شەرق مەدەنىيىتىنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىتىپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى. بىرلا ۋاقىتتا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ مەدەنىيەت نەتىجىلىرىمۇ « «يىپەك يولى» » ئارقىلىق جوڭگوغا تارقىلىپ كىرىپ، جوڭگوۋا مەدەنىيىتىگە مول ئوزۇقلۇق تولۇقلىدى.

خەن سۇلالىسىنىڭ جاڭ چيەننى غەربىي يۇرتقا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىشتىكى ئەسلى مەقسىدى توخرىلار ۋە ئۇسۇنلار بىلەن ئالاقە باغلاپ ھۇنلارغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇش ئىدى. ئەمما كۈتۈلمىگەندە جاڭ چيەن بۇيەردىكى ئاھالىلەرنىڭ تېرىقچىلىق قىلىدىغىنىنى، شال، بۇغداي قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىيدىغانلىقى ھەم ئىستېمال قىلىدىغانلىقى، باغ،

ئۈزۈمزارلىقلارنىڭ بارلىقى، ئۈزۈمدىن مەي - شاراپ چىقىرىدىغانلىقى، بايلىرىنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن مەي شاراپلارنى نەچچە ئون يىلىچە ساقلايدىغانلىقىنى كۆرگەن①. بولۇپمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەردە يوق بىر تۈركۈم ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سورتىنى بايقىغان. شۇڭا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قايتىشىدا نۇرغۇنلىغان ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرى، دورا - ماتېرىياللىرى ۋە ئۈزۈم كۆچەتلىرىنى ئالغاچ كەتكەن. ئۇلار ئالدى بىلەن بېدە بىلەن ئۈزۈمنى خان ئوردىسى ئىچىدىكى باغلاردا ۋە چاڭئەننىڭ يېقىن ئەتراپىدا يېتىشتۈرگەن، شۇنىڭدىن تارتىپ بېدە بىلەن ئۈزۈم ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقالغان. بۇنىڭدىن باشقا خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگۈزۈلگەن زىرائەت سورتلىرىدىن يەنە زىغىر، دادور، كۈنجۈت ،ئانار، سامساق، باش پىياز، يۇمغاقسۈت، تەرخەمەك، ياڭاق ۋە زاراڭزا قاتارلىقلارمۇ بار. كېۋەز، سەۋزە، تاۋۇز ۋە پالەك قاتارلىقلار بولسا خەن سۇلالىسىدىن كېيىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىپ كىرگەن ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كېۋەز ئۆزلەشتۈرۈش تېخنىكىسىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىپ كىرىشى، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كىيىم - كېچەك قۇرۇلمىسىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى.

## 2

غەربىي يۇرتتىن شەرققە تارقىلىپ كىرگەن زىرائەتلەرنى سۆزلەپ ئۆتكەندە، ئۈزۈم يېتىشتۈرۈش، ئۈزۈمدىن مەي-شاراپ ياساش تېخنىكىسى بىلەن كېۋەز يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىنى ئالاھىدە تونۇشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۈزۈم دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمىي يېتىشتۈرۈلگەن يېمىشلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسەن شىمالى ئامېرىكا ئۈزۈمى ۋە ياۋرۇپا ئۈزۈمى دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. ياۋرۇپا ئۈزۈمى ئوتتۇرا يەر دېڭىزى، قارا دېڭىز ۋە كاسپىي دېڭىزى ساھىلىدا بارلىققا كېلىپ ، بۇنىڭدىن 5000~7000 يىللار ئىلگىرى سۈرىيە، ئىراق، مىسىر، جەنۇبىي كافكاز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلاردا ئۆستۈرۈلگەن②. تەخمىنەن غەربىي خەن سۇلالىسىدىن بۇرۇن غەربىي يۇرتقا تارقىلىپ كىرگەن . خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە ،مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2- ئەسىردە جاڭ چيەن غەربىي يۇرتتىن ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە ئېلىپ بارغان. تارىخىي مەلۇماتتا ئۈزۈم ۋە ئۈزۈم ھارىقى توغرىسىدا دەسلەپكى خاتىرىلەرنى قالدۇرغان كىشى سىماچيەن بولۇپ، ئۇ « «تارىخنامە□ فەرغانە تەزكىرىسى» » دە : « «فەرغانە ئەتراپىدىكىلەر ئۈزۈمدىن مەي چىقىرىدۇ، بايلىرىنىڭ مەي - شارابلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، نەچچە ئون يىلغىچە ساقلايدىكەن» » دەپ خاتىرىلىگەن . بۇنىڭدىن باشقا، 2003- يىلى پىچان ناھىيەسى ياڭخىي 2- نومۇرلۇق قەبرىستانلىقىدىكى M2069 نومۇرلۇق قەبرىدىن ئۇزۇنلۇقى 15 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 2.3 سانتىمېتىر كېلىدىغان قىزىل سايۋا ئۈزۈمى شېخى بايقالدى. ئۇنىڭ دەۋرى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 5~3 ئەسىرلەرگە تەۋە ③. بۇ بايقاش ئۈزۈمنىڭ يىغىلىق دەۋرىدە تۇرپان تەۋەسىدە ئۆستۈرۈلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. دېمەك، بۇلاردىن ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ۋە ئۈزۈمدىن مەي - شاراپ چىقىرىش غەربىي يۇرتتا غەربىي خەن سۇلالىسىدىن بۇرۇن بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۈزۈمنىڭ غەربىي يۇرتتا ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلىشى توغرىسىدا تارىخىي مەنبەلەردە قالدۇرۇلغان خاتىرىلەر ناھايىتى كۆپ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى « «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى□ غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» » دە: « «قوچو غوزلارنىڭ مەرھۇم بەگلىرىنىڭ قەدىمىي جايى، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئالدى غۇزقا تەۋە ئىدى...... بۇ ئەلنىڭ سەككىز شەھىرى بار بولۇپ، ھەممىسىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەر بار .يەرلىرىنىڭ كۆپى چۆل، ھاۋاسى ئىسسىق، تۇپرىقى مۇنبەت، تېرىق ۋە بۇغداي يىلدا ئىككى قېتىم پىشىدۇ. پىلە بېقىشقا باپ، ھەرخىل يەل - يېمىشلەر چىقىدۇ...... يېرى ئېقىن سۇ

بىلەن سۇغىرىلىدۇ.....مۇسەللەس كۆپ چىقىدۇ[4].كىنگىست بەگلىكىنىڭ « ھاۋاسى سوغوق، يېرى مۇنبەت، ئاشلىقتىن شال، سۆك، تېرىق، بۇغداي تېرىلىدۇ...... مۇسەللەسنى چوڭ بىلىدۇ[5]» دەپ خاتىرىلەنگەن. يازما مەنبەلەردىن باشقا، ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلارمۇ ناھايىتى مول، چۈنكى تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىق ماددىي بۇيۇملار ۋە ئۈزۈمنىڭ ئۆستۈرۈلىشى، ئۈزۈمزارلىقلارنى ئىجارىگە بېرىش، ئىجارىگە ئېلىش، سېتىش، ئۈزۈمدىن مەيسۇ، سىركا، ئۈزۈم مۇراببासى ۋە ئۈزۈم شەربىتى قاتارلىقلارنى ئىشلەشكە ئائىت خەنزۇچە ھۆججەتلەر قېزىۋېلىنىپلا قالماي، يەنە نىيە خارابىسىدىنمۇ ۋېي - جىن سۇلالىلىرىگە تەۋە ئاساسەن مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان ئۈزۈمزار خارابىسى، شۇنداقلا ئۈزۈمزارنى ئىجارىگە بېرىش، ئېلىش ۋە ئىجارە تۆلەشكە ئىشلىتىدىغان مەي - شاراپ توغرىسىدىكى كاروشتىچە پۈتۈكلەر بايقالدى. بولۇپمۇ كاروشتىچە پۈتۈكلەردىن قارىغاندا، غەربىي يۇرتنىڭ مەي - شاراپ توغرىسىدىكى خاتىرىسىنى ۋېي - جىن سۇلالىلىرىگىچە سۈرۈشتۈرگىلى بولىدۇ. يۈەن سۇلالىسىدىن كېيىن، غەربىي يۇرتنىڭ ئۈزۈم ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى خاتىرىلەر ناھايىتى كۆپ بولغان. مەسىلەن، ياللۇغ چۇسەينىڭ «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دە « ئالملىق شەھىرىدە ئۈزۈم، شاپتۇل، نەشپۈتلەر كۆپ، دانلىق زىرائەتلەر تېرىلىدۇ. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بىلەن ئوخشاش» ؛ « ئەۋلىيا چيۇ چۇجىنىڭ غەربكە ساھايەت خاتىرىسى» دە: «قوچو قاتتىق ئىسسىيدىكەن، ئۈزۈم بەك ئوخشايدىكەن» دەپ خاتىرىلەنگەن . بۇندىن باشقا تۇرپان تەۋەسىدىن بايقالغان قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقى(840—1368) غا تەۋە ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەردىمۇ تۇرپان تەۋەسىنىڭ ئۈزۈم ئۆزلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى نۇرغۇن ئۇچۇرلار ساقلىنىپ قالغان.

گەرچە يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى ۋە راۋانلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۈزۈم ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ كىرگەن بولسىمۇ، ئۆستۈرۈلىشى ئانچە كەڭ دائىرىدە بولمىغاچقا، بۇ مەزگىلدە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خەلقلەرنىڭ يېمەك - ئىچمەك تۇرمۇشىغا ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسەتمىگەن. ۋېي - جىن سۇلالىرىدىن باشلاپ، بىر تەرەپتىن غەربىي يۇرتتىكى قوۋملەرنىڭ تۈركۈملەپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە كۆچۈپ بېرىشى، يەنە بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقىسى تېخىمۇ كۈچىيىشى تۈپەيلىدىن، ئۈزۈم ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى كەڭ ئومۇملاشقان. شۇڭلاشقا ئۈزۈمگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارمۇ ناھايىتى كۆپ بولغان. مەسىلەن، ۋېي ۋىندى ساۋپى ئەمەلدارلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ: « جوڭگودا گەرچە مېۋىلەرنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ داڭلىقى ئۈزۈم ھېساپلىنىدۇ...... ئۈزۈم شارابىدا مەست بولسا ئەتىسى يېشىلىپ كېتىدۇ، شەبنەم چۈشكەندە ئىستېمال قىلسا باشقىچە تاتلىق، چۈرۈك، بىراق چۈچۈمەل ئەمەس، مۇزدەك بىراق سوغۇققا ماھىل ئەمەس، تەملىك ۋە شىرنىلىك ...... شاراب چىقىرىلسا تەمى تەملىك بولىدۇ، ئادەم ئاسان مەست بولىدۇ ۋە ئاسان يېشىلىدۇ، مۇشۇ چۈشەندۈرۈش ئارقىلىقلا ئېغىزغا سۇ يىغىلىدۇ، ئەلۋەتتە يىگەندە تەمى تېخىمۇ باشقىچە. باشقا ئەللەرنىڭ مېۋىسى ئىچىدە بۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق» دەپ سۆزلەنگەن. بۇ جوڭگو تارىخىدىكى تۇنجى قېتىم ئۈزۈم ۋە ئۈزۈم شارابلىرىنى تەپسىلى خاتىرىلىگەن قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. جەنۇبىي ۋە شىمالى سۇلالىلەر دەۋرىگە كەلگەندە، ئۈزۈم ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ئىچكى رايونلاردا روشەن ھالدا ئالغا ئىلگىرىلىگەن. مەسىلەن، « پۇقرالار ئۈچۈن تېرىقچىلىق دەستۇرى» ( 齐民要术 ) نىڭ 4- جىلدىدا

ئۈزۈمنى قىشتىن ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى، ئۈزۈم ئۈزۈش، قۇرۇتۇش ۋە ساقلاش ئۇسۇلى قاتارلىق تېخنىكىلار تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ئۈزۈم چاڭئەن، لوياڭ ۋە يېدىن(邺) ئىبارەت ئۈچ سىياسىي مەركەزدە بىرقەدەر كۆپ ئۆستۈرۈلگەن. «يۇياڭ مەجمۇئەسى» (酉阳杂俎) نىڭ ئالدىنقى قىسمى 18 ـ جىلدىدا يې(邺城) شەھىرى بىلەن چاڭئەننىڭ ئۈزۈمچىلىكى توغرىسىدا تەپسىلىي خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ئۈزۈم ئىچكى رايونلاردا كەڭ كۆلەمدە ئۆزلەشتۈرۈلۈشكە باشلانغان. شۇ چاغدا ئۈزۈمدىن مەي ـ شاراپ ئىشلەش تېخنىكىسىمۇ رەسمىي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ كىرگەن. بولۇپمۇ خوجۇنجى قوچونى تېنجىتىپ، ھەمدە مايسا ئۈزۈم سورتىنى ئىچكى رايونلارغا ئېلىپ كېلىشى بىلەن بىرگە، مايسا ئۈزۈم توغرىسىدىكى خاتىرىلەرمۇ تارىخىي يازما مەنبەلەردە كۆپلەپ ئۇچرايدىغان بولدى. ئۈزۈمنىڭ مەملىكەت دائىرىسىدە ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرمۇ موللىششقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ليۇ يۈشىنىڭ «ئۈزۈم نەزمىسى» دە، ئۈزۈمنىڭ ئۆستۈرۈلۈش، باشقۇرۇش، ھوسۇل ئېلىش، پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق جەھەتلەر تەپسىلىي تەسۋىرلەنگەن.

يۇقىرىقى مەلۇماتلاردا مەلۇم بولۇشىچە، ئۈزۈم ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىغا قارىغاندا، ئۈزۈمدىن مەي ـ شاراب چىقىرىش تېخنىكىسى ئىچكى رايونغا بىر قەدەر ۋاقىتچە تارقىلىپ كىرگەن. گەرچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا تاڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇنلا ئۈزۈم ئۆستۈرۈلگەن جۈملىدىن ئۈزۈمدىن مەي ـ شاراب چىقىرىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئانچە ئومۇملاشمىغان ھەم تەرەققىي قىلمىغان. شۇڭلاشقا مۇشۇ مەزگىلدە، غەربىي يۇرتتىكى سودىگەرلەر ئۈزۈمدىن ئىشلەنگەن مەي ـ شارابلارنى چاڭئەن قاتارلىق جايلارغا يۆتكەپ كېلىپ ساتقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، غەربىي يۇرتتا ئىشلەنگەن ئۈزۈم ھارىقى تەمى ياخشى ھەم ساپ بولغاچقا، ئىچكى رايونلاردىكى خەلقلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن. شۇڭلاشقا، ئەينى زاماندىكى يازغۇچىلار نۇرغۇنلىغان ئۈزۈم ھارىقىنى مەدھىيىلەيدىغان نادىر شېئىر ـ قوشاقلارنى يېزىپ قالدۇرغان. يۈەن سۇلالىسىدىن كېيىن، بولۇپمۇ يۈەن سۇلالىسى ئېلىمىز تارىخىدىكى خېلى ئۇزۇن مۇددەتلىك پارچىلىنىش ھالىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئېلىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقى ئارىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. بىرلا ۋاقىتتا ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئۈزۈم ئۆزلەشتۈرۈش كۆلىمىنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىشى، جۈملىدىن كۆپلىگەن غەربىي يۇرت ئاھالىسىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئولتۇراقلىششىغا ئەگىشىپ، غەربىي يۇرتتىن كەلگەن كىشىلەر پەقەت كارۋانلار ئارقىلىق تۆگىگە ئارتىپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە يۆتكەپ كەلگەن ئۈزۈم ھارىقى، ئىچى ئۆلكىلەردىكى خەلقنىڭ ئۈزۈمدىن چىقىرىغان مەي ـ شارابلارغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، غەربىي يۇرتتىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە كۆچۈپ ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر شۇ يەردە ئۆستۈرۈلگەن ئۈزۈم ئارقىلىق ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەشكە باشلايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مۇشۇ مەزگىلدىن باشلاپ ئۈزۈمدىن مەي ـ شاراب چىقىرىش تېخنىكىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئومۇملىششقا باشلايدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، ئۈزۈم ھارىقىنىڭ غەربىي يۇرتتىن تارقىلىپ كىرىشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى بېيىتىپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەش تېخنىكىسىنىمۇ ئىچكى ئۆلكىلەرگە يەتكۈزىدۇ.

3

يىپەك يولى ئېچىلغاندىن كېيىن، بۇ خەلقئارالىق سودا يولىدا جوڭگونىڭ نەپىس يىپەك توقۇلمىللىرى، دورا ماتېرىياللىرى، قەغەز ياساش ۋە مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى، كومپاس قاتارلىقلار

غەرب ئەللىرىگە تارقىلىپ، غەرب ئەللىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەللەرنىڭ يۇڭ توقۇلمىلىرى، ئەينەك بويۇملىرى قاتارلىقلار جوڭگوغا كىرگەن. دىيارىمىز بۇ خەلقئارالىق چوڭ سودا يولىنى تۇتاشتۇرىدىغان ، « «يىپەك يولى» » مۇقەررەر بېسىپ ئۆتىدىغان جاي بولغاچقا، شىنجاڭدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە يەنە كېۋەز، تاۋۇز، سەۋزە، پالەك قاتارلىقلارمۇ كىرگەن. بولۇپمۇ كېۋەز تېرىش تېخنىكىسىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىشى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كىيىم - كېچەك قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش جەھەتتە ناھايىتى زور تەسىر پەيدا قىلغان.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، رايونىمىزدا كېۋەزنىڭ تېرىلىشى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللار ۋە تارىخىي مەنبەلەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، شىنجاڭ بۈگۈنكى كۈندىلا مەملىكىتىمىزنىڭ نوقتىلىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالماي، قەدىمكى زامانىدىمۇ جوڭگودا ئەڭ بۇرۇن كېۋەز تېرىلغان ۋە كېۋەزچىلىك ئىزچىل داۋاملاشقان رايون بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. 1959 - يىلى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى نىيە ناھىيەسىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقتا بايقالغان ئەر- ئايال بىرلىكتە دەپنە قىلىنغان قەبرە ئىچىدىن 1700 يىل ئىلگىرىكى بىر نەچچە دانە پاختا يىپتىن توقۇلغان بۇيۇملارنى بايقىغان⑥. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىكى خادىملار لوپ ناھىيەسىدىكى سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن 1800 يىل ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە تەۋە 52 قەبرىنى قېزىپ رەتلىگەندە نۇرغۇن توقۇلما بۇيۇملارنى ، جۈملىدىن پاختا توقۇلما بۇيۇملارنىمۇ قېزىۋالغان ⑦ . بۇ ماددىي پاكىتلار دىيارىمىزدا ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ بۇنىڭدىن 1800 يىل ئىلگىرىلا پاختا رەخت ئىشلەپ چىقىرىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. جىن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە كەلگەندە كېۋەزچىلىك ۋە پاختا توقۇمىچىلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ماددىي بۇيۇم ۋە خاتىرىلەر تېخىمۇ كۆپەيدى. تۇرپان ئاستانە - قاراخوجا قەبرىستانلىقىنى ئالساق، نۇرغۇنلىغان چىگىت ۋە پاختا رەخت قېزىۋېلىنىپلا قالماي، يەنە تۇرپان ۋەسىقىلىرىدىمۇ نۇرغۇن پاختا رەختكە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار ساقلانغان. مەسىلەن، « «لياڭنامە□ يات قوۋملار تەزكىرىسى» » دە: « «قوچو بەگلىكى...... توققۇز خىل دانلىق زىرائەت ئۆستۈرۈلىدۇ. كىشىلەر ئۇن يېمەكلىكلىرى ۋە قوي كالا گۆشىنى كۆپ ئىستېمال قىلىدۇ. بۇ يەردىن ياخشى ئات، مۇسەللەس، تاشتۇز چىقىدۇ. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كېۋەز دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بار. بۇ ئەلدىكى خەلقلەر ئۇنىڭدىن رەخت توقۇيدۇ، بۇ خىل رەخت ناھايىتى يۇمشاق ۋە ئاق بولۇپ بازارلاردا سېتىلىدۇ⑧ » » دەپ خاتىرىلەنگەن .بۇنىڭغا ئاساسەن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى ، ئەڭ كېچىككەندىمۇ جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر مەزگىلىدە كېۋەز قوچو تەۋەسىدە كەڭ كۆلەمدە ئۆستۈرۈلگەن، ھەمدە توقۇمىچىلىقنىڭ كۆلىمىمۇ بەلگىلىك دەرىجىگە يەتكەن. « «يېڭى تاڭنامە□ جۇغراپىيە تەزكىرىسى» » قوچو تارمىقىدا:« قوچو ئايمىقى يىپەك، پاختا رەخت، كىگىز، كەشتە بۇيۇم ۋە ئۈزۈمدىن ئىبارەت بەش خىل بۇيۇمنى ئوردىغا ھەدىيە قىلىدۇ »دېگەن ⑨. « قانۇنلار قامۇسى»د : «بارلىق ئايماقلار ئوردىغا ھەر يىلى بۇيۇملارنى ھەدىيە قىلىپ تۇرىدۇ، قوچو ئايمىقى بولسا، ھەر يىلى 10 توپ پاختا رەخت ھەدىيە قىلىدۇ»دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە كېۋەز قوچونىڭ ئالاھىدە ئۆسۈملۈكىگە ئايلانغان. تاڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە، شىنجاڭ تەۋەسىدە كېۋەز تېرىش ۋە پاختا رەخت ئىشلەپچىقىرىش تۇرپان ئويمانلىقىدا تەرەققىي تېپىپلا قالماي، بەلكى قەشقەر تەۋەسىدىمۇ تەرەققىي تاپقان. چۈنكى 1959 - يىلى مارالبېشى ناھىيەسىدىكى توققۇزساراي خارابىسىدىن، كۆركەم گۈل نۇسخىلىرى بېسىلغان پاختا رەخت بىلەن چىگىت ئەۋرىشكىلىرى بايقالغان.

ئارخېئولوگىيەلىك مەلۇماتلار ۋە ئىلمى تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، شىنجاڭ رايونىدا ئەڭ دەسلەپ ۋە ئۇزاق مۇددەت ئۆزلەشتۈرۈلگەن كېۋەز ئافرىقا كېۋىزى تىپىدىكى كېۋەز ھېسابلىنىدۇ. گەرچە بۇ خىل كېۋەز سورتى، سۈپىتىنىڭ بىر قەدەر ناچارلىقىدىن ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە كەڭ كۆلەمدە ئۆزلەشتۈرۈش جەھەتتە چەكلىمىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، قۇرۇقلۇق كېۋىزى ( G.hirsutum L) ئېلىمىزگە كەلتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى، ئاساسەن شىنجاڭ بىلەن خېشى كارىدورى ئەتراپىدا تېرىلغان.

كېيىنچە كېۋەز ئۆزلەشتۈرۈش تېخنىكىسى ئىچكى ئۆلكىلەرگە «يىپەك يولى» ئارقىلىق تارقىلىپ كىرگەن بولسىمۇ، ئەمما چوڭ كۆلەمدە يېتىشتۈرۈش ۋاقتى سۇڭ سۇلالىسىدىن كېيىن بولغاچقا، پاختا توقۇلما ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەر ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدىغان قىممەت باھالىق تاۋارغا ئايلانغان. شۇڭلاشقا، تاڭ سۇلالىسى پاختا توقۇلمىنى تۇرپاننىڭ ئوردىغا تەقدىم قىلىدىغان سوۋغىلىرىدىن بىرى قىلىپ بېكىتكەن.

ئەمەلىيەتتە، ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى يازما مەنبەلىرىدە پاختا توقۇلما توغرىسىدا نۇرغۇن خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. مەسىلەن، پاختا توقۇلمىنى«نەسىرنامە»دە «جى بېي» (织贝)، «خەننامە»دە «بەي دىيې» (白叠)دەپ ئاتالغان. ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرى مەزگىلىدىن باشلاپ، شىنجاڭنىڭ پاختا توقۇلمىلىرى كۆپ مىقداردا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ كىرىشكە باشلىغان. مىلادىيە 7- ئەسىردىن كېيىن شىنجاڭدا ئىشلەنگەن پاختا توقۇلمىلار چاڭئەن ۋە لوياڭ قاتارلىق جايلاردا كەڭ تارقالغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنزۇڭ مەزگىلىدە پاختا رەختتە تىكىلگەن يەكتەك ۋە پاختا رەخت ساتىدىغان دۇكانلار بارلىققا كەلگەن. بۇ شۇ مەزگىلدىكى كىشلەرنىڭ پاختا رەختتە تىكىلگەن كىيىملەرنى ياخشى كۆرۈشكە باشلىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سۇڭ سۇلالىسىدىن كېيىن كېۋەزنىڭ يېڭى سورتلىرى يېتىشتۈرۈلۈپلا قالماي، بەلكى ئۆزلەشتۈرۈش تېخنىكىسىمۇ تەرەققىي قىلىپ، يېتىشتۈرۈش دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىدۇ.

قىسقىسى، كېۋەزنىڭ ئۆزلەشتۈرۈلۈشى دىيارىمىز خەلقىنىڭ كىيىم-كېچەك قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىشتە تۈرتكىلىك رول ئويناپلا قالماي ئېلىمىزنىڭ يېزا-ئىگىلىكى ۋە توقۇمىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەن .

4

زىرائەتلەرنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇزۇندىن بېرى، كىشلەر يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئون نەچچە خىل زىرائەتلەرنىڭ ھەممىسىنى جاڭ چيەن غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ بارغان دەپ قاراپ كەلگەن. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، گەرچە زىرائەتلەرنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارىلىشى جاڭ چيەن بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالغان بولسىمۇ، ئەمما رېن فاڭ يازغان «غارايىپ ئىشلار ھەققىدىكى خاتىرىلەر» نىڭ 6- جىلدى، جاڭ خۇانىڭ «مەۋجۇداتلار تەزكىرىسى» نىڭ 6- جىلدى، سۈي باۋ يازغان «قەدىمكى ۋە ھازىرقى توغرىسىدا تۈزىتىش» ۋە مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر دورىگەر لى شىجىن يازغان «دورا ئۆسۈملۈكلىرى قامۇسى » قاتارلىق نۇرغۇنلىغان تارىخىي ماتېرىياللارنى تەتقىق ۋە تەھلىل قىلىش ئارقىلىق بىلىشىمىزچە، بېدە، ئۈزۈم، زىغىر، سامساق، ياڭاق، ئانار قاتارلىقلارنىڭ سورتىنى جاڭ چيەن بىۋاستە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ قايتقاندىن سىرت، قالغانلىرىنى خەن تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە يىپەك يولىدا قاتناپ يۈرگەن سودىگەرلەر، كارۋانلار، راھىبلار،ئەلچىلەر، يولوچىلار ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا كۆچۈپ بارغان غۇز-سوغد قاتارلىقلار تارقاتقان. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان زىرائەتلەر مەيلى قانداق ئۇسۇل ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ يىلتىز تارتسۇن، ئۇلارنىڭ بىۋاستە شىنجاڭدىن ياكى شىنجاڭنى

ۋاسىتە قىلىپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىپ كىرگەنلىكى ئېنىق .

دېمەك، خەن - تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە زىرائەتلەرنىڭ غەربىي يۇرتتىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىپ كىرىشى، پەقەت بىر مەشھۇر تارىخىي شەخسنىڭ پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى جاڭ چيەندىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە غەربىي يۇرت بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خەلقلەرنىڭ كۆپ قاتلاملىق ۋە تۇرلۇك يوللار ئارقىلىق ئېلىپ بارغان ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى قويۇق ئالماشتۇرۇشىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، تارىخىي مۇقەررەرلىككە ئىگە ئىدى.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن زىرائەتلەرنىڭ ئەسلى ماكانى غەربىي يۇرت بولغاچقا، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئالدىغا «胡» (خۇ - بۇ يەردە غەربىي يۇرتلۇقلارنى كۆرسىتىدۇ.) ياكى «西» (شى - غەربنى ياكى غەربىي يۇرتنى كۆرسىتىدۇ) دېگەن خەتلەرنى قوشۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسلى ئۆسىدىغان رايونىنى ئىپادىلىگەن⑩. مەسىلەن ياڭاق، تاۋۇز، سەۋزە قاتارلىقلار غەربىي يۇرتتىن كىرگەچكە، خەنزۇچە ماتېرىياللاردا 胡萝卜、西瓜、胡桃 دەپ خاتىرىلەنگەن ھەمدە بۇ خىل ئاتىلىشى ئېلىمىزدە ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە. دېمەكچى بولغىنىمىز، كېيىنچە جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ زىرائەت سورتلىرى ئۈزلۈكسىز ئومۇملىشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئارقىلىق، تەدرىجىي ھالدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مۇھىم زىرائەت تۈرلىرىگە ئايلىنىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ زىرائەت تۈرلىرىنى بېيىتتى. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى يەل - يېمىش، كۆكتات، مايلىق زىرائەت ۋە ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ سورتى كۆپىيىپ، ئېلىمىز يېزا - ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى

## ئىزاھلار:

①«تارىخنامە□ فەرغانە تەزكىرىسى»، 123 - جىلد(خەنزۇچە) جۇڭخۇا كىتابخانىسى تىنىچ بەلگىسى قويغان نۇسخا

②« جوڭگو ئېنسىكلوپېدىيەسى□دېھقانچىلىق تومى»، جوڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيەسى نەشرىياتى، بېيجىڭ - شاڭخەي، 1990 - يىل، 861 - بەت

③شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىدارىسى: « پىچان ناھىيەسىدىكى ياڭخەي 2 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنى قېزىشتىن قىسقىچە دوكلات »، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 2004 - يىللىق 1 - سان

④«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخىي□ غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»(خەنزۇچە)، جۇڭخۇا كىتابخانىسى تىنىچ بەلگىسى قويغان نۇسخا، 416 - 417 - بەتلەر

⑤«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخىي□ غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»(خەنزۇچە)، جۇڭخۇا كىتابخانىسى تىنىچ بەلگىسى قويغان نۇسخا، 425 - بەت

⑥سابىت ئەخمەت: « ئارخېئولوگىيەلىك مەلۇماتلاردىن شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زاماندىكى كېۋەزچىلىك ۋە توقۇمىچىلىقىغا نەزەر»(خەنزۇچە)، « مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1973 - يىللىق 13 - سان

⑦ئەخمەت رېشىت :« لوپ ناھىيەسىدىكى سانپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقى»، « شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» (خەنزۇچە) 1985 - يىللىق 1 - سان

⑥«لياگنامە□ يات قەۋملەر تەزكىرىسى» (خەنزۇچە) جۇڭخۇا كىتابخانىسى تىنىچ بەلگىسى قويغان نۇسخا .811ـ بەت

⑦ «يېڭى تاڭنامە□ جۇغراپىيە تەزكىرىسى» (خەنزۇچە) جۇڭخۇا كىتابخانىسى تىنىچ بەلگىسى قويغان نۇسخا.

⑧گوباۋ قاتارلىقلار تۈزگەن :« شىنجاڭنىڭ تارىخىي ھەققىدە پارالا »( خەنزۇچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983ـ يىلى نەشرى،28ـ بەت .

(ئاپتورلار :شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە ـ مەدەنىيەت تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى....)

تەھرىرلىگۇچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

ئا. مەلەك ئۆزيەتگىن

# تۇرپان ئۇيغۇرلىرىدا جازا قانۇنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەر

تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: يۇسۇپجان ياسىن

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى تۈرك قانۇن تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتىمىز ناھايىتى چەكلىك. بولۇپمۇ قەدىمكى تۈرك دەۋرلىرىدىكى قانۇننى رەتكە سالغۇچى ياساقلارنىڭ يازما شەكىللىرى، قانۇننامىلار كۈنىمىزگە قەدەر يېتىپ كەلمىگەن. بىزنىڭ بۇ ساھە ھەققىدە ئېرىشكەن بىر قانچە مەلۇماتىمىز ۋاستىلىق مەنبەلەردىن كەلگەن. بۈگۈنكى كۈندە بىزنى قەدىمكى تۈرك قانۇن سىستېمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارغا ئېرىشتۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم مەنبەلەردىن بىرى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىغا ئائىت قانۇنىي ھۆججەتلەردۇر. بۇ ھۆججەتلەر 13 ـ ۋە 14 ـ ئەسىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر دەۋرگە ئائىتتۇر. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئولتۇراقلاشقان تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ۋەكىلى بولغان تۇرپان ـ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئائىت بۇ قانۇنىي ھۆججەتلەر بىزگە ھەم سەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەم شەخسلەر بىلەن دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى قانۇنىي جەريانلارنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە①.

بۇ ماقالىدا ئۇيغۇر قانۇنىي ھۆججەتلىرىدىكى جازا قانۇنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەر قولغا ئېلىنىدۇ. بۇ ساھەنى تاللىشىمىزدىكى سەۋەپ جازا قانۇنىنىڭ قانۇن تارماقلىرى ئىچىدە قەدىمىي ئورۇنغا ئىگە بولغانلىقى، بولۇپمۇ جازا قانۇنىنىڭ ئىجتىمائىي جەھەتتىن مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن يېقىندىن مۇناسىۋەتلىك بىر ساھە بولغانلىقىدۇر. مەلۇم مەنىدە جازا قانۇنى مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ بىر خىل ئىپادىسىدۇر②. بىز تۇرپان ـ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ بىر ھالقىسى سۈپىتىدە قولغا ئالماقچى بولغان بۇ تېمىنىڭ مەيلى مەنبەلىرى ياكى تەدبىقلاش ساھەلىرى بولسۇن، ئۇنىڭ ناھايىتى كەڭ بىر تەتقىقات تېمىسى ئىكەنلىكىنى ئاۋۋال بىلدۈرۈپ ئۆتۈشىمىز ئورۇنلۇقتۇر. ئۇيغۇر جازا قانۇنىنىڭ ئاساسىي مەنبەلىرى بولغان يازما ياساقلار ياكى قانۇننامىلارنىڭ كۈنىمىزگە قەدەر يېتىپ كېلەلمىگەنلىكىنى يۇقىرىدا دەپ ئۆتتۇق. تۈرك ـ ئۇيغۇر قانۇنىنىڭ تۈپ نېگىزى شۈبھىسىزكى، ھۇن دەۋرىدىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن قەدىمكى تۈرك ئۇيغۇر رەسمىي ئۆرپ ـ ئادەت قانۇنىدۇر. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلار بىلەن نەچچە يۈز يىل قوشنا باشىغان خەنزۇلارنىڭ قانۇن چۈشەنچىسىنىڭ ئىزلىرىنى، ئەينى شەكىلدە موڭغۇللارنىڭ تەسىرىنىمۇ بۇ ھۆججەتلەردىن كۆرۈش مۇمكىن. ئومۇمەن، ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىشىم ئەنئەنىسىدە خەنزۇ توختاملىرىنىڭ ئۈرنەك قىلىنغانلىقى ۋە خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن بىر مۇنچە ئاتالغۇلارنىڭ ئۇيغۇر ھۆججەتلىرىدە قوللىنىلغانلىقى ھەققىدىكى قاراشنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. ئۇيغۇر قانۇنىي ھۆججەتلىرى بىلەن قەدىمكى خەنزۇ كېلىشىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىكى ئوخشاشلىقلار دىققەتنى تارتىدۇ. ياپونىيەلىك ئۇيغۇرشۇناس ماسائو مورى② بۇ تېمىدا خەنزۇ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقچىلىق ئەنئەنىسىنى ئۆز مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلىپ ۋە خەنزۇ ئامىللىرىنى ئايرىلاشتۇرۇپ تۈركلەرگە خاس بىر شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆرپ ـ ئادىتىنىڭ بولغانلىقىنى ۋە

خەنزۇلاردىكى تەدبىقلاش شەكىللىرىدىنمۇ ئىلھاملىنىپ، بۇنى مۇكەممەل ۋە ئۆز تىلىغا خاس بىر ھالەتكە كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋش تەس ئەمەس. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر-تۈرك قانۇن چۈشەنچىسىدىكى خەنزۇ تەسىرى ھەققىدە توختالغاندا، ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ ئاسىيا مەدەنىيەت جەمبىرىكى ئىچىدە نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى تەڭ ياشاپ كەلگەنلىكى سەۋەبىدىن ئوخشاش قانۇني چۈشەنچىلەرنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇۋش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقى نەزەردىن ساقىت قىلىنماسلىقى كېرەك③.

جازا قانۇنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەر ئۇچرايدىغان قانۇني ھۆججەتلەرگە نەزەر تاشلىغاندا، ئۇنىڭ مەزمۇن جەھەتتىن يەر ۋە قول سېتىش ھۆججەتلىرى، بالا بېقىۋېلىش ۋە بالا بېرىش، قوللارنى ئازات قىلىش، قەرىز ئېلىش، ۋەسىيەت ۋە نۇپۇس سانىنى ئېنىقلاشنى ئاساس قىلغان كىشى ۋە ئائىلە باياناملىرىدىن تەشكىل تاپقانلىقىنى كۆرىمىز. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ياكى شەخسلەر بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدا مەلۇم بىر مەسىلىدە تۈزۈلگەن توختامنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ كېلىشىملەردە ھۆججەتتە پۈتۈلگەن ھۆكۈملەرنى قوغدايدىغان ۋە ناھەق ئىتىراز بىلدۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان تەدبىر سۈپىتىدە بىر مۇنچە جازا شەرتلىرى ئۇچرايدۇ. كېلىشىملەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا ئېنىق يېزىلغان بۇ جازا شەرتلىرىنىڭ ئوخشاش ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشى بىزگە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تەرتىپلىك بىر شەكىلدە تەدبىقلانغان جازا قانۇنى چۈشەنچىسىنىڭ بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بۇ سىستېمىنىڭ قانۇنى بىزگە قەدەر يېتىپ كەلمىگەن بولسىمۇ، جازا ھوقۇقى تايانغان رەسمىي قانۇنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى يىپ ئۇچلىرىنى ئېنىقلاش مۇمكىن. مەسىلەن، Mi04 نومۇرلۇق باج تاپشۇرۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ھۆججەتتە <<مەن ئۇزمىش توغرىل كىن ئۆگدۈن باسا توغرىل قا كىم نىڭ قايۇ نىڭ كۈچىن تۇتۇپ چام چارىم قىلسار مەن ياسا تاقى قىيىن قا تەگىر مەن>>(مەن ئۇزمىش توغرىل كېيىن ھەر قانداق بىرىنىڭ كۈچىگە ئېشىنىپ باسا توغرىلغا ئىتىراز بىلدۈرسەم قانۇندا بەلگىلەنگەن جازاغا ئۇچراشقا رازىمەن)④ دېيىلگەن. بۇ ھۆججەتتە ئۇچرايدىغان <<ياسا تاقى قىيىن قا تەگىر مەن>> دېگەن ئىبارە دىققەتنى تارتىدۇ. Ad01 نومۇرلۇق بالا بېقىۋېلىش توغرىسىدىكى بىر ھۆججەتتىمۇ <<مەن چىنتسو ئاياغ قا تەگىملىگ نىڭ ئىنىم ئىچىم ئوغلۇم قام قاداشىم ئىلمەزۇن تارتمازۇن ئاپام بىرۆك ئىلگلى تارتىغلى ساقىنسار ساۋلارى يورۇمازۇن ياسا تاقى قىن قا تەگسۇنلەر>>(مەن ھۆرمەتلىك چىنتسو؛ قېرىندىشىم، تاغام، ئوغلۇم، تۇغقانلىرىم ئارىلىشىپ زورلۇق بىلەن تارتىۋالمىسۇن. ئەگەر زورلۇق بىلەن تارتىۋالسا سۆزلىرى ئاقمىسۇن، قانۇندا بەلگىلەنگەن جازاغا تارتىلسۇن)⑤ دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ. بۇ يەردە جازانىڭ بەلگىلىك بىر قانۇننى ئاساس قىلىپ تەدبىقلانغانلىقى كۆرۈلىدۇ. كېلىشىملەردىكى ھوقۇق ئاساسلانغان قانۇن موڭغۇلچىدىن كىرگەن <<ياسا>> سۆزى بىلەن ئاتالغان. ئەينى مەنادا يەنە مەنبەسى موڭغۇلچە بولغان <<يوسۇن>>(6) سۆزىمۇ كېلىشىملەردە قوللىنىلغان.

ئۇيغۇر قانۇني ھۆججەتلىرىدىكى جازا تەدبىرلىرىگە ئاساس بولغان ئىككى مەنبەنى ئۇچرىتىمىز. بىرىنچىسى، دۆلەتنى ئىدارە قىلغۇچىلار تۈزگەن رەسمىي قانۇندۇر. بۇ دۆلەتكە قارشى جىنايەتلەر بىلەن شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك مۈلۈك ھەقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەسىلىلەردىكى جازا تەدبىرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچىسى، ئۆرپ - ئادەت قانۇنىدۇر. مەلۇم بولغىنىدەك، ئۆرپ-ئادەتلەر ئىجتىمائىي ھاياتنى رەتكە سالغان ۋە ئەنئەنىلەردە داۋام قىلغان قائىدە-يوسۇنلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. ئۇيغۇرلاردا كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىم - بېرىم، ئىجارىگە بېرىش، قەرز ئېلىش قاتارلىق ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كېلىشىملەردىكى جازالار ئومۇمەن ئۆرپ- ئادەت قانۇنىغا تايانغان. ھەم رەسمىي قانۇن، ھەم ئۆرپ - ئادەت قانۇنى بىرلىكتە ئۇچرايدىغان بۇ قانۇن چۈشەنچىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھاياتىدا تەرتىپنى ساقلايدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىلغا ئايلانغان.

ئۇيغۇر كېلىشىملىرىدە ئۆرپ-ئادەت قانۇنى بويىچە بېرىلگەن جازا تەدبىرلىرى <<ئىل

ياگىنچا»( ئىل قانۇنى بويىچە) دېگەن نام بىلەن ئۇچرايدۇ. يەنى «ئىل ياگىنچا» ئىبارىسى يەنە بىر مەنىدە ئۆرپ ـ ئادەت قانۇنىنى ئىپادە قىلغان. مەسىلەن، بىر قەرز ئېلىش كېلىشىمدە ئۇچرايدىغان جازا شەرتىنىڭ «ئىل ياگىنچا»، يەنى ئۆرپ ـ ئادەت قانۇنى بويىچە بەلگىلەنگەنلىكى كۆرۈلىدۇ: «يىلان يىل ئۈچۈنچ ئاي(ئىكى يانغىق ـ ا) ماڭا قىرياقۇز ـ قا بۆز كەرگەك بولۇپ ۋاپتۇ ـ دىن [ئىكى] باغ بۆز ئالدىم. ياگىد ـ ا ئىكى شىغ تارىغ بىرۈرمەن. بىرمەدىن كەچۈر ـ [سەر] ـ مەن ئىل ياگىنچا تۈشى بىلە كۈنى بىرۈرمەن»(يىلان يىلى ئۈچۈنجى ئاينىڭ ئىككىنجى كۈنى مەن قىرياقۇزغا بۆز كېرەك بولۇپ، ۋاپتۇدىن ئىككى توپ بۆز ئالدىم. ئاۋۋال ئىككى شىغ تېرىق بېرىمەن. بەرمەي كېچىكتۈرسەم ئېل قانۇنى بويىچە ئۆسۈمى بىلەن قوشۇپ تولۇق تاپشۇرىمەن.)⑥ يەنە گۆرۈگە قويۇش كېلىشىمى بولغان P102 نومۇرلۇق باشقا بىر ھۆججەتتە ئۇچرايدىغان ئىبارىمۇ دىققەتنى تارتىدۇ. ئۇنىڭدا «مەن سامبوقدۇ ئۈتۈك بىرتكە... بولمىشقا تون ئەتۈك ئاداق باش بىرمەز ـ مەن ئەۋ تەگ يوغۇن ئىش ئىشلەتسەر مەن ئىل ـ نىڭ تۇتۇغ ياگىنچا بىرۈرمەن قالمىش تۈرۈشى ياگى تۇتۇغ ياگىنچا بولزۇن»(مەن سامبوقدۇ ئۈتۈك باجغا ... بولمىشقا تون، ئۆتۈك، ئاياغ، باش كېيىم بەرمەيمەن. ئەگەر ئۇنى ئۆينىڭ ئېغىر ـ يىنىك ئىشلىرىغا سالسام ئېلنىڭ گۆرۈگە قويۇش قانۇنى بويىچە بېرىمەن. قالغان تۈرمۈشى يېڭى گۆرۈگە قويۇش قانۇنى بويىچە بولسۇن)⑦ دېيىلگەن. بۇ كېلىشىمدە ئۇچرايدىغان «ئېلنىڭ تۇتۇغ ياگىنچا» سۆزى بىزگە ئۆرپ ـ ئادەت قانۇنىدا گۆرۈگە قويۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك خاس پىرىنسىپلارنىڭ بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

«ئىل ياگىنچا»دىكى «ياڭ» سۆزى خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ تۈپ مەنىسى «نۇسخا»، «ئۈلگە» دېگەندىن باشقا ئابستراكت مەنىدە «تۈر»، «سورت»، «شەكىل» دېگەنلىك بولىدۇ⑧. بۇ سۆز ئۇيغۇرچە بىلەن بىرلىكتە ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئەدەبىي تىلغىمۇ كىرىپ ئۆزلەشكەن. «ياڭ» سۆزى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە «ئەندىزە»، قىلىپ»، ⑨ دەپ شەرھىيلەنگەن. «قۇتادغۇ بىلىگ»تە «ئۆرپ ـ ئادەت»، «شەكىل» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. «كىتاب ئەل ـ ئىدراك لى لىسۇن ئەل ـ ئەتراك» تە «يوڭ»(ياڭ) سۆزى «ئۆرپ ـ ئادەت قانۇنى» دېگەن مەنىدە ئۇچرايدۇ. كونا ئۇيغۇرچىدا «ياڭلا» سۆزى «دەك»، «كەبى» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان. ئوسمانلىچىدا «ياڭ» سۆزى «ئۆرنەك»، «ئۈلگە»، «فورما»، «تۈر» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرگەن. «ئېل» سۆزى بىلەن بىرلىكتە ئۇچرايدىغان بۇ ئۇقۇم ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە «ئۆرپ ـ ئادەت قانۇنى» مەنىسىدە قوللىنىلغان. «ئېل ياگىنچا» ئىبراسى ئەينى شەكىلدە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» بىلەن «قۇتادغۇ بىلىگ»تىمۇ ئۇچرايدۇ.

## ئۇيغۇر قانۇنىي ھۆججەتلىرىدە جازا تۈرلىرى

ئۇيغۇرشۇناس رەشىد رەھمەتى ئارات ئۇيغۇر قانۇنىي ھۆججەتلىرىدە ئۇچرايدىغان جازا تەدبىرلىرىنى مۇنداق بەش ئاساسىي تۈرگە ئايرىغان:

1. ئۆلۈم جازاسى
2. تاياق جازاسى
3. پۇل ۋە مال جازاسى
4. ياساق جازاسى
5. تۆرە ۋە سوت ھۆكۈملىرى بويىچە بېرىلىدىغان جازا ⑩.

بۇ ماقالىدا رەشىد رەھمەتى ئاراتنىڭ تەسنىفى ئاساس قىلىنىپ، ھەر بىر جازانىڭ يۈرگۈزۈلۈشى ئۇيغۇر قانۇن ھۆججەتلىرىگە تايانغان ھالدا قولغا ئېلىنىدۇ. تەتقىقاتىمىزدا جازاغا سەۋەب بولغان جىنايەتنىڭ شەكىللىنىشى، بىۋاسىتە جازاغا ئۇچرىغان كىشىلەر، جازالاش ھوقۇقىنى قولىدا تۇتقان كۈچلەر (دۆلەت، جەمئىيەت ۋە باشقىلار)، تۈرلۈك قانۇنىي مەجبۇرىيەتلەردىكى پەرقلىق جازا تەدبىرلىرى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن تۈزگۈچى سۈپىتىدە ھەر خىل جازادىكى رولى ۋە كۈچى قاتارلىق تېمىلارمۇ تەھلىل قىلىنىدۇ.

بۇ خىل جازالار ئىچىدە ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر

بولغان <<ئۆلۈم جازاسى>> ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. قانۇنىي ھۆججەتلەر ئىچىدە ئۆلۈم جازاسىنى پەقەت نوپۇس سانىدا ئاساسىي ئورۇندا كىشىنىڭ بايانىنامەسىدە ئۇچرىتىمىز. قەدىمكى دەۋرلەردە نوپۇس سانى كىشىلەرنىڭ دۆلەت ئالدىدا تۇرلۇك مەجبۇرىيەلەرنى ئۆتىشىدىكى ئاساسىنى تەشكىل قىلاتتى. شۇ سەۋەپلىك، نوپۇس سانىنى توغرا تىزىملاش ناھايىتى مۇھىم ئىدى. ئىسمى تىلغا ئېلىنغان بايانىناملارنىڭ دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي، ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتىكى رولىنى نەزەرگە ئالغاندا، بۇ خىل بايانىناملارنىڭ توغرا بولۇشى ۋە خاتا بايان قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دۆلەتنىڭ ئىقرار قىلدۇرۇش جازاسىنى بېكىتىشى زۆرۈردۇر. بىر ھۆججەتتە مۇنداق يېزىلغان: <<[ئىدىق]قۇت تەگرىكەنى[مىزكە] ئۆلجەي تۇمەن ئېلچى بەگلەر ـ كە تۇمەن ئېلچى بەگ [لەركە] مەن يىغمىش بىتىگ بىرۈرمەن ئۆلۈغ دەپتەر ـ تە بىتىتمىش نەگۇ كىممىتىن تاش نەگۇ مە يوق بار تىپ ئايىغ ئۇنۇپ سۆزى(ئاياق ئۇرۇپ سۆزى) چىن بولسار ئۇز باشىم ئۆلۈرمەن>>(ئىدىقۇت ھەزرەتلىرىگە سائادەت بولسۇن! تۇمەن ئەلچى بەگلەرگە مەن يىغمىش ھۆججەت بېرىمەنكى، ئۆلۇغ دەپتەرگە تىزىملاتقان كىشىلەردىن باشقا ھەر قانداق بىر ئادەم بار دەپ گەپ چىقسا ۋە بۇ سۆز توغرا بولسا ئۆلۈمگە رازىمەن.>>⑪ بۇ ھۆججەتتىكى كىشىنىڭ خاتا بايان قىلىشىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن <<ئۆلۈم جازاسى>>غا رازى بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئىبارىلىرى دىققەتنى تارتىدۇ. بۇ ئەھۋال نوپۇس سانىنى تىزىملاشنىڭ⑫ ناھايىتى جىددى ۋە ئەستائىدىل تۇتۇلغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىز تەتقىق قىلغان مەۋجۇت ھۆججەتلەر ئىچىدە باشقا ھەر قانداق بىر جىنايەت ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكى ئۇچرىمايدۇ. مەلۇم بولغىنىدەك، بۇ جازا ئۇيغۇرلاردا پەقەت دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە، ئىقتىسادىغا ۋە باشقا تەرەپلىرىگە چېتىلغان جىنايەتلەردە سۆز تېمىسى بولغان.

ئىككىنجى ئورۇندا تۇرغان <<تاياق جازاسى>>غىمۇ ئۆرنەك بولىدىغان ھۆججەتلەر بار. يەنە بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىگە ئائىت تەپسىلى بىر بايانىنامەدە تاياق جازاسىنى ئۇچرىتىمىز. بۇ بايانىنامەدە يۆلەك دېگەن بىر كىشىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىسمى ۋە يېشى خاتىرىلەنگەن. ئاشۇ قىسمىدا بېرىلگەن مەلۇماتنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئېھتىمال ئۇلارنى تونۇيدىغان ياكى ئۇلارغا قوشنا بولغان يولۇغا ۋە چەرىگ دېگەن ئىككى كىشى شاھىت قىلىپ كۆرسىتىلگەن ۋە خاتا بايان قىلغان تەقدىردە <<57 قامچە>> يېيىشكە ۋە پۇل جازاسى ئۆتەشكە، يەنى جەرىمانە تۆلەشكە رازى ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلۈپ، يۆلەكنىڭ تامغىسى بېسىلغان: <<...ئال[تى] ك[ىشى] ئەرۈر [مەن] يۆلەك بەش ئال[تمىش] ياشار. [ك] ىشىم ئارىغ ـ ا ئوتۇز ياشار. [ق]ىزىم [باق]شال ئۇچ يىگرمى ياشار... ئوغلۇم [قۇت]لۇغ سې[ڭگۇر] ئون يا[شار]... ئەن ئوغلۇم بۇيان سېڭگۇر [سە]كىز يا[شار]...ن ئو[غلۇ]م باراق سېڭگۇر بەش ياشار. [مۇنچا] كىشى ـ لەر ـ ىم ـ نىڭ بارى چىن. مۇنچا ياش ـ لىغ ئەرۈر ـ ى چىن. بۇ [كىشى]لەر ـ ىم ـ نى يولۇغ ـ ا چەرىگ ئەكەگۇ بىلۇر. بۇ سۆزلەر چىن ئەزۆك [بو] لۇپ ئايىغ ئۇنسەر ئەلىگ يەتى قامچى يىپ ماڭا تەگىر ياستۇق ـ تىن قۇرۇغ قالىر ـ مەن>>(...ئالتە كىشىدۇر. مەن يۆلەك 55 ياشقا كىردىم. ئايالىم ئارىغا 30 ياشتا. قىزىم باقشال 13 ياشتا، ئوغلۇم قۇتلۇغ سىڭگۇر 10 ياشتا... ئەن ئوغلۇم بۇيان سىڭگۇر سەككىز ياشتا...ن ئوغلۇم باراق سىڭگۇر بەش ياشتا. بۇ ئادەملىرىمنىڭ ھەممىسى ھايات. شۇ ياشقا كىرگەنلىكى راست. بۇ ئادەملىرىمنى يولۇغا (ۋە) چەرىگ ھەر ئىككىسى بىلىدۇ. بۇ سۆزلىرىم راست. ھىلە ئىشلىتىپ خاتا دېگەن بولسام 57 قامچە يېيىشكە، ماڭا ئائىت ياستۇقلاردىن مەھرۇم بولۇشقا رازىمەن.)⑬.

ھۆججەتنىڭ ئىككىنجى بۆلىكىدە يولۇغا بىلەن چەرىگ يۆلەكنىڭ بايان قىلغان بارلىق سۆزلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە شاھىت بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ قالسا يۆلەككە بېرىلىدىغان جازاغا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. بۇ يەردىكى جازا تەدبىرلىرىنىڭ خىلى خەنزۇ ئەنئەنىسىدىكى نوپۇس سانىنى ئېنىقلاش ئىشىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، تىبەتلىك بۇددىست راھىپ شاڭخا(شاڭ ـ كو) 1279 ـ يىلى يۈەن سۇلالىسىنىڭ كونتروللىقىغا ئۆتكەن جەنۇبىي جۇڭگودا بىر قېتىم نوپۇس

ئېنىقلىنغان. بۇ ۋاقىتتا جەنۇبىي جۇڭگودىكى بارلىق ئولتۇراق ئاھالىلەرنىڭ ئۆزى تەۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرۇشى تەلەپ قىلىنغان. تىزىمغا ئېلىنغان ئاھالىلارغا تامغىلىق ئىسپاتنامە بېرىلگەن. ھەر قانداق بىر خاتالىق ۋە يالغانچىلىقنىڭ بولماسلىقى ئۈچۈن نوپۇسىنى تىزىملاتقانلارغا قوشنىلىرىنى نازارەت قىلىش مەجبۇرىيىتى يۈكلەنگەن. بۇيرۇق بويىچە تىزىمغا ئالدۇرمىغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن. قوشنىسىنىڭ خاتا تىزىملاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرغانلارغا 107 دەر ئۇرۇش جازاسى، كېرىمىنى خاتا مەلۇم قىلغانلارغا بولسا 77 قامچە ئۇرۇش جازاسى بېرىلگەن[14].

يەنە باشقا بىر خىل قامچە جازاسى WP04 نومۇرلۇق ھۆججەتتە ئۇچرايدۇ. بۇ ھۆججەت بىر كىشىنىڭ مۈلكىنى باللىرىغا ئۆلەشتۈرۈپ بەرگەنلىكى ۋە ئورتاق ئىشلىتىش زۆرۈر بولغان مۈلۈكتىن ھەر كىمنىڭ تەڭ نىسبەتتە پايدىلىنىشى شەرت قىلىنغانلىقىغا ئائىت بىر ۋەسىيەتنامىدۇر. ئومۇمەن ئۇيغۇر ۋەسىيەتنامىلىرىدا كۆرۈلگەن جازالار دۆلەتكە پۇل ۋە مال تاپشۇرۇش ئارقىلىق ئىجرا قىلىنغان. لېكىن، بۇ ھۆججەتتە(WP04) ۋەسىيەتنامىغا ئېتىراز بىلدۈرگەن كىشىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىپ، ئۇنىڭ ۋەسىيەتتىن ئۈلۈشىنى ئالماسلىقى ۋە قامچە جازاسىغا تارتىلىشى تەلەپ قىلىنغان: <<...بۇ بىتىگ-نى قايۇسى تاپلامادىن چاتىش -...ي-لار...-نى يورىتمامىش يازۇق-قا تگىپ ئۈلۈش ئالمادىن كىشى-سى ... يىتى قامچى بەرگە يىپ يىتىزۇن.>>(بۇ ۋەسىيەتنامىنى ھەر قانداق بىرى قوبۇل قىلماي جىدەل تېرىسا، ئۇنىڭ سۆزى كۈچكە ئىگە ئەمەس. بۇ توسقۇنلۇق قىلىش جىنايىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئۆز ئۈلۈشىنى ئالمىسۇن... ئايالىغا يەتتە قامچە ئۇرۇلسۇن.)[15]

ئۇيغۇر قانۇنىي ھۆججەتلىرىدە ئۇچرايدىغان ئۈچىنچى خىل جازا پۇل - مال جازاسىدۇر. كېلىشىمنىڭ ھېچقانداق بىر شەكىلدە بۇزۇلماسلىقى ئۈچۈن بىر تەرەپنىڭ ۋاز كەچكەنلىكىنىڭ جازاسى سۈپىتىدە ئىجرا قىلىنغان پۇل-مال جازاسى بىر خىل ئىقتىسادىي تۆلەم سۈپىتىدە ھەر ۋاقىت كۈچكە ئىگە بولغان. پۇل تۆلەش جازاسىنىڭ تارىخى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەرگە تاقىلىدۇ. بۇ خىل جازانىڭ تەدبىقلىنىشى جىنايەتنىڭ بەدىلى بولغان ماددى تۆلەمنى، خۇن ھەققى سۈپىتىدە بېرىلىدىغان پۇل ۋە مالنىڭ مىقدارىنى ئېنىقلاش ۋە ئۇنىڭ ئىجرا قىلىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتۇر. بۇ تۆلەم جىنايەتنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ ئۆزىگە ياكى ئۇنىڭ تۇغقانلىرىغا بېرىلەتتى. لېكىن، ھەر خىل قانۇن سىستېمىسىدا بۇ تۆلەمنىڭ بىر قىسمىنى دۆلەتنىڭ ئالغانلىقىمۇ مەلۇم[16].

ئۇيغۇرلاردىكى يەر ۋە قۇل سېتىش، قۇللارنى ئازات قىلىش، بالا بېقىۋېلىش ھۆججەتلىرىدە، ۋەسىيەتنامىلاردا ۋە بىر مۇنچە قانۇنىي جەريانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل تېپىمدىكى كېلىشىملەردە جازا سۈپىتىدە دۆلەتكە پۇل - مال تاپشۇرۇلغانلىقىنى كۆرىمىز. لېكىن، ئۇيغۇرلاردىكى پۇل ياكى مال تاپشۇرۇش جازاسىنىڭ ئىجرا قىلىنىش مەسىلىسىدە پەرقلىق تەدبىرلەرنىڭ بولغانلىقى دىققەتنى تارتىدۇ. مەزمۇنى ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئوخشىمىغان ۋاقىتلاردا تۈزۈلگەن كېلىشىملەردە پەرقلىق جازا تەدبىرلىرىنىڭ بولغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن، بىر ئېلىم - سېتىم كېلىشىمىدە ئەگەر كېلىشىم بۇزۇلسا كېلىشىمنى بۇزغان كىشىنىڭ جازا سۈپىتىدە قارشى تەرەپكە سېتىلماقچى بولغان نەرسىنىڭ باھاسىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە تەڭ پۇل تۆلەيدىغانلىقى ۋە دۆلەتنىڭ بۇنىڭدىن ئۈلۈش ئالمىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن بولسا، ئۇنىڭدىن بۇرۇن تۈزۈلگەن دەپ قاراشقا بولىدىغان باشقا كېلىشىملەردە بىلدۈرۈلىشىچە، جازانىڭ بەدىلى زىيانغا ئۇچرىغۇچىغا ئەمەس، بەلكى دۆلەتكە پۇل ۋە مال تاپشۇرۇش ئارقىلىق ئىجرا قىلىنغان.

بىز تەتقىق قىلغان ئۇيغۇر قانۇنىي ھۆججەتلىرىدە مال ۋە پۇل تاپشۇرۇش جازاسى كېلىشىمنىڭ تۈرىگە قاراپ ئىككى خىل شەكىلدە ئىجرا قىلىنغان. بىرى، جازا قانۇنى تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم بىر ئورۇن تۇتقان مۇرەسسە ھەيئىتىدۇر. بۇ ھەيئەتنىڭ ۋەزىپىسى جىنايەت سادىر قىلغۇچى بىلەن زىيانغا ئۇچرىغۇچى ئوتتۇرىسىدا بىر كېلىشىم تۈزۈشنى ئاساس قىلغان.

بولۇپمۇ ئۇيغۇرلاردىكى يەر سېتىش ھۆججەتلىرىدە دەستلەپتە زىيانغا ئۇچرىغۇچىنىڭ ھەققى جىنايەتنى سادىر قىلغۇچى تەرەپتىن ئوخشاش جىنستىكى مالغا بىرگە بىر ياكى كۆپۈنچە بىرگە ئىككى نىسبەتتە بولۇش شەرتى بىلەن قايتۇرۇلغانلىقى ھەققىدىكى ئىپادىلەر كېلىشىمدە ئىشەنچلىك بىر شەكىلدە تىلغا ئېلىنغان. بىز تەتقىق قىلغان يەر سېتىش كېلىشىملىرىنىڭ زور كۆپ قىسمىدا جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشى مۇشۇ خىل شەكىلدە مۇرەسسە ھەيئىتىگە تايانغان. يەنە بىرى، يەنە بىز تەتقىق قىلغان ھۆججەتلەرنىڭ بىر قىسمىدا كۈچى ئەمدىلىكتە ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرغان دۆلەت ئورگىنىنىڭ جازا ئىجرا قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناشقا باشلىغانلىقى ۋە جازا سۈپىتىدىكى پۇل ۋە مالنىڭ بىۋاستە دۆلەتكە تاپشۇرۇلغانلىقىدۇر.

## 1. ئېلىم - سېتىم كېلىشىملىرىدىكى پۇل ۋە مال جازالىرى

### *A. يەر سېتىش كېلىشىملىرىدىكى جازا تەدبىرلىرى*

ئۇيغۇرلاردا يەر سېتىش كېلىشىملىرىدە بېكىتىلگەن ھۆكۈملەرنى قوغداش، ئېتىراز بىلدۈرمەكچى بولغانلارنى نىيىتىدىن ياندۇرۇش ۋە خىلاپلىق قىلسا جازالاش ئۈچۈن بېرىلىدىغان جازالار كېلىشىمدە ئېنىق بېكىتىلگەن. بولۇپمۇ سېتىۋالغۇچىلارنىڭ ئۈچۈنچى شەخسنىڭ ئارىلىشىشى سەۋەبىدىن ھەر قانداق بىر زىيانغا ۋە ناھەقچىلىككە ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن بىۋاستە ساتقۇچى تەرىپىدىن بىر خىل كاپالەت سۈپىتىدە سۇنۇلغان جازا تەدبىرلىرى ھۆججەتلەردە ئۇچرايدۇ. يەر سېتىش كېلىشىملىرىنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئېتىراز بىلدۈرىدىغان ۋە داۋا قىلىدىغانلار ئۈچۈن تۈرلۈك جازالارنىڭ بارلىقىنى ھۆججەتلەردىن ئېنىق كۆرىمىز. بۈگۈنكى قانۇنىي تەدبىرلەرنىڭ ئەكسىچە ئۇيغۇرلاردا زوراۋانلىق بىلەن ئارىلىشىشقا (مونوپوللۇچىلىققا) قارشى تۈرىدىغان كېپىللىك تەدبىرلىرى پەرقلىق بىر شەكىلدە ئورۇن ئالغان. بۈگۈنكى ئېلىم - سېتىم كېلىشىملىرىدە بۇ خىل مەجبۇرىيەت ساتقۇچىغا يۈكلەنگەن. يەنى بۇ ئۈچىنچى بىر كىشىنىڭ مالدا ھەققىم بار دەپ قاراپ، ئۇنى سېتىۋالغۇچىنىڭ قولىدىن ئېلىۋېلىشى ياكى ئۇنىڭ مالنى ئىشلىتىشىگە توسقۇن بولۇشىغا ساتقۇچىنىڭ مەسئۇل بولۇشىدۇر[17]. بۇنىڭدىن باشقا ساتقۇچىدا سېتىۋالغۇچىنىڭ مۇشۇ سەۋەپتىن پەيدا بولغان زىيىنىنى تۆلەش مەجبۇرىيىتىمۇ باردۇر. ئۇيغۇر كېلىشىملىرىدە بولسا ساتقۇچى سېتىۋالغۇچىغا سېتىش ھەققى ئۈچۈن بىرىنچى ئېغىزدىن ئاغزاكى كاپالەت بېرىش بىلەن بىرلىكتە زوراۋانلىق بىلەن ئارىلىششقا قارشى تۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ساتقۇچىنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئېتىراز بىلدۈرگەن ئۈچىنجى شەخسنىڭ ئۆتەش مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقىنى ۋە زىيانغا ئېتىراز بىلدۈرگەن ئۈچىنچى شەخسنىڭ مەسئۇل ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. كېلىشىملەردە ساتقۇچىنىڭ سېتىۋالغۇچىنىڭ زىيىنىنى تۆلەشتە بىۋاستە مەسئۇلىيىتىنىڭ بولمىغانلىقى، پەقەت كېلىشىمنى بۇزۇش ئېھتىمالى بولغان ئۈچىنچى كىشىگە قارىتا ئاگاھلاندۇرۇش ماھىيىتىدىكى ئىپادىلەرنىڭ بولغانلىقى كۆرۈلىدۇ. ئېلىم - سېتىم كېلىشىملىرىدە بۇ جازا تەدبىرلىرى يېزىلغان قىسىملار ئومۇمەن ئوخشاش شەكىلدە ئىپادە قىلىنىدۇ. Sa04 نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ : <<...مەن شابى-نىڭ ئوغۇلۇم قىزىم ئىچىم ئىنىم قام قاداشىم يگەنىم تاغايىم ئايتمازۇن ئىستمەزۈن ئايتغلى ئىستغلى سقىنسر ساۋلارې يورىمازۇن تاقى بىرۆك ئەركلىگ بەگ ئىشى كۈچ-ىن تۇتۇپ ئالايىن يۇلايىن تىسەر-لەر بۇ ئوق ئۆگەن ئۈزە سۇۋاق-لىغ ئىكى تانچۇ يىر ياراتۇ بىرىپ يۇلۇپ ئالزۇن يۇلتاچې كىشى قور-لۇغ بولزۇن باسمىل قور-سۇز بولزۇن...>> (مەن شابىنىڭ ئوغلۇم، قىزىم، ئاكام، ئۇكام، تۇغقانلىرىم، جىيەنىم، تاغام بىر نەرسە دېمىسۇن. ئېتىراز بىلدۈرمىسۇن! ئېتىراز بىلدۈرمەكچى بولسا سۆزى ئاقمىسۇن. ئەگەر تەسىرى بار بەگ ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ قايتۇرىۋالىمەن دېسە، بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيى بىلەن سۇغۇرىلىدىغان ئىككى پارچە يەرنى تەييار قىلىپ سېتىۋالسۇن. سېتىۋالغۇچى زىيان تارتسۇن! باسمىل زىيانغا ئۇچرىمىسۇن.) [18] Sa08 نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ : <<...بىز ئىكەگۈ-نىڭ ئىنىمىز

ئىچىمىز قامىز قاداش-يېمىز چاملامازۇن كىم ئەركلىك بەگ ئىشى كۆچۈن تۆتۈپ چاملاسار بۇ ئۇق يىر تەڭلىك ئىكى يىر بىرىپ ئالسۇن-لار يۇلسۇن-لار يۇلغۇچى قورلۇغ بولزۇن تويىنچۇغ قورسۇز بولزۇن...چ >>(بىز ئىككىمىزنىڭ ئىنىلىرىمىز، ئاكىلىرىمىز، تۇغقانلىرىمىز ئېتىراز بىلدۈرمىسۇن. ھەر كىم تەسىرى بار بەگ ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ كۆچىگە تايىنىپ ئېتىراز بىلدۈرسە، بۇ يەردەك ئىككى پارچە يەر سېتىۋالسۇن! سېتىۋالغۇچىلار زىيان تارتسۇن، تويىنچۇق زىيانغا ئۇچرىمىسۇن.) [19] Sa15 نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ : <<مەن سىنسىدۇ-نۇڭ ئاقام، ئىنىم ئونلۇقۇم... قىلما ئۇن-لار ئەركلىك بەگ ئىشى كۆچىن تۆتۈپ ... يىر بىرىپ سۆزلەر-ى يورماسۇن يۇلداچى ... كۆك بۇقا قورسۇن بولزۇن>> (مەن سىنسىدۇنىڭ ئاكام، ئىنىم، ئونلۇغۇم... ئېتىراز بىلدۈرمىسۇن ! تەسىرى بار بەگ ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ كۆچىگە تايىنىپ ... يەر بېرىپ سۆزى ئاقمىسۇن. ساتقۇچى ... كۆك بۇقا زىيان تارتمىسۇن.) [20] .

ھۆججەتلەردە ئېتىراز بىلدۈرگەن كىشىلەر ئۈچۈن <<يۇلتاچى كىشى>> ( Sa04, Sa15, Sa06, Sa07, Sa09)، <<يۇلغۇچى>> (Sa08 )، <<چاملاغۇچى كىشى>>(ئېتىراز بىلدۈرگەن كىشى، Sa16) دېگەن تەبىرلەر ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ كېلىشىمگە ئارىلاشقانلىقى سەۋەبىدىن جازالىنىپ زىيان تارتىشى، يەنە بىر تەرەپتىن سېتىۋالغۇچىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىپ، ئۇنىڭ بۇ بۇزغۇنچىلىقتىن ھېچقانداق بىر شەكىلدە زىيانغا ئۇچرىماسلىقى بايان قىلىنغان. بۇ يەردە ئۇچرايدىغان <<يۇلتاچى>>، <<يۇلغۇچى>> ۋە <<چاملاغۇچى>> دېگەن سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادە قىلىنغان كىشى كېلىشىمنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن، مونوپولچىلىققا قارشى تۇرۇش بويىچە جازاغا ئۇچرىغان كىشىدۇر.

قولىمىزدىكى ئېلىم - سېتىم ھۆججەتلىرىدە ئۈچىنچى كىشىنىڭ ئارىلىشىشىدىن كېلىپ چىققان زىياننى سېتىۋالغۇچىغا پايدىلىق قىلىپ تۆلەپ بېرىشتە ئىككى خىل يولنىڭ قوللىنىلغانلىقى كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ بىرىنچىسى ۋە ئومۇملاشقىنى كېلىشىمنى بۇزغان كىشىنىڭ سېتىۋالغۇچىغا سېتىلماقچى بولغان يەر، باغ ۋە باشقا نەرسىلەر ئۈچۈن ئىككى پارچە يەر ۋە باغنى بېرىشكە مەجبۇر بولغانلىقىدۇر. يەنى جازا شەرتى بىرگە ئىككى نىسبەتتە بولغان. پەقەت Sa01 ۋە Sa02 نومۇرلۇق ھۆججەتلەردە سېتىۋالغۇچىنىڭ تارتقان زىيىنىنى تۆلەپ بېرىش ئۈچۈن ئېتىراز بىلدۈرگەن كىشىلەرنىڭ سېتىلماقچى بولغان يەرگە تەڭ كېلىدىغان بىر پارچە زېمىننى بەرگەنلىكى دىققەتنى تارتىدۇ. بۇنىڭ سىرتىدا Sa03، Sa04، Sa05، Sa06، Sa07، Sa08، Sa09، Sa10، Sa13، Sa15 ۋە Sa16 نومۇرلۇق يەر سېتىش ھۆججەتلىرىدە كېلىشىمنىڭ شەرتلىرىگە ئېتىراز بىلدۈرگەن كىشىنىڭ سېتىلماقچى بولغان بىر پارچە يەرنىڭ بەدىلى ئۈچۈن جازا سۈپىتىدە ئىككى پارچە يەرنى زىيانغا ئۇچرىغان كىشىگە بېرىش مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقى بىلدۈرۈلگەن (21) .

يەر سېتىش كېلىشىمىدىن باشقا يەر قەرزىنى قايتۇرۇشقا ئائىت بىر كېلىشىمدىمۇ كېلىشىم شەرتلىرى بۇزۇلۇپ كەتسە ئاشۇ يەر سېتىش كېلىشىملىرىنىڭ بەزىلىرىدە كۆرۈلگىنىدەك، زىيانغا ئۇچرىغان كىشىگە بىرگە ئىككى نىسبەتتە تۆلەم بېرىلگەنلىكى كۆزگە چېلىقىدۇ. يەنە كەمتۈك ھالەتتىكى Ex01 نومۇرلۇق ھۆججەتتە بىر پارچە يەر بىلەن بىر باغنى تېگىشكەن ئىككى كىشىنىڭ ئاشۇ زېمىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا ئۆز يېقىنلىرى، ئاكىلىرى، ئىنىلىرى ۋە تۇغقانلىرى ئېتىراز بىلدۈرسە ئۇلارنىڭ ئاشۇ يەردەك ئىككى كېلىدىغان بىر پارچە يەرنى زىيان تارتقان كىشىگە بېرىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن (22) .

ئۇيغۇر يەر سېتىش كېلىشىملىرىدە زىياننىڭ تۆلىمى ئۈچۈن بېرىلىدىغان باشقا بىر جازا تەدبىرى بولسا مۇئەييەن بىر نام بىلەن ئاتالغان جازا پۇلى(جەرىمانە)نىڭ دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلىرىغا تاپشۇرۇلغانلىقىدۇر (23) . Sa11 ۋە Sa12 نومۇرلۇق يەر سېتىش ھۆججىتىدە كېلىشىمنى بۇزغان كىشىلەرنىڭ جازانى بىۋاسىتە دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلىرىغا ئۆتكەنلىكى دىققەتنى تارتىدۇ. Sa11 نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇنداق يېزىلغان : <<... بۇ بورلۇق يولىنتا مەن تەربىش-نىڭ ئاقام ئىنىم يىگەنىم تاغايىم كىم كىمە بولۇپ چام چارىم قىلمازۇن-لار ئاقام بىرۈك

ئەركىلىك بەگ ئىشى يات يالاۋاچ كۆچىن تۇتۇپ چام چارىم قىلسار-لار ئۇلۇغ سۇئۇ-كە بىر ئالتۇن ياستۇق ئىچگەر-ى ئاغىلىق-قا بىر بىر كۆمۈش ياستۇق بەگەت-لەر-كە بىرەر ئەدەر- كە ياراشۇ قىزغۇت بىرىپ سۆز-لەر-ى يورىمازۇن» (بۇ ئۇزۇملۇك باغ ھەققىدە مەن تەرىپىشنىڭ ئاكام، ئىنىم، جىيەنىم، تاغام، مەيلى كىم بولسۇن ئېتىراز بىلدۈرمىسۇن. ئەگەر تەسىرى بار بەگ ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ، ياتلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئېتىراز بىلدۈرسە بۈيۈك قاغانغا بىر ئالتۇن ياستۇق، ئوردا غەزىنىسىگە بىر كۆمۈش ياستۇق، بەگلەرگە بىردىن ئىگەرلىرىگە لايىق ئاتنى جازا پۇلى سۈپىتىدە تاپشۇرۇپ، سۆزلىرى ئۆتمىسۇن.) (24). Sa12 نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «...بۇ كۈن-تىن مىڭچا تاپىش-نىڭ ئاقا-سى، ئىنى-سى يىگەن-ى تاغاي-ي كىم كىم مە چام چارىم قىلمازۇن-لار ئاقام بىرۆك ئەركىلىك بەگ ئىش-ى كۈچىن تۇتۇپ چام چارىم قىلسار-لار ئۇلۇغ سۇئۇ-كە بىر ئالتۇن ياستۇق باسىپ ئىل بەگ-لەرى-گە ئەدەر-كە ياراغۇ ئات بىرىپ سۆزلەر-ى يورىمازۇن چاملاغۇچى كىشى قوئورلۇغ بولزۇن، ۋاپسوتۇ قوئورسۇز بولزۇن» (بۈگۈندىن ئېتىبارەن تاپمىشنىڭ ئاكىسى، ئىنىسى، جىيەنى، تاغىسى، مەيلى كىم بولسۇن ئېتىراز بىلدۈرمىسۇن! ئەگەر تەسىرى بار بەگ ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئېتىراز بىلدۈرسە بۈيۈك قاغانغا بىر ئالتۇن ياستۇق، ئىل بەگلىرىگە ئىگەرلىرىگە لايىق ئات تاپشۇرۇپ، سۆزلىرى ئاقمىسۇن. ئېتىراز بىلدۈرىدىغان كىشى زىيار تارتسۇن، ۋاپسوتۇ زىيانغا ئۇچرىمىسۇن.)(25)

بۇ تېكىستلەر ئۇ دەۋردە جازالاش ھوقۇقىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش جەھەتتىن ئەھمىيەتلىكتۇر. ھەر ئىككى ھۆججەتتە جازا سۈپىتىدە «ئۇلۇغ سۇئۇ»( بۈيۈك قاغان) (26)غا بىر ئالتۇن ياستۇق بېرىش شەرتى ئۇچرايدۇ. بۇ جازاغا قوشۇمچە قىلىپ يەقەت Sa11 نومۇرلۇق ھۆججەتتە «ئىچگەرۈ ئاغىلىق»(ئوردا غەزىنىسى)قا بىردىن كۆمۈش ياستۇق بېرىلىشى تەلەپ قىلىنغان. بۇنىڭ سىرتىدا ھەر ئىككىلى ھۆججەتتە قوشۇمچە قىلىپ يەنە بەگلەرگە، ئىل بەگلىرىگە ئىگەرلىرىگە لايىق ئات بېرىلىدىغانلىقى يېزىلغان. بولۇپمۇ كېلىشىمدە بۇ مەجبۇرىيەتنى ئورۇنداش ئارقىلىق ئېغىر جازاغا تارتىلىشى ۋە سۆزلىرىنىڭ كۈچكە ئىگە قىلىنماسلىقى ئۈمىت قىلىنغان. جازا تۆلىمىنىڭ زىيانغا ئۇچرىغان كىشىگە ئەمەس، بەلكى دۆلەتنىڭ رەسمى خادىملىرىغا تاپشۇرۇلىشىنىڭ سەۋەبى شۈبھىسىزكى جازانىڭ كىشىنى گۇناھ سادىر قىلىشتىن توسىدىغان بىر ئامىل سۈپىتىدە ئىجتىمائىي جەھەتتىن قوبۇل قىلىنغانلىقى ۋە دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچ قۇدرىتىنىڭ، قانۇن تۈزۈش ئىقتىدارىنىڭ نامايەن قىلىنغانلىقىدۇر. دۆلەتنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قاتلىمىدىن باشلاپ ھاكىمىيەت قاتلىمىدا ئورۇن تۇتقان كىشىلەرگە سۇنۇلغان پۇل ۋە ماللار جازا بەدىلى سۈپىتىدە دۆلەت ئۈچۈن بىر خىل كىرىم بولۇش ئالاھىدىلىكىگىمۇ ئىگە ئىدى. ئۇيغۇرلاردىكى ئەھۋالنىمۇ بۇ شەكىلدە ئىزاھلاش مۇمكىن.

يەر سېتىشقا ئائىت بولغان Sa03 نومۇرلۇق باشقا بىر ھۆججەتتىكى پەرقلىق بىر جازا ئۆتەش شەكلى دىققەتنى تارتىدۇ. بۇ ھۆججەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «مەن يىرپ يانغا-نىڭ ئەدگۈنۈك ئىچىمىز ئىنىمىز قامىز قاداشىمىز ئوغۇلۇمىز قىزىمىز ئايىتماز-ئۇن ئىستەمەزۇن ئايىتغلى ئىستەگلى ساقىنسار -لار ساۋلارى يورىمازۇن-لار بىرۆك ئەركىلىك بەگ ئىشى كۈچىن تۇتۇپ ئالايىن يۇلايىن تىسەر-لەر بۇ ئوق ئۆگەن-تە بۇ يىر تىنگىن-چە ئىككى يىر بىرىپ ئالزۇنلار بۇ ساۋ-تا قايۇ-سى ئاغىسار -بىز ئۇچەر يۈز بىشەر ئوتۇز قۇئانپۇ ئىچرە قۇۋپار بىرۈشۈر -بىز» (مەن يىرپ يانغا ۋە ئەدگۈنىڭ ئاكىمىز، ئىنىمىز، تۇغقانلىرىمىز، ئوغلۇمىز، قىزىمىز بىر نەرسە دېمىسۇن، ئېتىراز بىلدۈرمىسۇن. بىر نەرسە دېمەكچى ۋە ئېتىراز بىلدۈرمەكچى بولسا سۆزلىرى ئاقمىسۇن. ئەگەر تەسىرى بار بەگ ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ قايتۇرۇپ سېتىۋالاي دېسە، مۇشۇ ئۆستەڭ بويىدا بۇ يەردەك ئىككى پارچە يەر بېرىپ قايتۇرۇپ ئالسۇن. بۇ سۆزدىن قايسىمىز يېنىۋالساق ئوردىغا 325 تىن قۇئانپۇ جازا پۇلى -جەرىمانە تۆلەيمىز.»(27)

بۇ كېلىشىمدە كېلىشىم شەرتلىرىگە ئېتىراز بىلدۈرگەن كىشىنىڭ ھەم سېتىۋالغۇچىغا ھەم دۆلەتكە جازا ئۆتەيدىغانلىقى كۆرۈلىدۇ. كېلىشىمدە

سىتىۋالغۇچىغا سىتىۋالغان يەرنىڭ بەدىلى سۈپىتىدە ئاشۇ يەردەك ئىككى كېلىدىغان يەرنى بېرىش ھەققىدىكى قارار يېزىلىش بىلەن بىرلىكتە ساتقۇچى ئۆزى بىلەن بىللە ئورتاق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان كىشىنىڭ ئېتىراز بىلدۈرۈپ سۆزدىن يېنىۋالسا جازا پۇلى سۈپىتىدە 325 قۇئانپۇنى سارايغا، يەنى رەسمىي ئورگانلارغا تاپشۇرىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. كېلىشىمنىڭ بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولغان زىيان تۆلەنمىگەن ئەھۋالدا يەنە سىتىۋالغۇچىنىڭ ناھەق زىيانغا ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن پۇل تۆلەش جازاسىنى ئېلىم-سېتىمغا ئېتىراز بىلدۈرگەن ئۈچىنچى كىشىلەر ئۈستىگە ئالغان. بۇ ھۆججەت رەسمىي ئورگانلارنىڭ جازا تەدبىقلاشتىكى نازارەت ۋە ئىجرا قىلىش كۈچىنى كۆرسىتىپ بېرىش جەھەتتىنمۇ ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەپسۇسكى، بۇ مەزمۇننى سېلىشتۇرىدىغان باشقا ھۆججەت يوق.

بۇ كېلىشىمدە ئۇچرايدىغان «بۇ ساۋ-تا قايۇ-سى ئاغىسار -بىز ئۈچەر يۈز بىشەر ئوتۇز قۇئانپۇ ئىچرە قۇۋپار بىرۇشۇر - بىز» ( بۇ سۆزدىن قايسىمىز يېنىۋالساق ئوردىغا 325 تىن قۇئانپۇ جازا پۇلى - جەرىمانە تۆلەيمىز) دېگەن جۈملىدىكى «قۇۋپار ~ قۇۋار» سۆزى خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن بىر سۆز بولۇپ، «جازا پۇلى»، «جازالاش» دېگەن مەنىدىدۇر.(28) بۇ سۆز بىر يەر سېتىش ھۆججىتى بىلەن بىر قۇل سېتىش ھۆججىتىدە ئۇچرايدۇ. Ad02 نومۇرلۇق ھۆججەتتە «قايۇسى بۇ ساۋ-تىن ئاغىش -سار -بىز بىرەر ياسدۇق قۇۋار بىرۇشۇربىز» (قايسىمىز بۇ سۆزدىن تېنىۋالساق بىر ياستۇقتىن جازا پۇلى تاپشۇرىمىز)(29). بۇ سۆز ئېلىم - سېتىم ھۆججەتلىرىدە «رەسمىي پۇل جازاسى» مەنىسىدە قوللىنىلغان كەسپىي بىر ئاتالغۇ بولسا كېرەك. ئۇيغۇر قانۇنىي ھۆججەتلىرىدە ئۇچرايدىغان خەنزۇچە «قۇۋپار»غا تەڭداش كېلىدىغان تۈركچە «قىزغۇت» سۆزى دىققەتنى تارتىدۇ.(30) Sa11 نومۇرلۇق ھۆججەتتە ئۇچرايدىغان «قىزغۇت» سۆزىنى Sa03 نومۇرلۇق ھۆججەتتە ئۇچرايدىغان « قۇۋپار ~ قۇۋار» سۆزى بىلەن سېلىشتۇرما قىلىشقا بولىدۇ. يەنە كېلىپ «قىزغۇت» سۆزى ئۇيغۇر قانۇنىي ھۆججەتلىرى ئىچىدىكى Mi01 ۋە Em01 نومۇرلۇق ھۆججەتلەردىمۇ «جازا پۇلى»، «جازا» مەنىلىرىدە قوللىنىلغان.(31)

### *B . قۇل سېتىش ھۆججەتلىرىدىكى جازا شەرتلىرى*

قۇل سېتىش ھۆججەتلىرىمۇ يەر سېتىش ھۆججەتلىرىگە ئوخشايدۇ. بىز تەتقىق قىلغان كېلىشىملەرنىڭ بىر قىسمىدا زۆرۈر بولغان ئەھۋالدا مۇرەسسە كېلىشىمنىڭ تۈزۈلگەنلىكى مەلۇم. مەسىلەن، قۇل سېتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك Sa21، Sa22، Sa23، Sa24، Sa26، Sa28 ۋە Sa29 نومۇرلۇق كېلىشىملەردە سېتىشقا ئېتىراز بىلدۈرگەن كىشى ياكى كىشىلەر ناھەق زىيانغا ئۇچرىغان كىشىگە بىر قۇل ئورنىغا مۇشۇ قۇلغا تەڭ كېلىدىغان ئىككى قۇلنى جازا بەدىلى سۈپىتىدە تاپشۇرىدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان كېلىشىم ئىبارىلىرى ئۇچرايدۇ. Sa22 نومۇرلۇق ھۆججەتتە «... بۇ قاراباش يولىنتا مەن يىرپ توغرىل ... ئىچىم ئىنىم تۇغمىشىم قاداشىم يىگەنىم تاغايىم كىم قايۇ چام چارىم قىلمازۇنلار ئاپام بىرۈك چام چارىم قىلسارلار بۇ قاراباش تەڭگىنچە ئىكى قاراباش ياراتۇ بىرىپ يۇلۇپ ئالزۇن» (... بۇ قۇل ھەققىدە مەن يىرپ توغرىل ... ئاكام، ئىنىم، تۇغقىنىم، جىيەنىم، تاغام، مەيلى كىم بولسا بولسۇن ئېتىراز بىلدۈرمىسۇن. ئەگەر ئېتىراز بىلدۈرسە بۇ قۇلغا تەڭ كېلىدىغان ئىككى قۇلنى تەييارلاپ بەرسۇن)(32) Sa24 نومۇرلۇق ھۆججەتتە «مەن ئاتاي تۇتۇڭنۇڭ ئىچىم ئىنىم تۇغمىشىم قاداشىم يگەنىم تغايىم كىم كىم مە ئەرسەر چام چارىم قىلمازۇنلار ئاپام بىرۈك ئەركلىگ بەگ ئىشى يات يالاۋاچ كۈچىن تۇتۇپ يۇلايىن ئالايىن ساقىنسارلار بۇ قراباش تەڭگىنچە ئىكى قاراباش بىرىپ يۇلۇپ ئالزۇنلار» (مەن ئاتاي تۇتۇڭنىڭ ئاكام، قېرىندىشىم، تۇغقىنىم، جىيەنىم، تاغام، كىم بولسا بولسۇن ئېتىراز بىلدۈرمىسۇن. تەسىرى بار بەگ ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ نوپۇزىدىن پايدىلىنىپ ئالىمەن - ساتىمەن دېسە مۇشۇ قۇلغا تەڭ كېلىدىغان ئىككى قۇلنى بېرىپ ئالسۇن)(33) دېيىلگەن.

Sa27 نومۇرلۇق قۇل سېتىش ھۆججىتىدە بولسا جازانىڭ تەدبىقلىنىشىدا مۇرەسسە ئۇسۇلىنىڭ قوللىنىلمىغانلىقى ۋە كېلىشىمگە ئېتىراز بىلدۈرگەن كىشىلەرنىڭ جازانى دۆلەتكە ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا ئۆتىگەنلىكى مەلۇم. بۇ ھۆججەتتە مۇنداق دېيىلگەن : <<كىم كىم مە بولۇپ چام چارىم قىلسار ئۇلۇغ سۇئۇكە ئاق ياستۇق بەگلەركە ئەدەركە ياراغۇ ئات بىرىپ سۆزلەرى يورىمازۇن>> (ھەر قانداق كىشى ئېتىراز بىلدۈرسە ئۇلۇغ ھەزرەتلىرىگە بىر ئاق(كۆمۈش) ياستۇق، بەگلەرگە ئېگەرگە لايىق ئات بېرىپ سۆزلىرى ئۆتمىسۇن.)

## *1. قۇللارنى ئازات قىلىش ھۆججەتلىرىدە جازا تەدبىرلىرى*

بىر قۇلنىڭ خوجايىنى تەرىپىدىن ئازات قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان Em01 نومۇرلۇق ھۆججەتتە كېلىشىمگە ئېتىراز بىلدۈرۈلسە، ئازات قىلىنغان قۇلنىڭ خوجايىنى بىلەن ئۇنىڭ يېقىنلىرىنىڭ دۆلەتكە ۋە دۆلەتنىڭ ئەمەلدارلار قاتلىمىدىن ئورۇن ئالغان كىشىلەرگە جازا ئۆتەيدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن. <<بۇ بىتىگتەكى ئۆڭگى بولسار بىز ئۇلۇغ سۇئۇقا بىر ئالتۇن ياستۇق ئاقا ئىنى تەگىتلەر بىرەر كۆمۈش ياستۇق ئىدىقۇتقا بىر ياستۇق شازىن ئايغۇچىقا بىر ئات قىزغۇت ئۆتۈنۈپ سۆزلەرى يورىمازۇن>> ( بۇ ھۆججەتتىكى سۆزدىن باشقىچە ئەھۋال كۆرۈلسە ئۇلۇغ سۇئۇكە بىر ئالتۇن ياستۇق، چوڭ - كىچىك شاھزادىلارغا بىردىن كۆمۈش ياستۇق، ئىدىقۇتقا (ئۇيغۇر ھۆكۈمدارىغا) بىر ياستۇق، شازىن ئايغۇچىلارغا (مەسلىھەتچىلەرگە) بىر ئات جەرىمانە تۆلەپ سۆزلىرى ئۆتمىسۇن.)(34) بولۇپمۇ باشقا ھۆججەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا بۇ ھۆججەت بىزنى دۆلەتكە ئۆتىگەن جازا بىلەن مۇناسىۋەتلىك تېخىمۇ كۆپ يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىمەكتە. بۇ ھۆججەت باشقا رەسمىي پۇل ۋە مال تاپشۇرۇش جازالىرى تىلغا ئېلىنغان كېلىشىملەردە كۆرۈلمەيدىغان، تېخىمۇ سىستېمىلىق بىر جازا تەدبىرىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، بۇ ھۆججەتتىكى جازالارنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان ۋە تېخىمۇ كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى دىققەتنى تارتىدۇ. شۈبھىسىزكى، رەسمىي پۇل ۋە مال تاپشۇرۇش جازالىرى ئۇچرايدىغان ھۆججەتلەرنىڭ ۋاقتىنىڭ بىربىرىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىشىمىز كېرەك. بۇ ھۆججەت ئېھتىمال دۆلەت جازادىن تېخىمۇ چوڭ ئۈلۈشكە ئېرىشكەن بىر دەۋردىن قالغان ھۆججەت بولۇشى مۇمكىن. جازا ئۆتەشتە باشتا بۈيۈك قاغانغا(ئۇلۇغ سۇئۇ) بىلەن بىرلىكتە بۈيۈك قاغانغا قارايدىغان ئۇيغۇر قاغانى ئىدىقۇتقىمۇ جازا پۇلى ياكى جازا مېلى تاپشۇرۇلغانلىقى كۆرۈلىدۇ. بۇ يەردىكى ئەمەل دەرىجىسىنى نەزەرگە ئالغان ۋاقتىمىزدا جازا تەدبىقلاشتا مەركەزدە ئولتۇرۇشلۇق بۈيۈك قاغانغا بىر ئالتۇن ياستۇق، ئۇنىڭ ۋارىسلىرى بولغان شاھزادىلارغا بىردىن كۆمۈش ياستۇق، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر قاغانىغا(ئىدىقۇتقا) بىر ئالتۇن ياستۇق، دۆلەتنىڭ رەسمىي مەسلىھەتچىلىرىگە بىردىن ئات تاپشۇرۇلۇشى تەلەپ قىلىنغان. Mi01 نومۇرلۇق باشقا بىر كېلىشىمدىمۇ رەسمىي جەرىمانىنىڭ ئىدىقۇتقا بېرىلگەنلىكىنى كۆرىمىز.

## *2. بالا بېقىۋېلىش ھۆججەتلىرىدە جازا تەدبىرلىرى*

بىز تەتقىق قىلغان بالا بېقىۋېلىشقا ئائىت ئۈچ پارچە ھۆججەتتىن ئىككىسى دۆلەتكە ئۆتىگەن جازالارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بىر كېلىشىمدە (Ad03) جازانىڭ باشقىسىدىن پەرقلىق ھالدا تۆرە بويىچە بېرىلىشى تەلەپ قىلىنغان (35) . Ad01 ۋە Ad02 نومۇرلۇق بالا بېقىۋېلىش كېلىشىملىرىدە جازا يۈرگۈزۈش ھوقۇقىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىلكىدە بولغانلىقىنى كۆرىمىز. بىز تەتقىق قىلغان ھۆججەتلەر ئىچىدە خېلى قەدىمىي دەۋرگە ئائىت ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان Ad01 نومۇرلۇق ھۆججەتتە جازانىڭ دۆلەت تۈزگەن قانۇن بويىچە تەدبىقلىنىدىغانلىقى ئالاھىدە ئەسكەرتىلگەن. بۇ ھۆججەتتە مۇنداق دېيىلگەن : <<مەن چىنتسو ئاياغ-قا تەگىملىگ-نىڭ ئىنىم ئىچىم ئوغلۇم قام قاداشىم ئىلمەزۈن تارتمازۇن ئاپام بىرۆك ئىلگلى تارتىغلى ساقىنسار ساۋلارى يورىمازۇن ياسا- تاقى قىن-قا تەگسۇنلەر>> (مەن

هۆرمەتلىك چىنتسونىڭ قىرىندىشىم، تاغام، تۇغلۇم، تۇغقىنىم ئارىلاشمىسۇن، تارتىۋالمىسۇن. ئەگەر تارتىۋالسا سۆزلىرى ئۆتمىسۇن، قانۇندا بەلگىلەنگەن جازاغا تارتىلسۇن.) بالا بېقىۋېلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇ كېلىشىمدە بېقىۋېلىنغان بالىنىڭ يېقىنلىرىدىن ئېتىراز بىلدۈرىدىغان كىشىلەرگە قارىتا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قانۇن بويىچە مۇنداق جازا بېرىلەتتى: «ئۆگۆدەي سۇئۇسىگە ئىكى يۈرۈڭ ئاتالڭ ئۆتۈنۈپ ئامبى بالىق تارۇغالارىڭا ئەدەركە ياراشۇ ئات بېرىپ چىنتسو ئاياغقا تەگىملىگكە بىركە ئىكى بېرىپ ئاغىر قىنقا تەگىربىز»(ئۆگۆدەي ئالىيلىرىغا ئىككى ئاق تۆگە تاپشۇرۇپ، ئامبى بالىق داروغاچىلىرىغا ئىگەرلىرىگە لايىق ئات بېرىپ، هۆرمەتلىك چىنتسوغا بىرنىڭ ئورنىغا ئىككى بالا بېرىپ، ئېغىر جازاغا تارتىلسۇن.)

بۇ هۆججەتنىڭ بۈيۈك قاغان ئۆگۆدەي دەۋرىدە تۈزۈلگەنلىكى مەلۇم. بۇ هۆججەتتە رەسمىي جازانىڭ پۇل بىلەن ئەمەس، مال تاپشۇرۇش شەكلى بىلەن ئىجرا قىلىنغانلىقى كۆرۈلىدۇ. دۆلەتنىڭ ۋەكىلى بولغان ئۆگۆدەيگە ئىككى تۆگە، دۆلەتنىڭ ۋىلايەتلەردىكى ئىدارە قىلغۇچى ۋەكىللىرىگە ۋە ۋالىيلارنىڭ ئورنىدىكى داروغاچىلارغىمۇ بىردىن ئات تاپشۇرۇلۇشى تەلەپ قىلىنغان. بۇ يەردە دىققەتنى تارتىدىغان باشقا بىر خۇسۇس كېلىشىمنىڭ بوزۇلۇشى سەۋەپلىك زىيان تارتقان كىشىگە بىرگە ئىككى نىسبەتتە تۆلەم بېرىشنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىدۇر. بۇ ئىبارە دۆلەتكە ئۆتىدىغان باشقا رەسمىي جازالار تىلغا ئېلىنغان هۆججەتلەردە ئۇچرىمايدۇ. بالا بېقىۋېلىشقا ئائىت Ad02 نومۇرلۇق باشقا بىر هۆججەتتە بىۋاستە هالدا دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمىسىمۇ، دۆلەتكە ئۆتەيدىغان رەسمىي جازا «قۇۋار»( ~ quvpar ) ئۈچۈن ئېتىراز بىلدۈرگەن كىشىنىڭ بىردىن ياستۇق تاپشۇرىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن. يەنى هۆججەتتە «قايۇسى بۇ ساۋتىن ئاغىشساربىز بىرەر ياستۇق قۇۋار بىرۇشۇربىز» (قايسىمىز بۇ سۆزدىن يېنىۋالساق(دۆلەتكە) بىردىن ياستۇق جازا پۇلى تاپشۇرىمىز)(36) دېيىلگەن.

### *3. ۋەسىيەت هۆججەتلىرىدىكى جازا تەدبىرلىرى*

ئائىلە قانۇنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردىكى جازا تەدبىرلىرىنىڭمۇ دۆلەتكە ئۆتەيدىغان رەسمىي جازالاردىن بىرى ئىكەنلىكى مەلۇم. ئۇيغۇرلاردا ۋەسىيەتنامىدىكى هۆكۈملەرنى قوغداش ۋە ئېتىراز بىلدۈرمەكچى بولغانلار ئۇچرايدىغان جازالار ۋەسىيەت هۆججەتلىرىدە ئېنىق بىلدۈرۈلگەن. بولۇپمۇ ۋارىسلارنىڭ ۋەسىيەت هۆكۈملىرى سەۋەبىدىن هەر قانداق بىر زىيانغا ۋە ناهەقچىلىككە ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن ۋەسىيەت ئىگىسىنىڭ بىۋاستە ئاغزاكى بايانلىرى ۋە ئېتىرازغا قارشى يۈرگۈزۈلىدىغان جازا تەدبىرلىرىمۇ هۆججەتلەردە پۈتۈلگەن. بۇنىڭدىن ۋەسىيەتنامە هۆكۈملىرىگە ئېتىراز بىلدۈرگەنلەرگە، داۋا قىلغانلارغا پۇل، مال ۋە تاياق جازاسىنىڭ بېرىلىدىغانلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن.

WP01 نومۇرلۇق بىر ۋەسىيەتنامە هۆججىتىدە ئەرنىڭ ئايالى ئۈچۈن مىراس قالدۇرغان ئۆيگە ئوغۇللىرى ئېتىراز بىلدۈرسە ئۇلارغا مۇنداق جازا بېرىلىدىغانلىقى يېزىلغان: «ئوغلۇم قوشاڭ ئەسەن قاي-ا ئولار ئۆگەي ئانامىز بىر - كە تگىر ئالىر - بىز تىپ ئالمازۇن قاتىل - مازۇن-لار ئاپام بىرۆك ئالىر-بىز تىپ چاملاسار-لار ئۇلۇغ سۇئۇ-كە بىر ئالتۇن ياستۇق ئوغلان تىگىت-لەركە بىرەر كۈمۈش ياستۇق ئىچگەرۈ ئاغىلىغ-قا بىر ياستۇق ئىچگەرۈ ئاغىلىق-قا بىر ئات بىرىپ ئاغىر قىين-قا تگىپ سۆزلەرى يورىمازۇن» (ئوغۇللىرىم قوشان، ئەسەن قايا ئۆگەي ئانىمىز بىزگە مەنسۇپتۇر، بىز ئالىمىز دەپ ئارىلاشمىسۇن. ئەگەر ئالىمىز دەپ داۋا قىلسا ئۇلۇغ قاغانغا بىر ئالتۇن ياستۇق، شاهزادىلارغا بىردىن كۈمۈش ياستۇق، ئىچكى غەزىنىگە(ئوردىغا) بىر ياستۇق، ئىچكى غەزىنىگە بىر ئات تاپشۇرۇپ، ئېغىر جازاغا تارتىلسۇن، سۆزلىرى ئۆتمىسۇن.)(37). ئەينى شەكىلدىكى WP02 نومۇرلۇق باشقا بىر ۋەسىيەت هۆججىتىدىكى خوجايىن هۆرلۈك گۇۋاهنامىسى بەرگەن كىشىگە ئېتىراز بىلدۈرگەنلەر ئۈچۈن ئوخشاش جازا تەدبىرلىرىنىڭ قوللىنىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بايانلار دىققەتنى تارتىدۇ. بۇ هۆججەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەۋ-تەكى قاتىنلارىم مىنىڭ

تۇغمىش-لارىم كىم يمە چىملامازۇن-لار چىملاسار-لار ئىچگەرۇ ئاغىلىغ-قا بىر ئالتۇن ياستۇق قوچو بەگىنگە بىر ئات بالىغ بەگىنگە بىر ئۇد بىرىپ ئاغىر قىين-قا تەگزۇن» (ئۆيدىكى ئايالىرىم، مېنىڭ تۇغقانلىرىم، مەيلى كىم بولسۇن ئېتىراز بىلدۈرمىسۇن. ئېتىراز بىلدۈرسە(داۋا قىلسا) ئىچكى غەزىنىگە بىر ئالتۇن ياستۇق، قوچو بېگىگە بىر ئات، شەھەر بېگىگە بىر كالا بېرىپ، ئېغىر جازاغا تارتىلسۇن.)

ۋەسىيەتنامىلاردا جازالانغۇچىنىڭ بىۋاستە دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلىرىغا جازا ئۆتەيدىغانلىقى دىققەتنى تارتىدۇ. ھۆججەتلەردە ئۇلۇغ سۇئۇ(بۈيۈك قاغان) كە بىر ئالتۇن ياستۇق بېرىلىش شەرتى ئۇچرايدۇ. بۇ جازاغا قوشۇمچە قىلىپ شاھزادىلارغا بىردىن كۆمۈش ياستۇق، ئىچگەرۇ ئاغىلىق(ئوردا غەزىنىسى)قا بىر ياستۇق بىلەن بىر ئات بېرىشمۇ ھۆججەتلەردە ئورۇن ئالغان. بۇنىڭدىن باشقا ئېتىراز بىلدۈرگۈچىنىڭ بۇ مەجبۇرىيەتنى ئۆتەپ ئېغىر جازاغا تارتىلىشنى ۋە سۆزلىرىنىڭ كۈچكە ئىگە بولماسلىقىنى تەلەپ قىلىنغان. باشقا بىر ۋەسىيەتنامە ھۆججىتىدىمۇ ئېتىراز بىلدۈرگەن كىشىنىڭ ئىچكى غەزىنىگە بىر ئالتۇن ياستۇق، قوچو شەھىرىنىڭ ھۆكۈمدار بەگلىرىگە بىر ئات ۋە بىر كالا بېرىپ ئېغىر جازاغا تارتىلىشى بىلدۈرۈلگەن. پۇل ۋە مال تاپشۇرۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان جازالاردىن سىرت WP04 نومۇرلۇق ھۆججەتتە بولسا ۋەسىيەتنامىگە ئېتىراز بىلدۈرگەن كىشىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىپ، ۋەسىيەتتىن ئۆزىگە مەنسۇپ ئۈلۈشنى ئالماسلىقى ۋە ئۇنىڭ قامچە جازاسىغا تارتىلىشى تەلەپ قىلىنغان.

### *4. مەزمۇنى ھەر خىل ھۆججەتلەردىكى جازا تەدبىرلىرى*

دۆلەتكە مال ۋە پۇل تاپشۇرىدىغان جازالارنى بىز قانۇنىي ھۆججەتلەر ئىچىدىكى مەزمۇنى ھەر خىل تىپىدىكى ھۆججەت دەپ خاراكتېرلەنگەن ھۆججەتلەردىمۇ ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن، Mi01 نومۇرلۇق بىر ھۆججەتتە يېزىلىشىچە، بىر قىز گۆرۈگە قويۇلۇپ، كېيىن قايتۇرۇپ كېلىنگەن. قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن كېيىن قىزنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى ۋە نەرسە-كېرەكلىرى ھەققىدە ھېچقانداق ئېتىراز بىلدۈرۈلمەسلىكى تەلەپ قىلىنغان. ئەگەر ئېتىراز بىلدۈرۈلسە بۈيۈك قاغانغا بەش ئالتۇن ياستۇق، شاھزادىلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن ئالتۇن ياستۇق، ئىدىقۇتقا بىر ئالتۇن ياستۇق ۋە قوچو شەھىرىنىڭ مەسلىھەتچىسىگە بىر كۆمۈش ياستۇق بېرىش بەلگىلەنگەن. بۇ ھۆججەتتىكى جازانىڭ تەدبىقلىنىشى دىققەتنى تارتىدۇ. باشقا ھۆججەتلەردە ئۇچرايدىغان ۋە دۆلەتكە ئۆتكەن جازانىڭ نىسبىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا بۇ كېلىشىمدىكى جازا نىسبىتىنىڭ تېخىمۇ كۆپ ۋە تېخىمۇ ئېغىر شەرتنىڭ بولغانلىقى كۆرۈلىدۇ. بۇ ھۆججەتتە مۇنداق يېزىلغان: «كىم قايۇ كىشى ئىنەچىكە چام... قىلمازۇنلار ئاپام چام چارىم قىلسارلار ئۇلۇغ سۇئۇكە بىش ئالتۇن ياستۇق ئاقا ئىنى تىگىتلەركە بىرەر ئالتۇن ياستۇق قىزغۇت ئۆتۈنۈپ ئىدىققۇتقا بىر ئالتۇن ياستۇق كۆگۈرۈپ قوچو بالىق ئايغۇچىقا بىر كۈمۈش ياستۇق بىرىپ ئاغىر قىينقا تەگزۈنلەر» (ھېچكىم ئىنەچىگە ئېتىراز بىلدۈرمىسۇن. ئەگەر ئېتىراز بىلدۈرسە بۈيۈك قاغانغا بەش ئالتۇن ياستۇق، چوڭ-كىچىك شاھزادىلارغا بىردىن ئالتۇن ياستۇق جازا پۇلى تۆلەپ، ئىدىقۇتقا بىر ئالتۇن ياستۇق قالدۇرۇپ، قوچو شەھىرىنىڭ مەسلىھەتچىسىگە بىر كۆمۈش بېرىپ، ئېغىر جازاغا تارتىلسۇن.) (38).

ئېھتىمال بۇ ھۆججەتمۇ باشقا ھۆججەتلەردىن خېلى كېيىنكى بىر دەۋردە يېزىلغان بولسا كېرەك. Mi03 نومۇرلۇق مەزمۇنى ھەر خىل باشقا بىر ھۆججەتتە بىر كىشىنىڭ قۇلى يوقاپ كېتىدۇ. يوقاپ كەتكەن بۇ قۇلنىڭ جەسىتىنى باشقا بىر كىشى تېپىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى كىيىمىنى ئۆزىگە مال قىلىۋالىدۇ. بۇ كىيىم سەۋەبىدىن قۇلنىڭ خوجايىنى بىلەن قۇلنىڭ جەسىتىنى تاپقان كىشى ئوتتۇرىسىدا بىر پۈتۈم تۈزۈلىدۇ. نەتىجىدە بۇ پۈتۈمگە قۇلنىڭ خوجايىنى ئېتىراز بىلدۈرسە ئۇنىڭ بۈيۈك قاغانغا ئىككى ياستۇق، مىڭ بېگىگە بىر ياستۇق، لۈكچۈڭ داروغاچىغا يىگىرمە ياستۇق جازا پۇلى

تاپشۇرىدىغانلىقى ئىپادە قىلىنغان. يەنى <<... ئۇلۇغ سۇئۇكە ئىككى ياستۇق ئۆتۈنۈپ مىلى بەگكە بىر ياستۇق لۇكچۇڭ تارغۇتىڭا يارىم ياستۇق بىرىپ ئاغىر قىن تگىرمەن>> (... بۇيۇك قاغانغا ئىككى ياستۇق تاپشۇرۇپ، مىڭ بېگىگە بىر ياستۇق، لۇكچۇڭ شەھرىنىڭ دارۇغاچىغا يېرىم ياستۇق بېرىپ ئېغىر جازاغا تارتىلىشقا تەييارمەن) دېيىلگەن.

## تۆرە ھۆكۈملىرى بويىچە بېرىلگەن جازا

ئۇيغۇر كېلىشىملىرىدە رەسمىي جازالار بىلەن بىر قاتاردا ئۆرپ- ئادەت قانۇنىغا تايانغان تۆرە ھۆكۈملىرى بويىچە بېرىلىدىغان جازالارمۇ بار ئىدى. بۇ خىل جازالار خۇسۇسىي مەنپەئەت زىيانغا ئۇچرىغان ئەھۋالدا تامامەن ماددى زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشنى ئاساس قىلغان. تۆرە ھۆكۈملىرى بويىچە بېرىلگەن جازالار كۆپۈنچە قەرز بېرىش ۋە قەرز ئېلىش ھۆججەتلىرىدە، گۆرۈگە قويۇش ۋە ھېسابات ھۆججەتلىرىدە كۆرۈلىدۇ. <<ئىل ياڭىنچا>> ئىبارىسى تىلغا ئېلىنغان بۇ كېلىشىملەردە جازا نىسبىتى شەخسنىڭ تۇرۇشلۇق ئېلىدىكى تۆرە بويىچە بەلگىلەنگەن. بۇ خىل جازا ئىجرا قىلىنغاندا دۆلەتنىڭ ھېچقانداق بىر ئۈلۈش ئالمىغانلىقى مەلۇم. قەرز ئېلىش، گۆرۈگە قويۇش ۋە ھېسابات ھۆججەتلىرىدە ئۇچرايدىغان جازالار ئومۇمەن بىر خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇش بىلەن بىرلىكتە بەزى قىسمەن پەرقلىق تەرەپلەرمۇ بار ئىدى. مەسىلەن ، ئومۇمەن رەسمىي جازا تەدبىرلىرى يېزىلغان بالا بېقىۋېلىشقا ئائىت ھۆججەتلەرنىڭ بىرىدە جازانىڭ تۆرە بويىچە بېرىلىشى تەلەپ قىلىنغان. Ad03 نومۇرلۇق كېلىشىمدە بالا بېقىۋېلىشقا ئېتىراز بىلدۈرىدىغان كىشىلەر توغرىسىدا <<تۆرۈ يارغۇ يوسۇنې بىرلە ئاتا يازمىش يازۇققا تەگسۇن>>(تۆرە ھۆكۈملىرى بىلەن ئەجدادلار يازغان جازاغا تارتىلسۇن) دېگەن شەكىلدە يېزىلغان بىر ئىبارە ئۇچرايدۇ. كېلىشىمنىڭ تۈرىگە قاراپ جازالاشنىڭ ئاساسلىرى ۋە جازا ئىجرا قىلىش شەكىللىرى ھەر خىل بولغان. مەسىلەن، خاس قەرز مۇناسىۋەتلىرىگە ئالاقىدار بولغان ھۆججەتلەردە جازا تەدبىرلىرى سۈپىتىدە ئۆسۈم بەلگىلەنگەنلىكى دىققەتنى تارتىدۇ.

### A. قەرز ئېلىش ھۆججەتلىرى

ئۇيغۇر قانۇنىي ھۆججەتلىرى ئىچىدە سانى ئەڭ كۆپ بولغان تۈر قەرز ئېلىش ھۆججەتلىرىدۇر. بىز تەتقىق قىلغان 30 پارچە قەرز ئېلىش ھۆججىتىنىڭ(39) ئومۇمەن ھەممىسىدە جازانىڭ <<ئىل ياڭىنچا>>(ئىل قانۇنى، تۆرىسى بويىچە) يۈرگۈزۈلگەنلىكى كۆرۈلىدۇ. بۇ كېلىشىملەردىكى جازا تەدبىرلىرى بولسا قەرز ئېلىنغان بىر نەرسە قايتۇرۇپ بېرىلمىگەن ئەھۋالدا قەرز بەرگەن كىشىنىڭ زىيانغا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن قەرزدارنى ئىقرار قىلدۇرغۇچى بىر تەدبىر سۈپىتىدە يېزىلغان. بىز تەتقىق قىلغان قەرز ئېلىش كېلىشىملىرىدە ئۆرپ-ئادەت قانۇنى بويىچە كىشىنىڭ ئوخشاش تۈردىكى مالدىن ياكى باشقا مەھسۇلاتتىن ئۆسۈم نىسبىتى ھەر خىل بولغان جازانى ئۆتەيدىغانلىقى دىققەتنى تارتىدۇ. << لۈئۈ يېل ئەكىنتى ئاي بەش ئوتۇز-قا ماڭا تورچى- [ق] ا سۈچ [ئۈگ] -كە بۆز [كەر] گەك بولۇپ قايىمتو-تىن بىر يارىم بۆز ئالدىم كۈز ياڭي-تا ئوتۇزار تەنبىن سۈچۈگ-نى بىر قاپ بەرۈرمەن بەرمەدىم كەچۈر-سەر-مەن ئىل ياڭىنچا ئاسىغى بىلە كۆنى بەرۈرمەن>> (ئەجدەرھا يىلى ئىككىنچى ئاينىڭ يىگىرمە بەشىنچى كۈنى مەن تورچىغا شاراپقا تېگىشىشكە بۆز(پاختا رەخت) كېرەك بولۇپ قايىمتۇدىن بىر يېرىم بۆز ئالدىم كۈزنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇز تەنبىن شاراپنى بىر قاپ بېرىمەن. بەرمەي كېچىكتۈرسەم ئىل قانۇنى بويىچە ئۆسۈمى بىلەن قوشۇپ تولۇق بېرىمەن.)

كېلىشىملەردە قەرز ئېلىنغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشتە ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ ئومۇمەن يۇقىرى بولغانلىقى مەلۇم. كېلىشىملەردە يېزىلغان جازا سۈپىتىدىكى ئۆسۈمنىڭ نىسبىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئېنىق بىر ئىپادە يوق. بۇ ئېھتىمال كېلىشىم ھوقۇقىي جەھەتتىن ئۆزى تەۋە بولغان ئىل قانۇنى بويىچە ھەر خىل نىسبەتلەردە بولغان بولسا كېرەك:

| هۆججەت نومۇرى | قەرزنىڭ نومۇرى | قەرزنى قايتۇرۇش ۋە جازا تەدبىرلىرى |
|---|---|---|
| Lo06 | كىگىز | هەر بىر كىگىز ئۈچۈن 6 بۆز، هەر ئايلىق ئۆسۈمى 1 بۆز |
| Lo07 | 6ستىركۈمۈش | هەر ئايلىق ئۆسۈمى يېرىم باقىر كۈمۈش |
| Lo13 | 3 يېرىم بۆز | 7 قاپ بۆز بېرىش، بەرمىسە ئەل تۆرىسى بويىچە ئۆسۈمى بىلەن قوشۇ تاپشۇرۇش |
| Lo20 | 4 كۈرى تېرىق | 8 كۈرى تېرىق، بەرمىسە ئەل تۆرىسى بويىچە ئۆسۈمى بىلەن قوشۇپ تاپشۇرۇش |
| Lo27 | 12 باتىر كۈنجىت | 22 باتىر كۈنجىت، بەرمىسە ئەل تۆرىسى بويىچە ئۆسۈمى بىلەن قوشۇپ تاپشۇرۇش |
| Lo28 | 1 كۈرى كۈنجىت | 22 كۈرى كۈنجىت، بەرمىسە تۆرە هۆكۈملىرى بويىچە ئۆسۈمى بىلەن قوشۇپ تاپشۇرۇش |
| Lo29 | 4 تەڭ پاختا | 7 تەڭ كەپەز، بەرمىسە ئەل تۆرىسى بويىچە ئۆسۈمى بىلەن قوشۇپ تاپشۇرۇش |

تەدبىرى سۈپىتىدە ئۆسۈم تاپشۇرۇش تەلەپ قىلىنغان. Pl02 نومۇرلۇق گۆرۈگە قويۇشقا ئائىت بىر هۆججەتتىكى دىققەتنى تارتىدىغان خۇسۇس بولسا رەهنەگە قويۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەخسۇس بىر ياساقنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىدۇر. ئاشۇ هۆججەتتە مۇنداق يېزىلغان: <<مەنمەن سامبوقدۇ تۇتۇڭ بىرتكە ... بولمىشقا تون ئەتۈك ئاداق

باش بىرمەز-مەن ئەۋ تەگ يوغۇن ئىش ئىشلەتسەر مەن ئىل-نىڭ تۇتۇڭ ياڭىنچا بىرۇرمەن قالمىش تۇرۇشى ياڭى تۇتۇغ ياڭىنچا بولزۇن>> (مەن سامبوقدۇ تۇتۇڭ باجغا ... بولمىشقا تون، ئۆتۈك، ئاياغ، باش كىيىم بەرمەيمەن. ئەگەر ئۇنى ئۆينىڭ ئىگىسى-يىنىڭ ئىشلىرىغا سالسام ئېلنىڭ گۆرەگە قويۇش قانۇنى بويىچە بېرىمەن. قالغان تۇرمۇشى يېڭى گۆرە قانۇنى بويىچە بولسۇن.)

***نەتىجە***

ئومۇمەن ئۇيغۇر قانۇنىي هۆججەتلىرىدىكى

## *B. گۆرۈگە قويۇش هۆججەتلىرى*

گۆرۈگە قويۇش هۆججەتلىرىدىمۇ جازا تەدبىرلىرىنىڭ ئۆرپ- ئادەت پرىنسىپلىرى بويىچە تۈزۈلگەنلىكى مەلۇم (40). Pl01 نومۇرلۇق هۆججەتتە جازا جازا تەبىرلىرى كىشىلىك مەنپەئەت زىيانغا ئۇچرىغاندا، ماددى زىياننى ئۆسۈمى بىلەن تۆلەش ياكى دۆلەتكە تۆلەم تۆلەش شەكلىدە ئۇچرايدۇ. ئۆلۈم ۋە تاياق جازاسىغا ئوخشاش تېخىمۇ ئېغىر جازالارنى دۆلەتكە قارشى چىقىش جىنايەتلىرىدە ئۇچرىتىمىز. كىشىنىڭ ئالاهىدە مۈلۈك هوقۇقلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك خۇسۇسلاردا دەستلەپتە ئۆرپ-ئادەت قانۇنىدىكى تەدبىرلەرنىڭ كۈچكە ئىگە بولغانلىقىنى، كېيىنچە دۆلەتنىڭ تىزگىنلىشىدە بولغان جازا تەدبىرلىرىنىڭ ئومۇملاشقانلىقىنى بىلەلەيمىز. كېلىشىملەردىكى بۇ تەدبىرلەرنىڭ پەرقلىق

بولۇشى بىزگە يەنە بىر مەنىدە ئۇيغۇر جازا قانۇنىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنىمۇ ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ.

ئومۇمەن، جازا قانۇنى جەھەتتىن نەزەر تاشلىغاندا ئىقتىسادىي تۆلەمنىڭ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەسسە (خۇن تۆلەش) جەريانى بىلەن ئورۇندالغانلىقى كۆرۈلىدۇ. بولۇپمۇ بىرگە ئىككى نىسبەتتە خۇن ھەققى قايتۇرۇش بىلەن بىرلىكتە ھەر خىل ئۆسۈم نىسبىتىدە قايتۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۇيغۇر كېلىشىملىرىدە ئورۇن ئالغانلىقى كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ كېلىشىملەردە جازانى ئۆتىگەن كىشى كېلىشىمنى بۇزماقچى بولغان ئۈچىنچى كىشىلەردۇر. كېلىشىملەردىكى بۇ خىل جازالار بىۋاسىتە ئالدىنى ئېلىش ۋە نىيىتىدىن ياندۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان بولۇپ، بۇ ئەسلى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان كىشىنىڭ قارشى تەرەپكە كاپالەتلىك بېرىشى شەكلىدە كۆرۈلگەن.

ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن ئۇيغۇر ئېلىدە جازا قانۇنى جەھەتتىن بىردىنبىر ھوقۇقلۇق بولغىنى دۆلەت ئىدى. لېكىن، خەلق تەرىپىدىن يارىتىلغان، يازما ھالەتتە بولمىغان ئۆرپ-ئادەت قانۇنلىرىنىڭمۇ بۇ جازا قانۇنى ئىچىدە فونكسىيەلىك بىر ئورۇنغا ئىگە بولغانلىقىنى كۆرۈمىز. بولۇپمۇ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىملەر بۇزۇلغاندا مۇرەسسە جەريانىنىڭ مۇھىم رول ئوينىشى ۋە جازا تۆلىمىنىڭ دۆلەتكە ئەمەس، زىيانغا ئۇچرىغان كىشىگە تاپشۇرۇلۇشى دىققەتنى تارتىدۇ.

ئۇيغۇر ھۆججەتلىرىنىڭ بىر قىسمىدا جازا تۆلىمىنىڭ زىيانغا ئۇچرىغان كىشىگە ئەمەس، بەلكى دۆلەت ئورگانلىرىغا تاپشۇرۇلغانلىقى كۆرۈلىدۇ. قولىمىزدىكى مەۋجۇت كېلىشىملەرنىڭ تۈزۈلگەن ۋاقتىنىڭ پەرقلىق يىللارغا ۋە ئوخشىمىغان سىياسىي دەۋرلەرگە ئائىت بولۇشى ئوخشاش بىر ھەرىكەتتە پەرقلىق جازانىڭ تەدبىقلانغانلىقىنى كۆرۈشىمىزگە ئىمكانىيەت ياراتماقتا. مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردىكى كېلىشىملەردە يېزىلىشىچە، گۇناھنى سادىر قىلغان كىشى دەستلەپتە زىيانغا ئۇچرىغۇچىغا جازا ئۆتىگەن بولسا كېيىنچە زىيانغا ئۇچرىغۇچى بىلەن بىر قاتاردا دۆلەتكىمۇ جازا ئۆتەشكە باشلىغان. ئۇيغۇرلاردا دۆلەتنىڭ بۇ جازادىن ئۈلۈشكە ئېرىشىشى چىڭگىزخانغا قارام بولغاندىن كېيىن بولسا كېرەك. مەلۇم بولغىنىدەك، 1209 - يىلى ئۇيغۇرلار چىڭگىز ئىمپېراتورلۇقىغا تەۋە بولدى. چىڭگىز ئەۋلاتلىرى تارقالغان رايونلىرىدا دۆلەت مۇئەسسەسەسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ كۈچەيگەندىن كېيىنمۇ جازالاش ھوقۇقىنى دۆلەتنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇرغانىدى. رەسمىي جازانى ئۆتەشتە مەركەزدىكى بۈيۈك قاغان(ئۇلۇغ سۇئۇ) ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان. بىر قانچە ھۆججەتتە بۈيۈك قاغان ۋە ئۇنىڭ بەگلىرىدىن كېيىن ئىدىقۇتقا جازا تۆلىمى تاپشۇرۇلغانلىقى يېزىلغان. مەركەزدىكى چوڭ خانلىقنىڭ بۇ جازا تۆلىمىدىن بىر تۈرلۈك كىرىمگە ئېرىشكەنلىكىنىمۇ كۆرىمىز. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلاردىكى جازا تەدبىرلىرىنىڭ چىڭگىزخانغا ئەل بولغاندىن كېيىن ئۆزگەرگەنلىكىنى ئېيتىشىمىز مۇمكىن.

ئۇيغۇرلاردىكى جازانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان قانۇن سىستېمىسىنىڭ مەنبەسى مەسىلىسىنىڭ ئايرىم بىر تەتقىقات تېمىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇپ ئۆتتۇق. بۇ قانۇن چۈشەنچىسىنى شەكىللەندۈرگەن ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەت قانۇنى، بولۇپمۇ دۆلەتنى ئىدارە قىلغۇچىلار تۈزگەن قانۇنلار بىلەن بىر قاتاردا پۈتكۈل ئاسىيا ئەللىرى(خەنزۇ، ھىندى، موڭغۇل) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قانۇن سىستېمىسىنىڭمۇ تەسىرى بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش خاتا ئەمەس. مەنبەسى نېمە بولسا بولسۇن، يەرلەشكەن، مەدەنىي بىر جەمئىيەت ھاسىل قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ قانۇن سىستېمىسىنى ئىجتىمائىي ھاياتتا ئۇتتۇغلۇق بىر شەكىلدە تەدبىقلانغانلىقىنى مۇشۇ قانۇنىي ھۆججەتلەر ئېنىق كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

## ئىزاھلار :

(1) W. Radloff, *Uigurische Sprachdenkmäler, Materialien nach dem Tode des Verfassers mit Ergänzungen von S. Malov herausgegeben*, Leningrad 1928, S. VIII+305, mit 3 Tfln. (Reprit: Biblio Verlag, Osnabrück 1972); N. Yamada, *Sammlung uigurischer Kontrakte*. Hrsg. von Juten Oda, Peter Zieme, Hiroshi Umera und Takao Moriyasu, 1-3. Osaka 1993; Li Jingwei, *Tu Lu Fan Hui Gu Wen She Hui Jin Ji Wen Shu Yan Jiu*. Xinjiang Ren Min chu Ban She, Wulumuq, Ürumçi 1994; Muhemmetrehim Sayit, srapil Yusup, *Qadimqi Uygur Yeziqidiki Vesiqiler*, inca Halk Ne riyat, Urumçi 2000; Geng Shimin, *Studies of the Uighur Civil Documents*, Beijing 2006.

(2) Masao Mori, "A Study on Uygur Documents of Loans for Consumption", *Memoirs of the Research Department of the Toyo Bunko*, Vol. 20, 1961, s.113; Ayr ca bkz. Masao Mori "The Clause o Warrant in the Uigur Documents of Sale and Purchase", *Toyo Gakuho*, Vol. 44, No.2, Tokyo 1961, 1-23.

(3) Ferit, Ayiter, "Eski Türk Hususî Hukukuna ait baz notlar", *stanbul Üniversitesi, ktisat Fakültesi Mecmuas*, 11 (1949-1950), s. 418.

(4) Nobuo Yamada, *Sammlung uigurischer Kontrakte*. Hrsg. von Juten Oda, Peter Zieme, Hiroshi Umemura, Takao Moriyasu, Band 2, Osaka 1993, s.150-151.

(5) Nobuo Yamada, *Sammlung uigurischer Kontrakte*. Hrsg. von Juten Oda, Peter Zieme, Hiroshi Umemura, Takao Moriyasu, Band 2, Osaka 1993, s. 116-117.

(6) كلاۋسوننىڭ لۇغىتىدە(ED 975b) «يوسۇن» سۆزى «ئۇسۇل» ، «چارە» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. موڭغۇلچە «يوسۇن» سۆزى «ئادەت» ، «تۆرە» ، «نىزام» ، «تەرتىپ» دېگەنلىكتۇر(كوۋالېۋسكىي.III، 238). گ. دوئېرفېرنىڭ قارىشىچە، «يوسۇن» سۆزى «ئادەت» ، «تۆرە» دېگەن مەنىدە(TMEN ، IV ، 408). رادلوفنىڭ لۇغىتىدە «يوسۇن» سۆزى «قائىدە» ، «ئۇسۇل» دەپ شەرھىيلەنگەن. (RSI ، III ، 441). بۇ سۆز ھازىرمۇ داۋاملاشماقتا. ياقۇتچە «چوشۇن» ، سويوتچە «يوزۇ» ، قازاقچە «چوزۇق» سۆزى «ئۆرپ» ، «ئادەت» ، «تۆرە» دېگەن مەنىلەردە، شورچە «چوزاق» سۆزى «ئىشەنچ» ، «ئىمان» ، «دىن» ، «قانۇن» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. تاتارچىدا بولسا «يوسوق» سۆزى «ئۇيغۇن» ، «مۇناسىپ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ(VEWT، 202). بۇ سۆز ئالتۇن ئوردۇ خانلىقىغا ئائىت يارلىقلاردىمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. تۆۋەندىكى ئەسەرگە قاراڭ :

A. Melek Özyetgin, *Alt n Ordu, K r m ve Kazan Sahas na Ait Yarl k ve Bitiklerin Dil ve Üslûp ncelemesi ( nceleme-Metin-Tercüme-Notlar-Dizin-T pk bas m)*, Ankara: Türk Dil Kurumu Yay nlar , 1996, s.169.

(7) Yamada Lo15, TM 212, U5257, USp.29, Clark 13

(8) Nobuo Yamada, *Sammlung uigurischer Kontrakte*. Hrsg. von Juten Oda, Peter Zieme, Hiroshi Umemura, Takao Moriyasu, Band 2, Osaka 1993, s. 127-128.

(9) Giles, H.A., (1912). *Chinese-English Dictionary*, London. 12, 854. (ED940b) Clauson (1972).

(10) III, 361. Atalay(1985 - 1986).

(11)Reşit Rahmeti Arat, "Eski Türk Hukuk Vesikaları", *JSFOu*, No.65, Helsinki, 11-77 (= Türk Kültürü Araştırmaları, I-1, Ankara 1964, s. 49-51.

(12) USp.40 (T.I.T.M. 224 (101/016/R.40

(13) بۈگۈنكى كۈندە قولىمىزدا بار بولغان تۈركىيلەرنىڭ نۇپۇس ئىستاتىستىكىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنىڭ سانى ناھايىتى چەكلىك. رەشىد رەھمەتى ئاراتنىڭ بۇ تېما بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم ۋە كەڭ دائىرىلىك ئەسىرى «Eski Türk Hukuk Vesikalar» دە تىلغا ئالغان تۆت ھۆججەت(121/R41 ، 101/R40 ، 140a/055 ، 215/67) بۇ تېمىغا ئائىت قولىمىزدا بار بولغان بىردىنبىر ھۆججەتتۇر. ئاراتنىڭ ئەسىرىدە 121/R41 ، 101/R40 دېگەن نومۇردا ئېلان قىلىنغان ئىككى ھۆججەت رادلوفنىڭ «Uigurische Sprach-denkmäler» دېگەن ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر توپلىمىدىمۇ (1928: 57-59) بېرىلگەن. باش تەرىپى كەمتۈك بولغان ئىككى ھۆججەتنىڭ مەتنى بولسا تۇنجى قېتىم ئوسمان فىكرى سەرتكايا تەرىپىدىن تولۇقلىنىپ نەشر قىلىندى. تۆۋەندىكى ئەسەرلەرگە قاراڭ :

Osman Fikri Sertkaya, "Eski Uygur Türklerinden Hukuk Belgeleri Örnekleri", *Türklerde nsanî De erler ve nsan Haklar (Ba lang c ndan Osmanl Dönemine Kadar)*, Türk Kültürüne Hizmet Vakf Yay., stanbul 1992, s. 131-148; A. Melek Özyetgin, "Türklerde Nüfus Say m ve Bununla ilgili Kay tlar Üzerine", *V. Uluslararas Türk Dili Kurultay Bildirileri*, Türk Dil Kurumu Yay nlar , Ankara 2004, s. 2379-2394.

(14) باش تەرىپى كەمتۈك بولغان بۇ ھۆججەتنىڭ (TM 111 ، U5298؛ (153/4) R) دەستلەپكى نەشرى پېتېر زىئېمې تەرىپىدىن ئىشلەندى.
P. Zieme, 'Ein Uigurischen Familienregister aus Turfan', *Altorientalische Forschungen*, IX (1982), s. 263-267.

(15) Uematsu Tadashi, 'The Control of Chiang-nan in the Early Yuan', *Acta Asiatica*, 45, Tokyo 1983, s. 61. Ayr ca bkz. Ikeda On, 'T'ang Household Registers and Related Documents', Ed. Arthur F. Wright, Dennis Twitchett, *Perspectives on the T'ang*, New Haven-London 1973, s. 121-150.

(16) Nobuo Yamada, *Sammlung uigurischer Kontrakte*. Hrsg. von Juten Oda, Peter Zieme, Hiroshi Umemura, Takao Moriyasu, Band 2, Osaka 1993, s.138-141.

(17) Feda amil Ar k, "Eski Türk Ceza Hukukuna Dair Notlar, I. Suçlar ve Cezalar", *Tarih Ara t rmalar Dergisi 1995*, C. XVII, Say : 28, A.Ü. DTCF Tarih Bölümü, Ankara 1996, 20-21; Sadri Maksudi Arsal, *Türk Tarihi ve Hukuk*, stanbul: .Ü. Hukuk Fakültesi Yay nlar , 1947, s. 207.

(18) Aydın Zevkliler, Ayşe Havutçu, (2007). *Borçlar Hukuku, Özel Borç İlişkileri*, Ankara: Seçkin Yayınevi, 2007, s.123.

(19) Nobuo Yamada, *Sammlung uigurischer Kontrakte*. Hrsg. von Juten Oda, Peter Zieme, Hiroshi Umemura, Takao Moriyasu, Band 2, Osaka 1993, s.10-11.

(20) Nobuo Yamada, *Sammlung uigurischer Kontrakte*. Hrsg. von Juten Oda, Peter Zieme, Hiroshi Umemura, Takao Moriyasu, Band 2, Osaka 1993, s. 18-19.

(21) Nobuo Yamada, *A.g.e.*, s. 34-35.

(22) Nobuo Yamada, *A.g.e.*, s. 4-37.

(23) Nobuo Yamada, *A.g.e.*, s. 64-65.

(24) Bkz. Hiroshi Umemura " yaku-batsu nôkan mongon no aru Uiguru monco; tokuni sono sakusei ciki to nendai no kettei ni tsuite", *Tôyo Gaku-hô* 58/3-4, 1977, s. 01-40.

(25) Nobuo Yamada, *Sammlung uigurischer Kontrakte*. Hrsg. von Juten Oda, Peter Zieme, Hiroshi Umemura, Takao Moriyasu, Band 2, Osaka 1993, s. 25-26.

(26) Nobuo Yamada, *A.g.e.*, s.27-29.

(27) رەشىد رەھمەتى ئارات süü (خەنزۇچە dz'uo ، tsu، موڭغۇلچە su ~ su ، قالماقچە sü ) سۆزىنى تۈركچە «قۇت» سۆزىگە تەڭداش دەپ قاراپ، ئۇنىڭ «سائادەت»، «خان ئالىيلىرى» مەنىسىدە كەلگەنلىكىنى كۆرسەتكەن. تۆۋەندىكى ئەسەرلەرگە قاراڭ :
Re it Rahmeti Arat, *Eski Türk iiri*, Ankara: Türk Tarih Kurumu Yay nlar , 1991, s. 389; L.V. Clark, *Introduction to the Uyghur Civil Documents of East Turkestan (13-14th cc.)*, Dissertation of Indiana University (Bloomington), Ph.D., 1975, s. 14.

(28) Nobuo Yamada, *Sammlung uigurischer Kontrakte*. Hrsg. von Juten Oda, Peter Zieme, Hiroshi Umemura, Takao Moriyasu, Band 2, Osaka 1993, s.8-9.

(29) Nobuo Yamada, *Sammlung uigurischer Kontrakte*. Hrsg. von Juten Oda, Peter Zieme, Hiroshi Umemura, Takao Moriyasu, Band 2, Osaka 1993, s. 278.

(30) Nobuo Yamada, *A.g.e.*, s. 118-119.

(31) «قىزغۇت» - تۈركچە «قىز-» «خاپا بولماق» ، «ئاچچىقلانماق» ( ؟) مەنىسىدە كېلىدۇ. بۇ سۆز قانۇن ھۆججەتلىرىدىن باشقا UII ( 26، 24) دىمۇ «قىن قىزغۇت» شەكلىدە ئۇچرايدۇ( ED ، 681b ) . «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىمۇ بۇ سۆزگە ئېنىقلىما بېرىلگەن: «قىزغۇت - جازا، ئەزىيەت، ئازاپ. باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن جازا.» ( I ،451) . «جازا» مەنىسىدىكى «قىزغۇت» سۆزى (ئەردال، I، 313) ، «قىيىن» سۆزى بىلەن بىرلىكتە U II (20 ، 1 ۋە 26 ،24) ،U III ( 56، 7) ، BT(II، 1095) ۋە Maitr (81v2) دىمۇ ئۇچرايدۇ. ئەردال «قىزغۇت» نىڭ «قىزغۇر-» (ئىبرەت ئۈچۈن بېرىلىدىغان جازا) دېگەن پېئىل بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ (II، 749). ئەگەر بۇ سۆ «قىز» دېگەن پېئىل يىلتىزى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلسە سۆزنىڭ گەۋدىسىدىكى «-غ» نى چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىرلىكتە بۇ سۆزنى تۈزۈلۈش جەھەتتىن «بېشغۇر-» ، «بېشغۇت» ، «ياپغۇر- ياپغۇت» سۆزلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ.

(32) Nobuo Yamada, *A.g.e.*, s. 276.

(33) Nobuo Yamada, *Sammlung uigurischer Kontrakte*. Hrsg. von Juten Oda, Peter Zieme, Hiroshi Umemura, Takao Moriyasu, Band 2, Osaka 1993, s. 47-48.

(34) Nobuo Yamada, *A.g.e.*, s. 51-52.

(35) Nobuo Yamada, *A.g.e.*, s. 130-132.

(36) Nobuo Yamada, *Sammlung uigurischer Kontrakte*. Hrsg. von Juten Oda, Peter Zieme, Hiroshi Umemura, Takao Moriyasu, Band 2, Osaka 1993, s. 116-122.

(37) ۋەسىيەتنامە ھۆججەتلىرى ئۆچۈن تۇۋەندىكى ئەسەرگە قاراڭ:

Nobuo Yamada, *Sammlung uigurischer Kontrakte.* Hrsg. von Juten Oda, Peter Zieme, Hiroshi Umemura, Takao Moriyasu, Band 2, Osaka 1993, s. 134-144.

(38) ھەر خىل مەزمۇندىكى ھۆججەتلەر ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئەسەرگە قاراڭ :

(39) Nobuo Yamada, *Sammlung uigurischer Kontrakte.* Hrsg. von Juten Oda, Peter Zieme, Hiroshi Umemura, Takao Moriyasu, Band 2, Osaka 1993, s. 146-147, 149-150.

(39) ئۇيغۇر قەرىز ھۆججەتلىرى ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئەسەرگە قاراڭ :

Nobuo Yamada, *Sammlung uigurischer Kontrakte.* Hrsg. von Juten Oda, Peter Zieme, Hiroshi Umemura, Takao Moriyasu, Band 2, Osaka 1993, s. 86-113.

(40) رەھنە قويۇش ھۆججەتلىرى ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئەسەرگە قاراڭ

Nobuo Yamada, *Sammlung uigurischer Kontrakte.* Hrsg. von Juten Oda, Peter Zieme, Hiroshi Umemura, Takao Moriyasu, Band 2, Osaka 1993, s. 123-128.

## مەنبەلەر:


Allsen, Thomas T., (1983). "The Yuan Dynasty and the Uighurs of Turfan in the 13th Century", (Ed.) M. Rossabi, *China among Equals: The Middle Kingdom and its Neighbours, 10th-14th Century,* 243-280.

Arat, R.R. (1937). "Uygurca Yaz lar Aras nda", stanbul, 14s.+1 levha.

Arat, R.R. (1964). "Eski Turk Hukuk Vesikalar ", *JSFOu,* No.65, Helsinki, 11-77 (= Turk Kulturu Ara t rmalar , I-1, Ankara 1964, 5-53).

Arat, R.R., (1979). *Kutadgu Bilig III ndeks,* (Haz.: Kemal Eraslan, Osman F. Sertkaya, Nuri Yuce), stanbul.

Arat, R.R. (1991). *Eski Turk iiri,* Ankara: Turk Tarih Kurumu Yay nlar .

Ar k, Feda amil (1996). "Eski Turk Ceza Hukukuna Dair Notlar, I. Suçlar ve Cezalar", *Tarih Ara t rmalar Dergisi 1995,* C. XVII, Say : 28, A.Ü. DTCF Tarih Bölumu, Ankara, 1-50.

Arsal, Sadri Maksudi (1947). *Turk Tarihi ve Hukuk,* stanbul: .Ü. Hukuk Fakultesi Yay nlar .

Artuk, M.Emin, Ahmet Gökcen, A. Caner Yenidunya, (2007). *Ceza Hukuku, Özel Hukumler,* 8. Bask , Ankara: Turhan Kitabevi.

Atalay, Besim (1985-1986). *Divanu Lugati't-Turk Tercumesi,* C. I-IV, Ankara: Turk Dil Kurumu Yay nlar .

Ayiter, Ferit, (1950). "Eski Turk Hususî Hukukuna ait baz notlar", *stanbul Üniversitesi, ktisat Fakultesi Mecmuas* , 11 (1949-1950), 417-436.

Cafero lu, Ahmet (1993). *Eski Uygur Turkçesi Sözlu u,* stanbul.

Cafero lu, Ahmet, (1931). *Abû Hayyân, Kitâb al-idrâk li lisân al-Atrâk,* stanbul.

Clark, Larry V. (1975). *Introduction to the Uyghur Civil Documents of East Turkestan (13th - 14th cc.),* Dissertation of Indiana University (Bloomington), Ph.D.

Clauson, Sir Gerard (1972). *An Etymological Dictionary of Pre-thirteenth-Century Turkish,* Oxford.

DLT: Bkz. Atalay (1985-1986).

Doerfer, G., (1963-75). *Turkische und Mongolische Elemente im Neupersischen,* I-IV, Wiesbaden.

ED: Bkz. Clauson (1972).

Erdal, Marcel (1991). *Old Turkic Word Formation, A Functional Approach to the Lexicon,* Vol. I-II, Wiesbaden.

Giles, H.A., (1912). *Chinese-English Dictionary,* London.

Ikeda On (1973). 'T'ang Household Registers and Related Documents', Ed. Arthur F. Wright, Dennis Twitchett, *Perspectives on the T'ang,* New Haven-London 1973, p. 121-150.

zgi, Özkan, (1987). *Uygurlar n Siyasî ve Kulturel Tarihi (Hukuk Vesikalar na Göre),* Turk Kulturunu Ara t rma Enstitusu Yay nlar : Ankara.

Jingwei, Li (1994). *Tu Lu Fan Hui Gu Wen She Hui Jin Ji Wen Shu Yan Jiu.* Xinjiang Ren Min chu Ban She, Wulumuq , Ürumçi. (JW)

K : Bkz. Cafero lu (1931).

KB: Bkz. Arat 1979.

Kovalevskiy, J.E. (1844_49). *Mongol'sko_Russko_Frantsuzskiy Slovar'* (Dictionnaire Mongol_Russe_Français), 3.t., Kazan.

Mori, Masao (1961). "The Clause of Warrant in the Uigur Documents of Sale and Purchase", *Toyo Gakuho*, Vol. 44, No.2, Tokyo, p. 1_23.

Mori, Masao (1961). "A Study on Uygur Documents of Loans for Consumption", *Memoirs of the Research Department of the Toyo Bunko*, Vol. 20.

Özyetgin, A. Melek (1996). *Alt n Ordu, K r m ve Kazan Sahas na Ait Yarl k ve Bitiklerin Dil ve Üslûp ncelemesi ( nceleme_Metin_Tercume_Notlar_Dizin_T pk bas m)*, Ankara: Turk Dil Kurumu Yay nlar .

Özyetgin, A. Melek (2004). "Turklerde Nufus Say m ve Bununla ilgili Kay tlar Üzerine", *V. Uluslararas Turk Dili Kurultay Bildirileri*, Turk Dil Kurumu Yay nlar , Ankara 2004, 2379_2394.

Özyetgin, A. Melek (2005), *Orta Zaman Turk Dili ve Kulturu Üzerine ncelemeler*, Ötuken Yay nevi: Ankara.

Radloff, W., (1928). *Uigurische Sprachdenkmäler, Materialien nach dem Tode des Verfassers mit Ergänzungen von S. Malov herausgegeben*, Leningrad 1928, S. VIII+305, mit 3 Tfln.

Radloff, W., *Versuch eines Wörterbuches der Turk_Dialecte Op t slovarya tyurkskix nareçiy)*, 4c., Sankt_peterburg 1893_1911.

RSl.: Bkz. Radloff 1893_1911.

Räsänen, M., (1969). *Versuch eines etymologischen Wörterbuchs der Turksprachen*, Helsinki.

Sertkaya, Nuri Yuce), Turk Kulturunu Ara t rma Enstitusu Yay nlar : Ankara.

Sertkaya, Osman Fikri (1992). "Eski Uygur Turklerinden Hukuk Belgeleri Örnekleri", *Turklerde nsanî De erler ve nsan Haklar (Ba lang c ndan Osmanl Dönemine Kadar)*, Turk Kulturune Hizmet Vakf Yay., stanbul, p. 131_148.

Tadashi, Uematsu (1983). 'The Control of Chiang_nan in the Early Yuan', *Acta Asiatica*, 45, Tokyo.

TMEN: Bkz. Doerfer.

Umemura, Hiroshi (1977). " yaku_batsu nôkan mongon no aru Uiguru monco; tokuni sono sakusei ciki to nendai no kettei ni tsuite", *Tôyo Gaku_hô* 58/3_4, pp. 01_40.

USp.: Bkz. Radloff (1928).

VEWT: Bkz. Räsänen (1969).

Yamada, Nobuo (1964). "Uigur document of sale and loan contracts brought by Ötani Expeditions", *Memoirs of the Research Department of the Toyo Bunko*, No. 23, Tokyo 1967, 71_118.

Yamada, Nobuo (1965). "The Form Of The Uighur Documents of Loan Contracts", *Memoirs of the Faculty of Letters*, saka University, XI, 1965, 87_216.

Yamada, Nobuo (1972). "Uighur Documents of Slaves and Adopted Sons", *Memoirs of Faculty of Letters, saka University*, XVI, 161_268.

Yamada, Nobuo (1981). "An Uighur Document for the Emancipation of a Slave, Revised", *Journal Asiatique* 269: ½, 373_383.

Yamada, Nobuo (1993). *Sammlung uigurischer Kontrakte*. Hrsg. von Juten Oda, Peter Zieme, Hiroshi Umemura, Takao Moriyasu, . v.1_3. Osaka.

Zevkliler, Ayd n, Ay e Havutçu, (2007). *Borçlar Hukuku, Özel Borç li kileri*, Ankara: Seçkin Yay nevi.

Zieme, Peter (1982) 'Ein Uigurischen Familienregister aus Turfan', *Altorientalische Forschungen*, IX (1982), 263_267.

(ئۇيغۇر چىلاشتۇرغۇچى ئۇرۇمچى شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە)
تەھرىرلىگۈچى:ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

ئا. مەلەك ئۆزيەتگىن

# ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ دۆلەت ئەنئەنىسىدىكى ئۇيغۇر ئىزلىرى

تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئۆمەرجان نۇرى.

## 1. باشلىما

چۈشەنگىلى بولمىدى. بۇ مەسىلىنى بىرتەرەپ قىلىش ئۈچۈن، ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ مەدەنىيەت ئاساسىنى قۇرۇپ بەرگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە يالۋۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىدا قوللانغان بۇ ئاتالغۇلار پەقەت تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ يۇقراۋىي هۆججەتلىرىدە ئۇچرايدۇ. بۇ هۆججەتلەر قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، قانۇنىي، ئىقتىسادىي ئەهۋالىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىپلا قالماي، ئىجتىمائىي ۋە تىل تارىخى نۇقتىسىدىن مول ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

مەدەنىيەت ئىگىسى بولغان ئۇيغۇرلار چىڭگىزخاننىڭ دەۋرىدىن باشلاپ موڭغۇل ئۇلۇسىنىڭ ئەنئەنىسىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتە مۇهىم تۆهپىلەرنى قوشقان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرى بولسا چىڭگىزخان دەۋرىدىكى ئەنئەنەلەرنىڭ داۋامى قاتارىدا قوبۇل قىلىنغان. ئۇيغۇرلار يايلاق خەلقلىرى ئارىسىدا مەدەنىيەت تارقاتقۇچىلىق رولىنى ئويناپ، موڭغۇل قەبىلىلىرىگە ئېستۇرىئان ۋە بۇددا دىنىنى تارقاتقان. ئۇيغۇر تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيادا، چىڭگىزخانغا تەۋە زېمىنلاردا ئۆزىنى نامايەن قىلىپ تۇرغان ۋە بۇ تەسىر ئۆزىنى ئۆزلۈكسىز يېيىلىپ تۇرغان.

1209 ـ يىلى بارچۇق ئارتتېكىن چىڭگىزخانغا تەۋەلىك بىلدۈرگەندىن كېيىن، موڭغۇللارغا هەربىي، ئىقتىسادىي جەهەتتىن ياردەم بەردى. ئەينى چاغدا تەرەققىي قىلغان

هازىرغىچە ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيىتى هەققىدە تولۇق تەتقىقات مەيدانغا كەلمىدى. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىدىغان ماتېرىياللار ناهايىتى ئاز بولۇپ، تەتقىق قىلىشقا يارايدىغان بىرنەچچە پارچە يارلىغ بار. بۇ يارلىغلارنى تارىخ نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، تىل ـ ئەدەبىيات نۇقتىسىدىنمۇ تەتقىق قىلىش كېرەك. بۇ يارلىغلارنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا بەزى ئاتالغۇلارنى ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىدا نېمە مەنىدە قوللانغانلىقىنى تولۇق چۈشەنگىلى بولمىدى. ۋە خېلى مەدەنىي جامائەت هېسابلىنىدىغان ئۇيغۇرلار موڭغۇللارغا تۇنجى بولۇپ تەۋە بولغاندىن كېيىن چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ هاكىمىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ۋە مەدەنىي باشقۇرۇش قائىدىلىرىنى قوبۇل قىلىپ جىق پايدا تاپتى. تاتاتۇڭانىڭ ئۇيغۇر يېزىقىنى موڭغۇللارغا ئۆگىتىشى[1] ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت نوپۇزىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. ئۇيغۇرلار ئىلگىرى خىتانلارغا دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنى ئۆگەتكەندە، ئۇيغۇر يېزىقىنىمۇ ئۆگىتىپ قويغانىكەن[2]. يېزىقنىڭ مۇهىملىقى بىلەن ئۇيغۇرلار موڭغۇللارنىڭ هۆكۈمران سىنىپىنى تەربىيەلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىش بىلەن بىرگە تەشكىلاتچى، باشقۇرغۇچىلىق سالاهىيىتى ۋە تەربىيە كۆرگەن، قابىلىيىتى بىلەن موڭغۇللارنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىدا مۇهىم رول ئوينىغان[3]. چىڭگىزخان هاكىمىيىتىنىڭ مۇهىم دەۋر نۇقتىسى بولغان 1205 ـ 1210 ـ يىللاردا،

ھاكىمىيەت مەركىزى قۇرۇلۇپ، ئەسكىرى ۋە ئىجتىمائى تەشكىلاتلار يېڭىدىن مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ قۇرۇلىدۇ. چىڭگىزخان ھاكىمىيىتىدىكى بۇ تۈنجى ئۆزگىرىشلەر ئۇيغۇرلارنىڭ سايىسىدە، ئەسكىرى ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ بەرگەنلىكى بىلەن ۋۇجۇتقا چىقىدۇ[4].

13ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا قارا قۇرۇمدىكى موڭغۇل ئوردىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرى ناھىيىتى كۈچلۈك ئىدى. ئۆگۈدەي خان تۈركلەردىكى «قاغان» ئۇنۋانى بىلەن تەختكە چىققان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى قوللانغان. شۇڭا ئوردىغا ئۇيغۇرلاردىن تاللانغان ئۇستاز، ئەمەلدار ۋە مەسلىھەتچىلەرنى ئېلىشقا باشلىغان. بۇنىڭ بىلەن بىللە، 1235ـ 1250 ـ يىللار ئارىسىدا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ «ئورتاق» دەپ ئاتىلىدىغان شىركەتلىرى شىمالى جوڭگودىن غەربى ياۋروپاغىچە موڭغۇللار تەۋەلىكىدە تىجارەت قىلىشقا باشلىغان. «ئورتاق» دەپ ئاتىلىدىغان شىركەتلەرنىڭ خادىملىرى دۆلەتنىڭ ئەلچىسىدەك ئەمەل بىلەن، ھەتتا «دارۇغاچ»لىق ئۇنۋانى بىلەن باج يىغىش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئالغانىدى. موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ئىشلىگەنلەرنىڭ ئىچىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ ئىدى. پەقەت ئۇيغۇر مەسلىھەتچىلەردىنلا 158 كىشىنىڭ بارلىقى خاتىرىلەنگەن[5].

موڭغۇل خانلىقلىرى ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە تەشكىلىي جەھەتتە كەڭ كۆلەمدە تەسىر كۆرسەتكەن خانلىقلار بولسا چاغاتاي ۋە ئالتۇن ئوردا خانلىقىدۇر. چاغاتاي خانلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ زىمىنىدا قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئاسارىتىدە قالغان، ئىلخانىيە بولسا تۈرك، ئەرەب، پارسلارنىڭ تەسىرىدە ئۆزگىچە دۆلەت ئەنئەنىسى شەكىللەندۈرگەن. ئالتۇن ئوردا خانلىقى بولسا يايلاق خاراكتېرىدىكى تۈركى خەلقلەردىن تەركىپ تاپقان «دەشتى قىپچاق»، تا قۇرۇلغاچقا، دۆلەت تەشكىلاتى تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشاشتى[6].

ئالتۇن ئوردا خانلىقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە بولۇش بىلەن بىرگە، ئىقتىسادى جەھەتتە ياۋرۇپادىن پايدىلانغان بولىسمۇ، مەدەنىيەت جەھەتتە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئىچىدە ياشىغان. شۇڭا، ئالتۇن ئوردا خانلىقى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى يېزىق ۋە ئالاقە ئەنئەنىسى بىلەن ئىقتىسادى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىدا سېلىشتۇرىمىز.

## 2. ئالتۇن ئوردا خانلىقى بىلەن ئۇيغۇرلاردىكى ئورتاق تەشكىلىي قۇرۇلمىلارغا بىر نەزەر

### *1. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ئالاقە ئەنئەنىسىدىكى ئۇيغۇر ئىزلىرى*

موڭغۇللار يېزىقنى ئۇيغۇرلاردىن ئۆگەنگەن بولغاچقا خەت ـ ئالاقە ۋە تىزىملاش ئەنئەنىسىنىمۇ ئۇيغۇرلاردىن ئۆگەنگەن، ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ خەت ـ ئالاقە ئەنئەنىسى موڭغۇل خانلىقىدىن، يەنى يىلتىزى بولغان ئۇيغۇرلاردىن كەلگەن[7].

ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ئالاقە ئەنئەنىسى ئۇيغۇرلارنىڭ خەت ـ ئالاقە ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن. ئىسلامىي دۆلەت بولغان ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىكى خەت ـ ئالاقىدە ئەرەب يېزىقىنىڭ يېنىغا (قەدىمكى) ئۇيغۇر يېزىقىنى قوشۇپ يېزىشمۇ كاتىپخانىلەردىكى «شۆھرەتلىك يېزىق»نىڭ ھۆرمەت يۈزىسىدىن كۆپ قوللىنىلاتتى. دىپلوماتىيە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىرمۇنچە ئاتالغۇ ئۇيغۇرلاردىن كەلگەنىدى. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ كاتىپخانىلىرىدىكى ئەڭ مۇھىم ئاتالغۇلارنىڭ بىرى بولغان «يارلىغ»، «بىتىگ» ئۇيغۇرلارنىڭ پۇقراۋىي ھۆججەتلىرىدىمۇ ئالاھىدىرەك قوللىنىلىدىغانلىقى ئىسپاتلانماقتا.

بىز ئۇيغۇرلارنىڭ پۇقراۋىي ھۆججەتلىرىدىنمۇ دۆلەت ياكى جامائەت ئىچىدىكى خەت ـ ئالاقىلار تۈرى ۋە ئۇسلۇبى جەھەتتىن جىق تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرىۋالالايمىز. ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ بىر قىسمى بىلەن زامانداش ھېسابلىنىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ پۇقراۋىي ھۆججەتلەر ئارىسىدا ئالتۇن ئوردا خانلىقى تارخانلار ئۈچۈن بېرىلگەن «يارلىغ» ئاتالغۇسى بىلەن سېلىشتۇرىدىغان ئاز ساندىكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردىكى «يارلىغ»، «ئۇلام يارلىغ»،

«بىر تۇرۇ يارلىغ» ، «تۇتا تۇرغۇ يارلىغ » ، «بىتىگ» ، «تۇتا تۇرغۇ بىتىگ» ئىبارىلىرى ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيغۇرچە پۇقراۋىي ھۆججەتلەر ئىچىدە، بولۇپمۇ باج تۆلەش بۇيرۇقى ئۇسلۇبىدىكى ھۆججەتلەردىمۇ «يارلىغ» ئاتالغۇسى ئۇچرايدۇ. ئىستىلىستىك جەھەتتىن ۋە مەزمۇن ھەم تەييارلاش ئۇسلۇبى جەھەتتىن «يارلىغ» ئاتالغۇسىنىڭ قوللىنىشىدا پەرقلەر بارلىقىنى بايقايمىز . «يارلىغ» نىڭ ئۇسلۇپ ئالاھىدىلىكلىرى ئۇيغۇرچە پۇقراۋىي ھۆججەتلەردىكى ئۇسلۇپ بىلەن ئوخشاش قوللىنىلغان .

ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ «يارلىغ» ۋە «بىتىگ» لەرگە باسىدىغان تامغىلىرى قىزىل رەڭدە بېسىلىدىغان بولۇپ[*] شەكلى ئۇيغۇرلارنىڭ تۆت بۇرجەكلىك تامغىسىغا ئوخشايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا تىزىملاش ئەنئەنىسىدە ئۇيغۇرلاردا «ئۇلۇغ دەپتەر» دېگەن ئاتالغۇ ئۇچرايدۇ[*]. بۇ چىڭگىزخان دەۋرىدە «كۆكۆ دەپتەر» دەپ ئاتىلىپ خانزادە ۋە سانغۇنلارغا بېرىلگەن سۈيۇرغاللار تىزىملانغان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىدا بۇ تۈزۈم نوپۇس ۋە باج ئۈچۈن قوللىنىلغان . بۇنداق نوپۇس تىزىملىرى[*] ئۇيغۇرلاردا باسما ھالەتتە ساقلانغان.

## *2. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدىكى ئۇيغۇر ئىزلىرى*

1. تىجارەت:

ئۇيغۇرلارنىڭ «ئورتاق» دەپ ئاتىلىدىغان تەشكىلاتى (ياكى شىركىتى) 13 ـ 14ـ ئەسىرلەردە شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدا تىجارەتنى كېڭەيتىش ۋە ماسلاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان. بۇنداق «ئورتاق» تەشكىلاتى ئالتۇن ئوردا خانلىقىدا «بازىرغان» دېگەن تەڭ مەنىدىكى سۆز بىلەن مەۋجۇت بولغان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا ئائىت مەنبەلەردە «ئورتاق» سۆزى تەۋەلىكىدىكى پارس سودىگەرلىرىگە قارىتىلغان بولۇپ، بۇ سۆزنى خەلقئارالىق تىجارەت قىلىدىغان سودىگەرلەرگە قارىتا ھەم قوللانغان. بۇنىڭدىن «ئورتاق» نامىدا تىجارەت قىلىدىغان سودىگەرلەرنىڭ موڭغۇللار تەۋەسىدە قانچىلىك مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى كۆرىۋالالايمىز[*].

2. باجلار:

ئالتۇن ئوردا خانلىقى تەۋەسىدە قوللىنىلغان باج ئاتالغۇلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە ئۇچرايدۇ. ھەر ئىككى خانلىقتا ئورتاق قوللىنىلغان ئاتالغۇلاردىن «ئالبان» ، «قالان» ، «سالىغ» ، «ياساق» ، «تۇتۇن» ھەم خىزمەت ۋە ۋەزىپە ئاتالغۇلىرىدىن «چەرىگ» ، «قولۇش قولتقا» ، «ئۇلاغ» قاتارلىق ئورتاق ئاتالغۇلار قوللىنىلغان.

ئالبان: موڭغۇللاردا دېھقانلارغا قويۇلغان ھاشارنىڭ ئومۇمى نامى بولۇپ، ئالتۇن ئوردا خانلىقى تەۋەسىدە «ئومۇمى باج» مەنىسىدە قوللىنىلغان[*]. ئىلگىرى ئۇيغۇرلارمۇ «قالان- يەر بېجى» ، «قاۋۇت- مەھسۇلات بېجى» ، «تۇتۇن- ئۆينى بىرلىك قىلىپ ئالىدىغان باج» ، «كابىن- تويلۇق بېجى» قاتارلىق باجلار ئۈچۈن قوللانغان ئورتاق باج نامىدۇر.

سالىغ: ئەسلى ئۇيغۇرلاردا يەر ئىگىسى باغ ئورنىغا ھۆكۈمەتكە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان سېلىغ باج بولۇپ، ئالتۇن ئوردا خانلىقى تەۋەسىدىمۇ ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلغان.

ياساق: ئۇيغۇرلاردا «ئومۇمى باج» مەنىسىدە قوللىنىلغان. ئالتۇن ئوردا خانلىقى تەۋەسىدە بولسا مەھسۇلاتنىڭ ئوندىن بىرىدىن ئېلىنىدىغان ۋە بويسۇندۇرۇلغان قەۋملەردىن ئېلىنىدىغان باج قىلىپ بېكىتىلگەن .

3. خىزمەت ۋە ۋەزىپىلەر

شەخسلەرنىڭ دۆلەتكە ۋەزىپە ئۆتەپ بېرىش ئورنىغا پۇل ياكى مال بېرىش يولى بىلەن ئورۇنلايدىغان خىزمەت ۋەزىپىسىدۇر. ئۇيغۇرلار بىلەن ئالتۇن ئوردا خانلىقىدا ئورتاق قوللىنىلغان ئاتالغۇلاردىن تۆۋەندىكىلەر بار .

چەرىگ: ئۇيغۇرلاردا «ئەسكەرلىك خىزمىتى» مەنىسىدە قوللىنىلغان بولۇپ، ئالتۇن ئوردا خانلىقى تەۋەسىدىمۇ ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلغان.

قولۇش: ئۇيغۇرلاردا «خانلىقنىڭ ئەلچى ياكى ئەمەلدارلىرى سەپەرگە چىققاندە پۇقرالار

تەمسىلەپ بېرىشكە تىگىشلىك ئات - يەم ۋە لازىمەتلىكلەرنىڭ ئومۇمى نامى› مەنىسىدە قوللىنىلغان بولۇپ، ئالتۇن ئوردا خانلىقى تەۋەسىدىمۇ ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلغان.

ئۇلاغ: ئۇيغۇرلاردا ‹پوقرالار ھۆكۈمەتكە بېرىشكە تېگىشلىك ئات ياكى مىنگۈلۈك› مەنىسىدە قوللىنىلغان بولۇپ، ئالتۇن ئوردا خانلىقى تەۋەسىدىمۇ ‹پوچتا، خەۋەر يەتكۈزۈش ۋە دۆلەت خىزمىتى ئۆتەۋاتقان كىشى خالىغان كىشىنىڭ ئۆيىدىن خالىغان ھايۋاننى ئېلىش ۋە پايدىلىنىش ھوقۇقى بار› دېگەن قانۇنىي مەنىدە قوللىنىلغان.

خۇلاسىلىغاندا، ئۇيغۇرلار بىلەن ئالتۇن ئوردا خانلىقى ئارىسىدا سېلىشتۇرغۇدەك مەنبەلەر ناھىيىتى كۆپ، شۇڭا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ھەققىدە تارىخ يازماقچى بولغاندا، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيىتىگە تايانغاندا تېخىمۇ قانائەتلەنگۈدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشەلەيمىز.

[1] ÖGEL, Bahaeddin, " *Sino-Turcica, Çingiz Han' n Türk Müşavirleri*", stanbul.

[2] ÖGEL, Bahaeddin, *"Türk Kültürünün Geli me Ça lar"*, stanbul, 1971.

[3] ALLSEN, Thomas: "The Yuan Dynasty and Uigurs of in the 13th Century". M. Rossabi, *China among Equals The Middile Kingdom and its Neighbours, 10th-14th Century*, 1983, 266-167.

[4] RACHEW LTZ, gorde, "Turks in China under the Mong ls, A Preliminary nvestigation of Turco-Mongol Relations in the 13th-14th Centturies". M. Rossabi, China among Equals The Middle Kingdom and its Neighbours, 13th-14th Century, 1983, 283.

[5] RACHEW LTZ, gorde, "Turks in China under the Mong ls, A Preliminary nvestigation of Turco-Mongol Relations in the 13th-14th Centturies". M. Rossabi, China among Equals The Middle Kingdom and its Neighbours, 13th-14th Century, 1983, 284-285.

[6] يۇقىرىقى ئەسەرگە قاراڭ.

[7] KAFALI, Mustafa, "*Alt n Orda Hanl n n Kurulu ve Yükseli Devirleri*", stanbul Üniversitesi Edebiyat Fakültesi Yay n no:20085, Edebiyat Fakültesi Matbaas , stanbul. 1975. 116.

[8] VASARY, stvan, *"Az Arany Horda Kancellar iaya"*, Keleti Eetekezesek 3, Körös Csoma Tarsasag, Budapest 1987, 67. USMANOV, M, A, *"Jalovannie Akt Djuvieva Ul sa XIV-XVI vv"*, zdatel'stvo Kazanskogo Universiteta Kazan 1979. ÖZYETG N, A, Melek, *"Alt n Orda Hanl n n Resmi Yaz ma Gelene i"*, Türkler, Yeni Türkiye Yay nlar , C 8, Ankara, 1002, 819-830.

[9] VASARY, stvan, *"Az Arany Horda Kancellar iaya"*, Keleti Eetekezesek 3, Körösi Csoma Tarsasag, Budapest 1987, 67. USMANOV, M, A, *"Jalovannie Akt Djuvieva Ul sa XIV-XVI vv"*, zdatel'stvo Kazanskogo Universiteta. Kazan. 1979.

[10] ÖZYETG N, A, Melek: *"Türklerde Nüfüs Say m ve Bununla lgili Kay tlar Üzerine"*, V. Uluslararas Türk Dil ve Kurultay Bildirileri-II (20-26 Eylül 2004), Ankara, 2379-2394.

[11] ALLSEN, Thoma :" Mongol Census Taking in Rus", 1245-1275, *Harvard Ukrainian Studies* 5/1, 1981, 32-53 .PELL OT, P, "*Les kökö-dabtar et les hou-k'eou ts'ing-ts'eu*". T'ong Pao, XXVII (1930), 195-198. ÖZYETG N, A, Melek: *"Türklerde Nüfüs Say m ve Bununla lgili Kay tlar Üzerine"*, V. Uluslararas Türk Dil ve Kurultay Bildirileri-II (20-26 Eylül 2004), Ankara, 2379-2394.

[12] TOGAN ARIVANLI, senbike, "*Mo ullar Devrinde Çin'de Ticaret ve Ortak* Tüccarlar", Toplum ve Bilim, 25/26 Bahar-Yaz. 1984, 71-90.

( 2005 - يىلى خەلقئارالىق ‹ئالتۇن ئوردا خانلىقى ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى› مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان، ئىستانبۇل)

(تەرجىمان : خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتى)

تەھرىرلىگۈچى:ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# «تۇرپان مۇقاملىرى» ۋە «خەلق ناخشىلىرى» ئۈستىدە تەتقىقات

يۈسۈپ ئەھمەدى

تۇرپان مۇقاملىرى - ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇرپان، پىچان، توقسۇن رايونلىرىدا خەلق تەرىپىدىن ئاپىرىدە قىلىنغان، كەڭ تارقالغان ۋە شۇ يۇرتلاردا ئەۋلاتتىن-ئەۋلادقا ئېيتىلىپ داۋاملىشىپ كەلگەن ئىنتايىن قىممەتلىك تارىخىي مەدەنى مىراس. ئۇنى قوغداش، تەتقىق قىلىش، تەشۋىق قىلىش، سۈپەت جەھەتتىن تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش، كۆپلەپ ئىز باسار يېتىشتۈرۈش، مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئاراغا تونۇتۇش، يۈزلەندۈرۈش، تېخىمۇ مۇكەممەللىككە ئىگە قىلىپ نۇرلاندۇرۇش- نۆۋەتتە تۇرپاندىكى رەھبەرلىك ۋە مۇقامچىلار، سەنئەتكارلار، قەلەم ئىگىلىرىنىڭ مۇھىم بىر ۋەزىپىسى بولۇپ تۇرماقتا.

1999 - يىلى رەتلەنگەن، مۇقىملاشتۇرۇلغان، تېكىستلىرى بىلەن مۇزىكىسى ياخشى بىرلەشتۈرۈلگەن، خەلقئارا نوتا بىلەن رەقەملىك ئاددىي نوتىسى تەڭ ئېلىنغان، چوڭ ھەجىملىك قامۇس «تۇرپان موقاملىرى» كىتابى تارىختا تۇنجى قېتىم بېيجىڭدا نەشر قىلىنىپ ئاشكارا تارقىتىلدى. بۇ ئالەمشۇمۇل چوڭ ئىش بولدى، رەھبىرىمىز تۆمۈر داۋامەت بۇ كىتابقا يازغان «مۇقەددىمە» سۆزىدە مۇنداق دېگەن: «بىزنىڭ مۇقاملارنى، رەتلەپ تەتقىق قىلىشىمىزدىن مەقسەت - مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل مۇزىكا، ئۇسسۇل ئەنئەنىسىنى ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە تونۇشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادتىن -ئەۋلادقا قالدۇرۇشتىن ئىبارەت.... بىز مۇقاملارنى قۇتقۇزغان ۋاقتىمىزدا، بۇ بۈيۈك مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ھازىرقى زامان سەنئىتىنىڭ بۆلىقى سۈپىتىدە قەدىرلىشىمىز، ئۆگىنىشىمىز، تەتقىق قىلىشىمىز ۋە ئىجادى داۋاملاشتۇرىشىمىز، ئۇنى يېڭى دەۋر سەنئەت ئىجادىيىتى ئۈچۈن ماتېرىيال قىلىپ، نۇرلاندۇرىشىمىز لازىم.» دېگەن ئىدى.

1999 - يىلى «تۇرپان مۇقاملىرى»ناملىق بۇ كىتاب نەشردىن چىققىلى 12 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، بىرەر قېتىم، مۇلاھىزە، تەتقىقات قىلىنغان بىر-ئىككى پارچە ماقالىنى كۆرگىلى بولمىدى.

پەقىر 1967 - يىلىدىن 1977 - يىلغىچە تۇرپاندا ئوقۇتقۇچى ۋە سەنئەت ئۆمىكىدە مۇزىكانت بولۇپ ئىشلىگەنلىكىم ئۈچۈن تۇرپانغا بولغان مۇھەببىتىم چوڭقۇر ، بىر پېشقەدەم مۇزىكانت، مۇقام ھەۋەسكارى ۋە مۇقام تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن «تۇرپان مۇقاملىرى» ناملىق كىتابنى بىرقانچە قېتىم ئەستايىدىل كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مۇۋەپپىقىيەتلىك ياخشى، ئالاھىدە بولغان تەرەپلىرى ۋە يېتەرسىزلىكلىرى ھەققىدە ئازراق سۆزلىكىم كېلىپ قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

«تۇرپان مۇقاملىرى» ناملىق كىتابقا تۇرپاننىڭ 11 مۇقامى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، 1/3 قىسمىنى 400 كوپلېتتىن ئارتۇق تېكىست، 2/3 قىسمىنى مۇقاملارنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى، نوتا قىسمى ئىگىلىگەن، مۇقاملارنىڭ ئىسمىلىرى ئۇيغۇر 12 موقامىنىڭ ئىسمىلىرى بىلەن ئوخشاش ئىكەن. تېكىستلىرى مۇقەددىمە، چېكىت، يالاڭ چېكىت، جۇلا، سەلىقە، قوش چېكىت قاتارلىق بۆلەكلەرگە بۆلۈنگەن، ھەربىر موقامىنىڭ

بېشىدىكى مۇقەددىمە كىلاسسىك شائىرلارنىڭ 15-16 بوغۇملۇق ئارزۇۋەزنلىك شېئىرلىرىنى ئاساس قىلغان. چۈشۈرگە ناخشىلىرى بولسا پۈتۈنلەي خەلق بېيىت-قوشاقلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات ئاساسى قىلغان. ھەر 3 كوبلېت ناخشا تېكىستىنىڭ بىر كۇبلېتى قومۇل مۇقاملىرىدىكى تېكىستلەر بىلەن ئوخشاشكەن. بۇنداق بولۇشى، تۇرپان بىلەن قومۇل يېقىن قوشنا يۇرت بولغاچقا، ئۇزۇن يىللىق تارىخ جەريانىدا ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىسى، ئەلۋەتتە. بۇ تۇرپان مۇقاملىرىنىڭ باشقا يۇرتلار مۇقاملىرىنىڭ تېكىستلىرى بىلەن ئورتاقلىقى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

لېكىن ھەرقانچە چىرايلىق، پۇراقلىق گۈلنىڭمۇ تىكىنى بولغىنىدەك، «تۇرپان مۇقاملىرى» كىتابىمۇ بىر قىسىم كەمچىلىكلەردىن خالى بولالمىغان، بىر قىسىم تېكىستلەردە ئىملا خاتالىقى، سۆز خاتالىقلىرى، بۇزۇلغان، ئالمىشىپ كەتكەن تېكىستلەرئۇچرايدۇ. مەسىلەن، چاھارگاھ مۇقامىنىڭ 53-بەتتىكى 3-جۇلاسىنىڭ 2-3 كۇبلېتلىرى مەزمۇن ۋە قاپىيە جەھەتتە بۇزۇلغان، ئالمىشىپ كەتكەن:

2-كوبلېتى مۇنداق ئېلىنغان:

مېنىڭ ئەجەپ يارىم بار،
ئالتۇن بىلەن كۆمۈشتەك.
بۇلبۇل ئەجەپ سايرايدۇ،
قىزىل گۈلنىڭ شاخىدا.

3-كوبلېتىدا مۇنداق ئېلىنغان:

كۆڭلۈمدىكى يار بولسا ،
جان بەرسەم قۇچاغىدا،
مەن ئوتىدا كۆيىمەن،
گۈر-گۈر قىلىپ قۇمۇشتەك.

بۇ ئىككى كوبلېت تېكىستىنىڭ توغرىسى مۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى:

مېنىڭ ئەجەپ يارىم بار،
ئالتۇن بىلەن كۆمۈشتەك.
مەن ئوتىدا كويىمەن،
گۈر-گۈر قىلىپ قۇمۇشتەك.
بۇلبۇل ئەجەپ سايرايدۇ،
قىزىل گۈلنىڭ شاخىدا،
كۆڭلۈمدىكى يار بولسا،
جان بەرسەم قۇ چاغىدا.

ھازىرچە مىساللارنى مۇشۇنچىلىكلا كەلتۈرۈپ تۇراي.

كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ئىككى نەپەر تۆھپىكار مۇقامچىنىڭ تەرجىمھالى بەك ئاددىي، قىسقا بولۇپ قالغان، سۈرەتلىرىمۇ بەك ناچار، تونۇغۇسىز بولۇپ قالغان.

ئەندى «تۇرپان مۇقاملىرى»نىڭ مۇزىكىلىرى ھەققىدە ئازراق توختىلىمەن. بۇ كىتابنىڭ 2/3 قىسىم ھەجىمىنى مۇقام نوتىلىرى ئىگىلىگەن. مۇقام نوتىلىرى بەش سىزىقلىق خەلقئارا نوتا بىلەن رەقەملىك ئاددىي نوتا ناھايىتى رەتلىك، چىرايلىق، بىر-بىرىگە ئۇلانغان ھالدا بىرلەشتۈرۈپ ئېلىنغان. بۇ خىل نوتا يېزىش باشقا موقام كىتابلىرىدا يوق. بۇمۇ بىر ياخشى ئالاھىدىلىك بولۇپ، ھەرخىل سەۋىيىدىكى مۇقام ھەۋەسكارلىرىنىڭ، چالغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە قۇلايلىق ياخشى شارائىت ھازىرلانغان.

مۇقاملارنىڭ داپ-ناغرا ئۇدارلىرى ھەم كۆپ ھەم مۇرەككەپ بولۇپ، 7/8, 9/8, 8/4, 7/4, 2/4, 3/4, 4/4, 5/4, 6/4, 13/4, 5/8 لىك ئۇدارلاردا ئورۇنلانغان، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدىكى مۇقاملارنىڭ ئۇدار-تېمپىلىرىدىن خېلى كۆپ ئىكەن. بۇمۇ بىر زور ئالاھىدىلىك ھېساپلىنىدۇ . موقام نوتىلىرىدا باشقا يۇرت موقاملىرىدا يوق بولغان ھەرخىل مۇرەككەپ ئاۋاز تۈسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، يېڭىدىن ئىجات قىلىنغان نوتا - ئاۋاز بەلگىلىرى قوشۇلغان. بۇ ئاھاڭلارنىڭ پۇرىقىنى تولۇق، چىرايلىق ئىپادىلەشتە ناھايىتى مۇھىم. بۇمۇ بىر خاسلىق ھېساپلىنىدۇ . مۇزىكا قىسمىدىكى

يېتەرسىزلىك، خاتالىقلارنى بىرمۇ ـ بىر تەكشۈرۈپ كۆرمىگەنلىكىم ئۈچۈن بۇ ھەقتە پىكىر بايان قىلمايمەن. ئومۇمەن بۇ كىتاب تارىختا تۇنجى قېتىم بېسىلغان. 95% ئۇتۇقلۇق بولغان كىتاب دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ .

ئەسلىشىمچە، 1975 ـ يىلى <<تۇرپان مۇقاملىرى>> پېشقەدەم سەنئەتكار، ھارماس تۆھپىكار مۇزىكانت غوپۇر ئەخمەت بىلەن مەرھۇم ئۇستاز مۇزىكانت ئىمىننىياز ئىسمايىل ئاكا مەسئۇل بولۇپ خەلق مۇقامچىلىرىدىن تۇردى ئاخۇن ئاكا، يۈسۈپ سېتىنياز (پەمباش) لارنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ 10 كۈندەك ۋاقىتتا <<تۇرپان مۇقاملىرى>>نى ئۈنئالغۇغا ئېلىغان. ئۇ چاغدا بەزى مۇقاملار ئېيتىلىپ، بەزى مۇقاملار ناغرا ـ سۇناي بىلەن چېلىنىپ لېنتىغا ئېلىنغان ئىدى. شۇ چاغدىن باشلاپ تۇرپان مۇقاملىرىنى رەتلەش، قېزىش، ئاۋازغا ئېلىپ ساقلاش، ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان ئىدى. ئەمدىكى گەپ، مۇقاملارنى تەتقىق قىلىش، يېتەرسىزلىكلىرىنى تۈزىتىش، ئىز باسارلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش، ئومۇملاشتۇرۇش، مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئاراغا تونۇشتۇرۇش ۋە يۈزلەندۈرۈشتىن ئىبارەت مۇھىم ئىشلارنى قىلىش ئالدىمىزدىكى مۇھىم ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «تۇرپان خەلق ناخشىلىرى»ئۈستىدىمۇ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك .

بۇ ھەقتە ئالدى بىلەن تالانتلىق، پېشقەدەم مۇزىكانت، چاڭ ئۇستىسى، مۇزىكا ئىجادىيەتچىسى، كونا كەسىپدىشىم، غوپۇر ئەخمەت ئاكا تىلغا ئالماي بولمايدۇ. غوپۇر ئەخمەت 1975 ـ يىللاردىن باشلاپ تۇرپان مۇقاملىرى ۋە تۇرپان خەلق ناخشىلىرىنى توپلاش، رەتلەش، خاتىرىلەش، نوتىغا ئېلىش ئىشلىرىنى بىجاندىل ئىشلەپ زور نەتىجە ياراتقان تىرىشچان سەنئەتكار، ھارماس تۆھپىكار ھېساپلىنىدۇ .

ئۇنىڭ تەشەببۇسى، باشلامچىلىقى ۋە ئەمەلىي قول سېلىپ جاپالىق ئىزدىنىشى، ئەقىل، كۈچ چىقىرىشى بىلەن ئىشلىنىپ رويابقا چىققان «تۇرپان خەلق ناخشىلىرى» ناملىق كىتاب 1992 ـ يىلى نەشردىن چىقىپ تارقىتىلغان ئىدى. بۇ نوتا بىلەن تېكىست ئۆزئارا زىچ كىرىشتۈرۈلگەن 60 ناخشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە بەش نەپەر پېشقەدەم موقامچى ئۇستازلارنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى كىرگۈزۈلگەن كىتاببولۇپ، تارىختىن بۇيان <<تۇرپان خەلق ناخشىلىرى» خاتىرىلەنگەن بىر كىتاب بولماسلىق تارىخىغا خاتىمە بەردى. بۇنى يەنە بىر ئۇلۇغ، خاسىيەتلىك ئىش دېيسەك بولىدۇ.

بۇ كىتابتىكى ناخشىلار ئەڭ قەدىمىي، ئىپتىدائىي شەكلى ۋە مەزمۇنىنى ساقلىغان ھالدا ئەينەنلىككە ۋارىسلىق قىلىنغان. تېكىست ۋە مۇزىكىلىرى خېلىلا مۇكەممەللىككە ئىگە ، مۇزىكا نوتىسىنىڭ ھەرخىل ئاۋاز، ئۇدار بەلگىلىرى تولۇق، رەتلىك، چىرايلىق ئىشلەنگەن. ئەمما بۇ كىتابنىمۇ ئاز ـ تولا سەۋەنلىكلەر كۆرۈلگەنلىكىنى دېمەي بولمايدۇ.

بۇ كىتابتىكى ھەربىر ناخشىنىڭ يەتتە بوغۇملۇق ئەسلى تېكىستى بىلەن ئۇلارنىڭ قوشۇمچىلىرى ھېچقانداق بەلگىسىز، ھالدا بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن. ھەربىر كوبلېت تېكىستىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ساقلاپ، قوشۇمچىلارنى تىرناق ( ) بىلەن ئايرىپ كۆرسىتىش زۆرۈر ئىدى. يەنە خەلق ناخشىلىرى بىلەن ئانچە مۇناسىۋىتى بولمىغان تۇرپان مەنزىرىلىرى كىرگۈزۈپ قويۇلغان. بەش نەپەر مىراس قالدۇرغۇچى ناخشىلارنى ئېيتىپ چېلىپ بەرگۈچى ئۇستازلارنىڭ رەسىملىرى سەل سۇپەتسىز، خۇنۈك بولۇپ قالغان. ئۇلارنىڭ تەرجىمھالىمۇ تولۇق يېزىلمىغان.

«تۇرپان خەلق ناخشىلىرى»ناملىق كىتابنىڭ 17 ـ بېتىدىكى «ئاچىل» 22 ـ بېتىدىكى «يۇملاق جوگان» 147 ـ بېتىدىكى «ئالمىخان

(1) قاتارلىق ئۈچ ناخشا بۈنىڭدىن 200 يىللار ئىلگىرى قومۇل ۋاڭى مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ تۈنجى قېتىم قومۇل مۇقاملىرىنى توپلاپ، رەتلەپ، يېزىققا ئېلىپ كىتاب قىلىپ، ئىشلىگەندە، قومۇل مۇقاملىرىنىڭ چۈشۈرگە ناخشىسى قىلىپ كىرگۈزگەنىكەن. بۇ ئۈچ ناخشا ھازىرمۇ قومۇل مۇقاملىرىدا ساقلىنىپ قالغان. بۇ ناخشىلارنىڭ ئىسمى، مەزمۇنى، ئاھاڭلىرى قومۇل-تۇرپاندىكىسى بىلەن 90% ئوخشايدۇ. يەرلىك پۇراق جەھەتتە ئاز-پاز جايلىرى پەرقلىنىدۇ.

«تۇرپان خەلق ناخشىلىرى» دىكى خېلى كۆپ ناخشىلارنىڭ بەزى كوپلېتلىرى قومۇل ناخشىلىرىدىكىگە ئوخشاش بولۇپ، بەزىلىرىدە بىر-ئىككى سۆز ئۆزگەرگەن.مەسىلەن، 10-بەتتىكى «گۈليار» ناخشىسىنىڭ 1-كۇپلېتى، قومۇلدىكى بىر ناخشىنىڭ تېكىستىدىن ئۆزگەن دېيىشكە بولىدۇ، ئۇلارنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى.

قومۇلدا (مۇقامدا):

قومۇللۇقتەك ئەر بارمۇ،
قۇمدىن سوققان شەر بارمۇ.
قومۇللۇقنى كۆرگەندە،
چېرىكلەردە جان بارمۇ.

(تۇرپان «گۈليار» ناخشىدا):

مەجلىلىدەك ئەر بارمۇ،
سوقۇۋالغان شەر بارمۇ.
مەجلىلىنى كۆرگەندە،
دۈشمەنلەردە جان بارمۇ.

يەنە مۇشۇنداق ئاز-تولا ئۆزگىرىپ كەتكەن ناخشا تېكىستلىرى خېلى بار. بۇ يەردە بىر-بىرلەپ مىسال قىلساق گەپ ئۇزىراپ كېتىدۇ. بۇنىڭدا بەزى تېكىستلەر قومۇلدىن كىرگەن بولۇشى، يەنە بەزى تېكىستلەر تۇرپاندىن قومۇلغا ئالماشقان بولۇشى تەبىئي.

(مەن بۇ ناخشىلارنىڭ نوتىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ چىقتىم.) بۇ ناخشىلارنىڭ قاچان، قەيەردە، كىملەر تەرىپىدىن ئىجات بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. بۇ ناخشىلار ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تۇرپان، قومۇل رايونلىرىدا داۋاملىق ئېيتىلىپ كەلمەكتە. قەدىمدىن بۇيان بۇ ئىككى قوشنا يۇرتنىڭ مەدەنىيەت ئالاقىسى قويۇق بولغاچقا ھەر ئىككى يۇرتنىڭ ئورتاق ناخشىسىغا ئايلانغان.

سەنئەت تۆھپىكارى غوپۇر ئەخمەت باشچىلىقىدا ئىشلەنگەن «تۇرپان خەلق ناخشىلىرى» خېلى سۈپەتلىك، ئۆلچەملىك، چىرايلىق ئىشلەنگەن بولۇپ، مېنىڭچە بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا توغرى كېلىدۇ .

تەھرىرلىگۈچى:ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى باش كىيىمى كۇلا «قالپاق» توغرىسىدا بىر قانچە تارىخىي تەرمەچ

ياسىنجان كەنجى

ئۇيغۇرلار ئۇزاق يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا مول ئەقىل پاراستى ۋە ياشاش ئادىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئۆزىگە خاس كىيىم - كېچەك ۋە كىيىنىش - ياسىنىش مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن . قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي ئېھتىياجى ۋە ئېستېتىكىسىغا بىرلەشتۈرۈپ شەكلى ھەرخىل، رەڭگارەڭ كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىپ ئۆزلىرىنىڭ كىيىنىش جەھەتتىكى روشەن مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۆزگىچە ئادەت - ئەنئەنىلەرنىمۇ شەكىللەندۈرگەن . ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش ئادىتى ئۇزاق تارىخىۋىلىككە ئىگە بولۇپ ، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ، كىيىم - كېچەكتىمۇ نىسپىي ھالدا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان . ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ياشىغان جۇغراپىيەلىك مۇھىت ۋە تۇرمۇش سەۋىيەسى جەھەتتىكى پەرقلەر تۈپەيلىدىن ھەر قايسى يۇرت- بوستانلىقلاردىكى خەلقلەرنىڭ كىيىم - كېچەك جەھەتتىمۇ بەزەن پەرقلەر پەيدا بولغان . مەسىلەن ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى كىيىنىش ئادىتى بىلەن ئۆتمۈشتىكى كىيىنىش ئادىتى ، شەھەردىكىلەر بىلەن يېزا- قىشلاقتىكىلەرنىڭ كىيىنىش ئادىتى مەلۇم پەرقلەرگە ئىگە بولغان . ئۇلارنىڭ كىيىم- كېچەكلىرىنىڭ تۈرلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ ، بۇلارنىڭ ئىچىدە قەدىمكى ئۇيغۇر باش كىيىمى - كۇلا ۋە قالپاق ناھايىتى مۇھىم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە .

نۆۋەتتە تەتقىقاتچىلار ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىمى كۇلا ۋە قالپاق توغرىسىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ مۇئەييەن تونۇشقا ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم ياش ئەۋلادلار ئارىسىدا قالپاقتىن ئىبارەت ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزۇندىن بېرى كىيىپ كېلىۋاتقان باش كىيىمگە قارىتا گۇمانلىنىش ۋە شۈبھىلىنىشتە بولغانلىقتىن ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ باش كىيىمى كۇلا ۋە قالپاق ھەققىدە چوڭقۇر ئىزدىنىپ ئۇنى ياش ئۆسمۈرلەرگە تونۇتۇش نۆۋەتتە ناھايىتى مۇھىم ۋە تەخىرسىز مەسىلە بولۇپ قالدى . مەن تۆۋەندە ئۆزۈم ئۇچراتقان يازما مەنبەلەر ۋە رايونىمىزدىن بايقالغان بىر قىسىم ئارخېئولوگىيەلىك

تېپىلمىلار ئاساسىدا قالپاقنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي باش كىيىمى ئىكەنلىكىنى تارىخىي نۇقتىدىن ئوتتۇرىغا قويىماقچى .

ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ باش كىيىمى بولغان كۆلا - قالپاقنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى بولۇپ <□> شەكلىدە رەختتىن تىكىلىدۇ، ئادەتتە تاشلىق بىلەن ئەستەر ئارىلىقىغا نېپىز كىگىز ياكى پاختا ئېلىنىدۇ . كۆلانىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى بولغان قالپاق كۆلادىن كۆپ پەرقلىق بولمىسىمۇ، ئادەتتە مۇنداق ئۈچ خىل بولىدۇ .« بىر خىلى ئاق ياكى قارا پاقلان يۇڭىدىن بېسىپ چىقىرىلىدۇ . بۇنىڭ شەكلى هازىرقى شلەپىسىمان ۋە چوڭ چىنىسىمان (تۈۋى) يوق كېلىدۇ . بۇ كۆپىنچە ئەستەرسىز بولىدۇ . يەنە بىر خىلى پاقلان يۇڭىدىن مەخسۇس بېسىلغان كىگىزدىن تىكىلىدۇ . بۇ تاشلىق ، تاشسىز ئەمما ئەستەرلىك كېلىدۇ . شەكلى ئىككى خىل بولۇپ بىر خىلى سوزۇۋقراق ، ئالدى ، كەينىدە چېكى بولۇپ، ئىككى يېنى قانات شەكلىدە ئۈستىگە قايرىقلىق كېلىدۇ. بۇ ئاچا قالپاق دېيىلىدۇ . يەنە بىر خىلى تۇماقسىمان بولۇپ ، ئايلانما «كۇنلۇك» چىقىرىلىپ «كۇنلىكى» ئۈستىگە قايرىقلىق كېلىدۇ . بۇ ئىككى خىل قالپاق ئىچىگە پاختا ئېلىپ شىرىپمۇ تىكىلىدۇ ».

« 1979 - يىلى لوپنۇر كۆلىنىڭ شىمالىدىن قېزىۋېلىنغان جەسەتنىڭ بېشىغا بىر نەچچە تال پەي قىستۇرۇلغان كىگىز قالپاق كىيدۈرۈلگەن بولۇپ ، بۇنىڭدىن 3800 يىللار ئىلگىرىكى باش كىيىمى ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان . چەرچەندىكى زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان جەسەتلەرنىڭ بېشىغىمۇ كانايسىمان كىگىز قالپاق كىيدۈرۈلگەن ، هەر بىر قالپاققا يەتتە ياكى توققۇز تالدىن قۇش پېيى قادالغان، ئېلىدىن تېپىلغان مىس لەشكەر قونچاقنىڭ قالپىقى ئۈچلۇق بولۇپلا قالماستىن ئىككى هەسسە ئېگىز، بۇلارنىڭ هەممىسى بۇنىڭدىن 4000 يىللار ئىلگىرىكى بويۇملار بولۇپ هېسابلىنىدۇ. ياپونىيەلىك جۇي ۋېنبېي يازغان «قەدىمكى ئۇدۇن بەگلىكى پايتەختى توغرىسىدا تەتقىقاتلار» ناملىق رىسالىسىدە «يۇڭ توقۇلما ، پالاز ، كىگىز ئىشلىنەتتى ، پاختا توقۇمىچىلىقى رۇناق تاپقان بولۇپ ، چەكمەن ، سەرگەز ، خام ، تولىما ، تالىملار ئىشلىنەتتى ، ياش نارەسىدىلەر بېشىغا پاپاق كىيىپ ، كەشتىلەنگەن ئىلمە ئىگىنلەر بىلەن يۈرەتتى ، چوڭلار بېشىغا ئادەتتە نېپىز ئاق كەلابى <يۇگدىن توقۇلغان شاپاق دوپپا> كىيەتتى» دەپ يازغان . ئۇنىڭدىن باشقا قىزىل مىڭئۆي غارلىرىدىكى بۇددىزىم رەسىملىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ جەۋھىرى هېسابلىنىدۇ . تام رەسىملىرىدە يەنە تۇماق (ئۈچلۈق تۇماق) ، بوغما چاپان ، ئايالچە گۈللۈك ئۇزۇن كۆينەك ، دوپپا، چوڭ ياغلىق ، بىلەيزۈك قاتارلىق كىيىم - كېچەك ، ئاسقۇ - زۇننار ئاسقان، بېشىغا تاجسىمان گۈللۈك قالپاقلارنى كىيىپ، هەر خىل

چالغۇلارنى چېلىۋاتقان سازەندىلەر تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ تىپىك كىيىم شەكىللىرى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇچلۇق تۇماق شىنجاڭدا 3000 يىلدىن بۇيان داۋاملىق كېيىۋاتقان باش كىيىم ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، تۇرپاندىكى بېزەكلىك مىڭئۆيىدىمۇ بېشىغا كەينى ئېگىز ، ئالدى پەس ، ئۇچى ئۇچلۇق باش كىيىمى كىيگەن قوچو خانىنىڭ رەسىمى بار. 1984 - يىلى 1 - ۋە 10 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمەت ئەترىتىدىكى خادىملار بىلەن خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ، مۇھاپىزەت قىلىش ئورنىدىكى خادىملار بىرلىكتە لوپ ناھىيەسىدىكى سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى 2 - قېتىم ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈپ ۋە قېزىپ ، جەسەت ئۇچىسىدىكى كىيىم - كېچەك قاتارلىق بىر مۇنچە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپقان . ئۇلار ئارىسىدا يۇڭ رەخت ۋە يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەكلەر زور سالماقنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ ، بۇ بۇيۇملار ئىچىدە كىگىز باش كىيىم ، رەختتىن تىكىلگەن ئۇچلۇق قالپاق ، پوسما قاتارلىقلار بار .» ئۇنىڭدىن باشقا بۇنىڭدىن 2000 نەچچە يۈز يىل بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ نىيا قەدىمكى شەھىرى خارابىسىدىكى 1 - نومۇرلۇق قەبرىگە دەپنە قىلىنغان ئاقسۆڭەك ئەر - ئايالنىڭ ئۇچىسىغا يۇڭ ، يىپەك ، پاختا رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەكلەر كىيدۈرۈلگەن بولۇپ ، ئەر جەسەتنىڭ بېشىغا سېرىق شايىدىن يېلىڭ بۆك ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن يۇمىلاق ، ئۈستى تۈز ، تېشى سەرناق ، ئەستىرى كاناپ رەختتىن تىكىلگەن تەلپەك كىيدۈرۈلگەن مەدەنىيەت بۇيۇملىرى كۆپلەپ تېپىلدى .

تارىخىي مەلۇماتلار ۋە ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلاردىن قارىغاندا ، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000 - يىللاردىن بۇرۇن ، ئوتتۇرا ئاسىيا يايلىقىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ۋە بوستانلىقلاردا دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئاھالىلەرنىڭ ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يىمىرىلىشكە باشلىغان. ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىگە ئۆزگەرگەن، سىنىپ شەكىللىنىشكە باشلاپ ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەڭ دەسلەپكى دۆلەتلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىغان . « ئۇلارنىڭ تارىخىغا ئائىت يازما مەلۇماتلار ئەڭ ئاۋۋال ئىران ، گرېتسىيە ۋە جۇڭگو مەنبەلىرىدە بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدۇ . قەدىمكى پېرسىيە پادىشاھى دارىئۇسنىڭ تاشتىن ياسالغان ، « ناخشى رۇستەمدىكى مىخ يېزىقلىق تاش ئابىدىدە ساكلارنىڭ ئۈچ خىل گۇرۇھى تىلغا ئېلىنغان بۇنىڭ ئىچىدە « ساكاتىراخائۇدالار (Saka Tigrahauda ، ئۇچلۇق قالپاقلىق ساكلار مەنىسىدە )، ئۇلار قىرغىزىستان ۋە جەنۇبىي قازاقىستان يايلاقلىرى ،

يەنى پامىر ، ئالاي تاغلىرىنىڭ شىمالى ، جۇملىدىن تاشكەنت ، تەڭرىتاغ بويلىرىدىن بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇپ ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى چۇ دەرياسى ، تالاس دەرياسى ۋادىلىرىغىچە بولغان جايلارغا تارقالغان... . خاتىرىلىنىش بىلەن بىللە «بىخىستۇن ئابىدىسى»دىمۇ ساكلار تىلغا ئېلىنىپ « ساكلارنىڭ دۆلىتى دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدە ، ئۇ يەردىكىلەر ئۇچلۇق قالپاق كىيىدۇ » دېگەن مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ. ھازىر تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلىنىپ، قەدىمدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى بوستانلىقلاردا ئارىئان- ماساگىت تىپىگە تەئەللۇق بىرلەمچى ئىنسان گورۇھلىرى ۋە قىسمەن مۇڭغۇلئىد تىپىگە تەۋە تۈركىي تۈركۈمىدىكى ئىككىلەمچى ئىنسان گۇرۇھلىرىدىن ساك ، ھۇن ، توخرى (ياۋچى) ، دىڭلىڭ ، چاڭ، تۈرك ، ئۇيغۇر قاتارلىق ئۇرۇق- قەبىلىلەر ياشاپ ئۆتكەنلىكى ۋە ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە كىيىنىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەنلىكى توغرىسىدا تولۇق ئىلمىي بىرلىككە كەلتۈرۈپ بولدى . ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە ئەجدادى بولغان ساكلار _ «مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000 يىللاردىن مۇقەددەم مەركىزىي ئاسىيادا ياشىغان يىراق ئەجدادلىرىمىز - ئاندرونوپ - ئارىيانلار بىلەن كېيىنكى ئالتاي تۈركىي ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا ياشىغان ئاساسى ئىنسان تۈركۈمى سىكىن(سىكتاي)- سارماتىن - ماسساگىت - ساكلاردىن ئىبارەت بولغان »①لىقىنى ، ئۇلار قەدىمكى پارىسچە يازما يادىكارلىقلاردا «ساك» نامى بىلەن تىلغا ئېلىنسا، ئېلىمىزنىڭ خەن سۇلالىسى دەۋردىكى تارىخ كىتابلىرىدا «سەي» (塞) دەپ تەرجىمە قىلىندىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقىش بىلەن بىللە، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى داستانى «ئوغۇزنامە» داستانىدا تىلغا ئېلىنغان «ساقلاپ»، «ساقلاپ بېگى» دېگەن ئۇچۇرلارنىڭمۇ ساك نامى بىلەن باغلىنىشى بارلىقى، شۇنداقلا ھازىرقى يەكەننىڭ بۇرۇن (ساكارائۇل) دەپ ئاتىلىشىنى ساكلاردىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى .

تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غوز(توققۇز ئوغۇز) لارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى ليۇجېڭيەن ئۆزىنىڭ «پادىشاھ قەسرىدىكى كەچكى بەزمىدە غۇزچە سەكرەتمە ئۇسسۇلىنى تاماشا قىلىش » ناملىق شېئىرىدا تىپىك قىلىپ مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ :

« بۇ دىيارمۇ كۆپ كۆرمىگەن شاش ئېلىنىڭ يىگىتلىرىنى ،

سەكرەپ ئۇسسۇل ئوينىغاندا ئەسكە سالار گاھ بۇركۈتنى .

ئۇچىسىدا تار يەڭلىك غۇزچە كۆڭلەك لەپىلدەيدۇ ،

باشلىرىغا كىيىۋالغان جىيەكلىك تىك قالپاقلارنى.

يەرگە قويۇپ قولىدىكى ئۈزۈم تولغان سېۋىتىنى ،

كۈنپېتىشقا قاراپ بىردىن يادىغا ئالدى ئۆز يۇرتىنى.

زەرباب چەككەن رەڭدار يۇمشاق ئۆتۈكىدە تېپىپ - سەكرەپ ،

يالتىراتتى زەركەمەرنىڭ ئۈستىدىكى ياقۇتىنى». «تاڭ نەزمىلىرى» ، 7 - باپ 9- قىسىم .دېگەن مىسرالىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك ئەجدادى بولغان قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيادىكى غوزلارنىڭ قالپاق، كۆڭلەك، كەمەر، ئۆتۈك قاتارلىق كىيىملەرنى كىيىدىغانلىقىنى جەزىملەشتۈرەلەيمىز.« ئەينى دەۋردە< پادىشاھنىڭ كىگىز قالپىقى ئالتۇن ۋە ياقۇت بىلەن بېزەلگەن> دىن سىرت، ئاۋام پۇقرالارنىڭ قالپىقى ئىككى خىل بولغان: بىرى ، يۇقىرىقى شېئىردا بايان قىلىنغاندەك تىك شەكىللىك ئۇچلۇق قالپاق . ئۇنىڭ تىك - ئۇچلۇق قىسمى بوران - چاپقۇندا توساق رولىنى ئويناسا ، تۈرمەللەنگەن چېكىلىكى ئاپتاپنىڭ كۆزنى چېقىشتىن ساقلاش رولىغا ئىگە . ھەر ئىككىلا باش كىيىم <سەپەردىكى غوزلار > ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان بۇيۇم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» . تۇرپان ئاستانىدىكى تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان رەڭلىك ساپال قونچاقلار بۇ ئىككى خىل غوزچە قالپاقنىڭ بىر ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ .

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: « ساقالدۇرۇق- ئېگەكباغ . بۇ يىپەكتىن توقۇلغان بولۇپ ، قالپاقنىڭ چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئېگەكتىن قوشۇپ باغلاپ قويۇلىدۇ(1- توم 686- بەت).» دېگانلىقىغا ئائىت مەلۇماتلارنى قالدۇرۇش بىلەن بىرگە، يەنە ئۇيغۇر ۋە ئۇيغۇر قالپىقى توغرىسىدا توختىلىپ : « زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا ، تۈرك قاغانى ئۇنىڭغا قارىشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن، ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن . ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن . زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە <خۇز-غۇر- بۇلار باشقىلارغا مۇھتاج بولماي ، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ ، قاچان خالىسا ، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ> دەپتۇ» دېگەن مەلۇماتنى قالدۇرغان. بىز بۇنىڭدىن شۇنى بىلىۋالايمىزكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنۇىي باش كىيىمى بولغان قالپاق قەدىمكى ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ئەڭ ئىسىل باش كىيىمى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالايمىز . بىز يەنە مىڭئۆي رەسىملىرىدىن ۋە مەھمۇد كاشغەرى كەلتۈرگەن پاكىتلاردىن باشقا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تېپىلغان بىر تۈركۈم مەدەنىيەت يادىكارلىقلاردىن بولۇپمۇ بىشىغا قالپاق كىيدۈرۈلگەن قونچاق(1972 - يىلى تۇرپان

ئاستانىدىن تېپىلغان) قاتارلىق مەدەنىيەت بۇيۇملىرىغا قاراپ قالپاقنىڭ قەدىمكى باش كىيىم بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ئەسكەرلەر ۋە پادىشاھ - ئەمەلدارلار تەرىپىدىن ئارزۇلىنىدىغان سەلتەنەتلىك باش كىيىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز . ئۇنىڭدىن باشقا ئېلىمىز تارىخ ماتېرىياللىرى « يېڭى تاڭنامە 217 - جىلد <ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى>دىكى <قىرغىزلار>5147 - 5149 - بەتلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي باش كىيىمى قالپاق توغرىسىدا مۇنداق مەلۇمات قالدۇرۇلغان: « قىرغىزلار، دىڭلىڭلارنىڭ يېقىن ئۇرۇقى بولۇپ ، هۇنلارنىڭ غەربىگە جايلاشقان ئىدى » ، «ئاھالىسى 100 نەچچە مىڭ ، ئەسكەرلىككە ياراملىقى 80 مىڭ كېلەتتى» ، «ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى ئاگې بولۇپ، ئۇ ئاگې ئۇرۇقى(يەنى جەمەتى)دىن ئىدى . ئۇ ئۇيغۇر خانلىقى ئىنئام قىلغان «ئۇچلۇق قالپاق كىيەتتى » ئاگېنىڭ بارگاھىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاستانىسىگە (ئوردۇبالىققىچە) تۆگە بىلەن ماڭغاندا 40 كۈندە يېتىپ بارغىلى بولاتتى» ، «ئۇيغۇر قاغانى قىرغىزلارنىڭ ئاقساقىلى ئاگېغا بىلگە تون ئېركىن دېگەن ئەمەل نامىنى بەرگەنىدى» ...بۇ مەلۇماتلاردىن بىز يەنە ئېنچىكىلىك بىلەن شۇنداق خۇلاسىگە كېلەمىزكى، ئۇيغۇرلار تارىختا ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋىي باش كىيىمى قالپاقنى ئەتىۋارلاپ كىيىپلا قالماستىن يەنە ئۆزلىرى ياقتۇرۇپ كىيىدىغان بۇ باش كىيىمنى ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن ۋە ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ئەمەلدار، تۆھپىكارلارغا ئۇتۇغات (ئىنئام) قىلغان .

يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئېلىمىز ۋە چەتئەل ئالىملىرى مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ سەركەردىسى ھېسابلىنىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزىگە نۇرغۇن قەۋم- قەبىلىلەرنى قوشۇۋېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ باشقا مىللەتلەرگىمۇ تەدرىجىي ئاسمىلاتسىيە بولۇپ كەتكەنلىكىنى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت ئەندىزىسىنى ساقلاپ ۋە كېڭەيتىپ ئۆزىگە خاس مول، رەڭگا - رەڭ ، مۇكەممەل ئۇيغۇر باش كىيىم مەدەنىيىتىنى جۇلالاندۇرۇپ زامانىمىزغىچە يەتكۈزۈپ بەرگەن . نۆۋەتتە قارايدىغان بولساق ، ھازىرقى زامان قالپاقلىرى قەدىمكى زامان قالپاقلىرىدىن روشەن پەرقلەنسىمۇ، ئەمما زور تۈركۈمدىكى قالپاقسىمان باش كىيىملەر (تەلپەك، ئاق تۇماق، كۆرپە تۇماق، سەرپۇش تۇماق قاتارلىقلار) خەلقىمىز تەرىپىدىن ھېلھەم ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە .

دېمەك، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تارىخىي يازما مەلۇمەتلار ۋە ماددىي يادىكارلىقلار رايونىمىزدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇنلا يۇڭ ، پاختا ، يىپەكتىن ھەر خىل پاسۇندىكى ئېسىل باش كىيىم قالپاقنى تىكىپ كىيىشكە باشلاپ، ياۋايىلىق دەۋرىگە خاتىمە

بېرىپ، مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىشكە يېتەرلىك پاكىتتۇر .

## پايدىلانغان ماتېرىياللار


①مۇختار قادىر:« قەدىمكى ئۇيغۇر باش كىيىمى ـ قالپاق» «شىنجاڭ گېزىتى» 1993ـ يىلى 10ـئاينىڭ 14ـ كۈنى.

② مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركى تىللار دىۋانى» 1ـ توم 151ـ بەت،«شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» 1983ـ يىلى نەشرى.

③ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن«قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» ، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» ، 2002ـ يىلى نەشرى

④ۋاڭ جىلەي :« ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» ، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» ، 1993ـ يىلى ( ئېزىز يۈسۈپ ، ئابلەت نۇردۇن تەرجىمە قىلغان ) نەشرى 33ـ بەت.

⑤توختىنىياز تۇرسۇن:« قەدىمكى خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى» .

⑥مەركىزىي ئاسىيا تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» 2000ـ يىلى نەشرى.

⑦سەي خۇگشېڭ:« تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غۇزلار ۋە تۈرك مەدەنىيىتى » ، «قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى» 2008ـ يىلى (قۇربان تۇران ، ئابلەت نۇردۇن تەرجىمە قىلغان) ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑧ قۇربان ۋەلى: «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى» ، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» 1986ـ يىلى نەشرى.

⑨«يېڭى تاڭنامە 217 ـ جىلد <ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى>دىكى <قىرغىزلار>5147 ـ 5149 ـ بەتلەر» ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق:«ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى». «<شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى> 2005 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى ، 250ـبەتكە ئېلىنغان نەقىل.



(ئاپتور : قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ،رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدىن )

تەھرىرلىگۈچى :ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# بوران - چاپقۇنلۇق يىللار

(راست ئىشلار خاتىرىسى)

ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگۈچى: سائادەت مۇھىتى

تەييارلىغۇچى: ئۆمەرجان سىدىق

ئىلاۋە ئورنىدا: مەخسۇت مۇھىتى تۇرپان ئاستانىدىكى مەشھۇر جەممەت-مۇھىتىلار جەمەتىدىكى موسۇل مۇھىتى، مەخسۇت مۇھىتى، مەخمۇت مۇھىتى، گوسۇل مۇھىتى قاتارلىق تۆت ئوغۇلنىڭ ئىككىنچىسى بولۇپ، مىلادىيە 1885-يىلى تۇرپان ئاستانىدە تۇغۇلغان. ئۇ مەشھۇر زىيالىي، زامانىۋىي سودىنىڭ باشلامچىسى، يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارى، مەرىپەتپەرۋەر ئىنقىلابچى بولۇپ، 1913-يىلى تۇرپان ئاستانىدە ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلار ئاتۇش ئىكساقتا قۇرغان «ھۆسەينىيە مەكتىپى» دىن قالسىلا دىيارىمىزدىكى تۇنجى مەكتەپ ھېسابلىنىدىغان «مەخسۇدىيە مەكتىپى» نى ئاچقان ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ، تۈركۈملەپ ئوقۇغۇچى تەربىيىلەپ، پۈتۈن ئىدىقۇت ۋادىسى ھەم گۈچۈڭ، چۆچەك رايونلىرىدا يېڭى مائارىپ دولقۇنىنى قوزغىغان. شىنجاڭدا تۇنجى بولۇپ زامانىۋىي پاختا زاۋۇتى قۇرۇپ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ سودا تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرغان. 40 نەچچە يىللىق ھاياتىدا نۇرغۇن سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي-مائارىپ پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەپ، ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ تارىخىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. ئىستىبدات جىن شۇرېن، شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىغا باشچىلىق قىلىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى داھىيسىغا ئايلانغان ۋە 1933-يىلى لۈكچۈندە جاللات شىڭ شىسەي بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەرتلەرچە قۇربان بولغان. مەخسۇت مۇھىتىنىڭ پاتەمخان، ئەنۋەر، ئابدۇرېشىت، ئىبراھىم، سائادەت، ئانانۇرخان قاتارلىق 6 پەرزەنتى بولۇپ، بۇلاردىن سائادەتخان مۇھىتى ھازىرمۇ بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ تەۋەرۈكى سۈپىتىدە ياشاپ كېلىۋاتىدۇ.

سائادەت مۇھىتى 1928-يىلى تۇرپان ئاستانىنىڭ غوجامئالدى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ھاياتىدا نۇرغۇن كەچۈرمىشلەرنى باشتىن كۆچۈرگەن. ئۆلكە ئازاد بولغاندىن كېيىن سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يولدىشى بىلەن بىرگە لەنجۇ، تيەنجىنلەردە بىر مەزگىل تۇرغان، گەنسۇ ئۆلكىلىك ئاياللار جەمئىيىتىدە ئىشلەپ، لەنجۇ مىللەتلەر ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇغان. 1954-يىلى شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تۈرلۈك ماللار شىركىتىدە پىركازچىك بولۇپ ئىشلىگەن. 1958-يىلىدىكى «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۆرەش»، 1966-يىلى باشلانغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىللىرىدە خاتا ھالدا تارتىپ چىقىرىلىپ، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەككە سېلىنىپ، خورلۇق، ھاقارەتكە ئۇچرىغان. قاتتىق تەقىپ ئاستىدىمۇ ھاياتقا بولغان مۇھەببەت، ۋەتەنگە بولغان ئىشەنچ تۇيغۇسىدا قەيسرانە ياشاپ، ئېغىر كۈنلەرنى چىدام ۋە غەيرەتتە ئۆتكۈزگەن. 1979-يىلى "سىياسەت" نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەريانىدا ، خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ۋە 1985-يىلى پېنسىيىگە چىققان. مەزكۇر ئەسلىمىدە سائادەت مۇھىتىنىڭ باللىق

چاغلىرىدىكى جەڭ ئوتلىرى ۋە قاباھەتلىك قىسمەتلىرى ئىچىدە ئۆتكەن باللىق ھاياتىنى لېنىيە قىلىپ تۇرۇپ، ئەينى دەۋردىكى تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيەت، مۇھەتلار جەمەتىنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى قاتارلىق قىسمەن يورۇتۇپ بېرىلگەن. مەن ئەينى دەۋردە شىنجاڭ تارىخىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن مۇھەتلار جەمەتى ھەققىدە ئوقۇرمەنلەرگە يېڭى ئۇچۇر بېرىش، تارىخچى، تەتقىقاتچىلارنى تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەشنى مۇددىئا قىلىپ، بۇ ئەسلىمىنى رەتلەپ، مەتبۇئاتقا تەييارلىدىم. ماتېرىيالنىڭ چىن، ھەقىقىيلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ۋەقەلىكلەرنى مۇھەتلارنىڭ ۋارىسى، قەيسەر ئانا سائادەت مۇھەتنىڭ ئېغىزىدىن بايان قىلدىم. بۇ سائادەت مۇھەتنىڭ باللىق مەزگىلىدىكى، 5-6 ياش ۋاقىتلىرىدىكى كەچۈرمىشلىرى بولغاچقا، بەزى بايانلاردا ئېنىقسىزلىق بولۇشى مۇمكىن. مەن كۆپ يىللاردىن بېرى مۇھەتلار جەمەتى ھەققىدە ئىزدىنىپ كېلىۋاتقان بولغاچقا، بىر قىسىم پاكىتلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تولۇقلىدىم. كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىجادىي پايدىلىنىشىنى سورايمەن.

## باللىقتىكى كەچمىشلەر

مەن 1928-يىلى تۇرپان ئاستانىنىڭ غوجامئالدى مەھەللىسىدىكى مۇھەتلارنىڭ قورۇسىدا (بۇ قورو تۇرپان شەھىرى ئاستانە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىچىدە بولۇپ، تارىخنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە يېقىنغىچە ساقلىنىپ كەلگەن ئىدى، 2007-يىلى مايدا قۇرۇلۇشنىڭ كونىراپ كەتكەنلىكى، مەكتەپنى كېڭەيتىش زۆرۈرىيىتى تۈپەيلى چېقىۋېتىلدى) تۇغۇلغان ئىكەنمەن، بۇ چاغدا ئائىلىمىز خاتىرجەم باياشاد بولۇپ، ئاتام مەخسۇت مۇھىتى موسكۋادا ئىكەن. 1931-يىلى قومۇلدىكى خوجىنىياز ھاجى دېھقانلارنى تەشكىللەپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە ئاتام موسكۋادا تۇرۇپ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، 1932-يىلى يۇرتىمىزغا قايتىپ كېلىپ، موسۇل داداملار (موسۇل مۇھىتى - مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئاكىسى) بىلەن بىرگە دېھقانلارنى تەشكىللەپ ئىنقىلاپ قىلدى ۋە دېھقان پىدائىيلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن جىڭ شۇرېن ئەسكەرلىرى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا ئاتام مۇھەتلار جەمەتىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، 1933-يىلىنىڭ بېشىدا پۈتۈن جەمەتنى تۆگە ۋە ئات-ئۇلاقلارغا مىندۈرۈپ يېمەك-ئىچمەكلىرىنى قاچىلاپ، پازىل ئاكىنىڭ يول باشلىشى بىلەن پىچان دىغارغا يولغا سالدى. پازىل ئاكا لۈكچۈن سىركىپتە غىدىر-كوزا قويىدىغان كىشى بولۇپ، بۇ ئادەم ئاق (بۇ يەر پىچان ناھىيە دىغار يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى چۆللۈك) نىڭ ئايىغىدىن تاش ئەكىلىپ، غىدىر قۇياتتى، ئائىلىمىزنىڭ يېقىن كىشىسى ئىدى. شۇ پازىل ئاكا يول باشلاپ، بىزنى ئاقنىڭ ئايىغىدىكى سايغا ئېلىپ ماڭدى. ئاتام دائىم ئۆيدە بولالمايدىغان، موسكۋا تەرەپلەرگە كۆپ بارىدىغان بولغاچقا، ئىگىلىكىمىزنى ئاپامنىڭ ئىنىسى - ئابدۇللا پەرسانىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرغان ئىدى. بىزنىڭ چوڭ قورو-ھويلىمىز، تۆت كارىزىمىز، ئۈزۈم يەرلىرىمىز ۋە چوڭ بېغىمىز بار بولۇپ، ئابدۇللا كىچىك ئاتام بۇ ئىگىلىكلەرنى ناھايىتى ئىدىتلىق باشقۇراتتى. كىچىك ئاتام تەييارلىقلىرىمىزنى جابدۇپ بىزنى يولغا سالغاندىن كېيىن، ئۆزىمۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىش ئۈچۈن يۇرتتا قالدى. شۇ چاغدا قورويىمىزدا تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن پاختا (ئەينى يىللىرى موسۇل مۇھىتى ئىنىسى مەخسۇت مۇھىتى بىلەن بىرلىشىپ، ئاستانىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە، سىڭگىم ئېغىزىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇرتۇق دەرياسىنىڭ ئېقىنىغا بىر زامانىۋى پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرغان)، ئامباردا ئۈزۈم ئاشلىق، ئېغىل-قوتانلاردا 200 دەك قوي، مېھمانخانا ئۆيلىرىمىزدە ئاتام موسكۋادىن ئېلىپ كەلگەن ئۈزۈم قىممەتلىك بۇيۇملار، فار-فۇر قاچىلار، شەمەي ساندۇقلىرى بار ئىدى. بىز بۇ نەرسىلەرنى شۇنداقلا تاشلاپ قويۇپ، قويلارنى سويغاننى سويۇپ، بەزى نەرسىلەرنى يۇرتداشلارنىڭ

ئېلىۋېلىشىغا ھاۋالە قىلىپ، ئالدىراپ يولغا چىقتۇق كەتتۇق.

بىز مۇھىتىلار جەمەتىدىن موسۇل مۇھىتى، مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتى، گوسۇل مۇھىتىلارنىڭ ئائىلە-پەرزەنتلىرى پازىل ئاكىنىڭ يول باشلىشىدا ئاقىنىڭ ئايىغىغا كەتتۇق. بىز بىللە كېتىۋاتقان پاتەمخان ئايلام ھامىلدار بولۇپ، تۇغۇتى يېقىنلاپ قالغان ئىدى. بىر نەچچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن پاتەمخان ئايلامنىڭ تولغىقى تۇتۇپ قورسىقى ئاغرىپ كەتتى. تۇغۇلۇۋاتقان بالىنى «ۋاي بۇ ئۇرۇش ۋاقتى، توختاپ تۇر» دېگىلى بولامتى. چوڭ ئاياللار ئايلامنى شۇ چۆلدە كۆز يورۇتۇش ئۈچۈن ھازىرلاندى. چوڭلار تۆت تۆگىنى تۆت تەرەپكە چۆكتۈرۈپ، تۆگىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئايلامنى بوشاندۇردى. ئايلام شۇ قاتتىق سوغۇقتا بىر ئوماققىنا قىز تۇغدى. چوڭلار ئىككى ئاتنىڭ ئوتتۇرىسىغا جىرغا ياساپ، ئايلام بىلەن بوۋاقنى جىرغىدا ياتقۇزدى، شۇنىڭ بىلەن سەپەرنى داۋاملاشتۇردۇق. مەن شۇ چاغدا ئاران بەش ياشتا بولغاچقا، بەزى ئىشلارنى ئەسلىيەلمەيتتىم. بىز ئاققا بېرىپ جايلاشقاندىن كېيىن پازىل ئاكام بىز كىچىك باللارنى «ئوتتۇن تېرىپ كېلىڭلار» دەيتتى. بىز ئوتتۇن تېرىپ كېلەتتۇق. پازىل ئاكام تاغنىڭ يامىلىنى ئويۇپ، ئوتتۇننى جىق قالاپ چوغ چۈشۈرۈپ، شۇنداق چىرايلىق نان پىشۇرۇپ بېرەتتى. بۇ چاغدا چوڭلار غەم-قايغۇدا قالغان بولسىمۇ، بۇ ئىشلار بىز باللار ئۈچۈن بىر ئويۇن ئىدى. چوڭلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بىز ئاستانىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن قاتتىق جەڭ بوپتۇ. بۇ جەڭدە ئاتام مەخسۇت مۇھىتى شېھىت بولغان ئىكەن. بىز ئاقتا ئىككى ئاي تۇرغاندىن كېيىن «قايتىپ كەلسۇن» دېگەن خەۋەر كەلدى. ئاستانىگە قايتىپ كەلسەك ئۆيلەر ۋەيرانە بولۇپ كېتىپتۇ، ما جۇڭيىڭ تۇڭگانىنىڭ ئەسكەرلىرى ئائىلىمىزدىكى شەمەي ساندۇقلىرىنى چېقىپ ئاتلىرىغا ئوقۇر قىپتۇ، فار-فۇر بۇيۇملارنى چېقىپ، كۆكۈم-تالقان قىلىۋېتىپتۇ. ئەڭ ئېچىنىشلىق بولغىنى ئاتام مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ۋاپاتى بىزگە شۇنداق ئېغىر كەلدىكى، بۇنى تىل بىلەن تەسۋىرلەشكە ئاجىزمەن. جاللات شىڭ شىسەي شۇ نۆۋەت تۇرپان-پىچان-ئاستانە قاتارلىق جايلاردىكى نەچچە مىڭ بىگۇناھ پۇقرانى قىرغىن قىپتۇ. جۈملىدىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق 10 نەچچە ئوت يۈرەك ئىنقىلابچىلارمۇ ئۇنىڭ قانلىق قىلىچى ئاستىدا پاجىئەلىك قۇربان بوپتۇ.

ئاتام مەخسۇت مۇھىتى خەلقىمىزنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن ھاياتىنى، مال-مۈلكىنى قۇربان قىلدى. ئاتامنىڭ قەھرىمانلىق، ئالىيجاناب ئىش-ئىزلىرى خەلقىمىزنىڭ قەلبىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالغۇسى.

ئاتام قۇربان بولغاندىن كېيىن كىچىك ئاتىمىز مەخمۇت مۇھىتى بىزگە ئاتىدارچىلىق قىلىپ، باشپاناھىغا ئالدى. ئۇ بىزنى ئۆزىنىڭ باللىرىدىنمۇ چارە كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپامنىڭ ئىنىسى ئابلاخۇن پەرسا پۈتۈن يەر زېمىن ۋە ئۆي چىقىملىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ياخشى باشقۇرغان بولغاچقا، يېتىم بولساقمۇ ئىگە چاقىسىز قالمىدۇق.

مەخسۇت ئاتام ئۇرۇشقا بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىۋاتقاندا موسۇل چوڭ ئاتام بىلەن مەخمۇت كىچىك ئاتام ئارقا سەپ تەمىناتىغا مەسئۇل بولۇپ، قوزغىلاڭچىلارغا قورال-ياراغ، يېمەك-ئىچمەكلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىدى. ئاتام شېھىت بولغاندىن كېيىن مەخمۇت كىچىك ئاتام ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىپ، ئاتامنىڭ ئىزىنى بېسىپ دۈشمەنگە قارشى جەڭنى داۋاملاشتۇردى. خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ئەڭ يېقىن قولدىشى بولۇپ، كۆپلىگەن غەلىبىلىك جەڭلەرنى باشتىن كەچۈردى. موسۇل چوڭ ئاتامۇ مەخمۇت كىچىك ئاتامنىڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى بولۇپ، باشتىن-ئاخىر بىرگە يۈرۈپ، ھەرقانداق ئىشنى كېڭىشىپ بىر تەرەپ قىلدى.

### *ۋەھىمىلىك سەپەر*

1933-يىلى كۈزدە مەخمۇت مۇھىتى كىچىك

ئاتام بىزگە: «ۋەزىپە بىلەن قەشقەرگە بارىدىغان بولدۇق» دەپ سەپەر تەييارلىقىنى قىلىشىمىزنى ئۇقتۇردى. كېيىن چوڭلاردىن ئاڭلىشىمچە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلىنىڭ ياراشتۇرۇشى بىلەن فۇكاڭ ئەھدىنامىسى تۈزۈلۈپ، خوجىنىياز ھاجى بىلەن شىڭشىسەي ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ، ئاساسىي دۈشمەن ماجۇڭيىڭنى يوقىتىش قارار قىلىنىپتۇ. مەخسۇت كىچىك ئاتام ئالدىن يۈرەر قوشۇننى باشلاپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن قەشقەرگە ئاتلىنىش بېكىتىلىپتۇ.

بىز سەپەرگە چىققاندا مۇھىتلار جەمەتىدىن ئەرلەر، ئاياللار، بالىلار، بىزنى قوغدىغۇچى ئەسكەرلەر بولۇپ خېلى نۇرغۇن ئادەم ئىدۇق. بۇ سەپەردە بىزنى قوغداش ئۈچۈن يېقىن ياردەمچىلىرىمىزدىن ئاپامنىڭ ئىككى ئىنىسى ـ ھېيت ئاخۇن پەرسا بىلەن ئابدۇللا پەرسا بىزدىن ئايرىلماي تەڭ ماڭدى. سەپەردە ئاياللار ھارۋا ياكى مەپىلەردە، بىز كىچىك بالىلار بىردىن ئەسكەرنىڭ ئالدىدا، يەنى ئات ئۈستىدە ئولتۇراتتۇق. ھاۋا سوغۇق كۈنلەردە تۆگىنىڭ ئۈستىگە ئىككى ياغاچ ساندۇقنى باغلاپ، بىر ساندۇق ئىچىگە ئىككىدىن بالىنى قېلىن ئوراپ، ئولتۇرغۇزۇپ قوياتتى. مەختۇمخان ئايلام، ئامىنەخان، مەن ۋە يەنە بىرەيلەن (كىملىكى ئېسىمدە قالماپتۇ) تۆتىمىز بىر تۆگىدە ساندۇق ئىچىدە ئولتۇرۇپ ماڭدۇق. بىز ئولتۇرغان تۆگە ئاق بولۇپ، تۆگە ھەر قېتىم ئورنىدىن تۇرغاندا، چۆككەندە «ۋوپ» قىلىپ ۋارقىرىسا، شۇنداق قورقۇپ كېتەتتۇق. يولغا كېرەكلىك لازىمەتلىكلەرنى ئارتقان تۆگە، ئاتلارمۇ جىق ئىدى.

مەخسۇت ئاتام ھايات ۋاقتىدا مىنگەن ئىككى ئات بار بولۇپ، بىرسىنى «بورۋۇل»، يەنە بىرسىنى «جەرەن ئات» دەپ قوياتتۇق. بۇ ئاتلارنى ھېچكىم مىنمەي، بىر ئەسكەر ئىگەر ـ توقۇمى بىلەن يېتىلەپ ماڭاتتى. سەپەرنىڭ يېرىمىدا بىر جايدا چۈشكۈن قىلغان ئىدۇق، كېچىدە تاغنىڭ ئارقىسىدىن ئوغرىلار كېلىپ، بۇ ئاتلارنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ. بۇ ئۇرۇش ۋاقتى بولغاچقا، مەخسۇت كىچىك ئاتام بىزنى ئۇرۇشتىن قاچۇرۇپ بىر كۈنلۈك ئالدىغا ياكى ئارقىسىغا قالدۇرۇپ، پىنھان يوللاردا ماڭدۇراتتى، ئۆزى ئۇرۇش ئۈستىدە بولاتتى. بىز شۇ تاغ ئارىسىدا ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالدۇق. 3 ـ كۈنى ھېلىقى ئوغرىلانغان ئاتنىڭ بىرى «بورۋۇل» ئات قېچىپ كەپتۇ. بۇ ئات ئىنتايىن ئەقىللىق بولۇپ، باغلاپ قويغان يەردىن ئاغامچىسىنى چىشلەپ يېشىۋالاتتى. بۇ يەردە ئات توغرىلىق گەپ بولۇپ قالدى، بۇ ئاتنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنىمۇ سۆزلەپ بېرەي: بىز قەشقەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئابدۇللا كىچىك ئاتاملار ۋە باشقا تۇغقانلاردىن بىرقىسمى تۇرپانغا قايتماقچى بولۇپ، بۇ ئاتنىمۇ تۇرپان ئاستانىگە قايتۇرۇپ كەتكەن ئىدى. ئاستانىدا ئابدۇللا كىچىك ئاتام بۇ ئاتنى ئۆزىمۇ مىنمەي، ئالاھىدە ئەتىۋارلاپ بېقىپتۇ. بىز قەشقەردىن ئاستانىگە قايتىپ كەلسەك، بۇ ئات ھويلىمىزدا بار ئىكەن. بىز ئاتنىڭ يېنىغا بارساق، ئۇ خۇددى ئادەمگە ئوخشاش بىزنىڭ ئۈستىبېشىمىزغا قاراپ كەتتى، ئۇنىڭ قارشىدىن: «مېنى تاشلىۋەتتىڭلار» دېگەندەك ھالەتنى ھېس قىلىپ، خىجىل بولۇپ كەتتۇق. بىز بەزىدە ئاستانىدە غوجامئالدىدىكى ئۆيدە، بەزىدە باغدا، بەزىدە ئاستانىنىڭ ئاياق تەرىپىگە جايلاشقان مۇجاڭكارىزدا (بۇ كارىز مۇھىتلار جەمەتىگە تەۋە بولۇپ، مەخسۇت مۇھىتى ئەينى دەۋردە كىشىلەرگە يوچۇن كۆرۈنىدىغان يېڭىچە قىياپەتتە يەنى ياللاڭباشتاق يۈرىدىغان بولغاچقا، ھەم بۇ كارىزغا پات ـ پات كېلىدىغان بولغاچقا، كېيىن بۇ كارىزنىڭ نامى «ياللاڭباشنىڭ كارىزى» دەپ ئاتالغان. بۇ كارىز ھازىر تۇرپان شەھىرىنىڭ چاتقال يېزا قاراغوجاكارىز كەنتىدە) تۇراتتۇق. مۇجاڭ كارىزدا تۇرغان ۋاقتىمىزدا بىر كۈنى ئۆيدە گۆش تۇگەپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز ئاتنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن بويىنىغا بىر تال لوڭگىنى چىگىپ، ئىچىگە

پۇل بىلەن: «گۆش ئېلىپ بېرىڭلار» دېگەن خەتنى يېزىپ، ئاستانىگە بارىدىغان يولغا قارىتىپ ھەيدىۋەتكەنتۇق. ئاستانە بىلەن مۇجاڭكارىزنىڭ ئارىلىقى نەچچە كىلومېتىر بولۇپ، ئات چۈشكىچە گۆشنى ئېلىپ قايتىپ كەپتۇ. ئەسلىدە ئاستانىدىكى ئۆيگە قارايدىغان توختى ئاكا ئاتنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، بوينىدىكى ياغلىقتا چىگىلگەن خەتتىن مەقسەتنى چۈشىنىپ، گۆشنى تەييار قىلىپ، يەنە ئاتنىڭ بوينىغا باغلاپ يولغا سېلىپ قويغان ئىكەن. كېيىن ئۇ ئات قېرىپ قوناق يېيەلمەيدىغان بولۇپ قالغاندا، ئۇنى باغلىماستىن ئېتىزلىقلارغا قويۇپ بەرسەك، ئۇ ئېتىزلارغا كىرىپ زىرائەتلەرگە زىيان سالماستىن، ئېرىق، قىرلاردىكى ئوت-چۆپلەرنى يەپ قايتىپ كېلەتتى. 40-يىللارنىڭ ئاخىرى ئات قېرىپ كەتكەنلىكتىن يىقىلىپ چۈكچەندىن كېيىن پىچاق سېلىۋالغان ئىدۇق. دېمەك مەخسۇت مۇھىتى ئاتامغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولغان، ئۇنى تالاي خەتەرلەرنىڭ ئىچىدىن ساق-سالامەت ئېلىپ چىققان «بورۇۋۇل» ئات شۇنچە چېچەن، زېرەك ئىدى.

ئەينى يىللاردا مەھمۇت كىچىك ئاتام بىلەن خوجىنىياز ھاجى شىڭ شىسەي بىلەن تۈزگەن توختامغا ئاساسەن تۇرپاندىن چىقىپ، قارا شەھەر، كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەرغىچە بېرىپ، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىغا قارشى جەڭ قىلىش ۋە جەنۇبىي شىنجاڭغا مەسئۇل بولۇش بەلگىلەنگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ ماجۇڭيىڭ يوقالغاندىن كېيىن، مەھمۇت كىچىك ئاتام 1934-يىلدىن 1937-يىلى ئەتىيازغىچە ئالتىنچى دېۋىزىيىنىڭ باش قوماندانى بولۇپ قەشقەردە تۇردى. قەشقەرلىك كىشىلەر مەھمۇت كىچىك ئاتامنى «مەھمۇت شىجاڭ، مامۇت شىجاڭ» دەپ ئاتايتتى.

شۇ چاغدا قەشقەرگە قىلغان سەپىرىمىز ناھايىتى جاپالىق بولغان ئىدى. ئۇرۇش ۋاقتى بولغاچقا بىز چوڭ يولدىن ئايرىلىپ، چۆل-باياۋانلاردا ماڭاتتۇق. يەر شارائىتىغا قاراپ ھارۋا ماڭالمايدىغان يەرلەردە ئاتلىق، ھاۋا سوغۇق كۈنلەردە تاغ ئارىسىدا دۈگدىيىپ (تۇرپان شىۋىسى: شۈمشىيىپ، دۈگدىيىپ) يول يۈرەتتۇق. قاراشەھەرگە يېقىنلاشقاندا باغراش كۆلىدىن ئۆتتۇق. كۆلنىڭ سۈيى سۈپسۈزۈك بولۇپ، يوغان بېلىقلار ئۈزۈپ يۈرەتتى. يولنىڭ بىر تەرىپى، تاغ، يەنە بىر تەرىپى كۆل بولۇپ، سۇ ناھايىتى جىق ئىدى. تۇيۇقسىز ھاۋا گۈلدۈرلەپ، قاتتىق چاقماق چېقىپ، شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كەتتى. مەن تولا ئاتتا ئولتۇرۇپ زېرىكىپ تورغاننىڭ ئۈستىگە، ئاسمان قاتتىق گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ كەتكەچكە، قورقۇپ تازا يىغلىغان ئىدىم. ئۇ ۋاقىتتا ئاپام، كىچىك سىڭلىم ئانانۇرخان ۋە يەنە ئايلام پاتەمخان، ئۇنىڭ چۆلدە تۇغۇلغان بوۋىقى بىلەن بىر كۆك مەپىدە ئولتۇرغان ئىدى. مەن يالغۇز ئولتۇرۇپ زېرىكىپ كەتكەچكە، ئاپاملار بىلەن بىللە ئولتۇرىمەن دەپ جېدەل قىلسام، ئابلاخۇن (ئابدۇللا پەرسا) كىچىك ئاتام كېلىپ:«سەن ئۇ مەپىگە پاتمايسەن، يەنە جېدەل قىلساڭ، سېنى كۆلدىكى بېلىقلارغا تاشلاپ بېرىمىز» دەپ قورقۇتقان ئىدى. دېمىسىمۇ بىز ئاستانىدە ئۇنداق چوڭ بېلىقلارنى زادى كۆرۈپ باقمىغاچقا، مەن قورقۇپ، دەرھال يىغىدىن توختاپ قالغان ئىدىم.

باغراش كۆلىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، كېچىدە قاراشەھەر دەرياسىغا يېتىپ كەلدۇق. قاسىم ئاكا دەيدىغان بىر ئەسكەر مىنى ئۆز ئېتىنىڭ ئالدىغا ئېلىۋالغان بولۇپ، 5-6 ياشلىق باللار ھەممىمىز شۇنداق ئىدۇق. ئاپامنىڭ ئىنىسى ھېيتاخۇن ئاكام بىزگە لازىمەتلىك نەرسىلەرنى بىر مەپىگە سېلىپ، مەپىدە ئولتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. كېچىدە مەپىكەش ئۇخلاپ قېلىپ، ئات يولدىن چىقىپ كەتكەچكە، دەريانىڭ بىر قايىنمىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. مەپىكەش ئاتنى قۇتۇلدۇرىمەن دەپ سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ، پالاقشىپ ئات بىلەن ھەپىلىشىشكە باشلىدى. ھېيت ئاخۇن ئاكام مەپىدىن سالامەت چىقىۋېلىپ، نەرسە-كېرەكلەرنىمۇ سۈزۈۋالغاندىن كېيىن مەپىكەشكە:

«سۇدىن قايتىپ چىق، ساڭا بىر ئات ئۈچۈن ئىككى ئاتنىڭ پۇلىنى بېرەيلى، بولمىسا بۇ كېچىدە سەنمۇ ئۆلىسەن» دەپ ۋارقىراپ يۈرۈپ، ئۇنى سۇدىن ئاچىقىۋالدى. قوسىيە چوڭ ئاپام (مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئاچىسى) ئات مىنىۋالغان بولۇپ، قاراڭغۇدا دەريادىن چىققىچە ئاتنىڭ كەينىدىن سىيرىلىپ سۇغا چۆكۈپ كېتىپتۇ ۋە قويىنىغا سېلىۋالغان بىر بولاق ئالتۇن-كۈمۈشلىرى سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. هاۋا سوغۇق بولغاچقا، ئۇ باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن سۇدىن چىقىپ، تۇگلاپ كەتكەنلىكتىن قويىنىدىكى ئالتۇن-كۈمۈشلەرنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىغا دىققەت قىلماپتۇ. بىر هازا ماڭغاندىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ قارىسا، قويىنىدىكى ئالتۇن-كۈمۈشلەر يوق. بۇنى ئۇققان سەدە هاجى (قۇسىيەنىڭ يولدىشى) چوڭ ئاتام خاپا بولدى. قوسىيە چوڭ ئاپام خېجىلچىلىقتا هەمراھلىرى بىلەن كەينىگە يېنىپ، يەنە شۇ سۇغا چۈشۈپ كەتكەن جايغا بېرىپ قارىسا، ئالتۇن ئېغىر بولغاچقا ئاقماي سۇنىڭ ئاستىغا چۆكۈپ قالغان ئىكەن، ئالتۇنلارنى قايتۇرۇپ كەپتۇ.

بىزنىڭ سەپىرىمىز ئۇرۇش بىلەن يانداش بولۇپ، گاهىدا ئۇرۇش بولغان جاينىڭ ئالدىدا، گاهىدا بىر كۈنلۈك كەينىدە دېگۈدەك ماڭاتتۇق. شۇڭا ئۇرۇشنىڭ بىۋاستە تەسىرىگە ئانچە ئۇچرىمىدۇق. بىز ئاقسۇغا يېتىپ بارغاندا ئازراق تۇرۇپ قالدۇق. بىز تۇرغان قورو يوغان، ئۆيلىرى قاتار ساراي بولۇپ، هەربىر ئائىلە بىردىن ئۆينى تۇتۇپ ئولتۇردۇق. ئادەملەر ئۇرۇش ۋەھىمىسىدىن قورقۇپ قېچىپ كەتكەن بولغاچقا، كوچىلاردا ئادەملەر شالاڭ ئىدى. بۇ چاغدا كۆتۈلمىگەندە كىچىك بالىلارغا چېچەك چىقىپ، بىزنى خېلى ساراسىمىگە سالدى. باشقا بالىلار كېسەلدىن بىخەتەر ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، مېنىڭدىن كىچىك سىڭلىم ئانانۇرخان بىلەن پاتەمخان ئايلامنىڭ ئاقتا تۇغۇلغان قىزى (بىرى سەككىز ئايلىق، يەنە بىرى 10 ئايلىق بالىلار ئىدى) تۈگەپ قالدى ۋە ئاقسۇنىڭ يابېشىدىكى زەرتگاھلىققا دەپنە قىلىندى. ئاقسۇنىڭ چوڭلىرى ۋاپات بولغان قىز ئۆكىلىرىمنىڭ يەرلىكلىرىنى: «غازىلارنىڭ بالىلىرى، مازار قىلىۋالىمىز» دەپ ئىككىسىنى بىر يەردە قويۇپ، چۆرىسىگە رىشاتكا قىلىپ، هەر پەيشەنبىدە گۈل ئېلىپ چىقىپ، دۇئا ئۆتكۈزۈپ تۇردى. بىز يەنە بىر جايغا بارغاندا مەن بالىلار بىلەن ئويناۋېتىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن شوتىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، بېلىمنى سۇندۇرۇۋالدىم. بۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇرۇشتىن قورقۇپ قېچىپ كەتكەچكە، سۇنۇقچى تېپىلماي، ئەسكەرلەر بىر ياشانغان ئايالنى تېپىپ كىرىپتۇ. ئانداق تاڭ، مۇنداق تاڭ دەپ يۇرۇپ بېلىمنى تاڭدۇردى. بۇ سۇنۇقنىڭ دەردىنى خېلى ئۇزۇن تارتتىم.

### *قەشقەر ۋە تۇرپانغا قايتىش*

1934-يىلى ئاخىرى مىڭ جاپالار بىلەن قەشقەرگە يېتىپ باردۇق ۋە قەشقەردىكى يۇملاق شەھەر سېپىلى ئىچىدىكى سىلىڭبۇدا بىر يىل تۇردۇق. كېيىن مەخمۇت كىچىك ئاتام ئۆزى ئەسكەرلەر بىلەن سىلىڭبۇدا قېلىپ، بىزنى «نەزەر باغ، سەمەن باغ» دېگەن جايلاردىكى بايلارنىڭ ئۆيلىرىگە كۆچۈرۈپ قويدى. بۇ ئۆيلەر بەك ئېسىل بولۇپ، ئاستى تاختايلىق، ئۈستى نەقىشلىك ئىدى. باغقا قارايدىغان بىر ئۆيدە موسۇل چوڭ ئاتام تۇراتتى. ئۇ ئۆينىڭ دېرىزىلىرى قىزىل، يېشىل، كۆك رەڭدىكى تاش ئەينەكلەر بولۇپ، ئۆينىڭ ئىچىدە تۇرۇپ سىرتقا قارىسا، سىرتنىڭ مەنزىرىسى قىزىل، يېشىل، كۆك رەڭدە كۆرۈنەتتى. باغدا ئۈزۈم، ئانار، بادام، قارا ئۆرۈك قاتارلىق هەرخىل مېۋىلەر بار ئىدى. باغدىكى چوڭ بەش ئايۋاننى ئەتىرگۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان چىرايلىق تار يوللار بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى. بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىگىلىرى قەشقەرنىڭ چوڭ بايلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۇرۇشتىن قورقۇپ، هەج قىلىش باهانىسى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانغا كەتكەن ئىكەن.

كېيىن مەخمۇت كىچىك ئاتام: «جاهان

تېنچلاندى، كىشىنىڭ شەھىرىدە مۇنداق نۇرغۇن ئادەم تۇرمۇش كەچۈرمەك تەس ھەم تەسىرىمۇ ياخشى بولمايدۇ، ئاستانىگە بېرىپ يەر تېرىپ تىرىكچىلىك قىلىڭلار، ئائىلىنى ھۆكۈمەت خىراجىتىدىن تەمىنلىسە بولمايدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ پۇلى سەخىر ھەققى، يېتىم-يېسىرلارنىڭ پۇلى» دەپ تۇغقانلارنى تۈركۈمگە بۆلۈپ تۇرپانغا قايتۇرۇشقا باشلىدى. بىرىنچى تۈركۈمدە موسۇل چوڭ ئاتامنىڭ چوڭ ئايالى زورىخان، چوڭ قىزى هادىخان، چوڭ ئوغلى قاسىم مۇھەتتى قاتارلىقلار ئاستانىگە قايتتى، كىچىك ئاتام گوسۇل مۇھەتتىمۇ شۇ قېتىم تۇرپان ئاستانىغا كەتتى. بۇ چاغدا قەشقەردە قالغانلار موسۇل چوڭ ئاتامنىڭ كىچىك ئايالى سارىخان ئاپام، ئوغلى ئابدۇرازاق، ئاپام (يەنى مەخسۇت مەھەتتىنىڭ ئايالى زەينەپ پەرسا)، بىز مەخسۇت مۇھەتتىنىڭ پەرزەنتلىرىدىن پاتەمخان ئايلام، ئەنۋەر مۇھەتتى ئاكام، ئابدۇرېشىت مۇھەتتى ئاكام، ئىبراھىم مۇھەتتى ئاكام ۋە مەن (سائادەت مۇھەتتى) لەر ئىدۇق. مەخمۇت كىچىك ئاتامنىڭ كىچىك ئايالى زۇبەيدەخان ئاپام، چوڭ ئوغلى ئابدۇلھېمىت، ھەجەرخان ئايلام، ئامىنەخان، ئابدۇلئەزىز، ئابدۇلمىجىت، خەلچىخان، بىشارەتخانلارمۇ قەشقەردە قالدى، قالغان تۇغقانلار ھەممىسى قايتتى. موسۇل چوڭ ئاتام بىلەن مەخمۇت كىچىك ئاتام ئىككىسى نۇرغۇن تۇغقانلارنى تۇرپانغا كەتكۈزۈۋەتتى. يەنە بىر يەردە قېپقالغان ئۈچ ئائىلىنىڭ خىراجىتىنى چوقۇم تۇرپاندىن يەتكۈزۈپ بېرىشنى قاسىم چوڭئاتامغا (موسۇل مۇھەتتىنىڭ ئوغلى) قاتتىق جېكىلەپ تاپشۇردى. بىزنىڭ خىراجىتىمىزنى بولسا (مەخسۇت مۇھەتتى ئائىلىسى) تۇرپاندىن يەتكۈزۈپ تۇرۇشنى ئابلاخۇن پەرسا دادىمىزغا تاپشۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئابلاخۇن پەرسا دادىمىز بىزنىڭ يەردىن چىققان مەھسۇلاتلارنى سېتىپ پۇلغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇدا ئىككى يىل قەشقەرگە ئەكىلىپ بەردى. مەخمۇت كىچىك ئاتام بىزگە دائىم: «ئومۇمنىڭ خىراجىتىنى ئىشلەتسەڭلار، خەقنىڭ ھەققىنى يېسەڭلار قەتئىي بولمايدۇ، باللار چىت كۆينەك كىيسۇن، بىز شىجاڭنىڭ بالىلىرى، دەپ ئالاھىدە بولۇۋېلىشقا قەتئىي بولمايدۇ» دەپ جېكىلەپ تۇراتتى. شۇڭا بىز چوڭلاردىن كىچىكلەرگىچە ناھايىتى ئاددىي كىينەتتۇق. قەشقەردە ئىككى يىلدىن ئارتۇق تۇردۇق. ئوقۇش يېشىغا يەتكەن باللار ھەممىمىز مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇدۇق. مەخمۇت كىچىك ئاتام بىز ۋە قەشقەرلىك ساۋاقداشلار ئۈچۈن سوۋېتتىن ئەر-ئايال تاتار مۇئەللىملەرنى تەكلىپ قىلىپ، مەكتەپ ئېچىپ بەردى. بىزنى ئوقۇتقان مۇئەللىمنىڭ ئىسمى خەدىچە خانىم بولۇپ، بۇدرە چاچ، مەدەنىي ئايال ئىدى. ئۇ قىزلارغا، يولدىشى ئوغۇللارغا دەرس بېرەتتى. بىزگە تىل، ھېساب، تەبىئەت، جۇغراپىيە ۋە بىر سائەت دىنىي دەرس ئۆتۈلەتتى. يەنە بىر سائەت خەنزۇچە دەرس، شېئىر، تەنھەرىكەت، قول ھۈنىرى قاتارلىق دەرسلەرمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا سوۋېتتىن كەلتۈرگەن رەڭدار پۈرۈك قەغەزلەردىن گۈل ياسايتتۇق. شۇ يىللاردا ئابدۇلھېمىت ئاكام، ئابدۇراخمان ئاكام، ئابدۇرېھىم ئاكام، ئەنۋەر ئاكام، ئابدۇرېشىت ئاكام قاتارلىق ئوغۇل تۇغقانلار قەشقەردىن ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا باردى.

1936-يىلى ئاپام تۇرپانغا قايتىمەن دەپ موسۇل چوڭ ئاتام بىلەن مەخمۇت كىچىك ئاتامغا خەۋەر قىلدى. مەخمۇت كىچىك ئاتام: «بىز نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدۇق، مەخسۇت ئاكام شۇنداق پاجىئەلىك تۈگەپ كەتكەن تۇرسا، يەنە نېمە دەپ زەينەپخاننىڭ تۇرپانغا بارغۇسى كەپتۇ، بارمىسۇن» دېگەندە ئاپام كۆڭلى يېرىم بولۇپ، قاتتىق يىغلاپ كەتتى. مەخمۇت كىچىك ئاتام يەنە: «زەينەپخاننىڭ تۇرپانغا كەتكۈسى كەلگەن بولسا، ئۇنى يالغۇز يولغا سېلىپ قويىمەن، باللارنى مېنىڭ بېقىشى مەسئۇلىيىتىم بار، ئۆزۈم تەربىيىلەيمەن، باللارنىڭ بىرىنىمۇ بەرمەيمەن» دېدى، بۇ گەپتىن ئاپام

تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. بۇ ئىشلاردىن موسۇل چوڭ ئاتام خەۋەر تېپىپ مەخمۇت كىچىك ئاتامغا نەسىھەت قىلىپ، ئاپامنىڭ تۇرپانغا قايتىشىغا ماقۇل كەلتۇردى. لېكىن مەخمۇت كىچىك ئاتام: «پاتەمخاننىڭ ئوقۇشى پۈتۈشكە ئاز قالدى، ئوقۇش ھەممىدىن مۇھىم، شۇڭا ئۇ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرسۇن. ئەنۋەر بىلەن ئابدۇرېشىت تاشكەنتتە ئوقۇۋاتىدۇ، شۇڭا زەينەپخاننىڭ كەتكۈسى بولسا، ئىبراھىم بىلەن سائادەتنى ئېلىپ قايتسۇن، لېكىن شەرتىم بىر يىلدىن كېيىن چوقۇم قايتىپ كېلىشى كېرەك» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر جىددىي يول تەييارلىقى قىلىشقا كىرىشتۇق، بىزنىڭ قايتىشىمىز ئۈچۈن مەخمۇت كىچىك ئاتام بىر يۈك ماشىنىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.

ئۇ يىللاردا ماشىنا ئىنتايىن ئاز ساندا بولۇپ، بىزنىڭمۇ بۇ تۆمۈر كوڭكىنى تۇنجى كۆرۈشىمىز ئىدى. مەخمۇت كىچىك ئاتام جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەربىي قوماندانى بولغاچقا، ماشىنا ھەل قىلالىغان ئىكەن. بىز ماشىنىنىڭ ئاستىغا يۈك باستۇرۇپ، ئۈستىگە ئاپام، ئاكام ۋە مەن يەنە بىر ـ ئىككى ھەمراھ بىلەن ماشىنىغا چىقتۇق. ماشىنا شىتاپنىڭ ئىچىدە دەرۋازا تەرەپكە قارىتىپ توختىتىلغان بولۇپ، ماشىنىنىڭ ئەتراپىدا چوڭلار، بالىلار، موسۇل چوڭ ئاتام، مەخمۇت كىچىك ئاتام ۋە ئەسكەرلەر جىق ئىدى. بىز يىغا ـ زارە ئىچىدە خۇشلىشىپ، قوزغىلاي دەپ تۇرۇشىمىزغا، مەخمۇت كىچىك ئاتام ماشىنىنىڭ يېنىدا بىزگە قىزىقىپ قاراپ تۇرغان قىزى خەلىچەخاننى ئېلىپلا: «مەڭ زەينەپخان» دەپ ئاپامغا بەردى. ئاپام بالىنى قوش قوللاپ ئېلىپ: «رەھمەت ماموت ئاخۇن، ئاللاغا ئامانەت» دېدى. خەلىچىخان شۇ چاغدا ئىككى ياشلار ئەتراپىدا بولۇپ، بارىمەن ـ بارمايمەن دېيەلمەتتى؟ زۇبىدە ئاپام (مەخمۇت مۇھەتتىننىڭ ئايالى) «ۋاي بالام خەلىچە» دەپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. مەخمۇت كىچىك ئاتامنىڭ ئۆز بالىسىنى ئاپامغا نېمىلەرنى ئويلاپ بەرگەنلىكى بىر سىر ياكى ئاپامغا ئىچ ئاغرىتقان بولۇشى مۇمكىن.

چۈنكى، ئاپام ھۆرمەتلىك ئاتام مەخسۇت مۇھەتتىدىن ئايرىلدى. 10 ئايلىق بولغان ئوماق سىڭلىم ئانانۇرخان بىلەن سەككىز ئايلىق نەۋرىسى خەيرىنىساخاندىن ئايرىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايلام پاتەمخان قەشقەردە، ئەنۋەر ئاكام ۋە ئابدۇرېشىت ئاكاملار تاشكەنتتە بولغاچقا، ئاپامنىڭ بالىلىرىنىڭ كۆپى يېنىدا ئەمەس، يۈرىكى جۇدالىق ئازابى بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى. مەخمۇت كىچىك ئاتام مۇشۇلارنى ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، تۇغقىنىغا ئىچى ئاغرىتىپ، ئۆز يۈرەك پارىسى بولغان پەرزەنتىنى بېرىۋېتىش ئاسان ئەمەس ئەلۋەتتە. ئاستانىدىن بىز بىلەن بىرگە كەلگەن، بالىلارغا قارىشىپ بېرىدىغان ئايسە ئاپپاق ئانىمىزمۇ خەلىچەگە چىدىماي: «ۋاي بالام خەلىچە» دەپ يىغلاپ كەتتى. ئاپام يىغلاپ تۇرۇپ: «رەھمەت ماموت ئاخۇن» دېيەلىدى ۋە زۇبىدە ئاپامغا قاراپ «رەھمەت زۇبىدەخان، مېنىڭ بالام سىزنىڭ بالىڭىز، سىزنىڭ بالىڭىز مېنىڭ بالام، خەلىچەخاننى ئۆز بالامدىنمۇ بەكرەك ئاسراپ باقىمەن. يەنە كۆرۈشكىلى ئاللا نېسىپ قىلار» دېدى. زۇبىدە ئاپام: «بالام خەلىچەنى ئاۋۋال ئاللاغا، ئاندىن قالسا سىزگە تاپشۇردۇم ئايلا، مەن رازى» دېدى. موسۇل چوڭ ئاتام: «يولۇڭلار ئاق بولسۇن» دەپ قول كۆتۈرۈپ، «ئامىن» دەپ دۇئا قىلدى. ئەتراپتىكى تۇغقانلار، ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى دۇئاغا قول كۆتۈردى. بۇنىڭ بىزنىڭ چوڭ ئاتام، كىچىك ئاتاملار بىلەن ئەڭ ئاخىرقى خوشلىشىشىمىز بولۇپ قېلىشىنى كىم بىلسۇن.

بىز قەشقەردىن يولغا چىقىپ تۆت كۈندە «قىزىل» (ئاقسۇنىڭ قىزىل يېزىسى) دېگەن يەرگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ چاغدا ماشىنىمىز بۇزۇلۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىز بىر چوڭ پىگلو ھارۋا كىرا قىلىپ ماڭدۇق ۋە تۇرپانغا 40 كۈندە يېتىپ كەلدۇق. بۇ نۆۋەت سەپىرىمىز بۇرۇنقىغا قارىغاندا تۈپتىن پەرقلىق

بولــدى. نەگــىلا كەلــسەڭ يــۇرت چــوڭلىرى: «شىجاڭنىڭ بالىلىرى كەپتۇ، بىرەر كۈن مېھمان قىلىۋالايلى» دەپ ئالدىمىزغا چىقىپ كۈتۈۋالاتتى. ئاقسۇدا نىياز ئاكا دوتەيلىك (نىياز دوتەي 1894-يىلى تۇرپان ئاستانىدە تۇغۇلغان. مەدرىس ۋە يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ، ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيغا ئايلانغان. دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەندە ئاكتىپ قاتنىشىپ، تۆەنجاڭلىققا كۆتۈرۈلگەن ۋە 1934-يىلى خوجىنىياز ھاجى تەرىپىدىن ئاقسۇنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن) قىلىۋاتقان ۋاقىت بولۇپ، ئۇنىڭ چىڭ تۇتۇۋېلىشى بىلەن بۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالدۇق. بۇ يىللار شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلغان مەزگىللەر بولغاچقا، جاھان خېلى تېنچ ئىدى، سەپەر بىخەتەر، كۆڭۈللۈك بولدى.

### *پاجىئەلىك قىسمەتلەر*

تۇرپان ئاستانىگە كەلگەندىن كېيىن تۇغقانلار شۇنداق خۇش بولدى. ئاكام (ئىبراھىم مۇھتى) بىلەن ئىككىمىز ئاتام مەخسۇت مۇھتى قۇرغان، ئاتامنىڭ ئوت يۈرەك شاگىرتلىرى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان «مەخسۇدىيە مەكتىپى» گە باردۇق. ئاكام ئوغۇللار مەكتىپىگە، مەن قىزلار مەكتىپىگە كىردىم. قىزلارنى ئايشەم ئاۋۇستەي ئوقۇتۇۋاتقان ئىكەن. بىر يىلدىن كېيىن ئۈرۈمچىدىن خاسىيەت ئىسملىك بىر مۇئەللىم كېلىپ موسۇل چوڭ ئاتاملارنىڭ قورۇسىدا ئوقۇدۇق. بۇ ۋاقىتتا مۇئەللىم مېنىڭ قەشقەردىن گىمناستىكا ئويناش ۋە چىلتەك توقۇشنى ئۆگىنىپ كەلگەنلىكىمنى ئوقۇپ، بۇنى باشقا ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتىشىمنى تاپشۇردى. مەن باللارغا گىمناستىكا ئويناش ۋە چىلتەك توقۇشنى ئۆگەتتىم. شۇ چاغلاردا «مەخسۇدىيەت مەكتىپى» دە «سانايى نەپىسە» (سەنئەت ئۆمىكى) قۇرۇلغان بولۇپ، بىز ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىرلىشىپ، ناخشا- ئۇسۇللارنى تەييارلاپ، سەھنىلەرگە ئېلىپ چىقتۇق. كېيىن تۇرپاندا ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، بىز ئاستانە «سانايى نەپىسە» دىكىلەر بىرىنچىلىكنى قولغا كەلتۈردۇق، شۇ قېتىم مەن بىر دانە كۈمۈش مېدال بىلەن مۇكاپاتلاندىم.

1937-يىلى جاللات شىڭ شىسەينىڭ مەخمۇت كىچىك ئاتامنى يوقىتىش سۇيىقەستى تېخىمۇ جىددىيلىشىپتۇ، ئۇنى «يىغىن بار» دەپ ئۈرۈمچىگە چاقىرىپتۇ. مەخمۇت كىچىك ئاتام بۇ سۇيىقەستنى بىلىۋېلىپ ئۈرۈمچىگە كەلمىگەندىن كېيىن قەشقەردە قولغا ئالماقچى بوپتۇ. بىر قېتىم شىڭ شىسەينىڭ قەشقەردىكى چوڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن 40 قا يېقىن ھەربىي يىغىلىپ، مەخپىي يىغىن ئېچىپ، مەخمۇت كىچىك ئاتامنى تۇتۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. يىغىنغا قاتناشقانلاردىن بىرى يىغىن ئەھۋالىنى مەخمۇت كىچىك ئاتامغا ئېيتىپ قويۇپتۇ. ئەھۋالنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان مەخمۇت كىچىك ئاتام ئۆزىگە سادىق كىشىلەردىن 30-40 تەك ئادەمنى باشلاپ، 1937-يىلى ئەتىيازدا باشقىلارغا «ئوۋغا بارىمىز» دەپ قويۇپ، بالا-چاقىلىرىنىمۇ ئالماي، جىمجىتلا چەتئەلگە چىقىپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن قەشقەردە قالغان مۇھتىلار جەمەتىدىن 18 كىشىنى يېڭىشەھەر سىلىڭبۇدىكىلەر (شىڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى) كېلىپ: «سىلەرنىڭ بىخەتەرلىكىڭلارنى قوغدايمىز، لازىمەتلىك نەرسىلىرىڭلارنى ئېلىۋېلىڭلار» دەپ ئازراق كىيىم-كېچەكلىرى بىلەن يېڭىشەھەر سىلىڭبۇغا ئېلىپ چىقىپ، سولاپ قويۇپتۇ. شۇ قېتىم قامالغانلار: مەخمۇت كىچىك ئاتامنىڭ ئايالى زۇبىدە ئاپام (36 ياش)، باللىرى، ھەجەرخان ئايلام (18 ياشلار ئەتراپىدا)، ئامىنەخان، ئابدۇلئەزىز، ئابدۇلمىجىت، بىشارەتخان ۋە يەنە بالا باققۇچى ئايسە ئاپپاق ئانا قاتارلىقلار؛ موسۇل چوڭ ئاتامنىڭ ئايالى سارىخان ئاپام (40 ياشلار ئەتراپىدا)، باللىرى، مەختۇمەخان، ئابدۇرازاق قاتارلىقلار؛ ئايلام پاتەمخان (23 ياش، مەخسۇت مۇھتىنىڭ قىزى)، مۇھەت ھاجى دادامنىڭ سىڭلىسى بۇرەۋىخاننىڭ ئوغلى زاكىر ئاكام، ئۇنىڭ

ئايالى مەستۇرىخان ئايلا، كىچىك ئايالى نىيازخان، باللىرى، سادەتخان، خاسىيەتخان قاتارلىقلار ئىكەن. شىلىڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى يەنە پىرلەتكەن (پوچتا) ھەيدەيدىغان پوچتىكەش بىلەن ئات باقارنىمۇ بىللە ئېلىپ كىرىپ كېتىپتۇ. 20 كۈندىن كېيىن تۇڭگانلار كېلىپ سوقۇشقاندا (ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى) ئۈچ ئەر كىشىنى ئەپچىقىپ كەتكەنچە ئىز - دېرىكى بولماپتۇ.

يېڭىشەھەر تۈرمىسىدە قامالغان تۇتقۇنلار 15 ئاي سولاقتا يېتىپ، جىق ئازابلارنى چېكىپتۇ. كېيىن ئۇلارنى: «ئۈرۈمچىگە قايتىسىلەر، بىرەر قۇردىن كېيىم ئېلىۋېلىڭلار، قالغان نەرسىلىرىڭلارنى ئارقاڭلاردىن ئاپىرىپ بېرىمىز» دەپ گۇللاپ سولاقتىن چىقىرىپ، موسۇل چوڭ ئاتام، مەخمۇت كىچىك ئاتامنىڭ بالا ۋاقىلىرىنى «خائىنلارنىڭ باللىرى» دەپ غۇلجا كۈرەگە پالىۋەتتى. قەشقەردىكى مۈلۈكلىرىمىزنىڭ ھېچقايسىسىنى بەرمىدى، شۇنداقلا ئاستانىدىكى موسۇل، مەخمۇت، گوسۇل دادىلىرىمىزنىڭ يەر - زېمىنلىرىنى «خائىنلارنىڭ يەرلىرى» دەپ مۇسادىرە قىلدى. پەقەت بىزنىڭ (مەخسۇت مۇھىتى) يەرلىرىمىزلا ۋاقتىنچە ئۆز ئېلكىمىزدە بولدى، ئۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ تۆت كارىز، بىر چوڭ بېغىمىز بار ئىدى. بىزنىڭ يەردىن چىققان ئاشلىق بىلەن باشقا تۇتقۇنلارنىمۇ تەمىنلەپ تۇردۇق. كەينىدىن زاكىر ئاكىنىڭ باللىرىنى ئاستانىگە قايتۇردى.

1939 - يىلى ئۈرۈمچىدە «خائىنلارنىڭ باللىرى» دەپ گوسۇل كىچىك ئاتامنى، ئابدۇراخمان مۇھىتى، قاسىم مۇھىتى، ئابدۇرېھىم مۇھىتى، ئابدۇلھېمىت مۇھىتى، ئەنۋەر مۇھىتى، ئابدۇرېشىت مۇھىتى، مۇھەمەت ھاجى دادامنىڭ كۈيئوغلى ھېيتئاخۇن پەرسا، ئۇنىڭ ئىنىسى قاسىم پەرسا، قۇربان سەئىدى قاتارلىق ئون تۇتقۇنىمىزنى بىراقلا تۈرمىگە تاشلىدى. بۇلاردىن گوسۇل مۇھىتى، قاسىم مۇھىتى، ئەنۋەر مۇھىتى، ھېيتئاخۇن پەرسا، قۇربان سەئىدى قاتارلىقلارنى تۈرمىدە ئىز - دېرەكسىز يوقاتتى. ئابدۇراخمان مۇھىتى، ئابدۇرېھىم مۇھىتى، ئابدۇلھېمىت مۇھىتى، قاسىم پەرسا، ئابدۇرېشىت ئاكام تۈرمىدە ئاغرىپ قېلىپ، ئېغىر ئەھۋالدا قايتىپ چىققان بولۇپ، ئۈرۈمچىدە بىر ئاي داۋالىنىپتۇق. كېيىن ئاستانىگە ئېغىر ئەھۋالدا قايتىپ چىققان بولساقمۇ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي قازا قىلىپ كەتتى.

ئابدۇلھېمىت ئاكام (مەخمۇت مۇھىتىنىڭ چوڭ ئوغلى، 1912 - يىلى تۇغۇلغان) تۈرمىدىن چىقىرىلىپ، ئاستانىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كۆپ ئۆتمەي، شىڭ شىسەينىڭ چاقىرتىشى بىلەن يەنە ئۈرۈمچىگە چىقىپ، قىزلار 6 - مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولدى. لېكىن ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەيلا يەنە «تەنتەربىيە مەشقىدە ئوقۇغۇچىلار ئاتقان چويۇن توپ ئېھتىياتسىزلىقتىن بېشىغا تېگىپ كەتتى» دېگەن سەۋەبنى توقۇپ چىقىرىپ، نېرۋىسىدىن ئادىشىپ قالغان ئابدۇلھېمىت ئاكامنى ئاستانىگە ئەكىلىپ قويدى. ئابلاخۇن كىچىك ئاتام ئابدۇلھېمىت ئاكامنى جىق داۋالاتقان بولسىمۇ، ئۈنۈمى بولمىدى. ئاخىرى 1978 - يىلى ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى. خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا، 1933 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە بىز مۇھىتىلار جەمەتىدىكىلەر جاللات شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ داۋاملىق زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ كەلدۇق.

### «كىچىك يېغىلىق» تىكى قۇربانلار

1947 - يىلى ئابدۇراخمان مۇھىتى (موسۇل مۇھىتىنىڭ 2 - ئوغلى 1910 - يىلى تۇرپان ئاستانىدە تۇغۇلغان، تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان، ئەينى يىللىرى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن تۇرپان ناھىيىسىگە ھاكىم بولغان) ئاكامنىڭ باشچىلىقىدا تۇرپان ئاستانىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. (تارىختا «تۇرپان ياشلار ئىنقىلابى»، «كىچىك يېغىلىق» دەپ ئاتىلىدۇ) ۋە شۇ يىلى 7 - ئايدا ئابدۇراخمان ئاكام، ئابدۇرېھىم ئاكام، ئىبراھىم ئاكام، ئابدۇللەزىز،

ئابدۇللا، ئابدۇللا پەرسا، ئابدۇلمجىت قاتارلىق تۇغقانلار ئابدۇراخمان ئاكامنىڭ باشچىلىقىدا يول بويى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، غۇلجا تەرەپكە چېكىندى.

ئۇرۇش جەريانىدا «يۇلتۇز» دېگەن يەردىكى ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتىدىغان چاغدا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئوققا تۇتۇپ، قوزغىلاڭچىلاردىن نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپ كېتىپتۇ، ئىبراھىم ئاكام (مەخسۇت مۇھىتنىڭ ئوغلى) نىڭ ئېتى ئۈركۈپ كېتىپ ئۇنى تاغقا ئەپقېچىپتۇ. تاغنىڭ يېرىمىغا چىقىپ كەينىگە قارىسا، ئابدۇلئەزىز (مەخمۇت مۇھىتنىڭ ئوغلى) بىلەن ئابدۇللا (گوسۇل مۇھىتنىڭ ئوغلى) كېلىۋاتقۇدەك. ئىبراھىم ئاكام ئۇلارغا: «سىلەر بۇياققا كەلمەڭلار، مېنىڭ ئېتىم پەقەت ماڭماي بۇ تەرەپكە كەپقالدىم، سىلەر ئابدۇراخمان ئاكامنىڭ يېنىدىن ئايرىلماڭلار» دېسە، «بۇ جايدىن كەچقۇرۇن ئۇچىمىز بىرگە ئۆتۈپ كېتەيلى» دەپ ئۇنىماپتۇ. كەچقۇرۇن تاغنى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى پۈتۈنلەي ئىگىلىۋاپتۇ. قۇربان سەئىدىنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇرازاق بۇ يەردىكى ئۇرۇشتا ئوق تېگىپ تۈگەپ كېتىپتۇ ۋە جەسىدىمۇ شۇ يەردە قېپقاپتۇ. ئىبراھىم ئاكام، ئابدۇلئېزىز، ئابدۇللا ئۈچەيلەن بۇ ئېغىزدىن ئۆتۈش مۇمكىن بولمىغاچقا، «كۆن چىققان تەرەپكە ماڭساق تۇرپانغا بارغىلى بولار، يۇرتىمىزغا كەتمەي ئىلاجىمىز قانچە، ئۆز يۇرتىمىز بولغاندىكىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالى بولۇپ قالار، يەنە كېلىپ ئۈچىمىزنىڭلا ئاپىلىرىمىز بار، تۇغقان، يۇرتداشلار بار» دەپ ئويلاپ، 14 كۈن ئاتلىق ۋە پىيادە مېڭىپ ئاستانىگە مىڭبىر مۇشەققەتتە قايتىپ كەلدى. بىز ئىبراھىم ئاكامنى مۇجاڭ كارىزغا يوشۇرۇن قويدۇق. زۇبىدە ئاپام بىلەن نوخان ئاپام ئابدۇلئەزىز بىلەن ئابدۇللانى مەڭگۈبۇلاق كارىزىغا يوشۇرۇپ قويدى.

نەق شۇ كۈنلەردە گومىنداڭچىلارنىڭ «مۇھىتلار جەمەتىدىكىلەرنى ئىزدەپ تۇتىمىز» دېگەن گەپ ـ سۆزلىرى كېلىپ تۇراتتى. بۇ چاغدا ئابدۇراخمان مۇھىتى ئاكامنىڭ ئايالى ئامىنەخان ئېغىر بوي بولۇپ، تۇغۇتى يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. «گومىنداڭچىلار مۇھىتلارنىڭ باللىرىنى تۇتقىلى كېلىۋاتىدۇ» دەپ خەۋەر كەلگەندە، زۇبىدە ئاپام ئامىنەخانلارنى ئېلىپ، كارىزنىڭ ئۇلپانلىرىغا (كارىزلارنىڭ كۆمۈرۈلۈپ چۈشۈپ ياكى سۇ يالاپ، كەڭ بوشلۇق ھاسىل قىلغان قىسىملىرى) يوشۇرۇنۇش ئۈچۈن قۇرۇق كارىز قۇدۇقىنىڭ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ. ئامىنەخان ئېغىر بوي بولغاچقا، بىرنەچچە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن دېمى تۇتۇلۇپ بىئارام بولۇپ، قۇدۇقنىڭ سىرتىغا چىقىۋاپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن يەنە «گومىنداڭچىلار كېلىۋاتىدۇ» دەپ خەۋەر كەلگەندىن كېيىن يەنە قۇدۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىش ئۈچ ـ تۆت كۈندە بىر قانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، بالا ئۆلۈك تۇغۇلۇپ، ئامىنەخان ئايالمۇ تۇغۇتتا تۈگەپ كەتتى. بىزمۇ موجاڭ كارىزنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئۇلپاڭ بولۇپ قالغان جايلاردا ئىككى ئاي يوشۇرۇنۇپ يۈردۇق. ئاخىرى ئاپام ئىبراھىم ئاكامدىن ئەنسىرەپ، تۇرپاندىكى مەرىپەتپەرۋەر باي ھىدەيىتۇللا ھاجىنى (ئاتام مەخسۇت مۇھىتنىڭ مەسلەكدىشى) ئىزدەپ بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇ كىشى: «ئادەم تۇتقىلى كەلگەنلەرگە پارا بېرىپ، ئىبراھىمنى ئۈرۈمچىگە يولغا سالايلى» دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاپامنىڭ، ئايالمنىڭ، مېنىڭ، گۆھەرخان ئايالمنىڭ (ئاكامنىڭ ئايالى) ئالتۇن بىلەيزۈك، ئۈزۈك، ھالقا، ئالتۇن بۆلىرىنى يىغساق بىر كاللەك بولدى، شۇنى بېرىپ ئاكامنى يولغا سېلىشقا تەييار بولدۇق. مېڭىش ئالدىدا ئاپام زۇبىدە ئاپامنىڭ يېنىغا بېرىپ: «مەن ئىبراھىمنى مۇشۇنداق يولغا سالماقچى بولۇۋاتىمەن، نوخان بىلەن ئىككىڭلار باللارنى قانداق قىلىسىلەر؟ ئۈچ بالىنى تەۋەككۈل قىلىپ مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ باقايلىمۇ؟» دەپتۇ. زۇبىدە ئاپام بىلەن نوخان ئاپام بۇ ئىشقا تازا ئىشەنچ قىلالماي: «ئەنۋەر بىلەن ئابدۇرېشىت (مېنىڭ ئاكىلىرىمنى دېمەكچى)

نى شىلىڭ شىسەي يوقاتتى، ئەمدى بۇ بىر ئوغلۇڭنى تەۋەككۇل قىلماقچى بوپسەن، بىز تازا ئىشىنەلمەيۋاتىمىز، بىز باشقا ئامال قىلىپ باقايلى» دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىز ئاكامنى تۇرپان بازىرىغا ئېلىپ بېرىپ، يوشۇرۇن ئۇرۇمچىگە يولغا سالدۇق. ئاكام ئۇرۇمچىگە چىققاندىن كېيىن ئۇنى بورهان جۇشى (بۇرهان شەهىدى) پاناهىغا ئالدى، شۇنىڭ بىلەن ئاكام ئىبراهىم مۇهىتى ئامان قالدى.

زۇبىدە ئاپاملار ئابدۇلئەزىز بىلەن ئابدۇللانى مەخپىي هالدا گۇچۇڭغا يولغا سالغانىكەن. ئىشپىيونلار تۇيۇپ قېلىپ چېقىپ قويغاچقا، گومىنداڭچىلار تۇتۇۋېلىپ، 18 ۋە 20 ياشلىق ئىككى نەۋرە ئىنىمنى ئېغىزدا ئۆلتۈرۈۋەتتى. بىزمۇ ئاستانىدىكى ئاق تېررورلۇقتىن قورقۇپ 1947 - يىلى ئاپام، مەن، گۆهەرخان ئايلام ئۇچىمىز ئۇرۇمچىگە چىقىپ كەتتۇق.

مەن 1943 - يىلى نەۋرە تۇغقىنىمىز ئابدۇخالىققا ياتلىق بولۇپ، 1947 - يىلغىچە ئىككى پەرزەنتلىك بولدۇق. يولدىشىم ئابدۇخالىق 1946 - يىلى لەنجۇغا سودىگەرچىلىك بىلەن كېتىپ، ئەخمەت ۋاجىدىلەر (1906 - يىلى تۇرپان ئاستانىدە تۇغۇلغان. «مەخسۇدىيە مەكتىپى» نى پۈتتۈرۈپ، 1934 - يىلغىچە ئاستانىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. شىڭ شىسەينىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن پاناهلىنىش ئۈچۈن گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لەنجۇ شەهىرىگە بېرىپ، سودا دۇكىنى ئاچقان ۋە ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. 1941 - يىلى ئەتىيازدا «جۇڭگو تۇڭخې» ئاۋئاتسىيە قاتناش شىركىتىنىڭ دېرىكتورى بولۇپ، ئىزچىل تۈردە ئازادلىق ئارمىيىگە هەربىي ماددىي ئەشيالارنى يەتكۈزۈپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. لەنجۇدا يەنە «لەنجۇ - شىنجاڭ ئىددىقۇت شىركىتى» نى قۇرۇپ، شىركەتنىڭ باش مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆستىگە ئالغان) بىلەن «ئىددىقۇت سودا كوپېراتىپى» نى قۇرۇپ، تيەنجىندە تۇرۇپ قالدى.

## *ئازادلىقتىن كېيىنكى ئىشلار*

ئۆلكىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى مەن ئىككى بالامنى ئېلىپ تيەنجىنگە باردىم. 1951 - يىلى ئائىلىمىز بىلەن لەنجۇغا قايتىپ كەلدۇق. ئالاهىدە ئېيتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئەخمەت ۋاجىدى ۋە يولدىشىم ئابدۇخالىقلار قۇرغان سودا كوپېراتىپى بىر مەزگىل جىق پۇل تاپتى. 1949 - يىلى ئازادلىق ئارمىيە شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش مەزگىلىدە كوپېراتىپ نامىدىن نۇرغۇن ماددىي بۇيۇم ۋە پۇل ياردەم قىلدى. 1949 - يىلى 9 - ئايدا ئەخمەت ۋاجىدى «يول باشلىغۇچى ئۆمەك» نىڭ باشلىقى بولۇپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 - دالا ئارمىيىسىنى شىنجاڭغا باشلاپ چىقىدۇ. ئابدۇخالىق لەنجۇدا سودا كوپېراتىپىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ قالىدۇ.

1952 - يىلى مەملىكەت بويىچە «ئۈچكە قارشى، بەشكە قارشى» هەرىكەت ئېلىپ بېرىلغاندا، لەنجۇدىكى 200 دەك ئۇيغۇر يىغىلىپ هەرىكەتكە قاتناشتۇق. بۇ چاغدا مەن ئەخمەت ۋاجىدىلەر بىلەن بىرگە لەنجۇ شەهەرلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىغا ئەزا بولۇپ ئىشلەۋاتقان ۋاقتىم ئىدى. بىزگە بېيجىڭدىن مەخسۇس ئۇيغۇرچە سىياسىي كىتابلارنى ئەكەلدۈرۈپ تەربىيىلىدى. لەنجۇ شەهەرلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتى مېنى شۇ چاغدىكى مىللىيلارنىڭ ئۆگىنىش باشلىقى قىلىپ سايلاپ قويدى. 1952 - يىلى گەنسۇ ئۆلكىلىك ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، مەن گەنسۇ ئۆلكىلىك ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ 33 هەيئىتىنىڭ بىرى بولۇپ سايلاندىم. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى گەنسۇ ئۆلكىلىك ئاياللار جەمئىيىتى مېنى لەنجۇ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ كادىرلار كۇرسىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. 1953 - يىلى 11 - ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، يەنە ئاياللار جەمئىيىتىگە قايتتىم. 1954 - يىلى 11 - ئايدا ئاپام ئاغرىپ قالغانلىقتىن، ئاياللار جەمئىيىتىدىن رۇخسەت سوراپ، شىنجاڭغا قايتتىم. ئاپام ياشىنىپ قالغان بولغاچقا، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ قاتتىق تەلىپى بىلەن خىزمەتنى شىنجاڭغا ئالماشتۇردۇم. 1955 -

يىلى 2-ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك تۆرلۈك ماللار شىركىتىگە پىركازچىك بولۇپ كىردىم ۋە خىزمەتنى ئەستايىدىل، ياخشى ئىشلىدىم. كەسپىي ئەخلاق ۋە خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقىم بىلەن كۆپ قېتىم تەقدىرلەندىم ۋە مۇكاپاتلاندىم. 1955-يىلىنىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاكتىپلار يىغىنىغا قاتناشتىم. 1956-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاكتىپلار يىغىنىغا قاتناشتىم. شۇ يىغىندا ئولتۇرسام بىرسى: «باشلىقلار سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ» دېدى، ئىشخانىغا چىقسام رەھبەرلەر: «سىز بېيجىڭغا بارىدىغان بوپقالدىڭىز، بېيجىڭدا ‹مەملىكەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىلغارلىرى يىغىنى› ئېچىلىدىكەن. سىز يۈز قېتىم سورىسا تېرىكمەسلىك، يۈز قېتىم ئالغۇزسا زېرىكمەسلىك ئىپادىڭىز ۋە ھەر مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىپادىڭىزنىڭ ياخشىلىقى بىلەن تاللىنىپ چىقتىڭىز، ئۆيىڭىزگە بېرىپ تەييارلىقلىرىڭىزنى قىلىڭ، ئەتە ماڭىسىلەر» دەپ ئۇقتۇردى. 1956-يىلى 5-ئايدا بېيجىڭغا بېرىپ، «مەملىكەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىلغارلىرى يىغىنى»غا قاتنىشىپ، ماۋجۇشى، جۇدې، جۇئېنلەي قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتىم. مەركەز رەھبەرلىرى شىنجاڭ ۋەكىللىرىنى ئالاھىدە كۈتۈۋالدى، ئەمگەك مېدالى تەقدىم قىلدى، ياتاق ۋە تاماقلىرىمىزنى ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇردى. ئازغىنە ئىشلەپ شۇنچە كۆپ رەھمەت، شاپائەتكە ئېرىشكىنىمدىن تولىمۇ خىجىللىق ھېس قىلدىم. مەن بېيجىڭدىكى تەسىراتلاردىن قاتتىق ھاياجانلىنىپ، تېنىم سالامەتلا بولسا، ئۆزەم قانچە قىينالسامۇ، كۈچۈمنىڭ بارىچە خەلق ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلىمەن، دەپ ئويلىدىم. بىز بېيجىڭدىن قايتقىچە ھەر بىرىمىزگە بىردىن «مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىغا تەقدىم» دېگەن خەت يېزىلغان يۇڭ ئەدىيال، 70 سوم پۇل مۇكاپات بەردى. يىغىندىن قايتىپ كېلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ماڭا بەرگەن شان-شەرەپ، غەمخورلۇقلىرىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلىدىم. ئەپسۇسلىنارلىقى ياخشى كۈنلەر ئۇزۇنغا بارمىدى.

## *نامەق قارىلانغان يىللار*

1958-يىلى مەملىكەت بويىچە يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ئۆگىنىش ۋە كۈرەش باشلاندى. مەنمۇ باشقىلارنىڭ قاتارىدا بىلگەن ئىشلارنى تولۇق سۆزلىدىم. لېكىن كۆپتۈرمە قىلمىدىم. بىزنىڭ تۆرلۈك ماللار شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ئىسلام جىڭلىنى «مىللەتچى» قىلىپ تارتىپ چىقىرىپ، تەنقىد قىلدى. ئارىدىن بىرسى تۇرۇپ: «سائادەت مۇھەتى ئىسلام جىڭلىغا كۆپ پىكىر بەرمىدى، بۇ مىللەتچىنىڭ قۇيرۇقى» دېدى. ھەتتا «مىللەتچىنىڭ قۇيرۇقى سائادەت مۇھەتى» دەپ، ئاغزىمغا يوغان قارا قۇلۇپ سېلىنغان ھەجۋى رەسىمنى سىزىپ، يوغان قىلىپ زالنىڭ تۆرىسىگە ئېسىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مەن «مىللەتچىلەرنىڭ قۇيرۇقى» بولۇپ قېلىپ، مىللەتچىلەر بىلەن بىرگە ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئېغىر ئەمگەك قىلدىم. بىرىنچى قېتىم خەلق باغچىسىدا كۆل چاپتۇق. نەچچە يىل ئۇدا ئورما ئورۇش، ئۆستەڭ چېپىش، تاش ئۆستەڭنىڭ ئەتراپىغا سېمونت قويۇش قاتارلىق ئەمگەكلەرنى قىلدىم.

مەن خىزمەتكە قاتناشقان 1952-يىلىدىن 1958-يىلىغىچە ئىزچىل تۈردە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ياخشى» دەپ تەقدىرلىنىپ كەلگەن ئىدىم، مانا ئەمدى «يەرلىك مىللەتچى» بولۇپ قالدىم.

1958-يىلى يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ئۆگىنىش تۈگىگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ نەنلياڭدىكى «دوستلۇق» دۇكىنىغا قايتا مۇدىرلىق ۋەزىپىسى بىلەن قايتىپ كەلدىم. بۇ دۇكاندا مەخسۇس سوۋېت كونسۇللىرىغا مال ساتاتتۇق، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى «ئالاھىدە تەمىنلەش كىنىشكىسى» بار خادىملارنى تەمىنلەيتتۇق. 1962-يىلى 8-ئايدا سوۋېت كونسۇللىرى ۋەتىنىگە

قايتقاندىن كېيىن، شۇ يىلى 12 - ئايدا تۇرلۇك ماللار شىركىتى مېنى «دوستلۇق» دۇكىنىدىن مەدەنىيەت بۇيۇملىرى دۇكىنىغا يۆتكىدى. بۇ ماگىزىنىدىمۇ خىزمەتداشلار بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، بازار ئەھۋالىنى ياخشى ئىگىلەپ، يۇقىرىدىن بېرىلگەن ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئورۇنداپ كەلدۇق.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلاندى. تەشكىل مېنى «تارىخىڭنى يېزىپ چىق» دەپ ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئاتام مەخسۇت مۇھىتتىدىن قالغان مىلىڭ مو يەر، تۆت كارىز قاتارلىقلارنى يازدىم. چۆچەكتىمۇ يەر-زېمىنلىرىمىز بار بولۇپ، بۇلارنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى بىلمەيتتىم. ماتېرىيالىمنى كۆرگەنلەر: «ۋاي چوڭ پومىشچىك ئىكەنسەن، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە 30 مو يېرى بارلارمۇ پومىشچىك بولىدۇ، سەن چوڭ پومېشچىك» دېيىشىپ، مېنى ئۇرۇمچى شەھىرى بويىچە ئېچىلغان چوڭ يىغىنغا ئاپاردى. مەن باشقىلارنىڭ قىستىشى بىلەن «مەن پومېشچىك» دەپ سۆزلەشكە مەجبۇر بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن مېنى يەنە ئەمگەككە چىقاردى. ئەمەلىيەتتە، 1952 - يىلى يەر ئىسلاھاتىدا تۇرپان ئاستانىدىكى چوڭ بېغىمىزنى ئاپامغا قالدۇرغان. 1956 - يىلىغا كەلگەندە «كوپراتسىيىگە قوشۇڭلار» دەپ چوڭ بېغىمىزنىمۇ ھۆكۈمەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋالغان، بىزنىڭ ئىگىدارچىلىقىمىزدا تېرىلغۇ يەر قالمىغان ئىدى.

ئۇچتاش «سەندۇڭبېي) تىكى «جۇڭگۇېيبىڭ» سۇ ئامبىرىدا تاش توشۇپ ئىككى ئاي ئىشلىدىم. داۋانچىڭ «دوڭگو» دا تۆت ئاي ئىشلىدىم. دوڭگوغا بارغان ۋاقتىمىزدا ياتىدىغان ئۆي يوق، قوي قوتانلىرىغا پاخال سېلىپ، ئۈستىنى بېزىنت بىلەن يېپىپ ۋاقىتلىق تۇرالغۇ قىلدۇق، كېيىن ئۆزىمىز كېسەك قۇيۇپ، بەش كورپۇس ئۆي سالدۇق، ئاندىن كېيىن پىزا (خام خىش) قۇيۇپ، خۇمداندا خىش پىشۇردۇق. ئۇ يەردىن پۇرچاق كۆپ ئۆزەم ئىشلىدىم. كېسەل ۋە باشقا قىيىنچىلىقى چىقاتتى، شۇڭا پۇرچاق خام ئەشيا قىلىنىدىغان پىنتوزا زاۋۇتى قۇرىمىز، دەپ 200 دەك ئادەم ناھايىتى جىق خىش پىشۇردۇق. يۇقىرىقى ئەمگەكلەر ئېغىر بولسىمۇ ھەم ئايال كىشى بولسامۇ، ياش ۋاقتىم، تېنىم ساغلام بولغاچقا، ئانچە ئېغىر بىلىنمىدى.

«دوڭگو» دىكى ۋاقتىمدا «قىزىل قوغدىغۇچىلار» ئۇرۇمچىدىكى ئۆيىمىزگە باستۇرۇپ كىرىپ، «ئالتۇن بارمۇ، قورال بارمۇ» دەپ ئاختۇرۇپ، خوچالى (تام مەش) لارنى ئۆرۈپ، يەرنى بىر چې كولاپ، ئېتىزلىقتەك قىلىپ قويۇپتۇ، ئۆيدە كۆزگە كۆرۈنگۈدەك نەرسىلەرنى، ئازراق زىبۇ-زىننەتلەرنى مۇسادىرە قىلىپ ئېلىپ كېتىپتۇ. كېيىن بۇ نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمىنى ج خ ئىدارىسى قايتۇرۇپ ئەكىلىپ بەردى. زىبۇ-زىننەت قاتارلىق نەرسىلەرنى مۇسادىرە قىلدى.

*بەخت قىرغىقىدا*

ئالتە ئاي ئەمگەكتىن كېيىن يەنە مەدەنىيەت بۇيۇملىرى دۇكىنىغا قايتىپ كېلىپ، 1967 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە 12يىل كاسسىر بولۇپ ئىشلىدىم. 1979 - يىلى تۇرلۇك ماللار شىركىتىنىڭ رەھبەرلىرى سىياسەتتە خاتا بولغانلىقىنى ئېيتىپ، ماڭا ئارتىلغان تۆھمەتلەرنى بىكار قىلىپ، مۇدىرلىقىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، دۆڭكۆۋرۈك مىللىي ماللا ماگىزىنىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە مۇدىر قىلىپ بەلگىلىدى. 1979 - يىلىدىن 1985 - يىلىغىچە خىزمەتنى تىرىشىپ ئىشلەپ ماگازىنىدىكى پىركازچىكلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئايلىق ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىدۇق. ھەتتا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ شاڭخەي، خاڭجۇلاردىكى زاۋۇتلاردىن شىنجاڭ خەلقىگە لايىق ماللارنى كىرگۈزۈپ، ياخشى نەتىجىلەرنى ياراتتىم. خىزمەت ئۈستىدە چۈشتە بالىسى بار ئاياللارنى ئالدى بىلەن تاماققا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئورنىغا ئادەم تېپىلمىسا

بار يولداشلارنى رەھبەرلىك بىلەن مۇزاكىرە قىلىپ

ۋاقتىدا ھەل قىلدىم. خىزمەتداشلىرىم بىلەن بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ياخشى ئۆتتۇق.

پارتىيە رەھبەرلىكىدە 1952 ـ يىلىدىن 1985 ـ يىلىغىچە 33 يىل ئىشلەپ، 57 يېشىمدا دەم ئېلىشقا چىقتىم. ھازىر پارتىيە ۋە تەشكىلنىڭ غەمخورلۇقىدا كۈنلىرىم ياخشى ئۆتمەكتە. مېنىڭ نەمۇنىچى بولغان ۋاقتىم يېرىم ئەسىر يەنى 50 يىل بۇرۇنقى ئىش بولسىمۇ، پارتىيە، ھۆكۈمەت مېنى ئۇنتۇپ قالماي يىلدا ھېيت ـ بايرام كۈنلىرىدە ئۇرۇمچى شەھەرلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملار بىلەن يوقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. ساناتورىيە ۋە ساياھەت ئورۇنلىرىغا ئاپىرىپ كۆتۈۋېلىۋاتىدۇ ۋە سالامەتلىكىمگە كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتىدۇ. مەن بۇ يەردە ماڭا ۋە ئائىلەمىزگە كۆڭۈل بۆلگەن پارتىيىگە، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرگە چىن يۈرىكىمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن.

مەن 80 نەچچە يىللىق ھايات مۇساپەمدە جىن شۈرېن، شىڭ شىسەي قاتارلىق يەرلىك مىللىتارىستلار دەۋرى، گومىنداڭ دەۋرى، كومپارتىيە دەۋرى قاتارلىق بىرقانچە دەۋرنى، چوڭ ـ كىچىك ئۇرۇش، يىغىلىقلار، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غا ئوخشاش ھەرخىل ھەرىكەت، كۈرەشلەرنى بېشىمدىن كۆچۈردۈم. بۇ جەرياندا مەن مېنىڭ ۋە مېنىڭ قېرىنداشلىرىم قانلىق بەدەللەرنى تۆلىگەن، مۇدھىش كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەن، تالاي قېتىم ھايات ـ ماماتلىق بوسۇغىسىدىن قايتىپ كەلگەن، چىدىغۇسىز ئازابلارنى تارتقان بولسامۇ، مۇھتەرەم جەمەتىمنىڭ بىر ئەزاسى، مۆھتەرەم زاد مەخسۇت مۇھتەرەمنىڭ قىزى بولغانلىقىمدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى قىلچە سۇسلاشمىدى. مېنىڭ قېرىنداشلىرىم ـ مۇھتەرەم جەمەتىدىكىلەر شۇنچە قان ـ ياشلار، ئېغىر قۇربانلار بەدىلىگە نادان خەلقىنىڭ قەلبىدە تۇنجى بولۇپ مەرىپەت مەشئىلىنى ياندۇرۇپ، ھازىرقى مەرىپەتلىك دەۋرگە ئاساس سالدى. ئۆز بايلىقلىرىنى سەرپ قىلىش بەدىلىگە پاختا زاۋۇتى، سودا فېرمىلىرىنى قۇرۇپ، نامرات قېرىنداشلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنى قوغداپ، ھازىرقى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باستى. ھاياتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە قېرىنداشلىرىنى زالالەت، نادانلىقتىن، جاھالەت، مەھكۇملۇقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئاتلىنىپ، ھازىرقى پارلاق دەۋرنىڭ ھامىلىسىنى ياراتتى. ھازىر مۇھتەرەم جەمەتىنىڭ ئۇلۇغ روھى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشىپ، ئۇلار ئۈچۈن بىر قاتار مەڭگۈ ئابىدىلەر تىكلەندى. دېمەك، مۇھتەرەملەرنىڭ مەرىپەتپەرۋەر روھى مەڭگۈ ياشنايدۇ!

( تەييارلىغۇچى: («تۇرپان » ژۇرنىلىنىڭ كاندىدات ئالى مۇھەررىرى)
تەھرىرلىگۈچى:ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# 吐鲁番学研究

吐鲁番学研究 2012 年第一期　　维吾尔文（总二十五期）

吐鲁番学研究编委会

主　任：阿布拉.卡斯木　　副 主 任：艾尔肯.巴拉提　　艾尔肯.伊明尼牙孜

总　编：艾尔肯.巴拉提　　主　　编：艾尔肯.伊明尼牙孜

编辑：阿不都古力.阿部力米提、艾尔肯.伊明尼牙孜、祖力菲亚.买买提、吾买尔.卡得尔

## 目录

丰富多彩的西州回鹘钱……………………………………杨文清

《突厥语大辞典 》一书中记录的有关高昌回鹘国的信息……………………艾比布拉.霍加

高昌回鹘王国的生（德国）……………………………………冯.加班

### 敦煌吐鲁番文献研究

关于古代吐鲁番的城市建……………………………………阿布许库尔.买乎苏提

1970 年以来在德国敦煌吐鲁番出土的回鹘文宗教文献研究综述……………………（德国）茨默

镇墓兽考……………………………………古丽努尔汉木都

关于西域农作物传……………………………………艾尼瓦尔.卡斯木、艾尼瓦尔.艾合买提

试论高昌回鹘人的刑法（土耳其）……………………………………马莱克.乌孜牙特斤

### 高昌文化教育研究

关于金帐汗国传统文化中维吾尔文化影遗（土耳其）……………………马莱克.乌孜牙特斤

浅谈吐鲁番木卡姆与吐鲁番民歌……………………………………玉素甫.艾合买提

### 吐鲁番文史资料研究

论维吾尔族传统头饰 —“卡里帕克”……………………………………亚森江.坎吉

木提议家族回忆录……………………………………吾买尔江.斯地克

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

# 吐鲁番学研究

主管单位：新疆吐鲁番研究院
主办单位：新疆吐鲁番学学会　吐鲁番学研究院
编辑：《吐鲁番学研究》编辑部
地址：乌鲁木齐市延安路711号（新疆伊斯兰教经文学院）3号楼2单元502房
印刷时间：2012年6月
印刷：乌鲁木齐大金马印务有限公司
邮政编码：830000 电话：0991-2566833　15276690963
新疆内部资料（刊形）准印证：00153W

# تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئاكادېمىيىسى
باشقۇرغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى،
نەشر قىلغۇچى: «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ئۇيغۇر تەھرىراتى
ئادرېس: ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 711-نومۇر «شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى» قورۇسى
3-بىنا 2-ئىشىك 502-ئۆي
بېسىلغان ۋاقتى:2012-يىل 6-ئاي
باسقان ئورۇن: ئۈرۈمچى داجىنما باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتى
پوچتا نومۇرى: 830000 تېلېفون: 0991-2566833
ش ئۇ ئا ر ئىچكى ماتېرىيال (مەجمۇئە) لارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى 00153W